I207.915/8

032799

قاۋسىلقان قامىجان

# ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى

# ئويلار

21500000332

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

还 期 | 还 期

06.6.19
06.8.22
06.10.11
06.11.28
07.1.15
10.3.15

# مۇندەرىجە


بېغىشلىما ........................ مەمتىمىن زاكىر

ئادەمنى قايتا ئويلاندۇرىدىغان «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» ··· 1

تېيىپچان ئېلىيوپ ۋە مىجىت ناسىرنىڭ «كۆڭۈل سوۋغىسى» ........................ 17

تالانت، ئىقتىدار ـ جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ ...... 31

جان ۋە قاندىن پۈتۈلگەن شېئىرلار .................. 49

كەڭلىك، مۇكەممەللىك ۋە چوڭقۇرلۇق .............. 61

ئاتاقلىق جامائەت ئەربابىدىن ئاتاقلىق شائىرلىققىچە ...... 77

ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي ئېنسىكلوپېدىيىسى ........... 89

ئەدىپ ۋە باللار ئەدەبىياتى .......................... 105

چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ...... 119

يېڭىلىق، ئىجادىيلىق ھەقىقىي ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ ........................................ 139

مەن تېيىپچان ئېلىيوپ ئەسەرلىرىنى قانداق تەتقىق قىلدىم ........................................ 153

قۇرمانالى ئوسمان شېئىرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە......... 164

مانا بۇ — بوغدا ................................ 172

بەدىئىي زوقلىنىش ۋە ئېستېتىك تونۇش.......... 187

«لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمى ھەققىدە ............... 208

شېئىرىيەتتىكى ماھارەت ۋە شائىر تەپەككۇرى ...... 214

ئاتاقلىق ئالىملىقتىن ئاتاقلىق يازغۇچىلىققىچە ...... 235

ئەدەبىي مۇنبەر، بەدىئىي رەقەملەر ......... 249
«لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق
كىتاب ھەققىدە ......... 271
خەلق، داھىي، ئىنقىلاب ......... 282
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى - «چىپار ئاتلىق قازاق»
ھەققىدە ......... 287
ئاچچىق مەسخىرە، شىپالىق دورا ......... 295
ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ رولى ... 311
يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال ۋە ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك
ئالاھىدىلىكى ......... 315
تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ...... 338
تەمى ئۆزگىچە يېڭى مېۋە ......... 342
ئۈمىد ياشلاردا ......... 348
قەلبلەر كۆكىدە چاقنىغان چولپان ......... 354
شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي تۇيغۇ ...... 358
ئىككى پارچە چاتما شېئىر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم ...... 366
ئىلمىي ئەسەر — «دېڭىز - ئۈنچىلىرى» توغرىسىدا ...... 382
كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىك كۈيى ......... 391
ھەسرەت قىسسىسى ......... 396
ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك
تەربىيىسى ......... 401
«پەرۋاز قىل تۇرپان» ئۈستىدە مۇلاھىزە ......... 405
مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن دراممىلىرى ھەققىدە ...... 411



# بېغىشلىما

مەمتىمىن زاكىر
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

ھەرقانداق بىر پەن بىر ئىزدا توختاپمۇ قالمايدۇ، يوقىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. جۈملىدىن ئەدەبىياتمۇ بىر خىل پەن، پەن بولغاندىمۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرىدۇر. ئۇنداقكەن ئەدەبىياتمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ. بۇ بىر مۇقەررەرلىك. ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنى دەۋرىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى تېخىمۇ كەڭ ئېچىلدى، تەرەققىيات قەدەملىرىمۇ تېزلىتىلدى. شۇ قاتاردا ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئىشلىرىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

«سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ». يۇقىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى ساھەسىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىزنى بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ توغرا، دانا رەھبەرلىكىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى پۈتۈن ئىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم

ئەدەبىي مۇنبەر، بەدىئىي رەقەملەر ................. 249
«لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق
كىتاب ھەققىدە ........................... 271
خەلق، داھىي، ئىنقىلاب ........................ 282
ئىتتىپاقلىق ناخشىسى - «چىپار ئاتلىق قازاق»
ھەققىدە ................................ 287
ئاچچىق مەسخىرە، شىپالىق دورا ................. 295
ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ رولى ... 311
يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال ۋە ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك
ئالاھىدىلىكى ............................ 315
تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم...... 338
تەمى ئۆزگىچە يېڭى مېۋە ...................... 342
ئۈمىد ياشلاردا ........................... 348
قەلبلەر كۆكىدە چاقنىغان چولپان ................ 354
شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي تۇيغۇ ...... 358
ئىككى پارچە چاتما شېئىر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم......... 366
ئىلمىي ئەسەر — «دېڭىز - ئۈنچىلىرى» توغرىسىدا...... 382
كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىك كۈيى ................ 391
ھەسرەت قىسسى ........................... 396
ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك
تەربىيىسى ........................... 401
«پەرۋاز قىل تۇرپان» ئۈستىدە مۇلاھىزە ............ 405
مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن دراملىرى ھەققىدە ...... 411




# بېغىشلىما


مەمتىمىن زاكىر
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)


ھەرقانداق بىر پەن بىر ئىزىدا توختاپمۇ قالمايدۇ، يوقىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. جۈملىدىن ئەدەبىياتمۇ بىر خىل پەن، پەن بولغاندىمۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇھىم بىر تۈرىدۇر. ئۇنداقكەن ئەدەبىياتمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ. بۇ بىر مۇقەررەرلىك. ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى دەۋرىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى تېخىمۇ كەڭ ئېچىلدى، تەرەققىيات قەدەملىرىمۇ تېزلىتىلدى. شۇ قاتاردا ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئىشلىرىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

«سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ». يۇقىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى ساھەسىدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىمىزنى بىرىنچىدىن، پارتىيىمىزنىڭ توغرا، دانا رەھبەرلىكىدىن، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى پۈتۈن ئىشلىرىمىزنىڭ مۇھىم

بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىدىن، ئىككىنچىدىن، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشىدىن، تىرىشىپ ئۆگىنىشىدىن، جاپالىق ئىجاد قىلىشىدىن، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆگىنىشتە، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا چېگرا بولمايدۇ. بىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دەۋرىمىز ئەدەبىياتى تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ھەممە ساھەلەردە مۇقىملىقنى، ئىتتىپاقلىقنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنى، ئۆزئارا ئۆگىنىشنى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى، تىرىشىپ ئىجاد قىلىشنى، يېڭىلىق يارىتىشنى، ئاكتىپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلگىرلەشتە رىقابەتنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى — ئۈستىمىزدىكى يېڭى ئەسىرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن تەلىپىدۇر.

ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىرى، خەلقىمىزنى بەخت - سائادەت يولىغا باشلىغۇچى نۇرلۇق يولتۇزلار — ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئىنچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە مۇھىم نۇتۇقلارنى سۆزلەپ، مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەن ئىدى.

مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، پارتىيىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ئۈچ ئەۋلاد پارتىيىمىز رەھبەرلىرىنىڭ بىباھا غەمخورلۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن راۋاج تاپقان ۋە راۋاج تېپىۋاتقان يېڭى دەۋر ياش ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى گۈللەنگەن، غايەت زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن كۈنى بولالىدى.

ئەدەبىياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ھەم كەم بولسا بولمايدىغان، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى ھېسابلانغان يەنە بىر ئىچكى مۇھىم ئامىللار بار. ئۇ بولسىمۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتۇر. بۇ ئىككىسى ھەقىقىي خەلق قەلبىدە



قەدىرلەنگەن، تارىخنىڭ ئۇزۇن سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئالەمدە پەرۋاز قىلىدىغان ئىككى قانىتى ۋە ئىككى ئاساسلىق ئەڭگۈشتىرىدۇر.

روشەنكى، تەتقىق قىلىنمىغان ئەدەبىيات، ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ باھاسىدىن، تاسقىشىدىن ئۆتمىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر تېخى باھاسى چىقمىغان مالغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ ساپالىق، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئەدەبىي ئوبزور يەنە ئەدەبىي تەنقىدكە تايانمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي خادىملار بۇ ئىشقا نىسبەتەن جىددىي ئېتىبار بىلەن قاراپ كۆڭۈل بۆلۈشى، ياردەم بېرىشى، ئۇنى كۈچەيتىشى ھەمدە تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ، ئەدەبىي ئوبزورچىلىرىمىزمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى زۆرۈر.

قازاق مىللىتىدىن بولغان ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى يولداش قاۋسىلقان قامىجان ھەر مىللەت ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، مەخسۇس ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۇزۇن يىل پىداكارلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئاتاقلىق ئوبزورچى. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ئېلىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى باھالارغا ئېرىشىپ كەلدى. يولداش قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئۇيغۇر، قازاقتىن ئىبارەت ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىپ ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىنغان ئىلمىي كىتابلىرىمۇ، ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىمۇ خېلى كۆپ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەخىرلىنەرلىك ۋەكىللىرىدىن تېيىپجان ئېلىيوپ، خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋاسى لۇشۈن، قىرغىزلارنىڭ دۇنياۋى يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ، ئېلىمىز قازاقلىرىدىن ئۆمەر غازى ئايتان، سۇلتان

جانبولاتوپ قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۈستىدە يېزىلغان ماقالىلىرى جەمئىيەتتە ناھايىتى ياخشى تەسىرلەرنى قوزغىغان.

يولداش قاۋسىلقان قامىجاننىڭ ئۆز مىللىتى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىن ھالقىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئەدەبىياتىنىمۇ تەتقىق قىلىشتەك يۈكسەك ئىلمىي روھى ۋە ئومۇمىيلىق پەزىلىتى، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چوڭقۇرلاپ باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلغان جاسارىتىدىن چىن قەلبىمدىن سۆيىنىمەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يورۇق كۆرگەن ئالتىنچى كىتابى «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى.

2002 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى



# ئادەمنى قايتا ئويلاندۇرىدىغان «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى»

1992 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي كىتابنى نەشر قىلغان ئىدى. بۇ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ بىزگە مەڭگۈلۈك ئابىدە سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىدۇر.

مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتىدىغان زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى بىلەن خېلى ئۇزۇندىن تارتىپ پىششىق تونۇش. مەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك يازغۇچىسى ۋاپاتىنىڭ 11 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى سېغىنىش، چوڭقۇر ئەسلەش يۈزىسىدىن بۇ كىتابنى يەنە بىر قېتىم تەكرار، كۆڭۈل قويۇپ، سۆيۈنۈپ ئوقۇپ، يېڭىۋاشتىن بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم ۋە بۇ جەرياندا ئويلىغانلىرىمنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن قايتا ئورتاقلىشىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

## زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ مىللىيلىكى

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئەدەبىي ئەسەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. مىللىي ئالاھىدىلىك بولمىغان ئەسەرلەرنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى ياقتۇرمايلا

قالماستىن، باشقا مىللەت ئوقۇرمەنلىرىمۇ ياقتۇرمايدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتى غەزىنىسىدىن ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مىللىي ئالاھىدىلىك يۇكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەنگەن. چۈنكى ھەر قانداق يازغۇچى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي ماھارىتىنى، تالانتىنى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئاتموسفېراسىدىن نەپەس ئېلىپ، مىللىي تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ مېۋە بېرىش ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ. زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەشھۇر ھېكايە، درامىلىرىدا مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلەنگەن. «چىنىقىش» ھېكايىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەسىر كۆرسەتكەن زامانىمىزدىكى پارلاق نەمۇنە. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلىش ئارقىلىق مىللەت، مەملىكەت چېگراسىدىن ھالقىپ چەت ئەللەردە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. يەنە كېلىپ يازغۇچى مۇشۇ مەشھۇر ئەسىرى بىلەن ئۇيغۇر پروزىسىنى كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز ئەدەبىياتى ئىچىگە ئېلىپ كىرگەن، شۇنداقلا دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىگە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدىن شەپە بەرگەن ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ مەملىكەت ۋە دۇنياۋى تەسىر كۈچى، بەدىئىي قۇدرىتى ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە تالانت دىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژ مەتنىياز ئوبرازىنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، مىللىي خاراكتېرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭدەك يازغۇچى «چىنىقىش» ھېكايىسىدە باشتىن ئاخىر مىللىي مۇھىت ئىچىدە مىللىي خاسلىق ئالامەتلىرىنى يارقىنلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن مەتنىياز ئوبرازىنى تولۇق مىللىي روھ بىلەن تويۇندۇرغان.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مىللىيلىك ئاساسەن يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ تەسۋىرلىرىدە، مۇھىت، مەنزىرە تەسۋىرلىرىدە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. «باھارخان نان ياققان جايىدىن بىر،



ئىككى ئىسسىق نان، توقاچ، گاھى چاغدا كىر يۇغان جايىدىن كوزىدا، يا ھېجىردا تاماق كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆي تەرەپكە قايرىلدىمۇ، باقى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېچ تەرەپكە قارىماي دوكۇلداپ كىرىپ كېتەتتى. باھارخان نېمە تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزى چەتتە تۇراتتى» («ماغدۇر كەتكەندە» دىن)، روشەن مىللىيلىك ئالامەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بۇ بۆلەكتە (ستاتىتا) ئەگەر باھارخاننىڭ ئىسمىنى باشقا بىر مىللەت ئايالىنىڭ ئىسمىگە ئۆزگەرتىۋەتسىڭىزمۇ يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنى ھېچقانداق قىلىپ يوقىتىش زادى مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا باھارخاننىڭ ھەرىكەتلىرىدىن، مۇئامىلىسىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىدا بولىدىغان ئەرلىرىگە نىسبەتەن ئىستائەتمەنلىك، سەمىمىي ساداقەتلىك، كۆيۈمچانلىق خىسلىتى چىقىپ تۇرىدۇ. «بۈگۈن تاڭ يورۇشى بىلەن ئۆملۈكتە قىزغىن ئومىغا چۈشكەن ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئارىلاپ ئويۇن - چاقچاقلىرى، جاراڭلىق ناخشىلىرى ئۇنى بىر جەھەتتىن ھەيران قالدۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن بۇ خىل زېرىكىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى ...» ... «ئېرىق بويىدىكى چىغىر يول بىلەن بىرنەچچە خوتۇن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا چېلەك، بەزىلىرىنىڭ مۈرىسىدە خۇرجۇن ياكى يوغان - يوغان بوغما قاپاقلار بار ئىدى» («چىنىقىش» دىن).

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن مىللىي تۈسنىڭ ئېلېمېنتلىرى ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات تەلەپ قىلمىغان ھالدا ئۆزلۈكىدىن ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. «مۈرىسىدە خۇرجۇن»، «يوغان - يوغان قاپاق» دېگەن سۆزلەردىن شۇ تەپسىلاتنىڭ باش - ئاخىرىدىكى ئىنچىكىلىكلەرنى ئوقۇپ ئولتۇرمايلا، مۈرىسىگە خۇرجۇن، قاپاق يۈدۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. ئالدىدىكى مىسالدا كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلغان

مېھنەت قوينىدىكى پائالىيەت يەنى ئەمگەك مۇھىتىدىكى رېئاللىق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ روشەن مىللىي خاسلىقى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەمگەكچانلىقىنى، ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشىكەشلىكىنى، خۇش چاقچاقلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى نامايان قىلىدۇ. مانا بۇ زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۆز تىلى بىلەن شەرھىيلەنگەن: ئۇيغۇر يېزىلىرى زېمىنىدىكى «كوللېكتىپ مېھنەتنىڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى. مېھنەتنىڭ سەنئەت دەرىجىسىگە قاراپ ئۆرلەپ بېرىشى. بۇ كىشىلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈلۈكىنى تەمىن قىلىدۇ». ھەقىقەتەن «ھەر قانداق ئىشقا قىزىقىش ۋە روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك بولمىسا ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ». مانا بۇ مىللىي ئاڭنىڭ مەنتىقىسى. مىللەت بولىدىكەن، مىللەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئاساسچىلىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىن مۇستەسنا يارىتىلغان ئەدەبىيات مەۋجۇت ئەمەس.

زۇنۇن قادىرى — مىللىي زېمىن مۇھىتى ئىچىدە راۋاجلانغان ئۇيغۇر پروزىسى ۋە ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ ئىككى دەۋردىمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بايراقدارى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت ساھەسىدىن چىققان مىللىي قەھرىمان، ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى مىللىي تۇرمۇشنىڭ ساپ ماتېرىياللىرى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق مەشھۇر ھېكايىسى بىلەن «غۇنچەم» ناملىق مەشھۇر سەھنە ئەسىرىنى، يەنە بىر مۇنچە ھېكايە، دراملارنى يېزىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىككى چوڭ ژانىر – پروزا بىلەن دراماتورگىيەنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساغلام مىللىي تۇرمۇشىنى، مىللىي پسىخىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. خەلق سۆيۈنگەن، تارىخ قەدىرلىگەن يۇقىرىدىكى ئىككى مەشھۇر



ئەسەر كېيىنكى ئۇمىدلىك ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۆلمەس ئۆرنەك، ئەبەدىلئەبەد ساقلاشقا، ئەتىۋارلاشقا مۇناسىپ قۇتلۇق يالداما بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى جامائەتچىلىكىگە يادا بولۇپ كەتكەن مىللىي تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ھەقىقىي بەدىئىي قىسمىسى، گۈزەل دراما تىلى، درامانىڭ توقۇنۇش ھېسسىياتى ئارقىلىق كۈيلەنگەن، سۈرەتلەنگەن ھەقىقىي مۇھەببەت ناخشىسى «غۇنچەم» نىڭ ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەدىئىي كۈچ – قۇدرىتىدىن كۆرۈلىدۇ. ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، تەسىرى، ئوينىغان رولى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا تارىخىي قىممىتىدە، رېئال ئەھمىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. ئىپادىلەش سەنئىتى، يازغۇچىنىڭ ماھارىتى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ مىللىي خاراكتېرلىرىنىڭ تىپىك، يارقىن يارىتىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار باغسىز ئولتۇرمايدۇ، ھەر بىر جېنى بار ئائىلىنىڭ بىردىن مېۋىلىك بېغى بولىدۇ. زۇنۇن قادىرى «غۇنچەم» دە پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرى ئارقىلىق باغنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ.

غۇنچەم: ياخشىمۇ دادام رەھمەتلىك مۇشۇ باغنى قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتۇق.

زورىخان: دادىڭ ئۆزى كەمبەغەل بولغان بىلەن، كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقىدىغان، ئىنساپلىق، ئىشچان ئادەم ئىدى. قولى گۈل ئىدى – دە ئۇ رەھمەتلىكنىڭ، كۆچىتى زايە بولماي تۇتاتتى.

غۇنچەم: باغۋەنكەن – دە، ھە، ئاپا، دادام.

زورىخان: ۋاي بىر دەمسەن ئۇنى، ئۇستا باغۋەن ئىدى، مۇشۇ ئالمىلارنىڭ كۆچەتلىرىنى خۇددى كىچىك بالىنى پەپىلەپ چوڭ قىلغاندەك ئۆستۈرگەنىدى . . .

يازغۇچى ناھايىتى ئىنچام، ۋەزىنلىك قىلىپ، ئانا –

بالىنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق ئالمىلىق باغنىڭ بەرپا قىلىنىش جەريانىنى سۈرەتلىسە، ئەمدى ئەسەردە غۇنچەم بىلەن زورىخانغا تۆپتىن قارىمۇ قارشى قويۇپ تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى بىر ئاساسلىق پېرسوناژ — دالا بۆرىسى شاڭيۇ ئاغزىدىن «... بۇ خوتۇننىڭ (زورىخاننى دېمەكچى) ياخشى ئىككى نەرسىسى بار-دە» دېيىش ئارقىلىق كۆركەم گۈللۈك باغ بىلەن گۈزەل قەلەم قاش قىزنى تۇل خوتۇن زورىخاننىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ ئىككى ياقۇت كۆزىدەك قىلىپ كۆرسىتىپ باغنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبرازلاشتۇرىدۇ.

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن يەنى 50-يىللارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر يازغۇچى زۇنۇن قادىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسىرى «چىنىقىش» دىرامىسىنى يېزىپ، يېڭى دەۋر بەخش ئەتكەن غايەت زور ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە يەنە بىر قېتىم بۆسۈش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۇرلۇق، ئىستىقباللىق كەلگۈسى ئۈچۈن چاقناپ تۇرغان شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى كۆپرەك يېزا ھاياتىدىن، ئاددىي ئادەملەر تۇرمۇشىدىن تېما تاللاپ، ماتېرىيال ئېلىپ يېزىلغان. شۇڭا، يازغۇچىنىڭ ھەر قانداق ئەسىرىنى ئوقۇساق، ئۇيغۇر خەلقى ئولتۇراقلاشقان زېمىننىڭ ئۆزگىچە، تىرىكچىلىك قىلىدىغان مەھەللە، ھويلا-ئاراملىرىنىڭ چېۋەرلىك بىلەن سىزىلغان گۈزەل كارتىنىسىنى كۆرىمىز.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە، دىرامىلىرىدا خۇددى ئۆز يۇرتىمىز، ئۆز مەھەللىرىمىزدىكى بىللە تۇغۇلۇپ، بىللە چوڭ بولغان يېقىن تۇغقانلىرىمىز ياكى ئۆز ئەتراپىمىزدىكى بىزگە پىششىق تونۇش كىشىلەردەك، ئىسىملىرى يادا بولۇپ كەتكەن، تەقى-تۇرقى دائىم كۆز ئالدىمىزدا تۇرىدىغان، باقى، مەتنىياز،



غۇنچەم، ھاشىم ئاخۇن، گۈلنىسا، ئۆمەر شاڭيۇ قاتارلىق جانلىق ئوبرازلار بار. ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكەت، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، تىركىشىش-توقۇنۇشلىرى مەركەزلىك بايان قىلىنغان ۋەقەلەردىن، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى-تاشقى كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەقىقىي تۇردە مىللىي تۇپراقنىڭ قات-قېتىدىن بىخلىنىپ، مۇنبەت مىللىي تۇرمۇش ئېتىزىدىن زوق ئېلىپ، بەدىئىي ئەدەبىيات باغچىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، مىللىي پۇراق قېنىق سىڭدۈرۈلگەن، تەمى ئۆزگىچە مەنىۋىي بايلىقتۇر.

## زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ رېئالىستىكلىقى

ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى مۇھىتىغا رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى زۇنۇن قادىرى ئېلىپ كىرگەنلىكى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان. يازغۇچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان ئىجادىي پائالىيىتىدە باشتىن-ئاخىر چىنلىققا، رېئاللىققا سادىق بولدى، باشتىن ئاخىر رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللاندى.

زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: يازغۇچىنىڭ ئالدىنقى دەۋردىكى ئەسەرلىرى ئاساسەن 20-ئەسىرنىڭ 30-40 يىللىرىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «رودۇپاي»، «پەرمان»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق ھېكايە ۋە سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. يازغۇچى بۇ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك قاراڭغۇلۇق قاپلىغان زۇلۇم دۇنياسىنىڭ رېئال كارتىنىسىنى ئۇستىلىق بىلەن سىزغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ھەممە جايدا ھۆكۈم سۈرگەن ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىكلەرنى ئاشكارىلاپ، ئادەمخور كونا جەمئىيەتتىكى قىلىچىدىن قان تامغان ۋەھشىي، ياۋۇز قارا كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت ئوقۇغان. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىپ زۇلۇم دەستىدىن خورلانغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈلپەتلىك ھاياتىنى، تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلغان. بۇ مەزگىلدە زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيىتى رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىجادىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىپ، رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىستىلى، ئۇسلۇبىنى رەسمىي تۇرمۇشقا يېقىنلىشىپ بولغانىدى. گەرچە يازغۇچى قولىغا قورال ئېلىپ، قوشۇن تەشكىللەپ زۇلۇمغا، تەڭسىزلىككە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتمىسىمۇ، قەلەمنىڭ كۈچلۈك قۇدرىتىگە تايىنىپ كونا دۇنيانىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇردى. خەلقنى قاخشاتقان، شىللىسىغا مىنىۋېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان ئاقسۆڭەك فېئوداللارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاشكارىلاش بىلەن ھېسداشلىق قىلىش، نەپرەتلىنىش بىلەن مۇھەببەت باغلاش مەسىلىسى زۇنۇن قادىرنىڭ رېئالىستىك ئەسەرلىرىنىڭ تۈپ نېگىزلىك تۈگىنى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدە ئاساسەن قەلەمنىڭ ئۇچىنى زۇلۇم، جاھالەت دۇنياسىنى پاش قىلىشقا، ياۋۇز، ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلاشقا، ئەيىبلەشكە، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا زۇلۇم، جاھالەت زەنجىرىگە چىرمالغان، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان تۆۋەن قاتلام كىشىلىرىگە، ئەركىن كاسىپلارغا، ئىلىم ئىگىلىرىگە چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىشقا، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا قاراتتى.

«پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان تۇيۇقسىز ئاۋاز مۇئەللىمنى سەسكەندۇرۋەتتى. ئۇنىڭ چىگىش خىياللىرى دەھشەتلىك بىر



قورقۇنچقا ئورۇن بېرىپ قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى - دە، بىر نۇقتىغا قاراپ بەزگەك كېسىلىدەك تىترەشكە باشلىدى. چۈنكى مۇشۇ ھالەتتە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جاللات شىبىڭ شىسەينىڭ خەلققە كۆرسىتىۋاتقان دەھشەتلىك قانلىق كارتىنىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. مىڭلاپ - مىڭلاپ كىشىلەر تۇيۇقسىزلا كۆك ماشىنىغا چۈشۈپ غايىب بولاتتى. ئۇلار نېمە گۇناھ قىلدى ۋە نەگە ئېلىپ كېتىلدى؟ ئۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن تۈرمىلەردە بولۇۋاتقان ھاقارەت، زورلۇق، زۇلۇم، ۋەھشىيلەرچە قىيناشلار ئادەم سويىدىغان قۇشخانىلاردا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قانلىق پاجىئەلىرىدىنمۇ نەچچە ھەسسە دەھشەتلىكرەك قىيناپ ئۆلتۈرۈشلەرنى سېزەتتى» («مۇئەللىمنىڭ خېتى» ناملىق ھېكايىدىن).

رېئاللىقنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن يۇقىرىدىكى باياننى ئوقۇغان چېغىمىزدا پۈتۈن بەدىنىمىز تىترەيدۇ. ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلغان زۇلۇمنىڭ، تارتقۇزغان ئازابىنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

40 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، زۇنۇن قادىرنىڭ قەلىمى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى. بۇ مەزگىلدە تالانتلىق يازغۇچى رېئالىستىك ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ بولۇپمۇ تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا كېرەك. يازغۇچىنىڭ مۇشۇ چاغلاردا يازغان ھېكايىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى شۇ تەنقىدىي رېئالىستىك يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ھېكايىلىرىنىڭ (چېخوپنىڭ ھېكايىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش) ھەجمى بەكمۇ ئىخچام، تىلى شۇنداق چۇچۇك، ساتىرىك پۇرىقى بەكمۇ قويۇق. ماۋزۇسىمۇ قىزىقارلىق قويۇلغان. كومپوزىتسىيىسىنى كۈلكە بىلەن يۇغۇرۇلغان يۇمۇرىستىك تىل، ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھەجۋىي

دېتاللار ئىگىلىگەن. «كۇچۇككە ھۇجۇم» ناملىق ھېكايىسىدە بىر ئوفىتسېر كۇچۇكنى ھەدەپ تىللايدۇ. ئاخىرى كۇرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش باسقۇچىغا يەتكەندە ئوفىتسېر كۇچۇكنى ئېتىپ تاشلاپ غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ تەنە قىلىشى ئارقىلىق، ئوفىتسېر قويلارغا ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قىلغان دونكىخوتچە قەھرىمان دېگەن نام ئالىدۇ. «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ناملىق ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى بۇنىڭدىنمۇ قىزىق يېزىلغان. ئۇنىڭدا پارىخور ئەمەلدارنىڭ ئەپت - بەشىرىلىرى راسا چۇۋۇپ تاشلانغان. بۇ ھېكايە ئەينى دەۋردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇگۇنكى كۇندىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەردۇر. ھېكايىدە كونا شىيەنجاڭ يېڭى شىيەنجاڭغا پارىخورلۇق بابىدىن دەرس ئۆتۈپ يول كۆرسىتىدۇ: «مەسىلەن، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بىرىنى مەن يامان دەپ ئىشارەت بارمىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام، قورقۇپ كېتىپ بار دۇنياسىنى ئايىماي ئۆيۈمگە ئەكېلىپ بېرىدۇ. ئەگەر بەزىسىنى مەن ياخشى دەپ باشمالتىقىمنى كۆرسىتىپ قويسام خۇشامەت قىلىپ ئۇمۇ ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئۆيۈمگە توشۇيدۇ. مانا شۇ ئىككى بارمىقىم بىلەنلا ئىش پۇتىدۇ».

زۇنۇن قادىرى ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرى 50 - يىللارنىڭ بېشىدىن 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يېڭى دەۋر ئەمەلىيىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرى «چېنىقىش»، «قىزىلگۈل»، «خاتىرجەم بولغان ئائىلە»، «بىر دېھقان يىگىت بىلەن سۆھبەت» قاتارلىق ھېكايە ۋە ئوچېرك، سەھنە ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت. بۇلاردا ئاساسەن ئازاد زامان رېئاللىقى ۋە ئۇنىڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر، يېڭى ئادەملەرنىڭ يېڭىچە مۇناسىۋەتلىرى، يېڭى مەزمۇن ئالغان



ھايات باغچىسىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى پائالىيەتلىرى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش يولىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرى يارقىن، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. پېرسوناژلارنىڭ كىشىلىك قاراش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلىرىدىكى مەۋجۇت زىددىيەتلەر، كەسكىن تىركىشىشلەر مەنتىقىلىق ھەم ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرگۈدەك دەرىجىدە بىر تەرەپ قىلىنغان.

بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىلگىرى يېزىلغان «چېنىقىش» ناملىق ھېكايە ئەينى ۋاقىتتىمۇ مەشھۇر ئەسەر ھېسابلانغان ئىدى، ھازىرمۇ مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئەسەردە رېئال تۇرمۇش چىنلىقى، دەۋر ھەقىقىتى، كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئۆزگىرىش مەنتىقىسى، ماھىيەتلىك دېتاللار يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان دولقۇنسىمان سۇژىتكە سىڭدۈرۈلۈپ رېئالىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە راۋاجلاندۇرۇلغان. شۇنداقلا زامان ئۆزگىرىشى، كىشىلەر ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ئەسەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ھېكايىدە يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئىككى دەۋر رېئاللىقىنى بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن بۇ رېئاللىقنى «چېنىقىش» تا ماھىيەتلىك ئالامەتلىرى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچى ئەسەردە مەتنىيازنىڭ ئۆزىدىكى پاسسىپ ئىدىيىۋى ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئاكتىپ ئىدىيىۋى ھالەتنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى، بىر تەرەپتىن ئۇنى ئىچكى ئامىلنىڭ تەسىرىگە باغلىسا يەنە بىر تەرەپتىن تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە باغلاپ كۆرسىتىدۇ. ئاخىرى بۇ ئىككىلىسىنىڭ بىرىدە مەتنىيازنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، ئادەملەرنى نابۇت قىلغان كونا جەمئىيەتكە نەپرەت ياغدۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن ئادەملەرنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلدۇرغان يېڭى دەۋرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. زۇنۇن قادىرىنىڭ يەنە مۇشۇ مەزگىلدە يازغان، شۇنداقلا يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن چوڭ ھەجىملىك سەھنە

ئەسىرى «توي» دىمۇ 50 - يىللاردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ كونكرېت رېئاللىقى ئومۇمىيۇزلۇك، ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن خېلى سىستېمىلىق يورۇتۇلغان رېئالىستىك ئەسەر.

كىشىلەر ئېيتقاندەك، «غۇنچەم» ئۇيغۇر رېئالىستىك دراماتورگىيىسىنىڭ گۈلتاجى دېيىلسە، «چىنىقىش» نى ئۇيغۇر رېئالىستىك پروزىسىنىڭ گۈلتاجى دېيىشكە بولىدۇ.

يازغۇچى رېئاللىققا قانچىلىك يېقىنلاشسا، يۇزلەنسە، قەلىمى شۇنچىلىك ئۆتكۈرلىشىدۇ. ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمىمۇ ئاشىدۇ. زۇنۇن قادىرى ئەنە شۇنداق قىلدى. ئۇ ئىككى زامان رېئاللىقىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يازغۇچى سۈپىتىدە بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان كونا - يېڭىدىن ئىبارەت ئاشۇ ئىككى دەۋرنىڭ قىياپىتىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا چىنلىق بىلەن سىزىپ كۆرسەتتى.

## زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىنىڭ كلاسسىكلىقى

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئىككى دەۋردە يازغان ھېكايە، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلىقى ۋە بەدىئىي يۇكسەكلىكىگە، تارىخىي قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، تەسىر كۈچىگە، رولىغا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىغا قاراپ ئۇيغۇر يېڭى دەۋر كلاسسىك پروزىچىلىقى ۋە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر كلاسسىك دراماچىلىقىنىڭ ئاساسىنى زۇنۇن قادىرى سالغان، دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ نادىر ھېكايە، دراملىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى دەۋر كلاسسىك پروزا ۋە دراما ئەسەرلىرى، دەپ مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە تامامەن بولىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىلىرىگە تولىمۇ باي مىللەت. بىزنىڭ ئورتاق ئويلىنىشقا، ئىلمىي يوسۇندا ئورتاق مۇلاھىزە قىلىشقا قويغىنىمىز مەشھۇر يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى



ئۇستىدىكى مەسىلىدىن ئىبارەت.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە نامى بار ئادەم، مەشھۇر شەخس بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلققە مەڭگۈ ئۆلمەس كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق نادىر كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش داۋامىدا تۆۋەندىكى 3 مەنبەگە تايانغان: بىرىنچى، ئالدىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇيغۇر مىللىتى كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىسىگە باي، تارىخىدا كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى مول ساقلانغان مىللەت ھەم قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت.

ئەلۋەتتە، ئۆز مىللىتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات بايلىقى زۇنۇن قادىرىغا نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىپ ئۇستازلىق رول ئوينىماي قالمىدى. تالانت تۇلپارىغا بالدۇر مىنگەن، بالدۇر ئويغانغان ئىجادكار ئىشنى كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۆگىنىشتىن باشلىدى، ناۋايى، مەشرەپ ۋە باشقا كلاسسىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇدى. كۆپلىگەن كلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن پىششىق تونۇشتى. ئىككىنچى، باشقا مىللەت كلاسسىكلىرى يەنى رۇس، قازاق، ئۆزبېك ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقىدى، بولۇپمۇ شەرق كلاسسىكلىرىدىن شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» نى، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى ئوقۇپ ئۇلاردىن كۆپرەك ئۆرنەك ئالدى. بۇلار يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى ساپاسى، ئۇنۇمى، تەسىرى ھەققىدىكى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. ئۈچىنچى، زۇنۇن قادىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى دائىملىق ئىنچىكە كۆزەتتى، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، پۇختا ئۆگەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئىستىقباللىق

ئىجادىيىتى ئۇچۇن تىپىك ماتېرىيال كاننى ئاچتى. نەتىجىدە ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ ماتېرىيالىنى تېپىپ چىقتى.

كلاسسىك ئەسەرلەرنى يېزىش دېمەك — مەڭگۈ ئۆلمەس، تارىخنىڭ، ئەمەلىيەتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن توختىماي ئۆتىدىغان، ھەممە ئېغىزلاردا داستان بولۇپ تارالغۇدەك، كېيىنكىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغۇدەك، قايسى دەۋرگە ئاپىرىپ قويساڭ شۇ دەۋردە پارقىراپ تۇرىدىغان، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى كونىرىماستىن ئەكسىچە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىش دېمەكتۇر. زۇنۇن قادىرى ئەنە شۇنداق قىلدى.

زۇنۇن قادىرى ھەقىقەتەن قالتىس يازغۇچى، يازغۇچى بولغاندىمۇ بۇ دۇنياغا، ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدىغان، ناھايىتى كەم كۆرۈلىدىغان يازغۇچىدۇر.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دۇنيا مىقياسىدا كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋاقتى ھەر ئەلدە، ھەر مىللەتتە ھەرخىل بولۇپ كەلدى. ئالايلى، بەزى مىللەتلەردە 9 -، 12 - ئەسىردىن باشلانغان بولسا، بەزى مىللەتلەردە 17 -، 19 - ئەسىرلەردە، ھەتتا بەزىلىرىدە 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ باشلانغان. بەزى مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا پروزا، دراماتورگىيە ژانىر، تۇرلىرىدە كلاسسىك ئەسەر شۇنداق بولغان. بۇنداق ئەھۋال كۆپرەك تۈركىي تىلداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدۇ. تۈركىي تىلداش مىللەتلەرنىڭ قايسىسىنىڭ بولسىمۇ كلاسسىك پوئېزىيىلىرىغا قارىغاندا كلاسسىك پروزالىرى، كلاسسىك دراماتورگىيىلىرى كۆپ كېيىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ بىر ئەمەلىيەت.

گەرچە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پوئېزىيەنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى خېلى ئۇزۇن، تەرەققىياتى، تەسىرى زور،



كېيىنكىلەرنىڭ قوللىرىغا كېلىپ يەتكەن نەمۇنىلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ، سانلىرىمۇ كۆپ، مەزمۇنىمۇ باي بولسىمۇ، پروزا، دراماتورگىيىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - ۋە 40 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ نەمۇنىلىرى قايسى؟ دېيىلسە، ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە»، «كۆچۈككە ھۇجۇم» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

دەۋر ئالمىشىپ، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىگىلەپ، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە، ئىقتىسادىي بازىستا تۈپتىن ئۆزگىرىش ھاسىل بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنى 50 - يىللارغا كەلگەندە زۇنۇن قادىرى «چىنىقىش» ناملىق ھېكايىسى ۋە «توي» ناملىق درامىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئاتاقلىق ئەسىرىنى يېزىپ ئۇيغۇر كلاسسىك پروزاسى بىلەن دراماتورگىيىسىنى نۇرلاندۇردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىنى بەرپا قىلىش بىلەن بەنت بولۇپ ئۆتكەن ئىجادىيەت ھاياتىدا نۇرغۇن ئەگرى - توقايلىقلارغا دۇچ كېلىپ نۇرغۇن توسالغۇلارغا ئۇچراپ، تۇرمۇشنىڭ نى - نى قىسمەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىپ ئەبەدىي ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

كلاسسىك ئۇقۇمى، ئاتالغۇسى دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەت جامائەتچىلىكىگە، ئىلىم - پەن ساھەلىرىگە، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىگە لاتىن تىلىدىن مەلۇم ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە تارقىلىپ، تۇراقلىق ئۇقۇمغا ئايلىنىپ ئومۇملىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بۇ ئاتالغۇ رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن. بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بالدۇر ياكى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا چىققان، ھەتتا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە نادىر دەپ قارالغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى كلاسسىك ئەسەرلەر بولىۋەرمەيدۇ، پەقەت

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي تۇردە ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، بەدىئىيلىك جەھەتتىن قۇدرەتلىك، خەلقنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرگەن، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئاساس تۇرغۇزۇش، تۇرتكە بولۇش، تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئوينىغان ئەسەرلەرلا كلاسسىك ئەسەر بولالايدۇ.

زۇنۇن قادىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق مەشھۇر ھېكايە، دراملىرىنى كىشىلەر خۇددى يېڭى يېزىلغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ مېۋىسى ھېسابلانغان بۇگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ ئىچىدە زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلمىغانلار، زۇنۇن قادىرىنى ئۇستاز تۇتمىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، زۇنۇن قادىرى ئۆزىنىڭ كلاسسىكلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ غايەت زور تەسىر كۈچى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن بايراقدار.

ئوقۇرمەنلەر ۋە قەلەمكەشلەر ئىلگىرى زۇنۇن قادىرىنى گۆھەردەك قەدىرلەپ كەلگەن، ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىۋېرىدۇ.

بۇ بايراق مەڭگۈ يىقىلمايدۇ، بەلكى بارغانسېرى ئېگىز لەپىلدەيدۇ!



# تېيىپجان ئېلىيوف ۋە مىجىت ناسىرنىڭ «كۆكۈل سوۋغىسى»

19 ـ ئەسىر قازاق ئەدەبىياتىدا ئۇلۇغ شائىر ئاباي قۇنانباي، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئاكادېمىك، يازغۇچى، مەشھۇر ئەدەبىيات ئالىمى مۇختەر ئەۋەزوف چىققىنىغا ئوخشاش، 19 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇلۇغ كلاسسىك لىرىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى، 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلۇغ رېئالىست شائىر، مۇتەپەككۇر، ئەدەبىياتشۇناس تېيىپجان ئېلىيوف چىقتى.

دېمەك، بىر ئەسىردە بىر ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئانا دىياردا يەنى بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەنلىكى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور پەخىرلىك ئىشتۇر.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئۇلۇغلۇقى، دانالىقى، ئىجادچانلىقى، يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلىتى، ئىلمىيلىكى ئۇنىڭ توغرا كەسپىي ئەخلاقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا كۆپ تەرەپتىن روشەن ئىپادىسىنى تاپتى. تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ئىزچىل ئۆگىنىش، ئىشلەش، ئىجاد قىلىشقا بېغىشلانغان ھايات. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۆگەندى. ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، يېڭىنى يارىتىشقا يول ئاچتى، ئۆزىگە تەلەپچان بولۇپ،

ئۈزلۈكسىز ئىزدەندى، يۈكسەكلىك ئېغىرىنى كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلدى، نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەزمۇن، شەكىل، خاسلىق جەھەتتىن يېڭىلىق ئاتا قىلدى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدا مەلۇم بىر ئۆرلەش، گۈللىنىش دەۋرى بولىدۇ. بۇ مەزگىل شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تالانت ئىگىسى، شۆھرەتلىك ئۇلۇغ بىر زاتنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. مۇختەر ئەۋەزوفنىڭ دەۋرى قازاق ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، چىڭغىز ئايتماتوفنىڭ دەۋرى قىرغىز ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولغان بولسا، غوپۇر غۇلامنىڭ دەۋرى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدۇر.

تېيىپجان ئېلىيوف ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئىزچىل تۈردە ئەسەرلىرىگە مىللىي ئالاھىدىلىكنى، مىللىي پۇراقنى سىڭدۈرۈشنى چىڭ تۇتقاچقا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى مۇنبەت مىللىي پۇراقتا چېچەكلەپ مېۋە بەردى، مىللىي ئەدەبىي مىراسلارغا ئىزچىل تۈردە ئىجادىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلدى. نېرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇرېھىم نىزارىدىن ئۆرنەك ئالدى. مەملىكەت ئىچىدە خەنزۇ ئەدەبىياتىدىن ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەك ئالدى، مەملىكەت سىرتىدا رۇس ئەدەبىياتى، قازاق ئەدەبىياتى، ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىن ئۆرنەك ئالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆز مىللىتىنىڭ باي ئەدەبىي مىراسلىرى، ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى، تىرىشچانلىقى ئاساسلىق



ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ.

دېمەك، بەدىئىي ئىجادىيەت چولپانلىرىنىڭ بىرى دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان تېيىپجان ئېلىيوف ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك تۆھپە ياراتقان، نام ـ شۆھرىتى مىللەت ئىچى ـ سىرتى، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا نامايان بولغان شائىرلارنىڭ شائىرى. مانا بۇ ھەممىگە ئايان بولغان ھەقىقەتتۇر.

ئۇلۇغ شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان يېڭى دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئالاھازەل بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەملىكەتكە، شۇنداقلا دۇنياغا يۈزلەنمەكتە. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۈزلۈكسىز گۈللىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن تەر تۆكۈپ، يېڭى كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن تەلەپچان ئۇستازلاردىن بولۇپ قالدى. «شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ روھى ھېلىھەم كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئۇستازلىق رول ئوينىماقتا. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كەڭ تەتقىقاتچىلار بىلەن ئەدەبىيات خۇمار جامائەتچىلىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇشتىن ئۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتى.

دەرۋەقە، تېيىپجان ئېلىيوف ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشقان ھالدا داۋاملاشماقتا. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان ۋە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىل خاراكتېرىدىكىلەر ئىچىدىن كۆپ تالاش ـ تارتىش، كۆپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگىنى، ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئەدەبىي ئوبزور ماقالىلىرى ئەڭ كۆپ يېزىلغان ۋە

ئېلان قىلىنغىنى يەنىلا تېيىپجان ئېلىيوف بولدى. شۇنداقلا ھەقىقىي، ئىلمىي يوسۇندا يۇقىرى باھالارغا نائىل بولغىنى يەنىلا تېيىپجان ئېلىيوف بولۇپ قالدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن بۇيانقى ئون يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەندى.

يولداش تۆمۈر داۋامەت: «ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف يالغۇز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ مىللەتلىك جۇڭخۇا ئېلىمىز شېئىرىيىتى مۇنبىرىدە چاقنىغان نۇرلۇق چولپانلارنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا قوشقان تۆھپىسى ۋە يېزىپ قالدۇرغان شانلىق ئەسەرلىرى ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ئەتىۋارلىق مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە تارىخ بېتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ» دەپ يەكۈنلەش ئارقىلىق تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا يۈكسەك باھا بەرگەنىدى. خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيلۇق، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى جانابىل سىماغۇل تېيىپجان ئېلىيوف ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «مەشھۇر شائىر، ئەدىب، بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدە تەڭرىتېغىنىڭ ھەيۋەتلىك قارىغىيىدەك ئەبەدىلئەبەد قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ئوغلانى ھەم پەخرى تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ كەۋسەر سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ».

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بۈگۈنكى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورنى بار ئىستېداتلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ: «ئۇيغۇر مىللىتى - شېئىرىيەت مىللىتى، تېيىپجان كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىدى» دەپ مەدھىيىلىسە، مالچىنخۇ: «يولداش تېيىپجان



مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى، ئۇ جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان» دەپ شائىرنىڭ قىممەتلىك ئىجادىيەت پائالىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. مانا بۇلار نوپۇزلۇقلارنىڭ شائىر تېيىپجان ئېلىيوفقا بەرگەن ئەمەلىي ھەم ئىلمىي قىممىتى بار، شۇنداقلا ھەر بىرىنىڭ بىر ئەمەس، ھەتتا بىر نەچچە ماقالىگە تېتىيدىغان ئەسىر كۈچى، پايدىلىنىش قىممىتى بار ئەڭ مېغىزلىق باھالىرىدۇر.

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن مىجىت ناسىرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب، ئۆزگىچە شەكىلدە يېزىلغان «كۆڭۈل سوۋغىسى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندى.

مۇبارەك قەلىمى بىلەن بۇ كىتابقا كىرىش سۆزى يېزىپ بەرگەن سۆيۈملۈك ئانا، ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر ھەدىمىز ماھىنۇر قاسىم: «مىجىت ناسىر كىشىلەرگە كۆيۈمچان، مېھرىبان، سەمىمىي، كەمتەر، خەلق سۆيەر، تىرىشچان بىر كادىر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇشۇ خىسلەتلىرى مۇشۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن سۆزلىرىدە، مەرسىيىلىرىدە، باشقىلارغا يازغان بېغىشلىما ياكى خەتلىرى ۋە تەبرىكلىرىدە ئاجايىپ كونكرېت ئىپادىلەنگەن» دەپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا دەل، توغرا، ئىلمىي يەكۈن چىقاردى. «كۆڭۈل سوۋغىسى» نىڭ ئەڭ قىزغىن ئوقۇرمىنى، ئىستېداتلىق تەتقىقاتچى، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات: «مەن مىجىت ناسىر ئەپەندى بىلەن شەخسەن تونۇشمىغانلىقىمدىن ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ باقمىدىم، لېكىن بىر نەچچە قېتىملىق كەسپىي يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۇنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم، باشقىلار بىلەن بولغان سەمىمىي مۇناسىۋەتلىرىنى كۆردۈم. ھەقىقەتەن ئۇ مەندە كەمتەر، ئاددىي - ساددا، ئاق

كۆكۈل، ھەۋەس، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، مول بىلىم تىندۇرمىسىغا ئىگە تىرىشچان ئادەمنىڭ تەسىراتىنى قالدۇردى» دېدى.

ھەقىقىي ئالىيجاناب، ئېسىل پەزىلەت، جاپالىق ئىجادچانلىق، تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى بىلەن تويۇنغان، تۆھپىكارلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان بۇ مۇقەددەس كىتابقا ئوبرازلىق، رومانتىك ماۋزۇ قويۇلۇپ، ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان مۇنداق بىر پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ «شائىر ئېيتقان تۈگىمەس ناخشىنى خەلقىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتقۇسى» ئىدى. بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ مەخسۇس ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان، گېزىت - ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىش سادالىرىغا سازاۋەر بولغانىدى. ئىجادكار، تۆھپىكارلارنىڭ سادىق دوستى مىجىت ناسىرنىڭ «شائىر ئېيتقان تۈگىمەس ناخشىنى خەلقىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتقۇسى» ناملىق بۇ كۆكۈل سوۋغىسىدا مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ قەيسەرانە ئىجادچان روھىنى، يۈكسەك پەزىلىتىنى، تۆھپىكار روھىنى ھەممىدە شانلىق ئوبرازىنى سۆيۈملۈك خەلقىغە ئەسلىتىپ، تارىخنىڭ ئالتۇن بېتىگە ئۇنىڭ ئەبەدىي ئۆچمەس مۇنارىنى تىكلەپ بەردى.

يولداش مىجىت ناسىرنىڭ «كۆكۈل سوۋغىسى» ناملىق بۇ ئەسىرى جەمئىي 24 ئابزاستىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەر بىر ئابزاستىكى مەزمۇنلار ئۆز ئالدىغا يەككە - يەككە بىر ماقالىگە تېتىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەر روشەن خاسلىققا ئىگە بولۇپ، يىغىملىق ھەم بەكمۇ تەسىرلىك يېزىلغان. شۇنداقلا ئۇ مەزمۇن بىلەن شەكلى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ماسلاشقان ھالەتتە



بىر خىل پوبلىستىكىلىق تۈر شەكىللەندۈرۈپ مەيدانغا كەلگەن.

«كۆكۈل سوۋغىسى» ناملىق بۇ ئەسەر ئوقۇرمەنلەرگە مۇنەۋۋەر ۋەتەن ئوغلانى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجادىيەت دۇردانىلىرىنىڭ ئاساسچىسى، شۇنداقلا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى بويىچە ئەقىل - پاراسەت مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان، خۇش تەبەسسۇم، ئىللىق چىراي، سىماسى بىزگە مەڭگۇ قەدىرلىك چىن ئىنسان -

شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلەتتى.

ئاپتور مەرھۇم شائىرنىڭ روھىغا ئاتاپ يازغان بۇ ئەسىرىدە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكەن يىراق ئۆتمۈشنى، ئەھمىيەتلىك بولغان كونكرېت رېئاللىقنى يارقىن نۇرلاندۇرۇپ، پەلسەپىۋى قاراش، ئوبرازلىق سۈرەتلەش، مۇھاكىمىلىق پىكىرلەر بىلەن جاراڭلىق سادالارنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئارقىلىق ئاكتىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى ھەققىدە خىلمۇ خىل تېمىلاردا ئەسلىمە، ماقالىلەر يېزىلدى. لېكىن «شائىر ئېيتقان تۈگىمەس ناخشىنى خەلقىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتقۇسى» دەك زور تەسىر قوزغىغان لىرىكىلىق، مەنىدار يېزىلغانلىرى تولىمۇ ئاز.

مەن ئويلايمەنكى، بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ۋاقتى ھەرقانچە قىس، ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي، ۋاقىت ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ، مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئانا دىيارىمىزدا ھەر ساھە كەسپىتە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، زەپەر قۇچقان نەمۇنىچى تۆھپىكارلار، ئىجادىيەت چەۋەندازلىرىغا پارتىيە، ھۆكۈمىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ غەمخورلۇقى، سۆيگۈ - مۇھەببىتى،

مېھىر - شەپقىتىنى ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجىر، مېھنىتىنى، نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، قەدىرلىشى كىمنى تەسىرلەندۈرمەي تۇرالىسۇن؟!

مۇئەللىپنىڭ قەلىمى دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنى ئەسكەرتىشنى لايىق تاپتى: ھەر قانداق ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ئومۇملۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. قەلەمكەش ۋە ھەر ساھە تۆھپىكارلارنىڭ سىرداش دوستى، ھۆرمەتكە سازاۋەر جامائەت ئەربابلىرىنىڭ بىرى بولغان مىجىت ناسىر ئەپەندى ھازىر ئارىمىزدا ھايات تۇرۇۋاتقان ۋە بىزدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ كەتكەن جەمئىي 16 نەپەر شەخسنىڭ مىللىتى، يۇرتى، مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قارىماي، ھەممىسىنى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى دەپ قاراپ، ئۇلارغا چىن قەلبىدىن پارتلاپ چىققان «كۆڭۈل سوۋغىسى» ناملىق گۆھەردەك كىتابىنى تەقدىم قىلدى.

ئاپتور مىجىت ناسىر چەكسىز پەخىرلىنىش، يۇكسەك ئىززەت - ھۆرمەت ئىچىدە مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «شائىر پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا، بولۇپمۇ تىلى پىشقان، ئىقتىدارى ئاشقان، مەيلى بەزى بېسىملارغا ئۇچرىغان ۋاقىتلار ياكى زامان، ماكان، شارائىت يار بەرگەن مەزگىللەردە بولسۇن ئىنسان تەبىئىتىدىكى نازۇك ھېسسىيات، يوشۇرۇن تۇيغۇ، پىسخىكا ھالەتلىرىنى گۈزەل شېئىرىي تىل، يۇكسەك ماھارەت بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇر كەڭلىكىدە تۇرۇپ، ئۆز قەلىمى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئومۇمىي پرىنسىپلارنى خالىغانچە ئەمەس، ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر بويىچە ئىلمىي بايان قىلالىغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم ئىدى» دەپ ئىلمىي ئاساستا يەكۈن



چىقىرىپ، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا قويدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۆمرىنى پەقەت شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەنلا ئۆتكۈزگەن ئىنسان ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىيىتىگە ئورناپ كەتكەن تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىنىڭ مەدىتى بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، پەن، مەدەنىيەت، ئىلىم، ماھارەت بىلەن دىلىنى تويۇندۇرغان ئۆز زامانىنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەتشۇناس ئالىمى.

ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال تالانتى، قابىلىيىتى، ئۆزلۈكسىز تىرىشىش روھى ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بولغان ھەقىقەت.

يولداش مىجىت ناسىر ئەپەندى سۇنغان «كۆڭۈل سوۋغىسى»دا ئۆزگىچە يېڭى مەزمۇن بىلەن ئۆزگىچە يېڭى شەكىلنىڭ بىرلىكى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يېڭىچە شەكىل، يېڭىچە ئۇسلۇبتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىلتىزى چوڭقۇر، مەنتىقىلىق پىكىرنىڭ ئىلمىيلىكىنى، پاكىتى كۈچلۈك يۈرگۈزۈلگەن مۇلاھىزە، تەسەۋۋۇر، قەلبتىن - قەلبكە بىلىندۇرمەي سىڭىپ كىرىدىغان جىلۋىدار ھېسسىياتنىڭ زىچلىقىنى، دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىنى بۇزۇۋېتىشكە ھېچكىمنىڭمۇ قولى بارمايدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسەردىكى ھەر بىر ئابزاستىن بىرەر جۈملە سۆز، ھەتتا بىرەر يەككە سۆزنىمۇ چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ ياكى بىرەر جۈملە سۆز، بىرەر ئېغىز گەپنى قوشۇپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يولداش مىجىت ناسىر ئەپەندى ئۆز ئەسىرىدە شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ شائىرانە ئىچكى دۇنياسىنىڭ لىرىك كارتىنىسىنى سېخىيلىق بىلەن جەزبىدار تۈستە مۇنداق سىزىپ چىقتى: «شائىر ھاياتلىقنىڭ يادروسى، قايناق ھېسسىيات، تۇيغۇ گۈزەللىكى ۋە ئۆتكۈر سەزگۈنىڭ يۇكسەك تاجىسى، مەۋجۇدىيەت ئىنسان يۈرىكىدىن ۋۇلقاندەك ئېتىلىپ چىققان ھايات

سىگناللىرىنىڭ پۈتۈن بەدەن بويلاپ تاشقى دۇنيا يەنى بىر مۇھەببەتلىك يۈرەككە سىمسىز يوللاردىن زەرەتلىك ئاققان مۇقەددەس سۆيگۈ — مۇھەببەتنامىنى تەڭداشسىز لىرىكىلىق شېئىرىي، مۇھەببەتلىك يۈرەك تىلى بىلەن تولۇق ئېچىپ بېرەلىگەن، كىشىلەرنى ئىنسانىي ساپ مۇھەببەتكە ۋە ئۇنى خۇددى سەبىي بوۋاقلارنى ئاسرىغاندەك قەدىرلەشكە ئۈندىگەن ھەقىقىي لىرىك، پىسخىكا شائىر ئىدى».

مەن شۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى، ئىلمىيلىكنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، يولداش مىجىت ناسىر ئەپەندى «كۆكۈل سوۋغىسى» ناملىق ئەمگەك مېۋىسى ئىچىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن بەرگەن «شائىر ئېيتقان تۈگىمەس ناخشىنى خەلقىمىز ئەۋلادمۇ — ئەۋلاد ئېيتقۇسى» ناملىق پوبلىستىكىلىق ئەسىرى خۇسۇسەن مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا باشقىلار ئۈچۈنمۇ، شۇنىڭدەك ئېلىمىز ئىچى — سىرتىدىكى ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ تۆھپىسى، ئىنسانىي قىممىتى، ئىجادىي ھاياتى، شائىرانە تۇيغۇسىنى تونۇشتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى دەرسلىك بولالايدىغانلىقى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك.

«تېيىپجان ئېلىيوف ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەن سەبىي، غۇبارسىز بالىلىق چېغىدا يازغان تۇنجى ئىجادىيىتى ‹جەڭچى ئاكامغا› ناملىق شېئىرى ئارقىلىق ئۆز تالانتىنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغانىدى. يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەندە، ‹تۈگىمەس ناخشا› ناملىق دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە مەشھۇر شېئىرىنى يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت دۇنياسىدىكى قالتىس ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، قىرغاقلاردىن ئۇيغۇر ساداسىنى، شېئىرىي گۈزەللىك دۇنياسىنى ئاسىيا، ئەرەب، ياۋروپا ئەللىرىدەك خەلقئارا سەھنىلىرىدە ياڭراق ئاۋاز بىلەن دۇنياغا



ياڭراتقان ھەم يۇقىرى باھاغا ئېرىشەلىگەن، تۇنجى نۆۋەت ئەدەبىيات — شېئىرىيەت ساھەسىدە مىللىتىمىزنى خەلقئاراغا تونۇتقان ئىسمى — جىسمىغا لايىق خەلقئارا شائىرى ئىدى» دەپ ناھايىتى توغرا يەكۈنلىگەنىدى ئاپتور.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ باشلىرىدا دۆلىتىمىزدىن چاۋشىيەنگە بارغان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە سۆيۈملۈك شائىر تېيىپجان ئېلىيوفمۇ بار ئىدى. شەرق ئەدەبىيات دۇنياسىدا گىگانت قەد كۆتۈرگەن بۇ ئۇلۇغ تالانتلىق زات ئىلگىرى — ئاخىر بولۇپ 19 دۆلەتتە دوستانە زىيارەتتە بولدى. سەككىز دۆلەتنىڭ پايتەختىدە شېئىر ئوقۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولۇپ ھېسابلانغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك ساداسىنى دۇنياغا ياڭراتتى. شۇ قاتاردا يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىنى يەر شارىغا يايدى. بۇ جەرياندا، ئۇ ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن 40 قا يېقىن مەشھۇر شائىرلار بىلەن تونۇشۇپ، دوستلاشتى، ھەمسۆھبەتتە بولۇپ تەجرىبە ئالماشتۇردى، ئۇلارنىڭ يۇقىرى باھالىرىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدىن بۇيان، تېيىپجان ئېلىيوف ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت سېپىدىن چىققان خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، دوستلۇق ئەلچىسى بولۇپ قالغانىدى.

خەلقىمىز قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان شائىر تېيىپجان دائىم تىنچ، مۇقىم، خاتىرجەملىك، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئومۇملۇقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر ئائىلە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلە دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت خاراكتېرىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋە دانالىقىنى باشتىن — ئاخىر ئېسىدە چىڭ ساقلىدى. شائىرنىڭ بۇ جەھەتتىكى يادرولۇق رول

ئوينىغان ئاجايىپ ئىسىل خىسلەتنى يولداش مىجىت ناسىر مۇنداق شەرھلىدى: «ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى يۇقىرى - تۆۋەن، دۆلەت، جەمئىيەت ئەربابلىرى، ئاددىي پۇقرالىرى بىلەن قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىردىشىپ، مۇڭدىشالايدىغان، چۈشىنىپ ئۆز كۆڭلىنى بېرەلەيدىغان، قەدىرلەشتىن - قەدىر ئالالايدىغان، ھۆرمەتتىن - ھۆرمەت تاپالايدىغان، تەڭلىكتىن - تەڭلىك ئالالايدىغان شائىر بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ نېگىزلىك تەڭلىك قائىدىلەرگە ئەمەل قىلغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ ياشلارغا مېھرىبان، غەمگۇزار، قويىنىنى كەڭ ئاچقان، كۆڭلى - كۆكسى دەريادەك، باشقىلارنىڭ نەتىجىلىرىدىن خوش بولالايدىغان، ئۇچراشقان كىشىلەرگە ياخشى تەسىر مېنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىم، دەيدىغان چۈشەنچىنى بېرەلەيدىغان ئاق كۆڭۈل، كەمتەر، سەمىمىي، ھەقىقىي روھىي ئىنژېنېر، ۋاپادار، خەلقپەرۋەر شائىر ئىدى».

مىجىت ناسىر ئەپەندىنىڭ شائىرنى شۇنداق تەرىپلىشىنىڭمۇ بەلگىلىك رېئال ھەم ئىلمىي ئاساسى بار. دېمىسىمۇ تېيىپجان ئېلىيوف ئۆمرىدە يۇقىرىغىمۇ چىققان، تۆۋەنگىمۇ چۈشكەن، ناھايىتى كۆپ ۋاقىتلاردا پۇقرالار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ ياشىغان. خەلقنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، خەلقنى چىن دىلىدىن سۆيگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىجادكار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە خەلقنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسى، گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى، ئىنسانپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ روھىيىتىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، تېيىپجان ئېلىيوفتىكى سەمىمىيلىك، ئىجادچانلىق، ئەمگەكچانلىق، دىلكەشلىك، ئەلدىن، ۋەتەن مۇھەببىتىدىن، دەۋردىن پەخىرلىنىش،



شادلىنىش تۇيغۇسى تامامەن خەلقتىن كەلگەن. ئۇلار تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە چېچەكلەپ، مول مېۋە بەرگەن. يەنە كېلىپ، تېيىپجان ئېلىيوف ئۇمىدۋار شائىر، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ روھىنى يالغۇز ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، ياشلارغا قىلغان غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈشى، ئۇمىد - تىلەكلىرىدە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

تېيىپجان ئېلىيوف ئادىمىلىكى بىلەن ئۆز مىللىتى ئارىسىدىلا ئەمەس، قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئاتاقلىق خەنزۇ شائىرى گۇشياۋشىن بىلەن ئاتاقلىق قازاق يازغۇچىسى قاۋسىلقان قوزىباي ۋاپات بولغاندا، ئۇ، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ قاتتىق يىغلىغانىدى. دېمەك، تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرگە نىسبەتەن مېھىر - مۇھەببىتى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدى.

«شائىر ئېيتقان تۈگىمەس ناخشىنى خەلقىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتقۇسى» نىڭ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە مۆلچەرلىگۈسىز زور تەسىرلەرنى قالدۇرغانلىقى بارچىغا ئايان. بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، يولداش مىجىت ناسىر ئەپەندى تېيىپجان ئېلىيوف ھەققىدە دېمەكچى بولغانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مېغىزلىق يىغىنچاقلىغان مۇنداق ئىككى ئابزاس بار: «شائىرنىڭ ھايات تارىخىنى ئەسلىسەك، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنى دەۋرگە، كەلگۈسىگە باغلاپ چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرساق، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئارىمىزدا ئۆتكەن ئەخلاق - پەزىلەت بابىدا، ئەدەبىيات ساھەسىدە گۈزەل قەلب، مول ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ئابىدە قالدۇرۇپ، شېئىرىيەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن بايراقدار بىر چىن ئىنساننىڭ يەنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇلۇغ شائىرنىڭ گىگانت ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ».

«تىنچ يېتىڭ، ئەلنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، سىز ئېيتقان تۈگىمەس ناخشىنى خەلقىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئېيتقۇسى، بۇنىڭغا ئىلى، تارىم دولقۇنلىرى جۆر بولغۇسى، باغلار ئارا نەغمىچى قۇشلار تەڭكەش قىلغۇسى. بۇ ناخشا ئاۋازى ۋەتەن غەزىلى، تۆھپىڭىز زېمىن قوينىدا، يۇرتۇم ئاسمىنىدا، ئۈزۈلمەس تارىخ بېتىدە ئۇلۇغ نامىڭىزنى ئەبەدىي ئۇلۇغلايدۇ، روھىڭىز مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ».

يۇقىرىدىكى ئابزاسلاردا مىجىت ناسىر ئەپەندى خەلق قەلبىنى شېئىرىيەت مەشئىلى بىلەن يورۇتۇپ، خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى ھەم ئىجادىي، بەدىئىي ئابىدە تىكلىگەن شۆھرىتى زور، تالانتلىق ئەدىب تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بۈيۈك تۆھپىلىرىنى ئوبرازلىق، تەنتەنىلىك تەرىپلەپ، ئۇنىڭغا «ئۇلۇغ» دېگەن باھانى بەردى.

ھېس قىلىشىمىزچە، يولداش مىجىت ناسىر ئەپەندى بۇ ئەمگىكىنى كۆپ ئويلىنىش، ئىزدىنىش ئارقىلىق يازغان. شائىرغا بەرگەن «ئۇلۇغ» دېگەن باھانىمۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق بەرگەندەك تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، شۇنداق يۇقىرى باھانى بېرىشنى شائىرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بەلگىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ۋاڭ مېڭ، مالچىنخۇ قاتارلىق ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تېيىپجان ئېلىيوفقا بەرگەن باھالىرىمۇ «ئۇلۇغ» دېگەن ئۇقۇمغا يېقىنلىشىدۇ.

يولداش مىجىت ناسىرنىڭ تېيىپجان ئېلىيوفقا «ئۇلۇغ» دېگەن باھانى بېرىشىنىڭمۇ كۈچلۈك رېئال ۋە ئىلمىي ئاساسى بار. شۇنداق نامنى بېرىشنىڭمۇ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن.

بىز مىجىت ناسىر ئەپەندىنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىگە شۆھرىتى زور تۆھپىكارلارغا بېغىشلىغان كۆڭۈل سوۋغىلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي تەقدىم قىلىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



# تالانت، ئىقتىدار ـ جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ

دۇنيادىكى بارلىق ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ تالانتى، ئىقتىدارى — تىرىشچانلىق، ئىجادچانلىق روھى بىلەن جاپالىق ئىزدىنىشتىن كەلگەن. جۈملىدىن ئەدەبىيات سېپىدىن چىققان تالانتلىق يازغۇچى، ئەدىبلەرنىڭمۇ شۇنداق. بىز قايسىبىر مىللەت، قايسىبىر دەۋر ئەدەبىياتى تارىخىدىن بولمىسۇن، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىنى كۆزىتىش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، يازغۇچىلارنى، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى باھالاش، ئىنكار قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قانۇنىيەتلىك يېڭى نەرسىلەرنى تېپىش ئەھۋاللىرىدىن ئېغىز ئاچقان چاغلىرىمىزدا، كۆز ئالدىمىزغا قانداقتۇر ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ ئەمەلىي تۆھپىسى كېلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەر باشقا ئەمەس، دەل ئەدەبىيات قوشۇنىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئەدەبىي تەنقىدچىلەردۇر. بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا تالانتلىق يازغۇچى، شائىر، دراماتورگلار كۆپلەپ چىقىشى مۇمكىن. لېكىن بىرەر ئىستىبداتلىق ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ناھايىتى تەس.

ئەدەبىي تەنقىد ھەر قايسى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن، تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد يوق ئەدەبىيات خۇددى قوپال تىكىلگەن كىيىمگە، سۇۋاق بېرىلمىگەن تامغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا سۈپەتلىك ئىلگىرىلەش، قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇھىم ئورنىنى، يېتەكچىلىك رولىنى، ئىلمىي

قىممىتىنى چۈشەنگەن، ھېس قىلغان كىشىلەر ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماياكى، سۆزۈك ئەينىكى، ئادىل تارازىسى، يازغۇچىلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ، ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ كۆۋرۈكى، ئەلچىسى، ئىجادكارلارنىڭ يېقىن دوستى، سىردىشى، مەسلىھەتچىسى، ۋەكىلى دەپ بىلىدۇ. لېكىن ئىسمى - جىسمىغا لايىق يارامىلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بېلىنسكىي: «تەنقىدچى تالانت، ئەڭ كەم ئۇچرايدىغان تالانتتۇر، تەنقىدچىنىڭ ماڭغان يولى ئەڭ ئەگرى - توقاي ھەم خەتەرلىك يول» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپنىڭ قانچىلىك يۇقىرى، ئۇلار ماڭغان يولنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ھەم ئەگرى - توقاي، ئۇلار ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنى ئويان - بۇيان قىلىش ئىشى بىلەن ئەمەس، يازغۇچى، شائىرلار بارلىققا كەلتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەقدىرى، بىر مىللەت، بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى بىلەن ھەپىلىشىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى، ئۇلارنىڭ پىكىر، مۇلاھىزە، باھا، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ھەرگىز ئاددىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىمەيمىز. بىز ئۇلارنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئادەتتىكى جەريانلىرىدىن، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئادەتتىكى قوشۇنى ئىچىدىن ئەمەس، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلغان، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ روناق تاپقان، تاكامۇللاشقان دەۋرىدە شەكىللەنگەن قوشۇنى ئىچىدىن ئىزدەيمىز.

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى باشقا ھەر مىللەت ئەدەبىياتى سەنئىتىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بۇرۇلۇش دەۋرى باشلاندى. بۇ چاغلاردا بولۇپمۇ 50 ~ 60 - يىللاردا مەرھۇم پەتتارجان ۋە روزى قاسىملارغا ئوخشاش ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ شۇ مەزگىل، شۇ شارائىتتىكى ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ يازغان ماقالىلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، كېيىنكى چاغلاردا بۇ ساھەدىمۇ مەخسۇسلاشقان قۇدرەتلىك قوشۇننىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

ئېلىمىز خەلقىغە ھەقىقىي بەخت، شادلىق، ئازادلىق كۈنلەرنى ئېلىپ كەلگەن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىن بەخش ئەتكەن غايەت زور ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەنگەن يېڭى دەۋرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ بىر ئەۋلاد تىرىشچان، تالانتلىق، چوڭقۇر پىكىرلىك مەخسۇسلاشقان ئەدەبىي تەنقىد قوشۇنى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇلار مۇنتىزىم ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس كەسىپنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ بىر پۈتۈن قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن. مىللىتىمىز، دۆلىتىمىز، دۇنيانىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىن خەۋەردار، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى توغرىسىدا سېلىشتۇرمىلىق چۈشەنچىلەرگە باي، ئىشەنچلىك، ئىرادىلىك، ئۈمىدلىك كۈچلەردىندۇر. تەنقىدچى مۇھەممەت پولات بۇ قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. جاسارەتلىك، تىرىشچان، ئىلىمخۇمار، ئىقتىدارلىق بۇ ئەدەبىي تەنقىدچىمىز بىرمۇنچە سۈپەتلىك، ۋەزنىلىك ئەدەبىي تەنقىدىي ماقالىلەرنى يېزىپ كىتابخانلار، جامائەتچىلىكنىڭ، ئىجادكارلارنىڭ نەزىرىگە ئالاھىدە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ

قىلىشىغا ۋە ئادىل باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ياخشىراق يازايلى، قىسقىراق يازايلى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا»، «كىتابخانىلىق تەسىراتلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزور - ماقالىلىرى توپلىمى، يەنە «ساتىرامىزنىڭ ياخشى ئۆلگىسى»، «شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىستىك پروزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى»، «زۇنۇن قادىر ھېكايىچىلىقىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى»، «بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى زامانىۋىلىق ۋە دەۋر روھى»، «يېڭىلىق، ئىجادچانلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھاياتى»، «زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىدا پېرسوناژلار تەسۋىرى»، «زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئىسيانكار شائىرى»، «ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىغا بىر نەزەر» قاتارلىق ماقالىلىرى بىلەن شۇنداقلا باشقا بىرمۇنچە يېڭى، ئىجادىي كۆزقاراشلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ كەم - كۈتىسىز يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۆھپىكار ئەدەبىي تەنقىدچىسى بولۇپ قالدى. يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ ماھارەت ۋە تالانتىنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ قىيىن مۇنبىرىگە چىقىشى ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلمىگەن. ئۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ، ئېلىمىزنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى، ئەدەبىيات قانۇنىيىتىگە دائىر مول بىلىملەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ ئەدىبلەر ئۈچۈن ئەڭ قىيىن ئۆتكەل ھېسابلىنىپ كەلگەن ئەدەبىي تەنقىد بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىۋالغان. مۇھەممەت پولات بىر مەھەل تىرىشىپ ئۆگىنىش، تەكرار مەشىق قىلىش، زېرىكمەي ئىزدىنىش جەريانلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۆز پىكرىنى، ئۆز قاراشلىرىنى، ئىلمىي مۇلاھىزە، بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرىنى



ئەركىن، بىمالال پەرۋاز قىلدۇرۇش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دەسلەپ ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرىدا ئۆزىگە بىر قەدەر پىششىق تونۇشلۇق بولغان ئەمەلىي ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ قەدەممۇ قەدەم ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنى مۇرەككەپ، چىگىش ئىشلاردىن قاچۇرمىدى، ئاسان يولدا ماڭمىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان بۇ دۇنيانىڭ بوسۇغىسىغا كىرىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن: «شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسىدا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يېڭىچە جانلىنىش ھالىتىگە قەدەم قويغانلىقى توغرىسىدا ئىلمىي ۋە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزدى. «شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى يۈزلىنىشنى باھار نۇرىغا چۆمگەن سەلتەنەتلىك ھايات مۇھىتى بىلەن كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەردىن بارلىققا كەلگەن يېڭى پىكىر، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھېسسىياتلارنى قىزغىن ئالقىشلىدى. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان لىرىك شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «چىن مۇھەببەت» ناملىق داستانى، مۇھەممەتئېلى زۇنۇننىڭ «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ»، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ياڭرا ئەجەم»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «ئۈچ غەزەل»، ئابلىمىت سادىقنىڭ «دوستلار بەزمىسىگە مۇخەممەس»، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىننىڭ «جىنەستە»، ھاجى ئەخمەتنىڭ «غەزەللىرى» ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق ئايرىم توختالدى. بەزىلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت

مۇستەبىتلىكى پەيدا قىلغان ناچار ئىستىل، يامان ئىللەتلەرنى تازىلاپ، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە جانلىنىش، يېڭىلىنىش، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شېئىرىيەت ماھىرلىرىنى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولغان، خەلقنىڭ ھەقىقىي يۈرەك ساداسىغا ئايلانغان يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى.

مۇھەممەت پولات ئۆزىنىڭ «ساتىرامىزنىڭ ياخشى نەمۇنىسى» ناملىق ماقالىسىدا ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان مالىمانچىلىق يىللىرىدا ناھەق قارىلانغان، مەشھۇر «ۋالاقتەگككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق شېئىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، بۇ شېئىرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساتىرىنىڭ بىر نەمۇنىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە مۇقىملاشتۇرۇلدى. تەنقىدچى ماقالىسىدە: «شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ساتىرادا كىشىلەرنى نەپرەتلەندۇرىدىغان سەلبىي تۇرمۇش پاكىتلىرىنى تېپىكلەشتۇرۇپ «ۋالاقتەگكۇرۇپكە ئوخشاش قۇرۇق سۆز مەستانىلىرىنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنىڭ ھەجۋى مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىپ، بىر ئوچۇم يالغانچى مەمەدانلارنى قاتتىق قامچىلىغان. دېمەك، ئاپتور بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى بىر ئەمەلىي توسالغۇنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنىڭغا بولغان كۈچلۈك نەپرىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، كىشىلەرنى كوممۇنىستىك ئاڭ بىلەن تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇپ، پارتىيە، سوتسىيالىزمغا



بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئەمەلىي ھالدا چوڭقۇر ئىپادىلىگەن،» دەپ ئەسەرنىڭ كۈچلۈك خاھىشچانلىقىنى يەنى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى ساغلاملىقىنى، مۇھىم ئىجتىمائىي رولىنى، رېئاللىق ئەھمىيىتىنى كونكرېت پاكىتلار ئاساسىدا ھەقىقىي، ئەمەلىي، ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسە قىلدى. كىشىلەر ئارىسىدا ئالاھىدە شۆھرەت قازانغان بۇ ساتىرىك شېئىرنى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇلۇغ رۇس شائىرى ۋىلادىمىر ماياكوۋسكىنىڭ «مەجلىسۋازلار» ناملىق مەشھۇر شېئىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، شېئىرنىڭ تەسىر كۈچىنى، بەدىئىي قىممىتىنى، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى يەنە بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈردى. يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك جەريانىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا يازغان ماقالىلىرىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ ئاپەتلىك يىللار پەيدا قىلغان مەنىۋى جاراھەتلەرنى ساقايتىپ، روھىي جەھەتتىكى بويۇنتۇرۇقلاردىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ ئىجادىيەتنى گۈللەندۇرۇش لازىملىقىنى ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ھالدا شەرھلەپ ئۆتتى.

ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ئاجايىپ جانلىنىش، گۈللىنىش دەۋرىنى باشلىغان ئىسلاھات دولقۇنى ئەدەبىيات، سەنئەت ساھەسىگىمۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەسىرىنى كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيىتىمۇ ئىسلاھات دولقۇنىغا ئەگىشىپ، قەدەممۇ قەدەم كېڭىيىپ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ئۆتتى. ئۇ بۇ مەزگىلدە يازغان ماقالىلىرىدا ئەدەبىيات نەزەرىيىسى سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرغان خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى، پاسسىپ ئەنئەنىۋى قاراشلارنى، ئىجادىيەت

ئىستىلىدىكى چاكىنىلىقلارنى ئىنكار قىلىش بىلەن توغرا نۇقتىئىنەزەرلەرنى، ئەدەبىياتنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرىنى، ئاكتىپ ئىجادىي تەشەببۇسلارنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشنى؛ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇستىدە ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە، تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئىجادىيەت ئۇنۇمى، ئىجادىيەت ئۆزگىچىلىكلىرىگە باھا بېرىشنى ئاساس قىلدى. ئىلمىي ئىشنىڭ دەل، كونكرېت، رېئال بولۇشىغا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدى. نەتىجىدە ئۇ كىشىلەرنى قايىل قىلىش، جەلپ قىلىش كۈچى بار يېڭى، ئىجادىي كۆز قاراشلىرى ئارقىلىق ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بىر تەنقىدچى بولۇپ قالدى. كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز دىيارىدا ئېلىپ بېرىلغان ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈش، خەلقىمىزنى يۇقىرى سەۋىيىلىك مەنىۋى بايلىقلار بىلەن تەمىنلەش، مەملىكەتنىڭ، دۇنيانىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يۈزلىنىش قەدىمى باشلاندى. مانا بۇ ۋەزىيەت مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرى بىلەن تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك شۇغۇللىنىشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتتى. ئۇ بۇ جەرياندا مۇنداق ئىككى تەرەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى: ئۇنىڭ بىرى ئۆگىنىش بىلەن ئىزدىنىشنى بىرلەشتۈرۈش، يەنە بىرى، ئەمەلىي تەكشۈرۈش بىلەن ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ئىدى. ئۇ بۇلارنىڭ ئالدىنقىسىنى ئاساس، كېيىنكىسىنى يېتەكچى قىلدى. ئۇ كۆپرەك ئېلىمىز ئەدەبىياتىدىكى، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىقلارغا كۆپرەك كۆز تىكتى. ئۇنىڭدىن ئۆگەندى. بولۇپمۇ



نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى يېڭى قاراشلارنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بۆسۈش خاراكتېرىدىكى يېڭىلىقلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ ئۇنى ئۈلگە قىلىشقا، ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشتى. يولداش مۇھەممەت پولات بۇ مەزگىلدە يازغان ماقالىلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنى خىلمۇ خىللاشتۇرۇش، مۇلاھىزە نۇقتىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىلمىي سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈش، تەسىر كۈچىنى، يېتەكچىلىك رولىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر چاغدا نۆۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ياكى تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان مەسىلىلەرگە جۈرئەتلىك ئارىلىشىپ ئۇنى ئەمەلىيلىكتە، ئىلمىيلىكتە ئۇيغۇن ھالدا توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچ چىقاردى. ئۇ يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىدا كىتابخانلىق تەسىراتلىرىنى نامايان قىلغۇچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكلىرىنى ئايرىپ باھالىغۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش، ئۈنۈملۈك ياردەم بېرىش، يول ئېچىش رولى بار؛ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئىستىلغا ئىگە تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئون نەچچە يىل ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كىتابخانلار ئاممىسىغا تەقدىم قىلغان ئەمگەكلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى، 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ناملىق كىتابى بولدى. بۇ كىتاب ئاساسەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىستىك پروزا ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشى، راۋاجلىنىشى ۋە بۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىشقا بېغىشلانغان ھازىرقى

زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. بۇ كىتابتا ئاپتور كەڭ دائىرىلىك ئىزدىنىپ، ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرى، تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تۈپ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى بويىچە سوتسىيالىستىك پروزا ئىجادىيىتىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئەگرى - توقايلىقلارنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان قەدەملىرىنى، خەلق كۈرىشىنىڭ پارلاق غەلىبە مېۋىلىرى، دەۋرنىڭ ئېقىمى، تالانتلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ جاسارىتى، ئىرىشچانلىق روھى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىنچىكە، مۇكەممەل مۇلاھىزە قىلغان.

ھازىرغىچە بىر دەۋر، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكى، كۆپىنچە پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئۆلچىنىپ كەلدى. يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ كۆپرەك زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ زۇنۇن قادىردىن باشلانغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ تەرەققىياتىنى كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققان قېيۇم تۇردى، زوردۇن سابىرلارغا باغلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش جەريانىمۇ مەلۇم بىر دەۋر كۆز قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولغان. ھەقىقەتەن بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر پروزىسىدىن گۈللىنىش، ئۆرلەش، ئىزدىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتقان ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭغا «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ناملىق كىتابتا يەكۈنلەنگەن نەتىجە، تەتقىق قىلىنغان ئەمەلىيەت، بېرىلگەن باھا، چىقىرىلغان ھۆكۈملەر تولۇق ئىسپات بولالايدۇ.

ھەرقانداق شەيئىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىچكى ئامىللارنىڭ تەسىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. جۈملىدىن ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. تەنقىدچى كىتابىدا ئۇيغۇر



پروزىسىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان گۈللىنىش، ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئاساسەن پىشىپ - يېتىلىشكە باشلىغان ئىچكى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

گەرچە بىر مىللەت ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات، باھا، مۆلچەر قاتارلىقلاردا شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي نەتىجىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ شەرھلەش مەركەز قىلىنسىمۇ، ئەمما ئەمەلىي ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا ئۆتكەندە بۇ ئىشلار يەنىلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى يەكۈنلەش، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، بەدىئىي قىممىتىنى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ ئىشلار يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى رېئالىستىك پروزىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان.

بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانىنى ئەسلىگەن چاغلىرىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىر ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ھېكايىلىرى كېلىدۇ. ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا نەزەر تاشلىغان ۋاقىتلىرىمىزدا كۆزىمىزنىڭ ئالدى بىلەن بىر قىسىم تۆھپىكار يازغۇچىلىرىمىزنىڭ مەسىلەن: قېيۇم تۇردى، زوردۇن سابىر ۋە ئۇلارنىڭ دەۋرىمىز كىشىلىرىنى جەلپ قىلغان مول پروزا ئىجادىيىتى مېۋىلىرىگە تىكىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولاتنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» ناملىق ئىلمىي كىتابىدا زۇنۇن قادىرنىڭ ئۇيغۇر

ھېكايىچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرى ھېسابلانغان «ماغدۇر كەتكەندە»، «چېنىقىش» تىن ئىبارەت ئىككى ھېكايىسى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. نۆۋەتتىكى ھېكايىچىلىك ئىجادىيىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك سەنئەت قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئىككى پارچە ھېكايىنىڭ تاكى ھازىرغىچە ماختىلىپ كېلىۋاتقان بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى پۇختىلىق، ۋەقەلەرنى بايان قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىچىلىك، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى مەنتىقىلىق، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش جەھەتتىكى ئېپىكلىك، تىل ئىشلىتىش سەنئىتى، تېما ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىگە، ھېسسىيات تەسۋىرىگە سىڭدۈرۈلگەن قويۇق مىللىي پۇراق قاتارلىقلار ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بەدىئىي ئەدەبىيات تەنقىدچىلىكى سەۋىيىسى بويىچە تەپسىلىي تەھلىل قىلىنغان.

ئەدەبىي تەنقىد يازغۇچىلارنى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە ۋە ئوبيېكت قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتى، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىجاد قىلىش، كۆزىتىش ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەردىن ئايرىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئەدەبىي ئىجادكارلار بىلەن تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتىدۇ. مۇھەممەت پولات پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەدەبىي ئىجادكارلارنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىغا بېغىشلاپ ئۇلارنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ياراملىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن بۇرۇن تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئېنىق تاللىدى. سىزىمچانلىق بىلەن



كۆزەتتى. ئۆز ئىشلىرىنىڭ توغرا، ساغلام بولۇشىغا، باشقىلارنى قايىل قىلغۇدەك چوڭقۇرلۇققا، ئىلمىيلىك ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە بولۇشقا كۈچ چىقاردى. ئۇ ئۆزى ئىشتىياق باغلىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى ئەدەبىياتتىكى مۇھىم سەپ، بىر خىل پەن دەپ قاراپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرگە ھەر قاچان ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتتى.

ئەدەبىي تەنقىد - بىر خىل پەن. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش، تەدبىقلاش داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق - ئەدەبىيات ئىلمى ھەققىدىكى بىر مۇھىم پەن بىلەن شۇغۇللانماق دېمەكتۇر. روشەن ئېنىقلىققا ئىگە بولغان ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان ئىلمىي پاكىتى. يولداش مۇھەممەت پولات ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا بوشلۇقنى تولدۇرۇش، ئارقىدا قالغان بۇ ساھەنى ئىلگىرى سۈرۈش، جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى بىرىنچى بولۇپ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ ئىلگىرىلەپ، ئاممىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى.

پېشقەدەم يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانى بىلەن يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى (1 - كىتابى) نەشر قىلىنىش بىلەن، سەزگۈر، چوڭقۇر پىكىرلىك ئەدەبىي تەنقىدچىمىز مۇھەممەت پولات «يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش — رومانچىلىقىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ، بۇ ئىككى روماننىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن تېپىپ چىقىپ، بۇ رومانلارنىڭ تېما كەڭلىكىنى، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىنى، بەدىئىي كۈچىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى تۈجۈپىلەپ تەھلىل قىلىش

ئارقىلىق كىتابخانلارغا رومانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىپ، بارغانسېرى تاكامموللىشىپ، سوپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتۈشىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزدا يېتەكچى ژانىر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

مۇھەممەت پولاتنىڭ: «شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ھېسسىيات، تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز» ناملىق ماقالىسى، ئۇنىڭ «شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى توغرىسىدا بەزى مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسىدىن كېيىن مەخسۇس شېئىرىي ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ھەققىدە يېزىلغان يەنە بىر مۇھىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرىدۇر. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە بۇرۇن يازغان ماقالىلىرىغا قارىغاندا شېئىرى ۋە شېئىرىيەت ئىجادىيىتى، ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالى، كىتابخانلارنىڭ ھازىرقى يېزىلىۋاتقان شېئىرلارغا بولغان ئوخشىمىغان ئىنكاسلىرى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ئىلمىي پىكىر يۈرگۈزگەن. شېرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدىغان ھاياجانلىق ھېسسىيات، باي تەسسەۋۋۇر، كۈچلۈك ئوبراز، جانلىقلىق قاتارلىقلارنى ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئىجادىي تەھلىل قىلغان، ئىنسانلار قەلبىنىڭ ئوتلۇق يالقۇنى، نازۇك لىرىك ساداسى بولغان شېئىرنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىنى يەنىمۇ نۇرلاندۇرۇپ كۆرسەتكەن. ياخشى يېزىلغان بىر نەچچە شېئىرلارنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ شائىرلار قەلبى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى مۇستەھكەم تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئىشەنچ بىرلىكى، چۈشەنچە بىرلىكى، مۇددىئا بىرلىكىنى پەيدا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. شۇنداقلا ئەمەلىي ئىزدىنىشلىرىدىن ھاسىل بولغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى



يىغىنچاقلاپ: «شېئىر ئالىيجاناب قەلبنىڭ يالقۇنى، ئىنسان مەنىۋى كۈچىنىڭ سېھرىي سۈرىتىدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ مىللىي روھىنىڭ لىرىك ئىزھارى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇرغۇۋاتقان مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈش ۋە رېئاللىقىنىڭ، قايغۇ ۋە شادلىقىنىڭ، ئارزۇ ۋە ئۇمىدىنىڭ، غەزەپ ۋە نەپرىتىنىڭ، ئەخلاقىي يۈكسەكلىك بىلەن مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق، تەڭلىك، ئەركىنلىك ۋە دوستلۇق غايىسىنىڭ لىرىك خىتابنامىسىدۇر.» دەپ كۆرسەتتى. ئاپتور بۇ ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ نېگىزلىك كۆز قاراشلىرىنى ئابستراكت ئۇقۇم، مۇرەككەپ، قېلىپسىز چۈشەنچىلەر نۇقتىسىدىن شەرھلىمەستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى سەنئەت قانۇنىيىتىدىن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تىپىك، كونكرېت، ئاكتىۋال ئەدەبىي ئۇچۇرلار ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئىزھار قىلدى. يېڭى ئىجادىي شېئىرلارنى يارىتىشنىڭ بەدىئىي ئاساسلىرىنى ھېسسىيات بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ بىرلىكى، ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن تۆرەلگەن شېئىرىي مەزمۇن بىلەن ئېستېتىك تۇيغۇنىڭ بىرلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى روشەنلىك، جانلىقلىق بىلەن يارقىن ئوبرازچانلىقنىڭ بىرلىكى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ ئىلمىي يوسۇندا گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

بەدىئىي سەنئەت زېمىنىدا، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىنىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆز ئۇنىغا سوزۇلغان مۇساپىسىدە ھەقىقىي تۆردە ئەتراپلىق پىشىپ يېتىلگەن، ئۆز زامانىسى ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرگەن ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچىلەر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىجادىيەتتە

يېڭىچە يول ئېچىش رولىنى ئوينىيالايدۇ.

يولداش مۇھەممەت پولاتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل، سىستېمىلىق يەكۈنلەش، ھازىرقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى دەل توغرا، ئىلمىي يوسۇندا باھالاش، كەلگۈسى تەرەققىياتىغا سەزگۈرلۈك بىلەن نەزەر تاشلاشتىن ئىبارەت مەزمۇنلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلغان ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك ئىجادىي روللارنى ئوينىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىگە ئۆتكەن مەزگىلدە زور بىر تۈركۈمدىكى پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلاردىن تەركىب تاپقان ئەدەبىي ئىجادكارلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش، ئىجادچانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە بەرگەن سەمىمىي ياردەم ۋە ئىلھاملىرىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇنىڭ پىروزا ساھەسىدىن زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قېيۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇر، سەمەت دوگايلى، مۇھەممەت باغراش قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى تاللاپ تەھلىل قىلىپ يازغان ماقالىلىرى بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىدىن تېيىپجان ئېلىيوف، مۇھەممەتجان سادىق، رەخىم قاسىم، بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابلىكىم خېۋىر قاتارلىق بىر قىسىم شائىرلارنىڭ ئۆلگىلىك ئەسەرلىرىنى مەركەز قىلىپ يازغان ماقالىلىرى بۇنىڭغا جانلىق پاكىت بولالايدۇ. يولداش مۇھەممەت پولات «يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىچە لىرىك مەدھىيىسى» ناملىق ماقالىسىدە تالانتلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «باغداشنىڭ باغرىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق بىر پارچە شېئىرى ئۈستىدە



توختالغان. ھەر قانداق مۇنەۋۋەر ئەسەر، ئالدى بىلەن كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ سىنىقىدىن، باھالىشىدىن، مۇئەييەنلەشتۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ. ئاندىن ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ تەھلىل قىلىش، باھالىشى ئارقىلىق خۇلاسە قىلىنىپ، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتلىرىدە كامالەتكە يەتكەن، تەسىرى چوڭقۇر، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

مۇھەممەت پولات «باغداشنىڭ باغرىدا چاقنىغان يۇلتۇز» ناملىق بۇ لىرىك شېئىرنى ئوقۇش ۋە مۇلاھىزە قىلىش داۋامىدا ئۇنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان بەدىئىي قۇرۇلمىسى ئىچىدىكى ناھايىتى ئاددىي، ئادەتتىكى كىچىككىنە ۋەقەلىككە سىڭدۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن مۇھىم ئىجتىمائىي مەزمۇننى، يېڭى ئىدىيىۋى پەزىلەتنىڭ ئۆزگىچە، رەڭدارلىقتا جۇلالىنىپ كۆرۈنگەن ماھىيەتلىك ئالامىتىنى بايقىغان. ئۇنى بىر خىل نەزەرىيىۋى پەللىدە يورۇتۇپ، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈپ، يېڭىچە ئىجادىي يول تۇتۇپ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان شائىرانە جاسارىتىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن.

«‹ساۋاب› يېڭىلىق ۋە ئىجادىلىقتا ئىنتىلىشنىڭ بەدىئىي مېۋىسى» ناملىق ماقالىسى مۇھەممەت پولاتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەمگەكلىرى ئىچىدە كىتابخانلار تەرىپىدىن ئالاھىدە ئالقىشلانغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئاپتور بۇ ماقالىسىدە مۇھەممەت باغراشنىڭ «ساۋاب» قا كىرگۈزۈلگەن مۇئەييەن ئېستېتىك غايە، بەدىئىي ئىنتىلىش روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھايات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ گۈزەل كارتىنىسى سىزىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، «ساۋاب»، «سەپداش» قاتارلىق ھېكايىلىرى تەپسىلىي تەھلىل قىلىنغان. ياش يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە قازانغان يېڭىلىقتا، ئىجادىلىقتا ئىگە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇغان.

يىغىپ كەلگەندە، ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش، ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىك رىتىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئاپتورلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىستىلىغا، ئىپادىلەش ئۇسۇلىغا، ئىجادىيەت خاھىشىغا تەسىر كۆرسىتىش، ئىجادىيەت قارىشىدىكى مەۋجۇت بەزى چىگىش مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، كىتابخانىلارنىڭ ساغلام بەدىئىي زوق ئېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بىزنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدىن يولداش مۇھەممەت پولاتنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە كامالىغا، ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمگە يەتتى دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەم قىيىن، ھەم مۇشكۈل بولغان نى - نى ئۇزۇن يوللار بار. ئۇنىڭ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئىزچىل تۈردە شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك پائالىيەتلىرىدە، ئىجادىي مېۋىلىرىدە ئەتراپلىق دەل، چوڭقۇر بولمىغان بەزى تەرەپلەرمۇ ئاز - تولا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ تېخىچە ھەل قىلالمىغان، چۈشىنىپ يېتەلمىگەن مەسىلىلىرىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. يولداش مۇھەممەت پولات ئىلگىرى ئۈمىدلىك ھەۋەسكارلار، يالقۇنلۇق ياش كۈچلىرىمىز ئىچىدە ئاۋانگارتلىق رول ئويناپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئالدىنقى ئەۋلاد قاتارىغا ئۆتۈپ، كېيىنكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ياراملىق دوستى ۋە دىتلىق مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى كېيىنكى ئىزدىنىشلىرىگە، بولغۇسى ئىلمىي سەپەرلىرىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.



# جان ۋە قاندىن پۈتۈلگەن شېئىرلار

شېئىردىكى پىكىر بىلەن ھېسسىيات جان بىلەن قانغا ئوخشايدۇ. پىكىر ئىچىگە ھېسسىيات، ھېسسىيات ئىچىگە پىكىر يوشۇرۇنغان شېئىرلار قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. نوقۇل ھالدا ھېسسىياتنى تەكىتلەش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. چۈنكى ھېسسىياتلا بولۇپ، پىكىر بولمىغان شېئىر جانسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇھەممەتجان سادىق پىكىرگە باي پەيلاسوپ شائىر ھەم تىلى ئوبرازلىق، ھېسسىياتقا باي لىرىك شائىر. ئۇ شېئىرىي ئىجادىيەت سەپىرىدە پىكىر ۋە ھېسسىياتنىڭ بىرلىكىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ، پىكىردىن ئايرىلىپ جانسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ياكى پىكىر قوغلىشىپ ھېسسىياتتىن ئايرىلىپ يالىڭاچلىنىپ قالغان ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. شائىرنىڭ شېئىرىي رومان، داستانلىرىمۇ شۇنداق.

مۇھەممەتجان سادىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يولدا ماڭغان، ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە پىششىق تونۇلغان، يەنى بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چاچما شېئىر تۈپرىقىدا تەر تۆككەن ۋە مول ھوسۇلغا ئېرىشكەن شائىر.

مۇھەممەتجان سادىق نېمە ئۈچۈن دەسلەپ شائىرلىق

كوچىسىغا كىرگەن ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا چاچما شېئىر شەكلىگە يېپىشىۋالدى؟ 1953 ـ يىلى شائىرنىڭ «ئانامغا» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەنىدى. شۇ چاغلاردىلا ئۇ كۆپ قاتلاملىق ئوي ـ پىكىرلىرىنى، مۇرەككەپ ۋە نازۇك كۆڭۈل كۈيلىرىنى، باي تەسۋىرى ۋە ئوبىيېكتىپ تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئۆلچەملەشكەن ئەندىزە ـ قېلىپقا چۈشۈرۈپ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت شەكىللىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىنى ھېس قىلغان ۋە ئۇنى چاچما شېئىر شەكلى ئارقىلىق لەرزان، كەڭ ـ كۇشادە، بىمالال ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇپ دەسلەپكى تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن 50 ـ يىللاردا شائىر مۇھەممەتجان سادىق «سالام تارىمدىن»، «تىيانشان ناخشىسى»، «يولدا»، «سوۋغا ئىزلەپ»، «يەنبيەندىكى قىز خاتىرىسىگە»، «ئۇيغۇر ناخشىلىرى»، «يېزا يولىدا»، «گۈزەللىكنىڭ سىرى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە شېئىرلارنى يېزىپ ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلدى، زامانىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۈمىدلىك نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ يالقۇنلاپ ياندى، ھەقىقىي شېئىرىي پىكىرنىڭ، شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ مېغىزىنى چېقىپ كۆرسەتتى. بۇ شېئىرلارنىڭ ھاياتىي كۈچ بىلەن تولغان ئىدىيىۋى مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، ئېستېتىك قىممىتى، بەدىئىي سەۋىيىسى شۇ مەزگىلدىكى مەتبۇئات بەتلىرىنى كۆرگەن شېئىرلارنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھازىر يېزىلىۋاتقان ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىۋاتقان شېئىرلارنىڭمۇ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

«بادام گۈللۈك گىلەمدەك



رەڭدار،
چىرايلىق تارىم باغلىرى
كەڭ سوزۇلغان ئۇزاقتىن ـ ئۇزاقلارغا . . .
قۇياشتىن ئۆتكۈررەك ـ
بىر نۇر
پارقىرايدۇ تارىم باھارىدا
شولا چېچىپ يىراقتىن ـ يىراقلارغا . . .
قارا كۆز قىز لېۋىنى ـ
سۆيۈشكە ئىنتىلگەن يىگىتتەك،
ئىنتىلدۇق
ھەمىشە دولقۇنلاپ يەنئەن نۇرىغا.»
(«سالام تارىم» دىن)

مانا بۇ جانلاندۇرۇش، سىلىشتۇرۇش، سۈپەتلەشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاجايىپ مەنىدار، ئوبرازلىق سىمۋول بىلەن سىزىلغان يېڭى ھايات مەنزىرىسىنىڭ كۆركەم سۈرىتى. 1954 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 33 يىللىق تويىغا بېغىشلاپ يېزىلغان بۇ شېئىردا شائىر تويغا سالام يوللىغان «تارىم» نى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە سىمۋول قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئوخشاش تارىم بويلىرىغىمۇ بەخت ـ سائادەت باھارىنى ئېلىپ كەلگەن دەۋر نۇرىنى يەر ـ جاھانغا، جىمى ھاياتلىققا يورۇقلۇق ئاتا قىلغان قۇياش نۇرىدىنمۇ ئۆتكۈررەك قىلىپ تەسۋىرلىگەن. مانا بۇ شېئىرنىڭ كىشىلەرگە بەدىئىي لەززەت بېغىشلىغان ئېستېتىك كۈچى، دەۋر روھى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىدۇر.

ھايات رېئاللىقىدىن، تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىن ئوي ـ

پىكىر، تۇيغۇ ـ ھېسسىيات سۇزۇش، ئوي ـ پىكىر، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئىچىگە تەپسىلات تەسۋىرىنى سىڭدۇرۇش مۇھەممەتجان سادىق پوئېزىيىسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى.

«كۈز كەلدى . . .
سېرىق تاۋارغا پۈركىنىپ
تولۇن يۈز كەلدى . . .
ساڭغا تولغان ئاشىقتەك
ئېغىز تولۇپ سۆز كەلدى»

دەپ سەھرا تەنتەنىسى ئىچىدە باشلىنىدىغان «يېزا يولىدا» ناملىق شېئىر ئاددىي ھەم يېقىملىق، چۈچۈك يېزىلغان. ئۇنىڭدا يىل بويى تۆككەن قان ـ تەرىنىڭ مېۋىسىنى تېتىپ بېقىش ئۈچۈن يېزا يولىنى بويلاپ بازارغا كېتىــۋاتقان ياش دېھقان ئەر ـ خوتۇننىڭ خۇشاللىق سەرگۈزەشتىلىرى، ئەمگەك كۈيلىــرى، مۇھەببەت تۇيغۇلىرى لىرو ئېپىك ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن.

50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىــرىدىن 60 ـ يىــللارنىــڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋام قىلغان «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ قارا بورىنى ھېسسىياتى يالقۇنلۇق، پىكرى ئۆتكۈر، ئىجادىي نەپەس يولى راۋان تالانتلىق ياش شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىمۇ گاڭگىراتماي قالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ساغلام سەنئەتكە باغلانغان قەلب رىشتى، پاك ئىنسانىي ۋىجدانى بىلەن «ئانا مۇھەببىتى»، «قەلبىم تارىمۇ چاڭقىغانىدى»، «قارغا مەدھىــيە»، «باھار قوشىقى»، «سېنىڭ كۆزلىرىڭ»، «بىر ھويلىــدا»، «قىزىلگۈل»، «ئىرادەم ناخشىسى»، «تاڭ سەھەردە»، «ئىككى مەنزىرە»، «ئالما يۈزلۈك قىز» قاتارلىق ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. بۇ شېئىرلار «سول» چىللىقنىڭ قارا بۇلۇتلىرى قاپلىغان شۇ دەۋردە ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان، ئوقۇرمەنلەرنى



چىن سۆيۈندۈرگەن، خەلقنىڭ يۈرەك قاتلىمىدا قەدىرلىنىپ ساقلانغان ئىجادىي مەنىۋى مەھسۇلاتلاردۇر.

«قارغا مەدھىيە ناملىق شېئىرىدا شائىر:

«ئاق چېچەككە كۆمۈلگەن
سۆگەت ئاستىدا
تۇنجى قېتىم سۆزلىدىم ئىشقىمنى يارغا . . .
ئويۇن قىلىپ سىلكىۋىدى
بەڭۋاش قاراكۆز،
پۈركەنگەنتىم
مامۇق قارغا . . .
قار!
بالىلىقىم،
ياشلىقىمنىڭ گۈزەل سۈرىتى،
ئاق پاڭچۇدەك ئاق كۆكسۈڭگە
سىزىقلىق تۇرار»

دەپ ئىچكى دۇنياسىدىن پارتىلىغان لىرىك تۇيغۇ تەسىراتى ئارقىلىق تەبىئەت ھادىسلىرى ئۈستىدە تەبىئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە شېئىرىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاپئاق قار مەنزىرىسىنىڭ گۈزەل سۈرىتىنى سىزىدۇ.

مۇھەممەتجان سادىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ياراتقان، ماھارەتتە ۋايىغا يەتكەن يۇقىرى سەۋىيىلىك شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن رېئاللىقنىــڭ ماھىيەتلىكلىكى، ئىپادىلىگەن مەزمۇنىــنىــڭ تىــرەن ۋە ئەھمىيەتلىكلىكى، بەدىئىي تەسىر كۈچى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئاغزىغا خۇددى داڭلىق ئىلى ئالمىلىرىنىڭ تەمىدەك تېتىيدۇ، تېنىگە ئىلى قويلىرىنىڭ شورپىسىدەك سىڭىپ كېتىدۇ.

ئاپەتلىك يىللار ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىيىتى يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرىپ، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن يۈكسىلىش، چوڭقۇرلىشىش، كېڭىيىش ۋەزىيىتىنى ھاسىل قىلدى. زامانىمىزدىكى، زېمىنىمىزدىكى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن شائىرنىڭ ئىلھامى تېخىمۇ قايناپ تاشتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكى شەكىل جەھەتتىنلا ئەمەس، تېما كەڭلىكى، مەندارلىقى، بەدىئىيلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ يارقىن، رەڭدارلىقى، پىكىر قۇرۇلمىسى ۋە تۇيغۇ رىتىمىنىڭ مەنتىقىلىق باغلىنىشى تەرەپلەردىن تېخىمۇ روشەنلەشتى. نەتىجىدە، مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا زور ئىنكاس پەيدا قىلدى.

مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىيەت ھاياتىدا ئاددىي ئۇقۇملار، ئادەتتىكى چۈشەنچىلەرنى شەرھلەش بىلەن چەكلىنىپ، ئوي - پىكىرنىڭ تىرەنلىكى بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ چەكسىز كەڭلىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاسان يولدا مېڭىپ غەلىبە قازىنىپ كەلگەن شائىر ئەمەس. ئۇ ھەمىشە نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ سەرپ قىلىپ شېئىرلىرى ئۈستىدە كۆپ كاللا قاتۇرىدۇ، تەكرار ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرمۇ شۇنچىلىك ئويلىنىپ ئوقۇيدۇ، مۇلاھىزە قىلىدۇ. خۇددى چايناپ يېگەن تاماقنىڭ تەمى ئېغىزدىن كەتمىگىنىگە ئوخشاش شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەمى ئېسىدىن چىقمايدۇ.

بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ 1969 - يىلى يازغان ئىككى پارچىسىغا نەزەر تاشلاپ باقايلى:



چوققىلار ئۈستىدە گۈرۈلدەر بوران،
كەڭ يېيىپ قانىتىنى ئۇچىدۇ بۈركۈت.
گويا ئۇ، قوغلايدۇ ئالدىغا سېلىپ،
قاچماقتا پىتىرلاپ قارامتۇل بۇلۇت.

شارقىراپ ياغماقتا يامغۇر شىددەتلىك،
تۇلپار ئۈيرىسى چاپار تۇپلىنىپ.
يىلقىنى قۇتقۇزۇپ يارنىڭ تۈۋىدىن،
كېلىدۇ تاغ قىزى قامچا ئوينىتىپ.

ھەر بىرسى تۆت مىسرادىن تەركىب تاپقان، بەكمۇ ئىخچام يېزىلغان بۇ ئىككى پارچە بىزگە خۇددى پۈتۈن بىر تاغنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىدەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە مۇھىتمۇ، ۋەقەلىكمۇ، پېرسوناژمۇ بار. ئالدىنقىسىدا تەبىئەت بىلەن ھايۋانات ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش، كېيىنكىسىدە تەبىئەت، ھايۋانات، ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەسۋىرلەنگەن. ئەل بېشىغا، شائىرغا يەنە بىر قېتىم بەخت باھارىنى ئېلىپ كەلگەن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شائىر مۇھەممەتجان سادىق تالانتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجادىيەتتە ھەسسىلەپ ھوسۇل ئېلىشنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ئىشنى ئادەم قىلىدۇ. ئىشنىڭ قانداق بولۇشىنى ئادەمنىڭ ساپاسى، ئىقتىدارى، بىلىمى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش شېئىرنى شائىر يازىدۇ. شېئىرنىڭ قانداق بولۇشىنى مۇقەررەر يوسۇندا شائىرنىڭ ساپاسى بەلگىلەيدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ياخشى شېئىرلارنى ياخشى شائىرلار يازىدۇ. 80 - ۋە 90 - يىللار چەۋەنداز لىرىك شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ تىنىم تاپماي ئىزدىنىپ كۆپ ئېسىل مېۋە بەرگەن مەزگىلى — ئالتۇن دەۋرى

بولدى. ئۇ بۇ يىللاردا «مۇھەببەت ۋە ئىرادە»، «بۈگۈن شۇ كۈيدىمەن»، «بۇ ئاددىي قەبرە ئالدىدا»، «بۇلاق»، «بۇ پىكرىم»، «ئىنسان مېۋىلىك دەرەخ»، «تۇرپان ناخشىلىرى»، «نان»، «سالام ساڭا ئوتتۇرا ئاسىيا»، «كۆيۈۋاتقان قىزىل يۇلغۇن»، «مەجنۇن ناخشىلىرى» قاتارلىق نۇرغۇن يەككە ۋە چاتما شېئىرلارنى يېزىپ ئوقۇرمەنلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل بەدىئىي ھايات قوينىغا ۋە مەنىۋى بايلىق مۇھىتىغا باشلاپ كىردى.

«مېۋىلىك دەرەخقە ئوخشايدۇ خۇددى،
ئادەمنىڭ ياشلىقى.
ئىنسانمۇ بىرەر ئالما،
ياكى ئانار
قالدۇرسا ئۆز نەسلىگە،
كۆڭۈلنى قاندۇرۇپ.
(«ئىنسانمۇ مېۋىلىك دەرەخ» تىن)

ئادەمنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم ئۇنىڭ ئادىمىيلىك خۇسۇسىيىتى، ئىنسانىي ماھىيىتى، پەزىلىتىدۇر. يۇقىرىدىكى ئەسەردە شائىر مېۋىلىك دەرەخقە ئوخشايدىغان ئىنساننىڭ ياشلىق چېغىنىمۇ، ھەقىقىي دوستلۇق سىرىنىمۇ ئىزچىللىقتا ئىگە دىئالېكتىك بىرلىك، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن يورۇتۇپ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىگە ئىنسانىي خىسلەت ۋە ئىنسانىي ئىپتىخارلىقنىڭ ئابىدىسىنى ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ.

ئۆز ئەھدىسىگە سادىق بولۇش، ئىرادىسىگە ئىشەنچ باغلاش، كەسپىنى سۆيۈش، پاك ۋە ھالاللىق بىلەن ئۆز يولىدا مېڭىش مۇھەممەتجان سادىقتا خاس شائىرانە دانالىقتۇر. شائىر بىزگە «سەپەردىكى كۈنلەر» ناملىق ئەسىرىدە:

«راست مەن ئاددىي بىر ئىنسان



ۋە لېكىن پاك مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان دىلىم.
بېشىمدا نە تاجىم،
نە ئۇتۇغاتىم بار،
مېنىڭ سۆيگۈنۈم،
مېنىڭ شېئىرىم،
ئىجاد ۋە ئىلىم» دەيدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مۇھەممەتجان سادىقنىڭ يىرىم ئەسىر مابەينىدە، ئاساسەن، چاچما شېئىر شەكلى ئارقىلىق شەكىللەنگەن شېئىرىيىتى باشتىن - ئاخىر شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي ئوبراز، بالاغەتكە يەتكەن شېئىرىي تىل سەنئىتى بىلەن تويۇندۇرۇلۇپ كەلدى. شائىرنىڭ ئۇسلۇبىدىكى تەنتەنىلىك، جىلۋىگەرلىك، نازۇكلۇق، ئەركىن، كەڭ - كۈشادىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە ئورۇن ئىگىلىگەن شېئىرىيىتىنىڭ روناق تېپىشى، قۇدرىتىنى نامايان قىلىشىغا يول ئاچقان، زېمىن ھازىرلىدى.

ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئىچىدىلا ئەمەس، قازاق ئوقۇرمەنلىرى، قازاق قەلەمكەشلىرى ئارىسىدىمۇ شائىر مۇھەممەتجان سادىقنى «زامانىمىزدىكى ماياكوۋسكىي» دەپ تەرىپلەشلەرنى ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭچە، مۇھەممەتجان سادىقنى ماياكوۋسكىيغا ئوخشاش شائىر دېيىش تامامەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. بۇ سېلىشتۇرما، مۇلاھىزىلەردىن يەكۈنلەنگەن ھەقىقەت. ئۇ «شائىر ۋىجدانى» دا:

«يۈرىكىم ئالتۇن ئارىسىدا
سورىماقتا ئار - نومۇس ئىمانىنى،
چۈشەرمۇ ئالتۇن چەش
ۋەياكى پاخال - سامان،
كۆرۈڭلار ھەي ئادەملەر،

قەلبىمنىڭ ۋىجدانىنى!»

دەپ يۈرەك باغرىنى ئاختۇرۇپ، ئىچكى سىرىنى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئالدىغا يېيىپ كۆرسىتىدۇ. دېمىسىمۇ ھەقىقىي شائىر كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى ئەمەل، پۇل، ئالتۇن بىلەن ئەمەس، گۈلخاندەك لاۋۇلداپ يانغان ئادەملىك سۆيگۈسى، ئوتلۇق قەلبى بىلەن تىكلەيدۇ. ئاسماندىكى قۇياش سۈزۈك ھەم ئۆتكۈر نۇرى بىلەن ئالەمنى يورۇتسا، شائىر سەمىمىي، راستچىللىقى، خالىس، پىداكارلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى يورۇتىدۇ.

پىكىر يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىيات تەسىر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى مۇھەممەتجان سادىقنى تەدرىجىي ھالدا داستانچىلىق ئىجادىيىتى مەيدانىغا يېتەكلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىخ، جەمئىيەتنىڭ يېڭى تەرەققىياتى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى ۋە يېڭىلىنىشى سەۋەبىدىن زېھنىلىك، تەلەپچان شائىرنىڭ تەپەككۇرى، ئاڭ - پىكرى يېڭىلاندى، بىلىم قۇرۇلمىسى بېيىدى، ماھارىتى پىششىپ يېتىلدى، ئىجادچانلىق روھى ئۇرغۇدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ بېيىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان تەلەپمۇ يۇقىرىلىدى، بۇلار مۇقەررەر يوسۇندا شائىرنى تۇرمۇش مەزمۇنىنى تېخىمۇ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتىن بىمالال يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە يىرىك ژانىرلارنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

17 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت داستانلىرىنى كۆپ يېزىپ شۆھرەت قازىنىپلا قالماي، غەرب تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن «تەڭداشسىز مۇھەببەت كۈيچىسى» دەپ تەرىپلەنگەنىدى.



زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا داستاننى ئەڭ كۆپ يازغان شائىر مۇھەممەتجان سادىقتۇر. ئۇنىڭ «قىلىن قاردىكى ناخشا»، «يۇرتۇم»، «تىيانشان بۈركۈتى»، «چىن مۇھەببەت»، «ھىجران ۋە ۋىسال»، «قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل ھېكايىسى»، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «ناخشىچى»، «ئاۋرال داستانى»، «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «قىزىل يۇلغۇن»، «ستۇدېنتلار»، «دىلبەر ۋە ھەمراھ»، «تۇلپار مىنگەن پالۋان»، «توي ئۈستىگە توي»، «ئاتا ۋە ئوغۇل»، «بۇ دۇنيا مۇھەببەت دۇنياسى» قاتارلىق داستانلىرى، «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومان مۇھەممەتجان سادىق شېئىرىيىتىدىكى چوڭ ھەجىملىك يىرىك ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تېما دائىرىسى كەڭ، ماتېرىيالى مول، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

«ستۇدېنتلار» ناملىق داستان مۇھەممەتجان سادىقنىڭ نۆۋەتتىكى تۇرمۇش رېئاللىقى ئىچىدىن ماھىرلىق بىلەن تېما تاللاپ، دەۋرىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مول، رەڭدار ھايات كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەنە بىر مۇھىم ئەسىرىدۇر. داستاندا شائىر بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى بىلەن تۇرمۇش تەسىراتلىرىدىن ھاسىل بولغان، كىشىلەرنىڭ ئىلگىرىلەش، ئىنتىلىش روھىغا ئىلھام بېرىدىغان، كىشىلەرنى ئويلاندۇرۇپ تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرىدىغان سۇبيېكتىپ تۇيغۇ، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئاساسىدا قەلەم تەۋرەتكەن. ئەسەر ۋەقەلىكى باشتىن - ئاخىر ئەنئەنىۋى ئۆلچەملىك شېئىر شەكلىدە لەرزان، تۈز لىنىيىنى بويلاپ رەتلىك بايان قىلىنغان. ئىزچىل ۋەقەلىك ئىچىگە قويۇق دەۋر روھى، ئىلىم - پەن روھى، يېڭى كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى

يېڭى سادا سىڭدۈرۈلگەن. بۇ داستان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەم مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. داستاننىڭ بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىشى شائىرنىڭ ماتېرىيالنى ناھايىتى ياخشى تاللىغانلىقى، ئىجادىيەت داۋامىدىكى تەلەپچان ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ئىشلەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

بىز يەنە مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ستودېنتلار» نى يېزىش داۋامىدا پېرسوناژلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى، كەسپىي ئالاھىدىلىكى، ۋەقەلەرنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرلىك ئۆزگىچىلىكىنى پىششىق ئىگىلەش ئاساسىدا ئەھمەتجان مۇئەللىم، دىلدار، ئۈمىد، زۆھرە، ھېزىم، شۆھرەت قاتارلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئۆز قېلىپىدا قۇيغاندەك جانلىق، ئەينەن ياراتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. داستاندا تەدرىجىي راۋاجلاندۇرۇلغان مۇرەككەپ ۋەقەلەر تۈگۈنىمۇ ئاخىرىدا ئەقىلغا مۇۋاپىق ھالدا ئۆز يېشىمىنى تاپقان، شۇنىڭدەك پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك زىددىيەتلەرمۇ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان.

قىسقىسى، «ستودېنتلار» ناملىق داستاننى دەۋرىمىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ گۈزەللىك كۈيى، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش مارشى دېيىشكە بولىدۇ.

كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ مەشھۇر شائىرى تاڭجارىق جولدىنىڭ «ئېلى مەنزىرىسى» ناملىق ئۇزۇن شېئىرىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈلگەنىدىم. مۇھەممەتجان سادىق ئەپەندىنىڭ بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش تېمىدا يېزىلغان «يۇرتۇم» ناملىق داستانىنى ئوقۇپمۇ شۇنداق ھاياجانلاندىم. شائىرنىڭ پىكىر يۈكسەكلىكى بىلەن ھېسسىيات يۈكسەكلىكى ئىپىك داستانلىرىغىمۇ قويۇق سىڭدۈرۈلگەن ھەم ئۇلارنىمۇ زور ھاياتىي كۈچ، بەدىئىي قۇدرەتكە ئىگە قىلغان.



# كەڭلىك، مۇكەممەللىك ۋە چوڭقۇرلۇق

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتى ئىلگىرىكىلەرگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە يۈكسەلدى. بىراق تېما جەھەتتىكى كەڭلىك، بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىك، ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك، مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇق تەلىپىگە يەتكەن ئەسەرلەر يەنىلا ئىنتايىن ئاز.

تالانتلىق ياش يازغۇچى مۇھەممەد باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» ناملىق پوۋېستى ئەنە شۇ «ئاز» نىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر. ئۇ تاللىغان تېمىسىدىن تارتىپ بەدىئىي قۇرۇلمىسىغا، قوللانغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن تارتىپ تىل ئىشلىتىش سەنئىتىگە قەدەر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلغان.

مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەككى: «ئاقساق بۇغا» يالغۇز مۇھەممەد باغراش ئىجادىيىتىدىكى خاس سالماقلىق، تەسىرى زور، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولالايدۇ.

كەڭلىك، مۇكەممەللىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ يۈزلەنگەن بەدىئىي ئەدەبىيات كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنى، رېئال

دۇنيانى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش يولىدىكى كۈرىشىنى، ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى قاندۇرۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن يەنە ماكان، زامان، دەۋر، دۆلەت، مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالالايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزئارا ئورتاقلىشىش، ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزئارا ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشتىن تاشقىرى، تەبىئەتنى سۆيۈش، ھاياتلىق دۇنياسىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ھايۋانلارنى قوغداش، ئاسراش قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىشلار بىلەنمۇ چىپتىشىپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتىن ھالقىپ ھاياتلىق دۇنياسىغا، ئانا تەبىئەتكە نەزەر سېلىشى، ھازىرقى، كەلگۈسى ئىشلار ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشى، ئىزدىنىشى زۆرۈر. مۇرەككەپلىك، كەڭلىك، چوڭقۇرلۇقتا ئۆتۈش يولى بىلەن كىشىلەر خىيالىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئاددىي ئادەملەرنىمۇ، ئالىيجاناب ئادەملەرنىمۇ ئالەمشۇمۇل ئويغا سېلىش مەسىلىسى ـ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى تولىمۇ مۇشكۈل ئىش.

ئىسلاھات دولقۇنى دىيارىمىزغا ئېلىپ كەلگەن بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ باي ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى. يازغۇچىلىرىمىزنى ئالەملىك تەپەككۇر، غايەت زور ئىجادىي كۈچ، يېڭىچە قاراشقا ئىگە قىلدى. ئۇمىدلىك ياش يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئاقساق بۇغا» ناملىق پوۋېستىدا زامانىمىزدىكى ئاددىي ئادەملەر تۇرمۇشىنىڭ مەزمۇنى ئىنسانىي مۇناسىۋەتتىن ھايۋانات دۇنياسى



بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە كېڭەيتىلىپ، ۋەقەلىك كىشىنى ئويغا سالىدىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەسەر ۋەقەلىكى ئىككى لىنىيە بويىچە بايان قىلىنىدۇ. سۇژىت تەرەققىياتى بىردەم ھايۋانلارنىڭ ھايات ـ ماماتلىق سەرگۈزەشتىلىرىگە مەركەزلەشسە، بىردەم ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش يولىدا شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان جەڭچىلەر تۇرمۇشىغا مەركەزلىشىدۇ. ۋەقەلىكنىڭ يېشىمىمۇ كىشىلەر ئويلىمىغان يەردە چىقىدۇ.

زىددىيەتسىز تۇرمۇش بولمىغاندەك، كۈرەشسىز ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ھايات ـ ماماتلىق تىركىشىشلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىدەك، ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئاشۇنداق تىركىشىشلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر. پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن مارال (ئەسەردە «ئانا بۇغا» دەپ ئېلىنغان) نىڭ موزىيىنى (ئەسەردە «بۇغا بالىسى» دەپ ئېلىنغان) ئەگەشتۈرۈپ قېچىشى ۋەھشىي بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەم ئۆزىنىڭ ھەم موزىيىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، ئاچ بۆرىنىڭ ئالدى بىلەن موزايىنى، ئاندىن مارالنى ئۆزىگە يەم قىلىشى تۇرغان گەپ. ئەگەر ئاچ بۆرى ئاشۇنداق ۋەھشىيلىك بىلەن ئوزۇقلۇق تېپىپ يېمىسە، ئۇنىڭ ھايات كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل قانۇنىيەت ۋە مەنتىقە ئانا تەبىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. يازغۇچى پوۋېستتا ئۆزى تاللىۋالغان تېمىنى چۆرىدەپ، ئادەمىيلىك سۈپەت بېرىلگەن ھايۋانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتقاندا، ئۇلارغا بىردەك ئالىيجاناپ ئىنسانىي پەزىلەت ۋە مۇھەببەتنى گەۋدىلەندۈرىدىغان روشەن

خاراكتېر بېرىشكە تىرىشقان. شۇنىڭدەك مەسىلىلەردىكى جاللاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەردە نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ھايۋانلارنىمۇ خۇددى ئادەملەرگە ئوخشاش مۇلاھىزە يۈرگۈزەلەيدىغان، ئويلىيالايدىغان، ھەسرەتلىنىدىغان ۋە ھاياجانلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانىلارنى ئادەملەرنى قانداق چۈشەنگەن بولسا، ھايۋانلارنىمۇ شۇنداق چۈشىنىش ۋە شۇنداق قەدىرلەش تۇيغۇسىغا كەلتۈرگەن. ئادەملەرنىڭ ياشاش شارائىتى بىلەن ھايۋانلارنىڭ ياشاش شارائىتىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق، پىششىق يورۇتۇپ بېرىش ۋە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، بېقىندىلىق، قارىمۇ قارشىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تەپسىلاتلار تەسۋىرىدىن تولۇق پايدىلانغان.

مەلۇمكى، تەپسىلاتلار تەسۋىرى ھەجمى چوڭراق ئېپىك ئەسەرلەردە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، ھېسسىياتى، تىلى ۋە شارائىت، مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ كونكرېت تەسۋىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئوبرازلاشتۇرۇپ بېرىشنىڭ ئىخچاملانغان كىچىككىنە تەركىبىي بىرلىكى بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىگە بىۋاسىتە بېقىندۇرۇلغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. پوۋېستنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان بۇغا موزىيىنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى كەچۈرمىشلىرى، ئىشقىيارنىڭ ئۇنىڭ سۇنغان پۇتىنى داۋالاش جەريانى، مارالنىڭ ئېچىنىشلىق ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن تراگېدىيىلىك تەقدىرى پۈتۈن بەدىئىي ئەسەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنچىكىلىققا، تەسىرچانلىققا، ئېستېتىك



قىممەتكە، مول ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان.

«ئاقساق بۇغا» ناملىق پوۋېستتا يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش پرىنسىپى ئاساسىدا ئىش كۆرۈپ، ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارغا قارىتىلغان كۆيۈنۈش، ئاسرىشىنى ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇپ ئىپادىلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ئانا تەبىئەت ئاتا قىلغان كەڭرى زېمىندۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، تاللانغان ۋەقە، تەپسىلاتلاردىكى چىنلىق، پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى سەممىي - ساداقەتلىك، ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىكى تەبىئىيلىك، مۇناسىۋەتلىرىدىكى دىئالېكتىك بىرلىك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن رەھىمدىللىك قاتارلىقلار بەلگىلىك كونكرېت شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن، مەلۇم ماكاندا بىخلانغان.

يازغۇچى ئەسەردە ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنى ئەركىن، كەڭ - كۇشادە ئۇچراشتۇرۇش مۇددىئاسى بىلەن قويۇق ئورمان قاپلىغان تاغلىق رايوننى يەنى ئادەم قارىسى ناھايىتى ئاز كۆرۈنىدىغان مۇھىتنى چېۋەرلىك بىلەن تاللىغان. «ئاقساق بۇغا» نىڭ تېمىسى ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ھاياتلىق دۇنياسىدىن، تۇرمۇش قايىنىمىدىن تاللانغان بولغاچقا، بۇ تېما ئاشۇنداق يېڭى بولۇپلا قالماي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى جەھەتتىمۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. بۇ ئەسەردە ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقدىرداشلىق بىر قەدەر كەڭ دائىرە ئىچىدە ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇلغان. تەبىئەت ۋە ھايۋانلار دۇنياسىدىكى گۈزەللىك ئۈستىگە يەنىلا

كىشىلەر قەلبىدىكى گۈزەللىك دەسسىتىلگەن. يازغۇچى ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن رەھىمدىللىك بىلەن رەھىمسىزلىكنى، پاكلىق بىلەن ئىپلاسلىقنى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئاشكارە تەرەپلەر ئارقىلىق ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەملەرنىڭ ھايۋانلارغا، تەبىئەتكە تۇتقان مۇئامىلىسى ھەم پوزىتسىيىسى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن. مارالنىڭ ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان مۇزىيىغا بولغان كۆيۈنۈشى، بۆرىنىڭ مارالنى مۇزىيى بىلەن تۇتۇپ ئوزۇقلۇق قىلىش يولىدىكى ھۇجۇمى مەركەز قىلىنغان ھايۋانلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت، نەپرەت، رەھىمدىللىك، ۋەھشىلىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى تاغ ئارىسىدا، ئورمانلىق ئىچىدە، جۇدۇنلۇق قىش مەزگىلىدە باشلانغان بولسا، ئاددىي جەڭچى ئىشقىيارنىڭ قەيسەرلىكى، تىرىشچانلىقى، ۋاپادارلىقى كىشىلەرگە قارىتىلغان مۇئامىلىسىدىن ھالقىپ كەڭ تەبىئەت — ئانا زېمىنغا بولغان سۆيگۈسى، ئۆلۈش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بۇغا مۇزىيىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى؛ پولك كوماندىرىنىڭ بۇغا مۇزىيىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ھەربىي تۇرمۇش مۇھىتىدىن باشلىنىدۇ. بۇلار ئەسەردە ئاساسلىق قەھرىمان ئىشقىيار ئوبرازىنى يارىتىش جەريانىدا نامايان بولىدۇ. ئىشقىيارنىڭ خاراكتېرى ئاقساق بۇغىنى داۋالاش، ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىندىشىدەك ئەتىۋارلاپ بېقىپ قاتارغا قوشۇشى داۋامىدا تېخىمۇ كونكرېت ئاشكارلىنىدۇ.

يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى سەزگۇ، ھېسسىيات



كەڭلىكى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئېرىشكەن ماھىيەتلىك تۇرمۇش ماتېرىياللىرى، تەپەككۇرىدىكى چوڭقۇرلۇق، تەسەۋۋۇردىكى ئەركىنلىك، ئىزدىنىش يولىدىكى قاتتىق تەلەپچانلىقى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئىجادىيلىكى قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى قىممىتىنى ئۆستۈرۈشكە مۇقەررەر يوسۇندا تۈرتكى بولىدۇ، تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مۇھەممەد باغراش «ئاقساق بۇغا» نى يېزىش جەريانىدا سەنئەت قانۇنىيىتىگە، تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا ئايلاندۇرۇش پرىنسىپىغا مۇراجەت قىلىپ، ئىجادىيەتتە ئۆز ئىرادىسى، ۋىجدانى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە تەبىئەت دىئالېكتىكىسى ھەققىدىكى بىلىملەردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان.

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى پايدا - زىياننى چىقىش قىلغان قارىمۇ قارشىلىق، بىرلىك مۇناسىۋەت بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ۋە بىرلىك مۇناسىۋەت — پۈتكۈل ھاياتلىقنى مۇقەددەس ماكان بىلەن تەمىن ئەتكۈچى ئانا تەبىئەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقلىقىنى ساقلاشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئىلمىي ئاساستا ئىسپاتلاپ بېرىش مەسىلىسىگە قارىغاندا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى يازغۇچىدىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلغاچقا تولىمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلىنغان پۈتۈن ۋەقەلىكنىڭ مېغىزىنى ئىشقىيار بىلەن بۇغىنىڭ ئاقساق مۇزىيى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە مۇجەسسەملەپ، كىتابخانلارنىڭ

كۆز ئالدىدا ئاجايىپ تەسىرلىك مەنزىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

جەڭچى يىگىت ئىشقىيار تاغلىق رايوندا ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ پۇتى سۇنۇپ هاڭنىڭ ئىچىدە ياتقان بۇغا موزىيىنى ئۇچرىتىپ، بىرىنچى قېتىم ۋەھشىي بۆرىنىڭ ئاغزىدىن، ئىككىنچى قېتىم پولك كوماندىرىنىڭ پىچىقىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ پۇتىنىمۇ داۋالاپ ساقايتىپ، ئۇنى ياشاش ئىقتىدارىغا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىشقىيار بۇغا نەسلىنىڭ سەممىي دوستى، ۋاپادار باغۋەنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك ئالىيجاناب بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ. هاياتلىق قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا: مەيلى ئادەملەر، مەيلى هايۋانلار ئۈچۈن بولسۇن، ئۆز «ئەركى بىلەن ياشاپ» ئۆز «ئەجلى بىلەن ئۆلۈش» تىنمۇ يۈكسەكرەك ئىش بولمىسا كېرەك.

ئىشقىيار جىددىي ۋە كەسكىن ئېلىشىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇغا موزىيىنى مۇستەقىل ياشاش هالىتىگە كەلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ تىلسىز ئېڭىغا «ئادەملەر بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئىكەن، بىزمۇ ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم» دېگەن تونۇشنى سىڭدۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ ئارقىلىق بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ دۇنيانى تونۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى غايەت زور رولىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئىشقىيار كېيىنكى رېئاللىقنىڭ تەقەززاسى بويىچە كۆڭلىگە پۈككەن دەسلەپكى پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولىدۇ - دە، ئۆزى بىۋاستە ئەجىر سىڭدۈرگەن، بېقىپ يېڭىۋاشتىن هاياتلىق ئاتا قىلغان بۇغا موزىيىنى بەزى



كىشىلەرنىڭ خەۋپلىك كۆزلىرىدىن يىراقلا قاچۇرۇش مەقسىتىد ئۇنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكان — ئانىسى ياشاۋاتقان ئورمانلىققا ئاپىرىپ قويۇپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنىڭ ئەكسىچە بۇغا موزىيى ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ غەمگۇزارى — ئىشقىياردىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي هەرىكىتى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. بىراق شۇنداق قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن موزاي، ئىشقىيار بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ «كەتمىنىنى چاپقان» روتا كوماندىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سۈركۈلۈش يۈز بەرگەن كۈنى توساتتىن يوقاپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ، روتا كوماندىرىنىڭ ئىشقىيارنى ئىشخانىدىن چىقىرىۋېتىپ، پولك تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە بەرگەن تېلېفونىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسىنىڭ بىر زامانلاردا «ئۇلار (ئادەملەرنى دېمەكچى) قويىنى ئۆلتۈرۈپ يېيىش ئۈچۈن بورداىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇغا موزىيى خەتەرلىك قورغاندىن چىقىپ ئۆزىگە تونۇش «بۆرى تولا» ئېقىنى بويىغا كېلىدۇ. تۇغۇلغان ماكانىنىڭ ئورمانلىرىنى، چۆپلۈك - قىيالىرىنى، تاشلىرىنى كۆرىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ هېچقايسىسى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. ئۇ يەنىلا شەپقەتچىسى ئىشقىيارنى سېغىنىدۇ. ئۇ بۇغا نەسلىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ساقلاپ، خىسلەتلىك مېھرىبان، ۋاپادار ئادەملەرنى تونۇش، چۈشىنىش، سۆيۈش، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىشكە قايتىدىن بەل باغلاپ جەڭچىلەر ئورۇنلاشقان جايغا ئاياغ بېسىپ ئىشقىيارنى تاپىدۇ.

پوۋېستتا ھايۋانلار خىسلىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن مۇنداق بىر تەپسىلاتمۇ بايان قىلىنغان. شەپقەتسىز ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ: «ھايۋاناتلار باغچىسى» غا قامىلىپ قاتتىق ئازابلانغان مارال يەنە ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا زۇلۇم دەستىدىن ئازاد قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئانا ماكانى — گۈزەل تەبىئەت قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئات ئىزدەپ يولدىن ئادىشىپ قۇملۇققا كىرىپ قېلىپ ھارغىنلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن يىقىلىپ يېتىپ قالغان بىر ئادەم بالىسىغا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەن مارال ئاغزى بىلەن سۇ ئەكېلىپ بالىنىڭ ئاغزىغا تېمىتىدۇ. مارال گەرچە ھايۋان بولسىمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ بالىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىدۇ.

بىز ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىقلىرىغا ئائىت بۇ تەپسىلاتلارنى ئوقۇغاندا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، ئادەملەر ھايۋانلارنىڭ دوستى، مول ماددىي بايلىقلارنى ئاتا قىلغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى ھايۋانلار ئادەملەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئۇلارنى ياراملىق ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش قوراللىرى، تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۈنۈمى يۇقىرى ئوزۇقلۇقلار بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئويناپلا قالماستىن يەنە زۆرۈر تېپىلغاندا ياردەم بېرىش، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش، ھەتتا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئايانمايدۇ.

ياش يازغۇچى مۇھەممەد باغراش تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ تۈپ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنى، ئادەم ۋە ھايۋانلاردىكى گۈزەللىكنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ،



ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك مۇناسىۋىتىنى، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئارىسىغا ھەرگىزمۇ تەڭلىك بەلگىسىنى قويمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلاردىكى مۇستەقىللىق بىلەن بېقىندىلىقنى، بىرلىك بىلەن قارىمۇ قارشىلىقنى، رېئالىستىك ئۇسۇل بىلەن گۇمانىستىك ئۇسۇلنىڭ بىرلىكىنى بەدىئىي كەڭلىك پەللىسىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن. ئەسەردە ھەممىدىن بۇرۇن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، رولى خېلى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئادەم جاھاننىڭ تۈۋرۈكى، ھاياتلىقنىڭ مەركىزى، ئانا تەبىئەتنىڭ گۈلتاجى، گۈزەللىكنىڭ ئىجادكارى. ئادەمسىز يەر - زېمىننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! بىراق ئادەمنىڭ باشقا جانلىقلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىشى ناتايىن. پەقەت ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق روھىغا ئىگە بىلىملىك ئادەملەر يالغۇز ئىنسانلار ئۈچۈن بەخت - سائادەت ئەكېلىپلا قالماستىن، ئانا تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدا ياشىغۇچى مەخلۇقلارغىمۇ بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى ھېسابلانغان ئانا تەبىئەت ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈمىدىنى ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلىگەن. بۇ «ئۆزىنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن سۆيىدىغان ئەقىللىق، ئىشچان ئادەملەر» نىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

«ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنىڭ قۇرۇلمىسى خىلمۇ خىل ۋەقەلەر، كۆپ تەرەپلىمىلىك ھاياتلىق مەزمۇنلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ رېئال مۇناسىۋىتىدىن تاللانغان. يازغۇچى ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئادەملەرنى يېتەكچى، ھەل قىلغۇچى، ھايۋانلارنى ياردەمچىلىك رول ئوينىغۇچى ئورۇندا قويۇپ تەسۋىرلىگەن.

شۈبھىسىزكى، ئادەم تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى، ئادەملەرنىڭ شۇنداق ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ

باشقا جانلىقلارغا، بولۇپمۇ ھايۋانلارغا قارىغاندا كۆپ پاراسەتلىك، ئەقىللىق بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئادەملەر يۇكسەك ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە مۇناسىپ ئىش كۆرۈپ، ئەقىل - پاراسەت، بىلىم قۇدرىتىنى كۆرسىتەلىسە، بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىلا ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا جانلىقلارنىمۇ بەھرىمەن قىلالىسا، ئاندىن رەھىمدىللىق بابىدا كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشالايدۇ. مانا بۇ كەڭ كىتابخانىلار «ئاقساق بۇغا» پوۋېستىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كېلىدىغان ئورتاق تەسىراتتۇر.

ئادەم ۋە ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مېھرىبانلىقتىن ئىبارەت بىرلىك مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ياكى بۇزۇلۇشى — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى ۋەزىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. مۇبادا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىدا ئېغىر بۇزۇلۇش يۈز بەرسە، ئۇ ھالدا ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

دۇنيادىكى ھاياتلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزلىرىگە يارىشا تىرىكچىلىك يولى، تۇتىدىغان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئاڭلىق چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە مەخلۇقات يەنىلا ئادەملەردۇر. ئەمما ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەسلىدىمۇ ئادەملەر بىر - بىرىگە ئوخشىماسلىقى ۋە ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئوخشىماسلىقنى رېئاللىقتا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يازغۇچى ئاشۇ ئوخشاشمىغان ئادەملەر ئىچىدىن ئىشقىيارنى تىپىك خاسلىققا ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە شەخسكە ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارغا ئوخشايدىغان ھەم ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە تىپىك پېرسوناژ ئوبرازى قىلىپ ياراتقان.



ئىشقىيار ئوبرازىدىكى ئۆزگىچىلىك ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتتىن كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش جەھەتتىكى قەتئىيلىكىدە؛ پىكىر يۈرگۈزۈش، شەيئىلەرگە باھا بېرىش، شەيئىلەرنى چۈشىنىش، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى قاراشلىرىنىڭ روشەنلىكىدە ۋە ئۇمىدۋارلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدە باشتىن - ئاخىر بىر خىل ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلگەن يېقىملىق سېھرىي كۈچ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئادەملەرنىلا ئەمەس، بەلكى ياۋايى ھايۋانلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالىغان.

يازغۇچى پوۋېستتا قىستۇرۇپ بايان قىلغان مارالنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئەسەر مەزمۇنىنى بېيىتىش، يېڭىلاش، تەسىر كۈچىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

ھاياتلىقنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى چېچىلىپ تۇرغان بۇ دۇنيا، بۇ تىرىكچىلىك زېمىنىدا ئانا - بالىلىق مۇھەببەت ئىنسانلار تەرىپىدىن قانداق قەدىرلەنگەن بولسا، ھايۋانلار تەرىپىدىنمۇ شۇنداق قەدىرلىنىپ كەلگەن. ئادەملەر ئۇلارغا نىسبەتەن قانداق سۆيگۈ مۇھەببەت، ھېسسىياتتا بولسا، ھايۋانلارمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولغان.

دېمەك، بالىغا ئامراقلىق ئادەملەر ئۈچۈنمۇ، ھايۋانلار ئۈچۈنمۇ ئورتاق بولغان ئالاھىدە بىر ھادىسە. ئادەملەر ھەمىشە ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىنى، خىسلەتلىك، ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەم بولۇشىنى، ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ تۆھپە يارىتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. پەرزەنتلىرىنى ئاشۇنداق مەقسەتتە تەربىيىلەيدۇ. جۈملىدىن ھايۋانلارمۇ ئۆز باللىرىنى «مۇھىتنى، مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگەنسۇن، دۇنيانى كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسۇن، ئىرادىسى

ئىقتىدارى مۇكەممەللەشسۇن» دەپ تەربىيىلەيدۇ.

«پالاكەتچىلىك» لەردىن ئاران قۇتۇلغان بىچارە مارالنىڭ بىر چاغلاردا دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن موزىيىنى «ئەسلەپ» قاتتىق «قايغۇ - ھەسرەت» چېكىشى بىلەن ئۆلۈم گىردابىغا يېقىنلىشىپ سەكراتتا ياتقان مەزگىلدىكى «ئانا بولۇپ قورساق كۆتۈرۈپ باققانلار چۈشىنىدۇ» دېگەن يۈرەك سۆزى بۇنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا قەلب گۈزەللىكىنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرى يېغىنچاقلانغان يارقىن بەدىئىي قۇرۇلمىلىق ئەسەر — «ئاقساق بۇغا» دا يارىتىلغان ئاساسلىق بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ يەنە بىرى، ئەسەردە ئادەملىك سۈپەت بېرىلگەن بۇغىنىڭ ئاقساق موزىيىدۇر. شۇڭا پوۋېستقا «ئاقساق بۇغا» دەپ نام قويۇلغان. ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇنجى قېتىم خېلى مۇكەممەل يارىتىلغان ھايۋانلارنىڭ تىپىك ئوبرازى دېسەك ئارتۇق كەتمەس دەپ ئويلايمەن.

ئاقساق موزاينىڭ ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقلىرىنى بىۋاستە كۆرگەن، ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقەت بۇلىقىدىن قانغۇدەك «سۇ» ئىچكەن ھايۋان ئىكەنلىكى كىتابخانلارغا ئايان. بىزدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، خالىس قىلىنغان ياخشىلىق، خەير خاھلىق ئادەملەر ئۈچۈنمۇ، ھايۋانلار ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىگە قىلىنغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھاياتلىق ئىگىسى ئومۇمەن بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتىدىغانلار، ئانا تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ.

پوۋېستتا يازغۇچى بۇ نۇقتىنى ئوبرازلىق قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن مارالنىڭ ئادەملەر ھەققىدىكى قارىشىنى يىغىپ تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىدۇ:



«مەن ئادەملەر ئىچىدە ئالۋاستى تەبىئەتلىك ئادەملەرنى كۆردۈم، ھاياتنى بۇزۇۋاتقان، تەبىئەتنى خانىۋەيران قىلىۋاتقان ئادەملەرنى، پەقەت ئېلىشنىلا، يوقىتىشنىلا بىلىدىغان ئادەملەرنى كۆردۈم. مەن يەنە بىر تال گۈلنى، بىر تال چۆپنى، بىر تۈپ دەرەخنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان، ھايۋانات، ئۇچار - قاناتنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدەك قەدىرلەيدىغان، زېمىن، تەبىئەتنى ئانا ئورنىدا ئۇلۇغلايدىغان، ئۆزىنىڭ تەبىئەتنىڭ دوستى، زېمىنىنىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ ھامىيچىسى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ كېلىۋاتقان نومۇسچان، ھايالىق، پېشانىسىدا نۇر - زىبا بالقىپ، قەلبىدە پاك، غەرەزسىز ئىنسانىي سۆيگۈ - مۇھەببەت كۆۋەجەپ تۇرغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردۈم. ئۇلار ھاياتنى قۇتقۇزۇپتۇ، دۇنيانى بېزەۋېتىپتۇ، ئانا تەبىئەت ئۈچۈن ئىخلاسمەن ۋاپادار پەرزەنت سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ»

مانا بۇ پوۋېست مەزمۇنىنىڭ مېغىزى، شۇنداقلا ئىنسانلار بىلەن تەقدىرداش يارىتىلغان، تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەۋجۇت گۈزەللىكنىڭ ئورگانىك بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان تىلسىز ھايۋانلارنىڭ، ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىدىن پەرقلەندۈرۈپ چىقارغان ئادىل خۇلاسىسىدۇر.

پوۋېستنى پۈتۈن ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىققان سەگەك كىتابخان، ئىشقىيار ئانا تەبىئەتنىڭ تىلسىز ئەركىسى، ھايۋانلارنىڭ سەمىمىي قوغدىغۇچىسى تۇرۇقلۇق، نېمىشقا بۆرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۆرىمۇ تەبىئەتنىڭ يارىشىقى، ھايۋانلار دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنىڭ بىرىغۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئىشقىيارنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ؟ دېگەن ئويلارغا كېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭچە تازا كەسكىنلەشكەن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش پەيتىگە دۇچ كەلگەن ئىشقىيار يىرتقۇچ ھايۋان بۆرىنى ھالاك قىلىش بەدىلىگە مارالنىڭ بىچارە ئاقساق موزىيىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. مۇبادا بۆرە ئۆلتۈرۈلمىسە ئاقساق موزاي

هاياتتىن مەھرۇم بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقىيار ئۆلەر ھالەتكە چۈشكەن ھايۋان بالىسىنى قۇتقۇلدۇرۇپ، شۇنچىلىك جاپالارنى چېكىپ، ئۇنى ياشاش ئىقتىدارىغا ئېرىشتۈرۈش ئارقىلىق نېمە مۇددىئاغا يەتمەكچى، دېگەندىن ئىبارەت قىزىقارلىق ۋەقە تۈگۈنىمۇ مەيدانغا چىقمايتتى. بۇغا موزيىي خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئىشقىيار ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بۆرە ئۈچۈن قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئاپئاق قار ئۈستىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان بۆرىنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن كىتابخانلار ئەسەر قەھرىمانى ئىشقىيارنىڭ بۆرىگىمۇ چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى بايقىۋالالايدۇ.

يازغۇچى پوۋېستتا يەنە مۇشۇ كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن «نورۇز» بايرىمى ۋە بۆرە توتېمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى مەقسەتلىك كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتىنى بېرىش، ئۇلارنى قوغداش قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ مۇقەددەس مەجبۇرىيەت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يازغۇچى پوۋېستتا ھېسسىيات تەسۋىرى، پورترېت تەسۋىرى، مەنزىرە تەسۋىرى قاتارلىقلارنىمۇ خېلى ئوبدان تاۋلىغان. جانلىق، گۈزەل، ئوبرازلىق تىلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان.

ياخشى كۆڭلىمىز بىلەن ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى ئەسەردە پېرسوناژلار سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ھايۋانلارنىڭ نامى توغرا قوللىنىلمىغان. مەسىلەن، «ئانا بۇغا»، «بۇغا بالىسى» دەپ ئېلىنغان ئاتالغۇلاردىكى «ئانا»، «بالا» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدە ئادەملەرگە خاس. شۇڭا، ماقالەمدە «ئانا بۇغا» دېگەننى «مارال»، «بۇغا بالىسى» دېگەننى «بۇغا موزيىي» ياكى «مارال موزيىي» دەپ قوللاندىم. بۇ مۇۋاپىقمۇ - يوق؟ ئاپتورنىڭ ئويلىشىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.



# ئاتاقلىق جامائەت ئەربابىدىن ئاتاقلىق شائىرلىققىچە

زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى، ئاتاقلىق شائىر يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىرلار توپلىمى 2000 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەنلا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ يالغۇز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدىكى زور خۇشاللىق ئىش، شۇنداقلا ئۇ چېگرىمىزدىن ھالقىپ ئالەمگە ياڭرىغان دەۋرىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك ئىپتىخارلىق ناخشىسىدۇر.

مەن شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىرى. مەن شائىر بىلەن 1993 - يىللىرى تونۇشقانىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئاق كۆڭۈل، كىچىك پېئىل، ئىنسانلارغا خاس ئېسىل پەزىلىتىمۇ، ئىجادكارلىق خىسلىتىمۇ، مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك لىرىك شېئىرلىرىمۇ مەندە خېلى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بۇ جەرياندا شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى «ئالتاي لىرىكىلىرى» ناملىق چاتما

شېئىرلىرى ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «شائىرانە تەسىرات، بەدىئىي سۈرەت» ناملىق ماقالەم بىلەن شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، قازاق تىلىدا يازغان «دەۋر روھى، گىراژدان ناخشىسى» ناملىق چوڭراق ھەجىمدىكى ماقالەم ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن باشقا پېشقەدەم شائىرلارغا قارىغاندا شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ رەسمىي ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرگەن ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئىلگىرىلىشى تېز، ئالغان مەھسۇلاتى مول بولدى. شائىرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە قەلىمىنىڭ ئۆتكۈرلەشكەن، ئوي - پىكىرىنىڭ چوڭقۇرلاشقان، ماھارىتىنە تاكامۇللاشقان، لىرىك ھېس - تۇيغۇسىنىڭ ئۇرغۇغان، سۆيۈملۈك خەلقىگە مۇھىم مەنىۋى بايلىق تەقدىم قىلىشقا باشلىغان مەزگىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. شائىر تۆمۈر داۋامەت بۈگۈنگە قەدەر نەچچە يۈز پارچە شېئىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ «تىيانشان شادلىقى» (1982 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى)، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» (1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «دەۋر ئىلھامى» (1991 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «ھايات مەشئىلى» (1992 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى)، «بوستانلار ئارىلاپ» (1996 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى)، «ئۆمۈر ئىزلىرى» (2000 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى) قاتارلىق ئالتە شېئىرلار توپلىمى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى.

1985 - يىلى «يۈرەك كۈيلىرى»، 1987 - يىلى «ئانا يۇرت مۇھەببىتى»، 1993 - يىلى «ھايات مەشئىلى»، 1996 - يىلى



«بوستانلار ئارىلاپ»، 2000 - يىلى «ئۆمۈر ئىزلىرى» قاتارلىق بەش شېئىرلار توپلىمى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىندى. «يۈرەك كۈيلىرى»، «ئانا يۇرت مۇھەببىتى»، «ھايات مەشئىلى» قاتارلىق ئۈچ شېئىرلار توپلىمى ياپون تىلىدا، «سايرا، ئۇيغۇر دۇتارى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۆزبېك تىلىدا، «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىندى. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ يەنە بىر نەچچە پارچە تاللانغان شېئىرلىرى 1989 - يىلى قازاقىستاندىكى «يازغۇچى» نەشرىياتى تەرىپىدىن سىلاۋىيان يېزىقىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان «تىيانشان ناخشىسى» ناملىق جۇڭگولۇق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىنىڭ بېشىغا ئېلىنغان. بۇلاردىن باشقا تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى، يېزىقچىلىق جەھەتتىكى ئىپادىلەش ماھىرلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تالانتىنى ھەم شائىرنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭلىكىنى، توپلىغان ماتېرىيال بايلىقىنى نامايان قىلىدىغان، خەلقىمىزگە مول ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىلىم بېرىدىغان، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى شىنجاڭنى چۈشىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا قىزىققانلارنى ئەتراپلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان، 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابى چەت ئەللەردە ئىنگلىز، ئەرەب تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ دۇنياغا تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى، بولۇپمۇ قەلەم ئىگىلىرى پەخىرلەنمەي تۇرالمايدۇ!

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، بىر مىللەتنىڭ قايسى دەۋردىكىلىرى بولمىسۇن، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بۈيۈك يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆز

مىللىتىنىڭ مىللىي مۇھىتىنى تەسۋىرلىگەن، مىللىي پسىخىكىسىنى، مىللىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە مىللىي خاراكتېرلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ئەسەرلىرى مىللەت تەۋەلىكىدىن ھالقىپ، باشقا مىللەت تىللىرىغا، باشقا مەملىكەتلەردە قانچىلىك كۆپ نەشر قىلىنسا، باشقىلارنى ئۆزىگە قانچىلىك كۆپ جەلپ قىلالىسا، شۇنچىلىك ياخشى بولغىنى، ئامەت كەلگىنى ئەمەسمۇ؟

دېمەك، نېرىسىدىن ھېسابلىساق ئازادلىقتىن بۇيان، بېرىسىدىن ھېسابلىساق پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىختىكى ھەر قانداق دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، تېز گۈللەندى، تېز روناق تاپتى. پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ قىلچىلىك ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان ھەقىقەت.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوف، تۆمۈر داۋامەت، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەتجان سادىق، زوردۇن سابىر، بۇغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، مۇھەممەتئىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش يەنە باشقا يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كەينى - كەينىدىن چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغانلىقى يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياغا يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۆمۈر داۋامەتنىڭ يەنە ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ ھەم بىۋاسىتە قول تىقىپ تۈزدۈرگەن 13 توملۇق ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»، بەش توملۇق «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت قامۇسى» قاتارلىق كىتابلىرىمۇ بار.



شائىرنىڭ شېئىرلىرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇن يادروسىغا باشتىن - ئاخىر ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھ، ھەقىقىي ئىنسان پەزىلىتى سىڭدۈرۈلۈپ، باي، رەڭدار تۇرمۇش رېئاللىقى تەسىرلىك، يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلىرىنى خەلق ياخشى كۆرىدۇ، خەلق سۆيىدۇ، ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاددىي ئادەملەرنىڭ چىن يۈرەك ساداسىغا ئايلانغان.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، تۆمۈر داۋامەت زامان بىلەن ھەمنەپەس، خەلق بىلەن تەقدىرداش، تۇرمۇشقا، رېئاللىققا سادىق، سەمىمىي، ھېسسىياتچان، غايىۋى تەسەۋۋۇرغا باي ئۈمىدۋار لىرىك شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى لىرىك شېئىرلاردۇر. ئېپىك شېئىرلار ئاز ئۇچرايدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەت دەۋر مېلودىيىسىنى، دەۋرنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىنى، خەلقنىڭ ئەركىن، ئازادە، شاد تۇرمۇشىنى، نازۇك كۆڭۈل كۈيلىرىنى، يېڭى ھايات كەچۈرمىشلىرىنى، ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىنى، نۇرلۇق كېلەچىكىنى، ۋەتەننى، يۇرت - ماكانىنى ۋە ئۇنىڭ گۈللىنىش، ئۆزگىرىشلىرىنى، ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل تاغ - دەريالىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى ۋە ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بەدىئىي بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇپ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈردى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەقىقىي شائىرانە ماھارىتىنى، بەدىئىي دىتىنى، بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئىدىيىسى روشەن، ئوي - پىكرى چۈچۈك ھەم چۈشىنىشلىك، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، ھېس - تۇيغۇلىرى يېقىملىق، لەرزان، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، شېئىرىي تىلى جىلۋىدار، خەلق تىلىغا يېقىن بولۇشتەك بىر خىل ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ

شېئىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۆپ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇڭا تۆمۈر داۋامەت شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىدىن ئايرىلالمايدۇ. مانا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يېڭىدىن يۈز كۆرۈشكەن «ئۆمۈر ئىزلىرى» يالغۇز شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ شېئىرلار توپلاملىرى ئىچىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى شېئىرلار توپلاملىرى ئىچىدىكى ھەجمى جەھەتتىن ئەڭ چوڭ ھەم ناھايىتى سۈپەتلىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا جەمئىي 11 مىڭ 396 مىسرا كېلىدىغان 248 پارچە شېئىر، بىر داستان كىرگۈزۈلگەن. بۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مول مېۋىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شائىرنىڭ «ئۆمۈر ئىزلىرى» ناملىق كىتابى دېگەندەك ئۆمۈر ئىزلىرى، ئۇ ھەقىقىي ئۆمۈر داستانى، ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار ۋە ئالىيجاناب ئىنسانىي ھايات مەزمۇنلىرىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى نەپىس، جۇلالىق شېئىرىي تىل جەۋھەرلىرىنىڭ ياردىمىدە بىباھا، قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىر، ھاياجانغا تولغان لىرىك ھېسسىيات دۇردانىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، مېغىزلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تۆمۈر داۋامەت 40 يىلغا يېقىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بەدىئىي ئىجادىيەت سەپىرىدە ئۆزىنىڭ ئوتلۇق، ئوبرازلىق پىكىر، سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى، مەردانە قەلب كۈيلىرىنى جانىجان ۋەتەنگە، مۇقەددەس يۇرت ـ ماكانغا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئۆلمەس، مەڭگۈلۈك تېما ھەققىدە قەلىمى زادى توختاپ قالمىدى. فونتاندەك پارتىلىغان ئىلھام ھارارىتى قىلچىلىك پەسىيىپ كەتمىدى. مەسىلەن، شائىر «ئانام سەن ۋەتەن»، «جۇڭگولۇق بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن»، «ۋەتەن



مۇقەددەس»، «ۋەتەن تويىغا» قاتارلىق بىر يۈرۈش ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتتى. ھەرقانداق ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ۋەتەنگە، يۇرت ـ ماكانغا بولغان ساداقەتمەنلىك، چوڭقۇر سۆيگۈ، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى.

تۆمۈر داۋامەت ۋەتەن تېمىسىدا، يۇرت ـ ماكان تېمىسىدا خەلقىنىڭ دىتىغا ياققۇدەك ئەنە شۇنداق بىر مۇنچە ياراملىق شېئىرلارنى يېزىش داۋامىدا مەزمۇن تەكرارلىنىشىغا، بەزى پىكىر، سۆز، ئىبارىلەرنىڭ تەكرارلىنىشىغا قەتئىي يول قويمىدى. ھەتتا بەزى شېئىرىي پىكىر، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنىڭ ئاز ـ پاز يېقىنلىشىپ قېلىشىدىنمۇ ساقلاندى. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئوخشاش تېمىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا ھېسابلىنىدۇ. ئالايلى، شائىر «ئانام سەن ۋەتەن» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەن سۆيگۈسىنى بىۋاسىتە ئەمەس، ۋاستىلىك ھالدا پېرسوناژ قەلبىدىن، پېرسوناژ ئاغزىدىن بېرىدۇ.

شېئىرنىڭ بېشىدا شائىر ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «بەختسىز ھەمدە دەردمەندۇر ئانىسىدىن يېتىم قالغان، ئېزىتقان قوزىدەك ئىڭرار ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئىنسان» دەپ ئېپىگراما كەلتۈرگىنىدەك، ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر جۇڭگولۇق 30 يىلدىن كېيىن، يەنى چېكىلىرىگە قىرو قونۇپ، يۈزىگە، كۆز جىيەكلىرىگە قورۇقلار يامىشىپ، قېرىپ قالغان چېغىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتى — ئەزىز قەشقەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. مۇقەددەس زېمىن قۇچىقىدا بەختلىك، باياشاد، ئازادە، تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن دىدارلىشىپ خۇشاللىقتا چۆمۈلىدۇ. قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ ۋەتەن

ئىشقىدا تېخىمۇ كۆيۈپ يانىدۇ. قايتىشىدا ۋەتەنداشلىرى ھەدىيە قىلغان «ئاھ ۋەتەن، ئەبەدىي ئانا ماڭا سەن» دېگەن سۆزىنى ئېلىپ كېتىدۇ.

شائىر تۆمۈر داۋامەت مانا بۇ شېئىرىدا ئوقۇرمەنلەرنى ئالاھىدە ھاياجانغا سالىدىغان بىر يېڭى تەپسىلاتنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ۋەتەن سۆيگۈسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرگەن.

تۆمۈر داۋامەت چەت ئەللەردە دوستانە زىيارەتتە بولغان مەزگىللەردە جۇڭگونىڭ شۇ ئەللەردە ئوينىغان ئويۇنلىرىنىڭ چەت ئەللىك دوستلارنى ئالاھىدە جەلپ قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قىنىقىنىغا پاتمايدۇ ھەمدە «جۇڭگولۇق بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر مەخسۇس يۇرت - ماكان، دېھقانلار ھەققىدە يازغان شېئىرلىرىدىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان مەزمۇندا، بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۇسلۇبتا ئوخشىمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تېمىنى رەڭدار يورۇتۇپ كەلدى.

شائىر تۆمۈر داۋامەت مەيلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن ئەينى ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، مەيلى دۆلەت خىزمىتىنى ئىشلىگەن ھازىرقى مەزگىللەردە بولسۇن، ئۇ تۆۋەنگە بېرىپ تۆۋەننىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە ياكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، ھەم لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ، ھەم ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ يارىدىمىگە تاياندى. نەتىجىدە شائىر خىزمەت بىلەن ئىجادىيەتنى بىر - بىرىگە تەسىر يەتكۈزمەي، ھەر ئىككىلىسىدىن ئۇنۇم ھاسىل



قىلىش، نەتىجە قازىنىش ئاساسىدا قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ياراتتى. مانا بۇلار، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدە تالانت.

تۆمۈر داۋامەت خەلقىنىڭ ھەم پىشقان رەھبىرى ھەم تۆھپىكار، يېتىشكەن شائىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، قەيەرگە بارسا، شۇ يەردە بىردىن، ھەتتا بىر نەچچە پارچىدىن شېئىر ئۇندۇرۇپ ماڭدى. بۇنىڭغا شائىرنىڭ: «ئانا دەريا - خۇاڭخې دەرياسى»، «چىڭشيۇشەن تېغىغا چىققاندا»، «سەددىچىن سېپىلىگە چىققاندا»، يەنە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا بولغان ۋاقىتلىرىدا يازغان «كۆلگىن قەشقەر»، «ئىلى ۋادىسى»، «تاغلارنى قۇچاقلىغان ئاتۇشتا»، «شىخەنزە»، «چۆچەك ئېتىزلىرى»، «ئالتاي لىرىكىلىرى»، «يېشىل تۇرپان»، «سانجىدىكى تەسىرات»، «كورلىغا بارغۇچە ئويلىغانلىرىم»، «قاراماي ناخشىلىرى»، «كۇچا تەسىراتلىرى» ۋە باشقا ئەسەرلىرى تولۇق پاكىت بولالايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شائىرنىڭ نەق مەيداندا پارتلىغان ئىلھام، ھېسسىيات، تەسىراتلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجادىيەت مېۋىلىرىدۇر.

ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن نەرسىلەرنى دەرھال شېئىرىي تىلنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بېرىش ۋە ئۇنى تىپىكلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي مەھسۇلاتقا، بەدىئىي بويۇمغا ئايلاندۇرۇپ پىششىقلاپ كۆرسىتىش ئۇنچە ئوڭايغا توختىمايدۇ. تۆمۈر داۋامەتنىڭ چەت ئەللەردە دوستانە زىيارەتتە بولغان چاغلىرىدا ئىجاد قىلغان: «ئەرەب خەلىپىلىكىگە زىيارەت» (چاتما)، «ئوكيانلارنىڭ ئۇ چېتىگە سەپەر»، (چاتما)، «تۈركىيە ئىلھاملىرى» (چاتما)، «لوندون قۇچىقىدا»، «مالايسىيا»،

«تاشكەنت»، «دوستلۇق كۆيى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ئوقۇسىڭىز، شائىر قەلىمىنىڭ نەقەدەر تېز، ھېسسىياتىنىڭ نەقەدەر تەسىرلىك، جەلپكار، پىكرىنىڭ نەقەدەر تىرەن، شائىرانە قەلبىنىڭ نەقەدەر ئالەمشۇمۇل ئىكەنلىكىنى، دۇنياۋى دوستانە سەپىرىنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ئاندىن تۆمۈر داۋامەتنى ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق دوستلۇق كۆيچىسى، دىپلومات دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقىرالايسىز.

شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، خەلقئارا تېمىلاردا يېزىلغان، دوستلۇق مەدھىيىلەنگەن، شۇنداقلا خەلقئارا ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھ نۇرلاندۇرۇلغان مۇھىم شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە بىر مۇھىم يىرىك ئەسىرى - ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان قاتارلىق بەش دۆلەتتە ئېكسكۇرسىيىدە بولغان مەزگىلدە يازغان «دوستلۇق سەپىرى» ناملىق كىتابىدۇر. بۇ كىتاب 1996 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاتاقلىق شائىر تۆمۈر داۋامەت يېڭى زامان ئۇيغۇر ئاخبارات ئەدەبىياتى ئۇچۇنمۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

تۆمۈر داۋامەت كىشىلەر تەرىپلەشكىنىدەك ھەقىقىي خەلقپەرۋەر شائىر. ئۇنىڭ ھەممىمىزگە ئايان بولغان خەلقنى سۆيۈش، خەلقنى قەدىرلەش، خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، بارلىقىنى خەلققە بېغىشلاشتەك ئىدىيىسى، پەزىلىتى، رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلىغا، ئىجادىيەت مېۋىلىرىگە سىڭگەن. ئۇ ئەسلى ئاددىي ئادەملەر ئارىسىدىن، ئېنىقراق ئېيتقاندا، دېھقانلار ئارىسىدىن كەلگەن خەلقنىڭ رەھبىرى، خەلقنىڭ شائىرى. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق شارائىتتا، مەيلى ئۇرۇمچىدە



تۇرسۇن، مەيلى بېيجىڭدا تۇرسۇن ياكى لوندوندا بولغان مەزگىللىرىدە بولسۇن، ئۆز ئەسلىنى، يەنى ئاددىي ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. يەنىلا خەلقنى مەدھىيىلىدى. بۇلار خەلقپەرۋەر شائىرنىڭ «كەتمىنىم»، «خەلقىم»، «كۆر، دېھقان كۆلكىسىنى مايسىلار»، «دېھقان دوستۇمغا»، «قاقاقلاپ كۈل خەلقىم مەيدەڭنى كېرىپ» قاتارلىق شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان.

«خەلقىم» ناملىق شېئىرىدا تۆمۈر داۋامەت «سېنى دەپ ئۆگەندىم، سېنى دەپ ئىشلەپ، ساڭا نەپ بېرىشتىن ئۆزگە نىيەت يوق» دەيدۇ ھەم ئەمەلىيەتتىمۇ شائىر شۇنداق قىلدى.

تۆمۈر داۋامەت «مۇئەللىم، سىز نامسىز قەھرىمان»، «بىلىم نۇرى»، «مەرىپەت ئوچىقىدا يانغان چولپان»، «ياشلار ئوقۇ ياشلىقىڭدا»، «ئوقۇتقۇچى دوستۇمغا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ بىلىمنى، بىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ، ياشلارنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئۆزىمۇ بىلىم خۇمار، تەلەپچان شەخس.

تۆمۈر داۋامەت «ۋاقىت ۋە ھايات»، «پاراسەت»، «غايە ۋە شىجائەت»، «مۇھەببەت — سۆيگۈگە تولسۇن كەڭ ئالەم»، «ھەقىقەتنى مىزان قىل»، «ۋاپادارىم قايدا سەن»، «ئاھ، ئىنسان»، «باشلىق بولسا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يېڭىچە مەزمۇن، رەڭدار بەدىئىي شەكلىنىڭ بىرلىكىدە ئادىمىيلىك خىسلەت، پاراسەت جەۋھەرلىرىنى ھېكمەتلىك ئىبارىلەر بىلەن خېلى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ شەرھلىگەن، شۇنداقلا بۇ شېئىرلاردا ئىنسانىي چىن مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، ۋاپادارلىق، سەمىمىيەتلىك ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتاقلىق شائىر تۆمۈر داۋامەت ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت سەپىرىدە

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشتى. كۆپ مىللەتلىك ئېلىمىز جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

مەن شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەيمەن.



# ئاتا تارىخىنىڭ ـ بەدىئىي ئېنسىكلوپېدىيىسى

## «ئېلچاۋكۇنبىي» ناملىق رومانىنى ئوقۇپ ئويلىغانلىرىم

بەدىئىي ئەدەبىيات زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن بالزاكنىڭ «ئىنسان كومېدىيىسى»، شولوخوپنىڭ «تىنچ دون» ئېپوسى، باجىنىنىڭ «شىددەتلىك ئېقىم» ترىلوگىيىسى، چىڭغىز ئايتماتوپنىڭ «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق رومانى قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرگە كىشىلەر بىر دەۋر، بىر مىللەت، بىر دۆلەت، بىر قىتئە جەمئىيىتىنىڭ، رېئاللىقىنىڭ ئەينىكى، ئېنسىكلوپېدىيىسى دېيىشىپ يۇقىرى باھالارنى بېرىشكەن ئىدى. «ئېلچاۋ كۇنبىي» رومانىنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇپ ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازغان تارىخ ئالىمى، يازغۇچى، تەتقىقاتچى جاقىپ مىرزاقان: «‹ئېلچاۋ كۇنبىي› رومانى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق نادىر بەدىئىي ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، مول ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىلىم بېرىش ئارقىلىق كىتابخانىلارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان ياخشى دەرسلىكتۇر» دەپ كۆرسەتتى.

قازاق خەلقى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان فىزىكا ئالىمى،

كۆزگە كۆرۈنگەن فانتازىيىلىك يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوفنىڭ ئىككى توملۇق «ئېلجاۋ كۈنبىي» رومانى 1994 - يىلى ئىلى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىلىشى بىلەن تەڭ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا تەسىر قوزغىدى.

بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا تارىخىنى يورۇتۇپ بەرگەن «ئېلجاۋ كۈنبىي» رومانى بۈگۈنكى زامان قازاق ئەدەبىياتى گۈلىستانىدا تىكلەنگەن بۈيۈك چوققا بولۇش سۈپىتى بىلەن يېرىك پروزا ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىگە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىردى.

### «ئېلجاۋكۈنبىي» — تارىخىي رومان

«ئېلجاۋ كۈنبىي» — ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات مۇساپىسىدا مەيدانغا كەلگەن زامانداشلىرىمىزنىڭ چىن قەلبىدىن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ياخشى تارىخىي رومان بولۇپ، كۆتۈرۈپ چىققان تېمىسىنىڭ سالمىقى، بەدىئىي ساپاسى جەھەتلەردە ئىلگىرى تارىخىي تېمىدا يېزىلغان رومانلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

ئومۇمىي پەن سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ھاسىل قىلغان تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ساھەسى بويىچە مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەن، ماتېرىيال توپلىغان، تەسەۋۋۇرغا باي فانتازىيىلىك يازغۇچىمىز سۇلتان جانبولاتوف قازاقلارنىڭ ناھايىتى نېرىسىدە ياتقان ئاتا تارىخىنى ئاقتۇرۇپ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قازاق مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ ئاساسىنى ياراتقان دەسلەپكى قەبىلىلەر تۇرمۇشىنىڭ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر قاتلاملىرى ئىچىگە بۆسۈپ



كىرىپ رومانىنىڭ تېمىسىنى تاللىغان. تولىمۇ كونىراپ كەتكەن تارىخىي تېمىغا باشقىچە بوياق بېرىپ، يېڭى بەدىئىي تۈسكە كىرگۈزۈپ جانلاندۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. شۇنىڭدەك رومانغا قويۇلغان مۇقەددەس نام «ئېلجاۋ كۈنبىي» بۇنىڭدىن 2098 يىل ئىلگىرى ئۇيسۇن ئېلىدە دەۋران سۈرگەن ئېلجاۋ نەندىبېيىنىڭ ئوغلى. ئۇ تا ھازىرغىچە نامشەرىپى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن مۇھىم تارىخىي شەخس. يازغۇچى بۇ رېئال مەشھۇر تارىخىي شەخسنى رومانىنىڭ باش قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۇنى ئەدەبىيات ئالىمىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس بەدىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان. دېمەك، كونكرېت نامايەندە بولغان ئەمەلىيەت - بىلىملىك، ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئۈچۈن بۇ رومانىنى يېزىش ناھايىتى تەسكە توختىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بەزىلەر تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ئاسانراق دېيىشىدۇ. مېنىڭ قارىشىم بۇنىڭ ئەكسىچە، تارىخىي تېمىدا قەلەم تەۋرىتىش، تارىخنى يېزىشتىنمۇ قىيىن. چۈنكى تارىخىي پاكىتنى لوگىكىلىق پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن ئوبرازلىق پىكىر يۈرگۈزۈش يولى بىلەن ئىپادىلەشنىڭ ئارىلىقىدا زور پەرق بار. «ئېلجاۋ كۈنبىي» - تارىخىي رومان.

تارىخ — تارىخىي رومان ئەمەس، تارىخىي رومان — تارىخ ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ «تارىخ»، «تارىخىي رومان» دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇ ئوتتۇرىسىدا ھەم زور ئايرىمچىلىق ھەم زىچ مۇناسىۋەت بار. تارىخ - تارىخىي رومانىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مەنبەسى، تارىخىي رومان - تارىخنىڭ يارقىن سىزىلغان بەدىئىي كارتىنىسىدۇر. تارىخ لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، تارىخىي رومان ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، ئىلمىي فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇرغا باي رېئالىست يازغۇچى سۇلتان

جانبولاتوف خەلق قەلبىنى سۆيۈندۈرگەن «ئېجاۋ كۆنبىي» دەك يارامىلىق روماننى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا، مول تارىخىي بىلىم، ئىنچىكە تارىخىي پاكىت، كامالەت تاپقان بەدىئىي ماھارەتتىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم ئامىلغا تايىنىپ ئىش كۆرگەن. مۇشۇ ۋەجىدىن ئەسەردە ئىنسانىيەت تارىخىدا خېلى بالدۇر خانلىق قۇرۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئۇيسۇن ئېلىنىڭ ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئىچكى - تاشقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، تۈرلۈك تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىنى، قۇدرەت تېپىش، تەسىرىنى كېڭەيتىش، گۈللىنىش، كۆچىيىشى جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن.

بۇلاق سۇلىرى قوشۇلۇپ چوڭ دەريانى ھاسىل قىلىپ، ھەيۋەتلىك شاۋقۇن چىقىرىپ راۋان ئاققىنىدەك رومانىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان ۋەكىللەر باش تېمىنىڭ تەلىپىگە بېقىندۇرۇلۇپ، ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسىنى بويلىتىپ بىمالال، ئەركىن راۋاجلاندۇرۇلغان.

شۇ دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ غەرب تەرىپىدە دۇنخۇاڭ بىلەن شۆلەنتاغ ئارىلىقىدا قانتىنى كەڭ يېيىپ قوشنا خانلىقلار بىلەن قەبىلىلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى ئۇيسۇن قەبىلىسى بولغان. ئەسلىدە ئۇلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ھون تەڭرىقۇتىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيسۇنلار داھىيسى نەند بېيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلۇغ يۈزلەر بىلەن ھون تەڭرىقۇتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي ستراتېگىيىسىنى كۈچەيتىشكە، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە، ئىقتىسادىنى، مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. بىراق،ئۇيسۇنلارنىڭ بۇ جەڭگىۋار پىلانىنى تارمار قىلىشنى كۆزلەپ كەلگەن ئاشۇ قوشنا ئەللەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ داھىيلىرى نەندبىينى ئۆلتۈرۈپ



ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. يورۇق دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان ئېلجاۋ كۈنبىي كونمۇدالىسىدا يېتىم قالىدۇ. ئۇنى بىر تەرەپتىن قۇشلار ئوزۇقلۇق ئەكىلىپ بېرىپ باقسا، بىر تەرەپتىن بۆرى ئەمچىكىنى ئېمىتىپ بېقىپ چوڭ قىلىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئىنسان بالىسىغا قىلغان بۇ مېھرىبانلىق شەپىقىتىدىن تەسىرلەنگەن ھون تەڭرىقۇتى ئېلجاۋ كۈنبىينى قولغا ئېلىپ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇيسۇن ئېلىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىدۇ. ئەل بەختى ئۈچۈن تەدبىرلىك، دانا، ئەقىللىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئېلجاۋ كۈنبىي چېچىلىپ كەتكەن خەلقنى يىغىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن دۆلىتىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇيسۇن ئېلىنىڭ بېشىغا يەنە داۋاملىق بالا - قازا كېلىپ تۇرىدۇ. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى تۈگىمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا نەندبىينىڭ ئۇلۇغ يۈزلەر ئەمەس، ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيسۇنلارنىڭ ھونلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى، غەزەپ - نەپرىتى كۈچىيىدۇ.

ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىپ، قوشنا ئەل خەن پادىشاھلىقى بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ يولىنى ئاچقان ئۇيسۇن خەلقى غەلىبىدىن - غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

يازغۇچى روماندا ئاشۇ رېئاللىقنى ئۇيسۇن ئېلىنىڭ كۈچىيىشىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن تارماق ۋەقەلىكلەر، تارماق ئېقىملارنى رومان سۇژىتىنىڭ كىندىك تومۇرىغا باغلىغان ھالدا بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيسۇن ئېلىنىڭ بەختى ئۈچۈن تۇغۇلغان پاراسەتلىك باشلامچىسى ئېلجاۋ كۈنبىيگە ئەگەشكەن ھەم ئۇنى يادرو قىلغان بۆجەي، بارىشىن گۈزەل، قۇتبىي،

ئارداق، چىن تۆمۈر، ئۈلانباي، دارۋ، شيەنشورا، قارجاۋ قاتارلىق بىر مۇنچە مۇھىم قوشۇمچە پېرسوناژلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. يازغۇچى بۇ پېرسوناژلار ئۈچۈن ئەسەردە ئوخشىمىغان پائالىيەت قىلىش زېمىنى هازىرلاپ، ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى يارىتىپ، ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە قىلغان.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى: روماندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق ـ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچكىمنىڭمۇ قەلىمى يېقىن بارمىغان قىبرى تارىخ، تارىخ بولغاندىمۇ بىر مىللەتنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا قازاق مىللىتىنىڭ ئاتا تارىخى. لېكىن يازغۇچىنىڭ ئۆزى دېگەندەك شۇ يىگىرمە بىر ئەسىر بۇرۇن ياشىغان ئۇيسۇنلار بۈگۈنكى ئۇيسۇنلار (هازىرقى قازاقلار) ئەمەس. قەدىمكى ئۇيسۇن قەبىلىلىرىنى بۈگۈنكى قازاقلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىن ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋىلىرى دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، قازاق مىللىتىنى ئۇيسۇنلارنىڭ ساپ ئەۋلادلىرى دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇيسۇنلارنىڭ قازاقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنىكىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى ئېنىق.

## «ئېلجاۋكۈنبي» رومانى ـ شانلىق تارىخي دوستلۇق شەجەرىسى

يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «خەلقلەر دوستلۇقى ئۆمۈرۋايەت ياشايدىغان ئېسىل ئەنئەنە. بۇمۇ ‹ئېلجاۋكۈنبي› نى ئايلىنىپ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. رومانىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان، رومانىنىڭ تارىخي ئەھمىيىتىنى قۇدرەتلىك ئورۇنغا كۆتۈرگەن، شۇنداقلا



روماندا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر مۇھىم ۋەقەلىك خەن پادىشاھلىقىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدىن سالماقلىق ئورۇن ئېلىپ كەلگەن بۇ ئەل، ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ شەرق تەرىپىدە قوشنا چېگرىداش ئولتۇراقلاشقان. ئۇ ئۆز زامانىدىكى كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇپ گۈللىنىشكە، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىتىپ قۇدرەت تېپىشقا يۈزلەنگەن جاسارەتلىك ئەللەرنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن شۇ چاغلاردا ئۇيسۇنلارنىڭ تەقدىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ راۋاج تاپتۇرماي كەلگەن ھونلار خەن پادىشاھلىقىنىڭمۇ كۈچسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغىمۇ كۈن بەرمەي كەلگەن ئىدى. ئۇيسۇن دۆلىتى، خەن پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلىك كۈنلەر، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇسى — ئۇلارنى تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىش، دوستلۇق، تەقدىرداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۆز ئېلىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆز ماكانلىرىنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت ئىقتىسادىنى، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىغا باشلىدى.

ئېلجاۋ كۈنبي ۋەيران بولغان ئۇيسۇن دۆلىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەلنى ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈرۈپ ئاپارغان چاغلىرىدا، خەن پادىشاھلىقىنىڭ بىلىملىك، ئابرۇيلۇق ئادىمى ۋە پادىشاھ مەسلىھەتچىسىخەن ۋۇدىمۇ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئەلدىن يېتىشىپ چىققان بۇ تەدبىرلىك، پاراسەتلىك ئىككى شەخس ئىككى ئەل مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە يادرولۇق رول ئوينايدۇ. شۇ دەۋرلەردىكى ئىككى ئەل يەنى ئۇيسۇنلار بىلەن خەن پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا ئورنىتىلغان دوستلۇق مۇناسىۋەت مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئۇلۇغۋار مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ

بولسىمۇ بىر تەرەپتىن ئۆزئارا يار - يۆلەكتە بولۇشۇپ ئەلنى راۋاج تاپقۇزۇش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىرىنى - بىرى قوللاش، قوغداش ئارقىلىق كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تاشقى تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا قارشى تاقابىل تۇرۇش، ھەتتا ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ ئەلنى، جاھاننى تىنچلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ جەھەتتە يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوفنىڭ ئىزدىنىشى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. ئۇيسۇنلار بىلەن خەن ئەۋلادلىرىنىڭ دوستلۇق، ھەمكارلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرغۇن تارىخىي يازما ماتېرىياللار ۋە ئىلمىي ئىزلىنىشلەر ئارقىلىق ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان ئىشەنچلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭدىن يۇقىرى سۈپەتلىك بەدىئىي ئۇنۇم ئالغان. ئۆز زامانلىرىدا تەقدىرداشلىق، ئىتتىپاقلىققا تايىنىپ ئۆز ئېلىنى كۈچەيتىش، گۈللەندۈرۈشتە شۆھرەت قازانغان ئاشۇ ئىككى نوپۇزلۇق ئەل بىر بىرىگە بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن دوستلۇق مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا قەدەم قويىدۇ. ئۇيسۇن بىلەن خەن پادىشاھلىقى ئارىسىدىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىشى بىلەن ئەقىلگە ئەقىل، كۈچكە كۈچ قوشۇلىدۇ.

ئۇيسۇن بىلەن خەن پادىشاھلىقىنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۈچلۈك رەقىبلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشى توختاپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن دوستلىقى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن تېخىمۇ رۇناق تاپىدۇ.



شۇنى ئېيتىش كېرەككى، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا، خەلق بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا دوستلىشىش، دۈشمەنلىشىش، ھەمكارلىشىش، قارشىلىشىشنىڭمۇ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بولىدۇ. قەدىمىي زامانلارنىڭ قەدىمىي ئىنسانلىرى ئۇيسۇن ئېلى بىلەن خەن ئېلىنىڭ ھەمكارلىشىشى، دوستلىشىشى بىلەن بۇ ئىككى ئەلنىڭ ھونلار بىلەن قارشىلىشىشى، دۈشمەنلىشىشىنىڭمۇ تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. دوستلارنىڭ كۈچى قانچىلىك كۈچەيگەنسېرى، دۈشمەن كۈچى شۇنچىلىك ئاجىزلايدۇ، ئاخىرى ھالاك بولىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ ھۆكۈمى، تارىخ ھەقىقىتى. يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف «ئېلجاۋ كۈنبىي» ناملىق تارىخىي رومانىدا ئاتا تارىخنىڭ ئۆزى ياراتقان يۇقىرىدىكى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئۇيسۇنلار بىلەن خەن پادىشاھلىقى ئېلىنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقتىن روناق تاپقان قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىشتا: بىرىنچىدىن، ئۆز ئەل خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش، ئامانلىقىنى قوغداش، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىدىن، ئۆزگە بېقىندۇرۇپ ئېلىشىدىن ياكى تاجاۋۇز قىلىشىدىن قۇتۇلۇش، ساقلىنىش ھەتتا ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئىچكى - تاشقى ئىتتىپاقلىقىنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ يۇرتنى، ئەلنى سۆيۈش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش، ئەلنى بېيىتىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۆزئارا قىز چىقىرىش، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش يولى دوستلۇق تومۇرىنىڭ يىلتىزىنى تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشتىن ئىبارەت مۇھىم تەرەپلىرىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن رومان بۈيۈك تارىخىي دوستلۇقنىڭ جەڭگىۋار ناخشىسىغا، تارىخىي دوستلۇق

شەجەرىسىگە ئايلانغان.

## «ئېلچاۋ كۆنبي» - ئىلمي فانتازىيىلىك رومان

تالانتلىق يازغۇچى، ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى سۇلتان جانبولاتوف ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسانىيەت ھەققىدە مول بىلىمىگە، ئالاھىدە يېتىلدۈرگەن ماھارەت كۈچىگە، بەدىئىي دىتىگە تايىنىپ يەر شارى خوجايىنلىرىغا بېرىلگەن «ئىنسانىيەت» دېگەن ئاتالغۇغا مەنىداش ئىككىنچى بىر پىلانىتنىڭكى ھاياتلىق خوجايىنلىرىغا قويۇلغان ئورتاق نام — «مادا زات» دېگەن يېڭى ئاتالغۇنى بارلىققا كەلتۈردى.

روماندا قەدىمىي قىيرى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنى، قەبىلىلەر ئەھۋالىنى ۋە يۈز بەرگەن ئالەملىك ۋەقەلىك جەريانىنى تارىخچىلار تاپقان تارىخىي پاكىتلار ياكى ئالىملارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېپىپ چىقىلغاندەك، «مادازات»لار دۇنياسىدىن كەلگەن مېھمانلار تەرىپىدىن ئېنىق مەلۇم قىلىنىدۇ. ئېشەش، چالا، تەخمىنىدىن ئىبارەت ئىنسانىيەتكە ناتونۇش بولغان شەخسلەر رومانىنى ئوقۇغان كىتابخانلار ئاممىسىغا غارشىنىڭ ئىلىم - پەن مۇساپىسىدە دەرىجىدىن تاشقىرى تەرەققىي تاپقان ھاياتلىق پلانىتىسىدىن كەلگەن مادازاتلىق ئالىملاردەك ھېس قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە شۇنداق تۈيۇلۇشمۇ ئەقىلگە سىغىدۇ. ئاساسلىقى يەر شارىغا كەلگەن ئۈچ مېھماننىڭ ۋەزىپىسى تەرەققىيات جەھەتتە مادازاتلار جامائىتىدىن ئىككى مىڭ يىل كېيىن قالغان ئاشۇ زېمىن قۇچقىدا تىرىكچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئىنسانلار دۇنياسىنى چۈشىنىش ئىدى. ئۇلار يەر شارىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، گەرچە ھاياتلىق ئۈچۈن ئانا ۋە پاناھ بولغان بۇ مۇقەددەس دىياردىكى ئىنسانلارنىڭ



تىلىنى، دىلىنى، ئىچكى سىرلىرىنى بىلمىسىمۇ، ئىلىم - پەنىنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ تەپتەكشىسى، بىپايان يەرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان چىن خاقانىنىڭ زېمىنىنىمۇ ئايپاراتقا چۈشۈرۈپ بولىدۇ. ئاندىن ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش، سىنچىلاپ تەتقىق قىلىش يولى بىلەن قالاق، ۋەيرانە ھالەتتە تۇرغان يەر شارىدا بولۇۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىنى بوزەك ئېتىش، بىر - بىرىگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىش، ئادالەتسىزلىك، ئىمانسىزلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتەك ئىشلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى بايقاش، ھېس قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغان مادازاتلارنىڭ بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىش، زىيان ئۇرۇشنى قىلچىلىك سادىر قىلمايدىغان، ھەتتا بىر تال گىياھ، بىرەر مەخلۇقلارغىمۇ زىيان سالماي ئۇلارنى ئاسراشتەك يۈكسەك مەدەنىيىتىنى، ئاجايىپ پەزىلىتىنى ئەسلەيدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي ماھارەتنىڭ چەكلىمىسى يوق. «ئېلچاۋ كۆنبي» روماندا قەدىمىي ئاتا تارىخ تېما قىلىنغان. تارىخنىڭ ئۆزى - ئىلىم، تارىخنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات. ئۇنىڭغا ئاشۇ ماھارەت كۈچى بىلەن، بەدىئىي تۈس، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان گۈزەل پەرداز، رەڭدار بوياق بېرىشكىمۇ بولىدۇ. كىشىلەر قانچىلىك تەتقىق قىلسىمۇ ئەرزىيدىغان ئىلمي تۈس كىرگۈزۈشكىمۇ بولىدۇ.

ئاتا تارىخنى چوڭقۇر يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ قۇچاقلاپ ئوتتۇرىغا چىققان قالتىس ماھارەتلىك، فانتازىيىلىك يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف رومانى ئۈستىدە ئىزدىنىش، يېزىش جەريانىدا بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئىلمي تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ بەزەن قىيرى تارىخ قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كىرسە، بەزەن يۈكسەك

دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىلىم - پەننىڭ پەللىسىدە جەۋلان قىلىدۇ. بىر دەم تارىخچى سۈپىتىدە، بىر دەم ئارخېئولوگ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسا، بىردەم يازغۇچى سالاھىيىتى بىلەن بىردەم ئالىم سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف رومانىنىڭ ئىلمىي فانتازىيىلىك بايان، مۇھاكىمە بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن بۇ ۋارىيانتىدا، ئەسەر سۇژىتىنىڭ يادروسى قىلىپ سۈرەتلەنگەن ئۇيسۇن ئېلىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدىكى مۆلچەرىنى، ئالدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى يەنىلا غارشىدىن كەلگەن ئۈچ مېھمانغا بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غارشىلىق ئالىملار ئۇيسۇنلارنىڭ ماڭغان يولى توغرا، ئىرادىلىرى مۇستەھكەم، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەردىن ئىناق، ئىتتىپاق بولسىلا ئىلگىرى ۋەيرانلانغان يۇرتنى قايتا قۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن راۋاج تېپىپ، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك ئەلگە ئايلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ غارشىلىقلار بىر ئەلنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەپ تەرەققىي تېپىشتىكى مۇھىم ئامىل — بىلىملىك، ئابرۇيلۇق، تەدبىرلىك، دانىشمەن داھىيسى، ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئىناق، ئەمگەكچان، تەشكىلچان، باتۇر، پاراسەتلىك خەلقى بولۇشى كېرەك، دېگەن يەكۈننى چىقىرىدۇ.

## «ئېلچاۋ كۈنبىي» - ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان رومان

«ئېلچاۋ كۈنبىي» - تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن زامانىۋى ئاڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن تارىخىي رومان، ئىلمىي رومان، بەدىئىي روماندۇر. رومانىنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسى، سەنئەت تېخنىكىسى، مىللىي بويىقى، تۇرمۇش پۇرىقى، بەدىئىي



تىپ يارىتىش ئۇسۇللىرى، ئىجاد قىلىنىش ئۇسلۇبى جەھەتتە ئالەملىك ئەدەبىيات مۇنبىرىدە جاھان جامائەتچىلىكىگە پىششىق تونۇلغان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭكىدىن پەرق قىلىنىپ تۇرىدۇ. يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف ھەقىقەتەنمۇ رومان ئۈستىدە بىلىم قۇدرىتىنى، ئەقىل دىتىنى، قەلەم كۈچىنى ئايىمىغان.

رومانىنىڭ بەدىئىي ساپاسىنى كامالەتكە يەتكۈزۈش جەھەتتىكى بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىق رول ئوينىغان ئامىللارنى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنى تۇرغۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك بىر مۇنچە تەرەپلەرگە باغلاپ شەرھلەشكە بولىدۇ. بۇلار رومانىنىڭ ئۆزىگە خاس ھالدا شەكىللەندۈرگەن ئۇسلۇبى، كۆپ لىنىيىلىك كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسى، كۆپ قاتلاملىق تىپىك ۋە ماھىيەتلىك دېتاللار بىرىكمىسى، مۇرەككەپ ۋە چىگىش دراماتىك توقۇنۇشلار، قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك مەنزىرە تەسۋىرلىرى، پېرسوناژلار تەسۋىرلىرى، چېۋەرلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن خاراكتېر سەنئىتى، رەڭدار ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك قوللىنىشى، جانلىق، ئوبرازلىق تىللارنىڭ تاللاپ، پىششىقلاپ ئىشلىتىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

رومانىنىڭ مەركىزىي سۇژىتىنى تەشكىل قىلغان ھەم يادرولۇق ئورۇن تۇتقان ۋەقەلەر ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ تىرىكچىلىك تۇرمۇشىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساس قىلغان. ئەمدى ئاشۇ يۆنىلىشنى بويلىتىپ كىندىك سۇژىتىگە بېقىندۇرۇپ جانلىق ئۆزگىرىشچان ھالەتتە ياندىشتۇرۇپ، چىن خاقانىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چېۋەرلىك بىلەن يىغىپ ئۇيۇل ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇيسۇن ئېلى بىلەن چىن ئېلىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارىلىقىغا مەلۇم بوشلۇق

قالدۇرۇپ، ئۇنىڭدا ماداراتلىق ئۈچ مېھماننىڭ يەر شارى ئۈستىدىكى ئىنسانلار دۇنياسىنى بولۇپمۇ قەدىمىي ئۇيسۇن قەبىلىسى، خەن پادىشاھلىقى، ھون خاقانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۇقتىلىق كۆزىتىشىگە، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق فانتازىيىلىك يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف يەر شارىلىقلار بىلەن غارشىلىقلارنىڭ تەقدىرىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ كۆرستىشكە تىرىشقان، شۇنىڭدەك ئۇ شۇنچىلىك ئۇزۇن تارىخ ئۈستىدە قانچىلىك ئويلانغان، قانچىلىك ئىزدەنگەن بولسا، شۇنچىلىك ئويلانغان ۋە ئىزدەنگەن. يازغۇچى روماندا ئاساسلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش جەريانىدا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەم مەزمۇنىغا ھەم شەكلىگە ئائىت ئامىللارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. ئالايلى، ئالەمگە مەشھۇر تارىخىي شەخس قەدىمىي قەبىلە ئۇيسۇن ئېلىنىڭ باتۇر، دانا ئوغلانى، تەدبىرلىك يول باشلىغۇچىسى ئېلجاۋ كۇنبېي ئوبرازىنى يارىتىشتا تۆۋەندىكى ئىككى خىل بەدىئىي ئۇسۇلدىن بىمالال پايدىلانغان. مەسىلەن، دەسلەپ باش قەھرىماننىڭ بالىلىق دەۋرى ئەپسانىۋىلاشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، قەھرىماننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردىكى يەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان پائالىيىتى ئادىمىلىك سۈپەتتە، رېئالىستىك ئۇسۇلدا تەسۋىرلىنىدۇ.

ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدە ئەسەر مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈلگەن مىللىي تۈس، زامان روھى، يەرلىك پۇراق ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى، تىل ئىشلىتىش ماھارىتى قاتارلىقلارمۇ مۇھىم ھەم ئاساسلىق ئورۇننى تۇتىدۇ. گەرچە «ئېلجاۋ كۇنبېي» رومانى ئەڭ قەدىمىي دەۋردىكى تېخى ئىنسانلار مىللەتكە بۆلۈنمىگەن، «مىللەت» دېگەن ئاتالغۇ



پەيدا بولمىغان قېرى تارىخىي تېمىدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا روشەن مىللىي تۈس، خېلى قېنىق مىللىي بوياق بەرگەن. بۈگۈنكى زامان قازاقلىرى ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى ئەڭ قەدىمىي ئاتا - بوۋىلىرى ھېسابلىنىغان ئۇيسۇنلاردىن كەلگەنلىكى ئېنىق، بۇنىڭغىمۇ روماندا تەسۋىرلەنگەن رېئاللىقلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي چىنلىق ئىكەنلىكىگە تارىخنىڭ ئۆزى گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ئۇيسۇن، خەن ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، قۇدا - باجىلىق، دىپلوماتىك يىغىن، باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشى داۋامىدىكى ئۆز ئارا سوۋغا تەقدىم قىلىش، رەسمىيەت بېجىرىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت، قائىدە يوسۇنلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «ئېلجاۋ كۇنبېي» رومانىنىڭ ئىككىنچى كىتابىدا بېرىلگەن يارقىن ھېسسىيات، گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرىنى ئوقۇغان چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاجايىپ ھېسسىيات جەۋھەرلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان پوئېزىيە دېڭىزىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلىسىز. خۇددى «ئاننا كارېنىنا» بىلەن «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»نى ئوقۇپ ئولتۇرغاندەك ئويغا كېلىسىز. مانا بۇلار روماننىڭ بەدىئىيلىكىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغان ھېسسىياتنىڭ قۇدرىتىدۇر. ئەدەبىي ئەسەرنى - ئەدەبىي ئەسەر قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل تىل سەنئىتىدۇر. ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەر يۇكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان، ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ پىششىقلانغان تىل دۇردانىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن روناق تاپىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆمرى تىلى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. قىممىتى تىلى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن فانتازىيىلىك يازغۇچى

سۇلتان جانبولاتوف زامانىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات زېمىنىگە قازاقنىڭ قەدىمىي ئاتا تارىخىنىڭ بەدىئىي مۇنارىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي دەۋرلەردە ياشىغان ئاتا ـ بوۋىسى — ئۇيسۇن تىلى بىلەن ئورناتتى. ئۇنى ئاشۇ ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ ئىككى مىڭ بىر يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقان، باي، گۈزەل مىللىي تىلى ئارقىلىق تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈردى.

روشەنكى، روماندا يېڭى تېمىنىڭ يورۇتۇپ بېرىلىشى، يېڭى ۋەقەلىكلەرنىڭ بايان قىلىنىشى، ئوبرازلىق، مەنىدارلىقى، ئىلمىي پەلسەپىۋى پىكىر، قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، يېڭى تۇيغۇلارنىڭ ئىزھار قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئارخائىزم سۆزلەر قېزىپ چىقىرىلغان ۋە يېڭى مەزمۇنلار ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇلغان. شۇنىڭدەك ئاپتور روماندا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئاتالغۇلارنى قوللىنىشتىن تاشقىرى، كۆپلىگەن ئەقلىيە سۆزلەرنى، ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ ئىشلىتىشكە كەڭرى ئورۇن بەرگەن. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى يېڭى ئەقلىيە سۆزلەر، يېڭى ماقال ـ تەمسىللەر تەشكىل قىلىدۇ.

كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلەرگە نەزەر تاشلىغاندا «ئېلجاۋ كۆنبېي» رومانى تارىخىيلىق، ئىلمىيلىك، بەدىئىيلىك، ئېستېتىك جەھەتلەردىنمۇ، تىل جەھەتتىنمۇ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە.



# ئەدىب ۋە باللار ئەدەبىياتى

باللار تۇرمۇشى باللار ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى، ئاساسلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى، باللار ئەدەبىياتىنىڭ رولى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى باللارنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن ساغلام تەربىيىلىنىپ، ئەتراپلىق يېتىلىشىگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنىڭ دۇنيانى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، ئىجابىي ۋە سەلبىي نەرسىلەرنى چۈشىنىش، پەرقلەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت.

بىزگە مەلۇمكى، ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى مىللەت باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغانلار شۇ دەۋر، شۇ مىللەتنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىدۇر.

باللار ئەدەبىياتى ئۇچۇن قان ـ تەرىنى ئاققۇزۇپ، مول ھەم سۈپەتلىك مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلار ھەممە دەۋر، ھەممە مىللەتتە بار. تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسمۇرلەر كۆڭلىگە ياققان جۇشقۇن، ئاھاڭدار، يۇمشاق لىرىكىلىق، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە شېئىرلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە تونۇلغان باللار شائىرى. ئۇ قىرىق يىلغا يېقىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن مەنىلىك ھايات مۇساپىسى داۋامىدا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى

راۋاجلاندۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. شائىرنىڭ مەخسۇس بالىلارغا بېغىشلانغان تەملىك ۋە چۈچۈك ئىجادىيەت مېۋىلىرى يېڭى دەۋرىمىز ئۆسمۈرلىرىگە مەنىۋى كۈچ، ئېستېتىك زوق بېرىپ كەلدى.

شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىنىنىڭ بالىلار شېئىرلىرىدا بالىلار تۇرمۇشىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەر ئۇلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا يورۇتۇلۇپ سەبىي قەلبلەردە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەر، ۋەتەننى، ئىلىم - پەننى، ئەمگەكنى سۆيۈش، خەلققە سادىق بولۇش، ئومۇمنىڭ، باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئاسراش، ئاتا - ئانىسىنى، ئوقۇتقۇچىلىرى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىپ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەش قاتارلىقلار يارقىن ئىپادىلەنگەن.

شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىنىنىڭ بالىلارغا بېغىشلانغان بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شۇنداق ياخشى شېئىرلارنى يازالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنى شائىرنىڭ بالىلار تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇشقانلىقى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز مەنتىقىسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە مۇۋاپىق شەكىلنى تاللاپ، پىشقان بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تولىسى كىتابخانلارغا گويا بالىلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن، ئۆز تەپەككۇرى، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغاندەك، ئۆز ئېڭى، ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بېشىدىكى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئۆزىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بالىلارنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرىدەك ھېس قىلىمىز. بۇ شېئىرلاردا



بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، ھېس - تۇيغۇسى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگە.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىنىنىڭ بالىلار شېئىرلىرىنىڭ تېما مەنبەسى باي ھەم كەڭ، رەڭدار، ئىپادىلەش شەكىللىرى كۆپ خىل، ئۇلاردا بالىلار شېئىرىيىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئامىللار تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان «مېنىڭ جان دوستۇم» شائىرنىڭ ياشلىق دەۋرىدە يازغان شېئىرلىرىدىن بىرى. بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆسمۈرلەرنىڭ بالىلىق ئارزۇلىرىنى، كىتابخومارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«كىمكى ئۇنى دوست تۇتسا،
ئەسقاتىدۇ ھەر جايدا.
ئەسلا ھاردىم دېمەيدۇ،
يەتكۈزىدۇ كۆپ پايدا.
... ...
زوقلىنىسەن سۆزلىسە،
ئېغىزى يوق، يا كۆزى.
ئەقىل قوشار ئەقلىگە،
قەن - ناۋاتتەك ھەر سۆزى.»

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى بالىلار بىر قېتىم ئوقۇپلا چۈشىنىپ ئالالايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئاددىي شەكىل، راۋان تىل ئارقىلىق يەڭگىل ئۇقۇمدىكى مەزمۇننىڭ رىتىم، قاپىيەلەرگە چۈشۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەنلىكىدۇر.

شائىر ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بېقىپ مۇھاكىمە قىلىش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شېئىرنىڭ ئىلمىيلىك، بەدىئىيلىك

جەھەتلەردىكى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. ئائىلى، كىتاب «ھەممەت ئىلىم ھېكمەتنىڭ مەنبەسى»، «ئۇ، بىلىمگەننى بىلدۈرىدۇ» «ئەسقاتىدۇ ھەر جايدا»، «بۇ دوستنى پۈتۈن يەر يۈزى بىلىدۇ» دېگەن مىسرالاردا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، مول مەزمۇن، ئىلمىي تۈس ئالغان مۇلاھىزىلەر بار. مەلۇمكى، باللارنى مەلۇم نىشاننى كۆزلەپ تەربىيىلەشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېڭىغا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن باشلىنىدۇ. مانا بۇ باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن مۇھىم تېما.

«يۇرۇڭلار دوستلار مەكتەپكە»، «سالام مەكتىپىم»، «پەنگە يۈرۈش قوشىقى» قاتارلىق شېئىرلار ئەنە شۇنداق تېمىلاردا يېزىلغان.

«ئەلاچى سىنىپ» ناملىق شېئىرىدا ئاكا ـ ئۇكا ئىككى بالىنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى دىئالوگ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«سىنىپىمىز ھەر قاچان،
تۇرار تازا يۇپ ـ يورۇق.
جاي ـ جايىدا ئۈستەل، بور،
پارتىلىرى رەت تولۇق.»

بۇ باللار ئۆز قوللىرى بىلەن بەرپا قىلغان ئازادە، كۆڭۈللۈك ئۆگىنىش مۇھىتىنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرىدۇر.

ئانا تەبىئەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مۇھىتنى بۇلغايدىغانمۇ ئادەم، مۇھىتنى تۈزلەيدىغانمۇ، گۈزەللەشتۈرىدىغانمۇ ئادەم. مۇھىتنىڭ كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈلسىز بولۇش، پاكىز ياكى پاسكىنا بولۇشى كىشىلەر مەدەنىيىتىنىڭ، ئەخلاق، پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ كۆز



ئالدىغا شۇ گۈزەل مۇھىتنى بەرپا قىلغان گۈزەل، يۇمران قەلبلەرنىڭ ئوبرازى كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

شائىر شېئىردا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:

«دەرسكە زىل چالغاندا،
ئولتۇرىمىز جىم بولۇپ.
مۇئەللىملەر كىرگەندە،
ھۆرمەتلەيمىز تىك تۇرۇپ.
مېھرى بىلەن مۇئەللىم،
سالام دەيدۇ زوقلىنىپ.
زېھىن قويۇپ تىرىشىپ،
ئوقۇيمىز بىز روھلىنىپ.»

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ مىسرالاردا بىلىمگە تەشنا تىرىشچان ئوماق باللار بىلەن كۆيۈمچان، تەلەپچان باغۋەنلەرنىڭ ئىللىق مۇناسىۋىتى، مېھرى ـ شەپقىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن.

«يول چېتىدە يۈرىمىز،
ئۆيىمىزگە يانغاندا.
ئىبسىلمايمىز ھارۋىلار،
ماشىنىلار ماڭغاندا.
بىزدە يوقتۇر كېچىكىش،
ئۇرۇش ـ تالاش ئەھۋاللار.
بولغاچ دوستلۇق ئىناقلىق،
خۇشال بىزنىڭ باللار.»

بۇ مىسرالاردا باللار خاراكتېرى ئۆز تىلى، ئۆز ھېسسىياتى، مىجەز ـ خۇلقىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا تەبئىي ھەم يېقىملىق، يىغىنچاق ھەم ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتى باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئاڭسىزلىقتىن ئاڭلىقلىققا يېتەكلەش، زېھنى - كۈچىنى ئۆگىنىشكە قارىتىشقا ئادەتلەندۈرۈش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. تەكشى قەدەم، مۇستەھكەم ئىرادە بىرلىكىدە پارلاق مەنزىلنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئۆلگىسىنى ياراتقان «ئەلاچى سىنىپ» ناملىق شېئىردا باللارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن. «مەكتىپىمىز مەيدانى» ناملىق شېئىردا باللارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن. «مەكتىپىمىز مەيدانى» ناملىق شېئىردا كىچىك دوستلارنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدىغان، ئۇلارنىڭ جۇشقۇن روھلۇق، شاد - خۇرام كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل - دەرستىن سىرتقى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش مەنزىرىلىرى تەسىرلىك سىزىلغان.

«ئۇندا ئۆتەر تەنھەرىكەت
بەيگىلىرى جۇشقۇنلۇق.
مەنىلىك شاد ئويۇنلار
بېغىشلايدۇ دىلغا زوق.
كۆچەت تىكىپ مەيداننى
كۆكەرتىمىز، ئاسرايمىز.
گۈزەل مەكتەپ قوينىدا
ئۆم بەختىيار ياشايمىز.
ئوبدان ئوقۇپ دەم ئېلىپ،
ئۆتەر ھايات يېڭىچە،
شۇنداق ئاۋات ھەمىشە.»

مانا بۇ بىزدىن ھېچقانداق ئىزاھ تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقىي باللار ناخشىسىدۇر.



باللار ئەدەبىياتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش، باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن باللارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيىتىنى، خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ئاندىن قالسا باللار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان يېنىك شەكىللەرنى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، تىلنى ياخشى تاللاش لازىم.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىننىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەندەك باللارنىڭ ئويى، تەسەۋۋۇرى، ھېسسىياتى، تىلى بويىچە يېزىلغان شېئىرلاردىن باشقا بىۋاسىتە باللارغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرلارمۇ بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. «ئىنىمنىڭ ئارزۇسى» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا «مەن» نىڭ ئاغزىدىن ئىنىسىنىڭ تەسىرلىك ئىش - پائالىيەتلىرى ئىخچام بايان قىلىنسا، شېئىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «مەن» نىڭ ئىنىسىگە بولغان ئامراقلىقى كۈچلۈك ھاياجان بىلەن ئىزھار قىلىنىدۇ.

«ئەخمەت دەپ بىر ئىنىم بار،
سۆزلەپ بېرەي مەن سىزگە.
يۈرەر پاكىز ھەم رەتلىك،
ياقار قىلىقى بىزگە.
تېخى مەكتەپ كۆرمىگەن،
ئەمدى كىردى ئالتىگە.
تاپشۇرۇلسا بىرەر ئىش،
قالدۇرمايدۇ ئەتىگە.»

دەپ كىچىك دوست ئەخمەتنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، قۇلىقى يۇمشاق، قىلىقى تاتلىق، مىجەزى يېقىملىق، قىياپىتى ئوماق بىر خىل خاسلىق ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلەنسە، كەينىدىنلا:

«قىرنداشنى چىڭ تۇتۇپ،
ئولتۇرۇشى بىر ئەپلىك.
ھەرپ، رەقەم ئۆگەنسە،
يېزىپ چىقار بەك رەتلىك.
كېلىپ زوقۇم ئۇنىڭغا،
دېسەم نېمە بولىسەن.
شەپكىسىنى تۈزەپ ئۇ،
دەيدۇ ئەسكەر بولىمەن.»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئەخمەتنىڭ زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى، دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىغان غايىۋى ئارزۇسى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە چوڭلار بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە زور پەرق بولغىنىغا ئوخشاش، ئوقۇۋاتقان بالىلار بىلەن مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇئەييەن پەرق بولىدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئارزۇسى، پىكىر يۈرگۈزۈش، چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، پەرق ئېتىشىدە خېلى ئىلگىرىلەش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا، غايىۋى دۇنياسىدا ئالىم، ئىنژېنېر، ئاگرونوم، دوختۇر، يازغۇچى، لېيۇتچىك بولۇش ئىشتىياقى قوزغىلىدۇ. لېكىن، ، مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن بالىلار بۇنداق ئىشلارنى تېخى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

راستچىللىق ۋە ئىخلاسىنىڭ
ئەجرىدۇر تەر دېگەن.
تەر تۆكۈشتىن قورققانغا،
ئىززەت ـ ھۆرمەت نەدىكەن.
ئوغلۇم كىچىك بولساڭمۇ،
ھەرىكەتلىرىڭ جايىدا.



پاراستىڭ، زېھنىڭدىن،
تاڭ قالىمەن گاھىدا.
ئوقۇشلىرىڭ بەك ياخشى،
ھەتتا ئىشىڭ، قىلىقىڭ.
شۇڭا يىگىت دېمەسكە،
قانداق چىدايدۇ دىلىم.»
(«ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا» دىن)

مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، كىشىلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، زېھنىي كۈچى، ئويلاش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ يېشى، جىسمانىي جەھەتتىكى پەرقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. دەرۋەقە «بالا» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «يىگىت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى پەرق بار. چۈنكى، «بالا» دېگەن ئۇقۇم پەقەت بالىغىلا قارىتىلغان. «يىگىت» دېگەن ئۇقۇمغا كەلسەك ئۇ، بالىلىق دەۋرىدىن ئۆتكەن ياشلارغا قارىتىلغان. دېمەك، يۇقىرىقى «ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا» ناملىق شېئىردا شائىر دادىنىڭ بالىسىنى قايسى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «يىگىت» قاتارىغا كىرگۈزگەنلىكى، بالا بولسا: «مەن تېخى بالا تۇرسام، نېمە ئۈچۈن يوغان ئادەملەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىم؟!» دەپ دادىسىغا سوئال قويۇپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت تۈگۈننى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يېشىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ بالا ياش جەھەتتە ئەمەس، ئەقىل جەھەتتە «يىگىت» لىك دەرىجىسىگە يېتىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە شائىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتىنىڭ ئەقىل جەھەتتىن يېتىلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «يىگىت» دېگەن ئۇقۇمنى ئوبرازلىق مەنىدە قوللانغان.

بىۋاستە بالىلار تىلىدا يېزىلغان شېئىرلاردا بولسۇن ياكى بالىلارغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرلار بولسۇن، پىكىر،

ھېسسىيات بولىدۇ. بەزىلىرىدە كونكرېت تەپسىلاتلار تەسۋىرى ھەتتا سۈزۈتمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ قانداق ئىپادىلىنىشى بالىلارنىڭ سەۋىيىسى، بىلىم ئىقتىدارى بىلەن چەكلىنىدۇ. بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئەمەل قىلىنمىغاندا، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بالىلار ئەدەبىياتىغا كىرمەيدۇ. ئىشلىتىلگەن تىلىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق، گۈزەل، ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ باغلىنىشلىق بولۇشى، مەزمۇنىنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلىنىشى، ھېسسىياتنىڭ تەسىرلىك ئىزھار قىلىنىشى قاتارلىقلار ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەممىسىگە قويۇلىدىغان ئورتاق تەلەپ، بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

بالىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىپ، پاك قەلبىگە بۇ روھنى سىڭدۈرۈشمۇ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىننىڭ بالىلار شېئىرلىرىدا ۋەتەن، ئانا يۇرت مەدھىيىلەنگەن شېئىرلارمۇ خېلى بار. ئۇ «ۋەتەن ھەققىدە قوشاق» ناملىق شېئىرىدا:

«بىزنىڭ ۋەتەن جۇڭخۇانىڭ
پەسلى دائىم گۈل - چىمەن.
شەرىپىنى - مېھرىنى،
مەدھىيىلەيمەن زوق بىلەن.
ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقى
ئۈنۈپ بويلاپ سوزۇلغان.
خەلقى باتۇر ئەمگەكچان،
دۇنياغا تونۇلغان.»



دەپ دەۋرىمىز بالىلىرىنىڭ ۋەتەن - خەلققە ۋە ۋەتىنىنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى ھەم ئەۋزەل شارائىتىغا بولغان مۇھەببىتى چەكسىز سۆيۈنۈشى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن.

«نۇرلۇق قۇياشلىق قۇچىقىڭدا،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدى قەلبىم.
ئازاد - ئاۋات ھۆر قوينۇڭدا،
ئۆسمەكتىمەن ئېلىپ تەلىم.
ئۆرلە ۋەتەن، يۈكسەل يەنە،
ھەر بىر غەلىبە بەختىم مېنىڭ.
ئەلا ئوقۇپ سېنىڭ ئۈچۈن،
تۆھپە قوشۇش ئەھدىم مېنىڭ.»
(«ئۇلۇغ ۋەتەن» دىن)

كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى قانچىلىك چوڭقۇر بولىدىكەن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىمۇ شۇنداق كۈچلۈك بولىدۇ. يۇقىرىدىكى مىسرالاردا شائىر ئازاد زامان، بەختىيار ھايات قۇچىقىدا ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلب قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ھېسسىياتى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تۆھپىكارلاردىن بولۇش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلاردىن كۈتكەن ئۈمىدى، تىلىكىنى بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىلارغا بولغان مۇھەببىتىنى، ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەشمۇ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. بۇ نۇقتىنى بىز شائىرنىڭ «مېھرىبان ئانا» دېگەن شېئىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇنىڭدا:

«قەلبىڭ كۇندەك ئىللىق، ئىسسىق،
مېھرىبانىم، جېنىم ئانا.
سېنى دېسەم ئۆركەش ياساپ،
ئاقار دىلدىن مېھرىم ساڭا.
جان كۆيدۇرۇپ باقتىڭ مېنى،
ئۆستۇم ساغلام يىلدىن يىلغا.
گۇزەل ھايات ئارزۇسىنى
چىراغ قىلىپ ياقتىڭ دىلغا.
ھايات ماڭا قۇچاق ئاچتى،
قارا، بالاڭ سەپتە مانا.
ئەھدىم: ياشلىق باھارىمنى،
تەقدىم قىلىش ئەلگە ئانا.»

دەپ ئانا قەلبىنى چۇشەنگەن، ئانا قەدرىگە يەتكەن بالىلارنىڭ ئانىغا بولغان مۇھەببىتى، ئانا ئالدىدىكى ئەھدى ئىزھار قىلىنغان.

ئاتاقلىق بالىلار شائىرى تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن شېئىرلىرىدا يەنە مەلۇم سۇژىت بىلەن يېزىلغان شېئىرلارمۇ خېلى ئۇچرايدۇ. بۇلار «رۇستەمنىڭ بىر كۇنى»، «خەت»، «تۇنجىسى ۋە كەنجىسى»، «جاسارەت ناخشىسى»، «رەھمەت سىزگە پىئونېر» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «رەھمەت سىزگە پىئونېر» دە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ.

كۇن ئۇپۇققا باش قويغان مەزگىل. مەكتەپتىن كەچرەك يېنىپ، مەنزىرىسى كۆركەم ئورمانلىق ئارىسىدىكى مەھەللىنى ئارىلاپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقان پىئونېر قىز ھۆرىخان يولدىن بىر پورتماننى تېپىۋالىدۇ. ئۇنى قولىغا ئېلىپ، بۇنىڭ ئىگىسى كىم بولغىيدى، شۇ تاپتا ئۇ راسا تىت - تىت بولۇۋاتقاندۇ - ھە؟!



بىر دەم كۇتەي، بەلكىم ئىزدەپ كېلىپمۇ قالار، دەپ ئويلاپ خېلى ۋاقىتقىچە ساقلايدۇ. لېكىن ھېچقانداق ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۇنمەيدۇ. قاراڭغۇ چۇشكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە كېلىپ بۇ ئەھۋالنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۆيدىكىلەر پورتماننى ئېچىپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن نەق پۇل، بېلەت، ھۆججەت قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدۇ. ئانىسى: «بالام! بۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلماقچىسەن؟» دەپ سورىغاندا قىز دەرھال: «ئەتە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ، بېرىشىم كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەتىسى ئۇ مەكتەپكە بېرىپلا پورتماننى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىگىسى كېلىپ يىتتۇرۇپ قويغان پورتماننى ساق - سالامەت تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە ھۆرىخانغا رەھمەت ئېيتىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا بالىلار ئوقۇغان ھامان ئېسىدە تۇتۇپ ئالالايدىغان كىچىككىنە ۋەقەنى تۇز لىنىيە بويىچە قانات يايدۇرۇپ بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلگىلىك پىئونېر ھۆرىخاننىڭ خاراكتېرىگە مۇجەسسەملەنگەن دەۋرىمىز بالىلىرىغا خاس ئالىيجاناب خىسلەتنى مەدھىيىلىگەن.

بالىلارنى ئەمگەكنى سۆيۇشكە، ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەشكە يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا خەلقنىڭ ئەمگەكچانلىق روھىنى چېچەكلىتىشمۇ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسىدۇر. «پەرىدە» ناملىق ئېپىك شېئىر مانا شۇنداق تېمىدا يېزىلغان.

بالىلار ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەردە بالىلار تۇرمۇشىدىكى ئىجابىي نەرسىلەر ياكى ئىجابىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيىلەشكە كۆڭۇل بۆلۇپلا قالماستىن يەنە بالىلار تۇرمۇشى ياكى ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىدىكى بولمىغۇر قىلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش، تەنقىدلەش يولى بىلەن ئۇلارنى يامان ئىش، ناچار ئىللەتتىن يىرگەندۇرۇش ئارقىلىقمۇ

تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بىۋاسىتە بالىلار قەلبى بىلەن باغلانغان شائىر قەلىمىدىن تۆرەلگەن «تۇگمىنىڭ زارى»، «سىيىت ئۇيالدى»، «ئېيتىڭلارچۇ؟ توغرىمۇ»، «ياردەم»، «غۇۋا» قاتارلىق شېئىرلار ئاشۇنداق مۇددىئادا يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىمكى، چوڭلارنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىگە تەدبىقلاپ يېزىلغان پاش قىلىش، تەنقىدلەش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر بىلەن بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەرلەر مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ. يەنى چوڭلار ئۈچۈن يېزىلغان بۇنداق شېئىرلاردا تىل ناھايىتى ئۆتكۈر، ئاچچىق ھەم كىنايىلىك بولىدۇ. ئەسەرنىڭ پاش قىلىش خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. بالىلارغا بېغىشلاپ يېزىلغان بۇنداق خاراكتېردىكى شېئىرلاردا بولسا، راۋان، چۈشىنىشلىك بولغان بالىلار تىلى ئارقىلىق ساقلانغان، سادىر بولغان مەسىلىنىڭ ئۆزى پاش قىلىنىدۇ، تەنقىد قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى، تۈزىتىش ئۇسۇللىرى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پېشقەدەم بالىلار شائىرى تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنىڭ قەدىرلىشىمىزگە، مۇناسىپ باھا بېرىشىمىزگە ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.



# چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە

ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا نەزەر تاشلىساق، ئۆزىنىڭ باي تەسەۋۋۇرى، ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر قۇدرىتى، ئاجايىپ بەدىئىي تالانتى بىلەن ھەرقايسى ئەللەر ۋە مىللەتلەر ئىچىدە كەڭ تەسىرگە ئىگە قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ ۋە ئۇنىڭ جاھان جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن قىزغىن ئالقىشلىنىپ كېلىۋاتقان ئەسەرلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە كەم ئۇچرايدىغان ھەقىقىي تالانت ئىگىسى، زامانىمىزدىكى دۇنيا خاراكتېرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىنىڭ ھارماس چەۋەندازى، ئاجايىپ تىل سەنئەتكارى چىڭغىز ئايتماتوۋ 1928 - يىلى 12 - دېكابىردا قىرغىزىستاننىڭ تالاس ۋادىسى شېكەر ئاۋۇلىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىلا دائىم رۇس باللىرى بىلەن بىللە ئويناپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكۈچە، رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. چىڭغىزنىڭ چوڭ ئانىسى ئايىمقان ۋە ھامىمىسى قاراقىز ئايتماتوۋا ئۆز زامانىدا ھېكايە، چۆچەك، ئەپسانە، رىۋايەت، خەلق قوشاقلىرىنى ساقلىغۇچى، باشقىلارغا تارقاتقۇچى ئۇستا ماھىرلاردىن ئىدى. ئۇلار قىرغىز خەلقىنىڭ ئېسىل

ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەسىراتلىرىنى چىڭغىزنىڭ سەبىي قەلبىگە سىڭدۈرگەن. بۇنداق ياخشى ئەدەبىي مۇھىت چىڭغىزنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىياتقا نىسبەتەن قىزىقىش، سۆيۈنۈش ھەۋىسىنى قوزغىغان.

چىڭغىزنىڭ ئۆز دادىسى تۆيقۇل 1937 ـ يىلى چېكىدىن ئاشقان سولچىل ھەرىكەت تۈپەيلىدىن، تۈرلۈك بەتنام چاپلىنىپ باستۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا قاراقىز چىڭغىزغا پاناھ بولۇپ، بېشىنى سىلاپ، يار ـ يۆلەكتە بولغان. بۇنىڭ بىلەن چىڭغىز ئاۋۋال قىرغىز، ئاندىن رۇس باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان.

كىچىك چىغىدىلا پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ بىلىم ئېلىشقا كىرىشكەن زېرەك، جاسارەتلىك ۋە ئىرادىلىك ئۆسمۈر چىڭغىز مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئەدەبىياتقا، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس قىلىش ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. 1941 ـ يىلى فاشىزمغا قارشى ۋەتەن ئۇرۇشى باشلىنىپ كېتىپ مەكتەپلەر تارقىلىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە چىڭغىز ئايتماتوۋ 1942 ـ يىلى ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي شېكەرگە يەنە قايتىپ كېلىدۇ. ئاۋۇلدىكى ياش باللار ئارىسىدا مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان چىڭغىز ئۇرۇشنىڭ ئېغىر ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئارقا سەپتىكىلەرنىڭ ئەمگەك كۈنىنى خاتىرىلىگۈچى، باجگىر، تراكتور ئەترىتىنىڭ ئىستانوكچىسى، رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قانلىق ئۇرۇش توختىشى بىلەن تەڭ، ئۇ ئوقۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ. چىڭغىز 1946 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، جامبولدىكى مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. تېخنىكومنى ئەلا



نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1948 ـ يىلى قىرغىزىستان مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1953 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۈچ يىل مال دوختۇرى، چارۋىچىلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبە فېرمىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1956 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغا قەدەر چىڭغىز ئايتماتوۋ خىزمەتتىن ئايرىلىپ موسكۋادىكى ماكسىم گوركى نامىدىكى سابىق س س س ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كۇرستا ئىككى يىل ئوقۇيدۇ. كېيىن، قىرغىزىستانغا قايتىپ كېلىپ، «قىرغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، «پراۋدا» گېزىتىنىڭ قىرغىزىستاندا تۇرۇشلۇق مۇخبىرى بولۇپ بەش يىل ئىشلەيدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئاخباراتچىلىق، ژۇرنالىست ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشنىڭ ئوڭۇشلۇق شەرتىنى يارىتىپ مەخسۇسلاشقان يازغۇچىلىق مۇنبىرىگە چىقىدۇ.

چىڭغىزنىڭ تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپلەردە ئۆگەنگەن بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي ۋە تەبئىي پەن بىلىملىرى ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ نازۇك سىرلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇرەككەپ قانۇنىيەتلىرىنى، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ ئىگىلىشىگە، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلىشىگە كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، تارىخ، پەلسەپە، ئۆرپ ـ ئادەت، دىن، جۇغراپىيە، قانۇن ـ تۈزۈم، پسىخولوگىيە ۋە باشقا تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك قامۇس «ماناس» نى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە قازاق خەلقىنىڭ

ئۇلۇغ يازغۇچىسى مۇختەر ئەۋېزوۋنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا تەلىم ئالدۇ. شۇڭا ماناس داستانى ۋە مۇختەر ئەۋېزوۋ ئۇنىڭ «ئىككى گۆھىرى» بولۇپ قالدۇ. بېيجىڭ داشۆسى رۇس تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇتەخەسسىسى فېڭ جيا «جەمىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە» ناملىق تەتقىقات ماقالىسىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى «دەل مۇشۇ 30 ياشتىكى قىرغىز يازغۇچىسىنى ئەڭ دەسلەپ بايقىغان ۋە ئۇنى تونۇغان كىشى لېنىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «مۇختەر ئەۋېزوۋ بولدى دەپ كۆرسەتكەندى، دېگەندەك مەشھۇر قازاق يازغۇچى مۇختەر ئەۋېزۇۋ ئەينى ۋاقىتتا چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «جەمىلە» ناملىق پوۋېستى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، «ئاقيول تىلەيمەن» ناملىق ماقالىسىنى رۇس تىلىدا يېزىپ، ئۇنى «سوۋېت ئەدەبىياتى گېزىتى» نىڭ 1958 - يىل 12 - ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلغانىدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدە چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ پوۋېستىنى يۇقىرى باھالاپ «بۇ ئەسەر قىرغىز پروزىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇۋەپپەقىيىتى» دېگەن. كېيىن بۇ پوۋېست يازغۇچىنىڭ «تاغ ۋە دالا ھېكايىلىرى» ناملىق توپلىمى بىلەن بىللە 1963 - يىلى لېنىن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە «ئاق پاراخوت» ناملىق پوۋېستى كىنو سىنارىيىسىگە ئۆزگەرتىپ ئىشلىنىپ، 1976 - يىلى موسكۋادا كىنو بايرىمى باش مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولدى.

تالانتلىق يازغۇچى چىڭغىزنىڭ يېتىلىش جەريانى، ماڭغان يولى، ئىجادىيەت پائالىيىتى ھەققەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. گەرچە ئايتماتوۋنىڭ مەخسۇس ئوقۇغان، ئىگىلىگەن نەرسىلىرى كۆپرەك چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىكى كەسپىگە دائىر بىلىملەر بولسىمۇ، ئەسلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ



قەلبىگە سىڭگەن، ئالدىغا قويغان ئارزۇسى «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ئاساسلىق ئەقىل كۈچىنى ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەرپ قىلدى.

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئەسەرلىرى 1952 - يىلىدىن تارتىپ گېزىت - ژۇرناللاردا جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىغان. شۇ مەزگىللەردە رۇس تىلىدا يازغان «ھاشىم»، «ئالغا باسماقتىمىز» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە ئاددىي 8 تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى ئارقىلىق قىرغىز چارۋىچىلىرىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، قائىدە - يوسۇنلىرىنى تەسۋىرلىگەن. چىڭغىز ئايتماتوۋ پروزا ئەسەرلىرىدىن باشقا، شېئىر، دراما، نەسىر، كىنو سىنارىيىسى قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ يازغان، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازانغان. ئۇنىڭ ئىچىدە پوۋېست ئىجادىيىتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بىرمۇنچە ياخشى پوۋېست، ھېكايىلەرنى يازدى. 1956 - يىلى يازغان «ئاسما كۆۋرۈك»، 1957 - يىلى يازغان «يۈزمۇيۈز» پوۋېستىنىڭ ۋەقەلىكى ئاساسەن ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى تېمىسىن تاللانغان. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە جامائەتچىلىك ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېھنىي كۈچىنى، ئىجادچانلىق روھىنى، بەدىئىي ماھارىتىنى نامايان قىلدى. گەرچە «يۈزمۇيۈز» ناملىق پوۋېستتا توقۇلمىغا كۆپرەك ئورۇن بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى رېئالىستىك ئۇسۇل بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئاشكارىلىدى. يازغۇچىنىڭ «جەمىلە» ناملىق پوۋېستى 1958 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر دەسلەپ قىرغىزىستاندا «ئەۋەن» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنغانىدى.

كېيىن، بۇ پوۋېست ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان چاغدىمۇ بۇ نام ئۆزگەرتىلمەي ئەينەن ئېلىنغان. بىراق، رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا «ئەۋەن» دېگەن بۇ سۆز رۇس تىلىدا يېقىملىق مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بولغاچقا، «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى مۇھەررىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە پوۋېستنىڭ نامى «جەمىلە» گە ئۆزگەرتىلگەن.

«جەمىلە» چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ تۇنجى قېتىم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر قوزغىغان ئەسىرىدۇر. پوۋېستتا يازغۇچى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئىشق - مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇن - نازۇك سىرلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاشكارىلاپ، روشەن خاسلىققا ئىگە تىپىك پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ يارقىن ئىچكى ئالامەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

«جەمىلە» ناملىق پوۋېستنىڭ ئۇسلۇبى يېڭى، ئىجادىي، شوخ، تىلى خۇددى شېئىرىي ئەسەرگە ئوخشاش، سۇژىت لىنىيىسى قىزىقارلىق.

چىڭغىز ئايتماتوۋ 1960 - يىلى «سەۋرى قامەتلىك دىلبىرىم»، 1961 - يىلى «بوتا كۆز»، 1962 - يىلى «بىرىنچى مۇئەللىم»، 1963 - يىلى «يەر - ئانا»، 1966 - يىلى «ئەلۋىدا گۈلسارە» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «يەر - ئانا» ناملىق پوۋېستتا ئاددىي ئادەملەرنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، پسىخىك ھالىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇنداقلا يازغۇچى بۇ ئەسەردە ئانا ئوبرازىغا يىغىنچاقلاپ قىرغىز خەلقىنىڭ ئەمگەك سۆيەر خىسلىتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كونكرېت تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى بايانى بىلەن، ھېسسىياتنى گىرەلەشتۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىپادىلىگەن.



يازغۇچى «بىرىنچى مۇئەللىم» دېگەن پوۋېستىدا، پېرسوناژلارنى يەككە - يېگانە ئوتتۇرىغا چىقارماستىن، ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ، بۇ پوۋېست كىتابخانىلارغا قىرغىز خەلقىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات، سىستېمىلىق چۈشەنچە بېرىدىغان ياخشى بىر بەدىئىي ھۆججەتلىك قىممەتكە ئىگە.

چىڭغىز ئايتماتوۋ 1970 - يىلغا كەلگەندە «ئاق پاراخوت» (دەسلەپتە «تەقلىدىي چۆچەكلەر» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىنغان)، 1977 - يىلى «دېڭىز ياقىلاپ يۈگۈرگەن ئالا ئىت»، «سەھەردىكى ئاق تۇرنا» قاتارلىق پوۋېستلىرىنى يېزىپ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى.

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «ئاق پاراخوت» ناملىق پوۋېستى تەسىرى چوڭ، خېرىدارى كۆپ بولغان ئەسەرلەرنىڭ بىرىدۇر.

يازغۇچى بۇ مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىش داۋامىدا خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خىلمۇخىللىققا ئىگە ئەنئەنىۋى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن كەڭ، ئەتراپلىق، ئىجادىي يوسۇندا پايدىلانغان. ئۇ بارلىق ماھارىتىنى ئىشلىتىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى رېئاللىقىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ناتوغرا ئىستىل، ناچار ئىللەتلەرنى، پاسسىپ، قالاق كۈچلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان؛ ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئاددىي خەلقنىڭ تەقدىرىگە كۈچلۈك ھېسداشلىق قىلغان. «ئاق پاراخوت» ئېلان قىلىنىش بىلەن تەڭلا جامائەتچىلىك يازغۇچىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە قىلىدۇ، كەينى - كەينىدىن خەت يېزىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر بوۋاي چىڭغىزغا خەت يېزىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىزنىڭ ‹ئاق پاراخوت› دېگەن پوۋېستىڭىزدا تىلغا ئېلىنغان مۆمىن بوۋاي بولىمەن، 84 ياشقا

كىردىم، پوۋېستىڭىزدا تەسۋىرلەنگەن سىنتاش جىلغىسىدا ياشايمەن. راستلا ئۆمۈر بويى ئورمان مەيدانىدا ئىشلەپ كەلدىم. سىز نەپرەتلىنىدىغان ھېلىقى ئادەم تا ھازىرغىچە مېنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. ھېلىقى ئوغۇل بالا، يەنى مېنىڭ نەۋرەم ھېچقاچان سۇغا چۆكۈپ ئۆلگەن ئەمەس . . .» بوۋاينىڭ سۆزىدىن قارىغاندا، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكلەر بىزگە رېئال تۇرمۇشتا بار بولغان ھەقىقىي ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، يازغۇچى بوۋاي دەۋاتقان يەرگە زادىلا بېرىپ باققان ئەمەس. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقى تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ئۆزى ھەم ئۆزى ئەمەس، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار بىزگە تونۇش ھەم ناتونۇش ئادەملەردۇر. شۇڭا، «ئاق پاراخوت» ناملىق پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن بوۋاي ئاشۇ سىنتاش جىلغىسىدا ياشىغان بوۋايغا ھەم ئوخشايدۇ، ھەم ئوخشىمايدۇ، جۈملىدىن ئۇنىڭ نەۋرىسىمۇ شۇنداق. ئوخشايدىغان تەرىپى تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئۆزىدىن مەركەزلەشتۈرۈپ ئېلىنغانلىقىدا، ئوخشىمايدىغان تەرىپى ئۇنىڭدا بەدىئىي توقۇلما بولغانلىقىدۇر. ئەرمەنىستانلىق بىر ئەدەبىي ئوبزورچى گ. ئاتران چىڭغىز ئايتماتوۋنى زىيارەت قىلغان چاغدا: «ئەسەرلىرىڭىزدىكى پېرسوناژلار راست بار ئادەملەرمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئايتماتوۋ: «ياق، مېنىڭ ئەسەرلىرىمدىكى قەھرىمانلارنىڭ راست ئۆلگىسى يوق، لېكىن قىزىقى، كىشىلەرنى راست شۇنداق ئادەملەر بار ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. ئەسەر كەڭ تارقالغان ھامان باش قەھرىمانىم دەرھاللا ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئۆلگىسىنى تېپىۋالىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ چىنلىقى ۋە تەسىرچانلىقى چىنلىقتىن كېلىدىغانلىقىنى



ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومان چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان بۈيۈك ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان قىرغىز ئەدەبىياتىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى زامانىمىزدىكى دۇنيا ئەدەبىيات قاتارىدىنمۇ مۇناسىپ ئورۇن ئىگىلىگەن. بۇ رومان 1980 - يىلى يېزىلغان. يازغۇچى بۇ تۈنجى رومانىنى يېزىش ئۈچۈن پەقەت بەش ئايلا ۋاقىت سەرپ قىلغان، لېكىن كىشىلەر ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقىغا قاراپ: دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە نەزىرى چۈشكەن شۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قانداق يېزىپ بولغاندۇ دېگەن ئويغا كېلىشى مۇمكىن، يازغۇچى ئۆزىنىڭ كونكرېت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «شۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىمەنكى، مېنىڭ خىزمەت ئەھۋالىم تولىمۇ تۇراقسىز، ھەمىشە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېزىقچىلىقتا بېسىپ ئولتۇرالماي قالىمەن، لېكىن ئىمكانىيىتىم بولسىلا، ھەتتا بىر مىنۇت ۋاقتىمنى، پۈتۈن زېھنىمنى يېزىقچىلىققا بېرىمەن. ھېلىقى رومانىمنى («ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» نى دېمەكچى) يازغان ۋاقتىمدا ئەھۋال شۇنداق بولدى . . . ئەمەلىيەتتە بۇ رومانىنى يېزىشىمغا ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمىدى. 1979 - يىل 12 - ئايدىن 1980 - يىل 4 - ئايغىچە يېزىپ بولدۇم. ئىشقىلىپ تاماق ۋە ئۇخلاشتىن باشقا ۋاقتىمنىڭ ھەممىسىدە توختىماي يازدىم، ھەر كۈنى يازدىم» دېگەن. بۇ پاكىت يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قىلىشتا تېز، يېزىشتا تېز ئاجايىپ ماھارەتلىك تىل سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دە، يازغۇچى ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتىدا، ماكسىم گوركىدىن كېيىن، ئىشچىلار

ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ پارلاق ئۈلگىسىنى يەنە بىر قېتىم تىكلەپ بەردى ھەم ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشنىڭ يولىنى ئاچتى.

چىڭغىز ئايتماتوۋ بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدا يېڭىچە ئۇسلۇب قوللىنىپ، يېڭىچە يول تېپىپ، ۋەقەلىكلەرنى ئىخچام، مەزمۇنلۇق، ھېسسىياتلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» دە يازغۇچى، تارىخىي ئادەملەرنىڭ ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كەلگۈسى دۇنيا ئادەملىرىنىڭ فانتازىيىلىك ئوبرازىنىمۇ ياراتتى. كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق، مۇكەممەللىك، سىستېمىلىق، يىغىنچاقلىق، غايىۋىلىك، بەدىئىيلىك، يېڭىلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. رومان كىشىلەرنى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە، بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسى دۇنيا ھەققىدە، ئىنسانلارنىڭ دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن تەقدىرى ھەققىدە ئويلىنىشقا، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

رومانىنى ئوقۇغان كىتابخانلار ئەسەرنىڭ سۇژېت تەرەققىياتى لىنىيىسىنى بويلاپ تارىخنى، ھازىرقى زامانىنى، كەلگۈسىنى ئارىلايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا تارىختا ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ پاجىئەسى، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ پاجىئەسى ۋە تەقدىرى، كەلگۈسى دۇنيا كىشىلىرىنىڭ ئىستىقبالى كېلىدۇ.

ئايتماتوۋنىڭ ئىككىنچى رومانى — «قىيامەت». بۇ ئەسەر 1986 - يىلى نەشر قىلىنغان. يازغۇچى بۇ رومانىدا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، ھايات - ماماتلىق كۈرىشىنى پسىخولوگىيىلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلى بىلەن



ئاشكارىلايدۇ. ئايتماتوۋ ئەسەرنى يېزىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا ئىجتىمائىي رېئاللىقنى، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، يېڭى يۈزلىنىشلەرنى سەگەكلىك بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىشتىن تاشقىرى، يەر شارىدا بولۇۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگىمۇ نەزەر تاشلايدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىلا كۆزىتىپ قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسىنىمۇ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ كۆزىتىدۇ. «قىيامەت» رومانىدا ئىنسانلار دۇنياسىنىڭ تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلار دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلار دۇنياسىنى قوغداشتىكى مەجبۇرىيىتى تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يازغۇچى بۇ ئەسەردە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى تەسۋىرلەش يولى بىلەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تۈزۈمى، ياشلار مەسىلىسى، ئەخلاق - پەزىلەت مەسىلىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، ھايۋاناتلارغا بولغان تونۇشى، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىك ئۈستىدىكى تىركىشىشلىرىنى قىزىقارلىق بايان قىلغان. بۇ رومان جاھان جامائەتچىلىكى ئارىسىدا ئىنسانىيەتنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، زامانىمىزدىكى يازغۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقىرىلىدى، دېگەن سادانى پەيدا قىلدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «كىتابلارغا باھا گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى 1988 - يىلىنىڭ بېشىدا كىتابخانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك رايىنى سىناپ كۆرگەندە، ئۇلار بۇ رومانغا 1986 - يىل نەشر قىلىنغان رومانلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى چىققان كىتابلارنىڭ بىرى دەپ باھا بەرگەن.

1988 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، يازغۇچىنىڭ ئۈچىنچى رومانى

«قار ئاستىدىكى ئىلاھىي ئانا» رۇس، قىرغىز تىللىرىدا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يۇقىرىقىلار چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىي ماھارىتى ۋايىغا يەتكەن مەزگىلدە ياخشى پوۋېستلارنى يېزىشتىن ياخشى رومانلارنى يېزىشقا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئايتماتوۋ 40 يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىجادىيەت سەپىرىدە 12 پوۋېست، ئۈچ رومان، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ھېكايە، نەسىر، ئىلمىي مۇلاھىزە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 150 نەچچە پارچە ئەسەرنى كىتابخانىلارغا تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانىلار چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنى ئېكرانلاردا، سەھنىلەردە بىۋاسىتە، تەكرار، بىمالال كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئايتماتوۋنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى جەريانى ئۇستىدە ئىزدەنگەن ۋاقتىمىزدا شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئۇ تەربىيىلىنىش، بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، قەلەمنى پۇختا پىشۇرۇش، ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش، ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر كۈچى بىلەن قەدەممۇ قەدەم ئۆرلەش ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ، تېز سۈرئەتتە دۇنيا ئەدەبىياتى سەھنىسىگە چىققان يازغۇچى. ئۇنىڭ 50 - يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە كۆپرەك ئادەتتىكى پارچە - پۇرات تۇرمۇش تېمىلىرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن. بۇ مەزگىل يازغۇچىنىڭ يېتىلىش، قاناتلىنىش دەۋرى بولۇپ، ئۇ قەلەم قۇۋۋىتىنى، زېھنىي كۈچىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە چېنىقتۇرۇپ يېتىلدۈرۈشكە قاراتتى. نەتىجىدە ئۇ كۆزلىگەن نىشانىغا دەسلەپكى قەدەمدە يېتىپ، «جەمىلە» ناملىق پوۋېستىنى يېزىش بىلەن ئۆز تالانتىنى نامايان قىلدى. 60 - يىللاردا يازغۇچى ئەخلاق - پەزىلەت، ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت



تېمىسىنى چۆرىدەپ، رېئاللىقنى رېئالىستىك ئۇسۇل بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە گىرەلەشتۈرۈپ، رومانتىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىنمۇ ئەپچىل پايدىلىنىپ كەلگۈسى رېئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈش يولى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى نۇرلاندۇردى. 70 - يىللاردا، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىگە ئۆتتى. ئۇ فانتازىيە بىلەن مىفولوگىيىنى، رېئالىزم بىلەن گۇمانىزمنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يۈرۈش قىلدى. 80 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، چىڭغىز ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رېئاللىق ۋە غايە ئۇستىدە پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، كىشىنى تەكرار ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى ئوبرازلارنى يارىتىشقا ئۆتتى. بۇ يازغۇچىنىڭ ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى كۆپ قاتلاملىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يازغۇچىنىڭ شانلىق بەدىئىي مۇۋەپپىقىيىتىنى مۇنداق بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1 . چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى يېڭى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىنى خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغان بوياقلار بىلەن زىننەتلەپ كۆرسىتىش جەھەتلەردە زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنى كىشىلەر تېخى قىياس قىلمىغان يەردىن باشلىنىپ، مۆلچەرلىمىگەن يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە قىرغىز

خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ قىرغىز ياشلىرىنىڭ يېقىملىق، مۇلايىم خىسلىتى، ۋاپادارلىقى، پاك مۇھەببىتى، يېڭىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى، غايىۋى ئىنتىلىشلىرى جانلىق، تەنتەنىلىك تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. دەرۋەقە، بۇنداق تېمىلاردا يازغان ئەسەرلەرنىڭ تەمى كىشىلەرگە باشقىچە تېتىيدۇ. شۇنداقلا ئۇ يالغۇز ئۆز دەۋرى، ئۆز ماكانى، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىدا ھەم مەۋجۇت بولۇۋاتقان رېئاللىقنى ۋە ئۇنىڭدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى يېزىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، تېما ئېقىنىنى ئەركىن بويلاپ، كىشىلەر قاتتىق دىققەت قىلىۋاتقان، ئارزۇ قىلىۋاتقان، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە تۈپ مەسىلەرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆز ئەسىرىگە بۇرىيالىدى. چىڭغىز ئايتماتوۋ ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇنداق ئۈچ مۇھىم تېمىنى يورۇتۇپ بەردى: (1) يازغۇچى بەزى ئەسەرلىرىدە ئىنسانلار ھاياتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن زور بولغان خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك مەسىلىلىرىنى يېشىپ مەدھىيىلىدى. (2) بەزى ئەسەرلىرىدە ئىنسانلار ئۈچۈن بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن قانلىق ئۇرۇشنىڭ جىنايەتلىرى، ئادىمىيلىك سۈپەتكە يات ياۋۇزلۇقلارنى چوڭقۇر پاش قىلىپ قامچىلىدى. (3) بەزى ئەسەرلىرىدە دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئورتاق ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولغان ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى، ئاتا ـ بالا، ئانا ـ بالا مۇناسىۋىتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار مۇناسىۋىتى، قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت، ئائىلە، ئىشقى ـ مۇھەببەت، نىكاھ، ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىق مەڭگۈلۈك تېمىلارنى ئاساس قىلىپ يېزىپ، كىتابخانىلارغا گۈزەللىك بەخش ئەتتى.

2. چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدە مىللىي تۈس، يەرلىك پۇراق ناھايىتى قويۇق، شۇڭا ئۇنى پېرسوناژلارنىڭ مىللىي



خاراكتېرىنى يارىتىشتا، ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا مىللىي ئالاھىدىلىك تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان گۈزەل نەقىشلىرىنى سىزىشتا قالتىس چېۋەر سەنئەتكار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئايتماتوۋ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارەت مەنبەسىنى، سەنئەت قارىشىنى ئۆز مىللىتىنىڭ قىممەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرى بايلىقىدىن تاپقان. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى شەكىل، ياخشى ئىپادىلەش ئۇلگىلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا ئۆرنەك قىلىپ، رىۋايەت، ئەپسانە، چۆچەك قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنىڭ بەدىئىيلىك ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان. بۇ خىل ئىجادىي روھ ئۇنىڭ «دېڭىز ياقىلاپ يۈرگەن ئالا ئىت»، «ئاق پاراخوت» ناملىق رومانىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

3. چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنىڭ ئالامەتلىرى پېرسوناژلارنىڭ لىرىك تۇيغۇسىنى جىلۋىلەندۈرۈپ ئاشكارىلاشتا كۆرۈلىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يارقىنلىقى ھېسسىيات بىلەن پىسخىك ھالەتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ كىشىلەرگە ئۆز ئەتراپىدا مەۋجۇت، رېئال تۇرمۇشتا بار ھەقىقىي ئادەملەردەك بولۇپ تۇيۇلۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

4. چىڭغىز ئايتماتوۋ خەلق تىلىغا تولىمۇ باي، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى مەنىدار، جانلىق، ئوبرازلىق. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە ئوقۇغان رۇس، قىرغىز كىتابخانىلىرىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى باشقا ھەر مىللەت كىتابخانىلىرىمۇ ئەسەرنىڭ تىلىنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى ئەسلىدە پىششىق تاللانغان بولغاچقا، باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان چاغدىمۇ شۇنداق ياخشى چىقىشى تۇرغان گەپ.

5 . چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىق، يارقىن غايىۋىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىنسانىيەت دۇنياسى، تەبىئەت دۇنياسى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار، رەڭدار گۈزەللىك تۇيغۇلىرى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى زامانىۋى ئاڭ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن. يازغۇچى رېئاللىقنى تار دائىرىدە ئەمەس، كەڭ دائىرىدە تۇرۇپ كۆزەتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىر مىللەت، بىر دۆلەتكە تەۋە كىشىلەردىن زامانىمىزدىكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى، ئورتاق ھاياتلىق مەنزىرىسىنى كۆرگىلى، چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇگۈنكى دەۋرىمىزدە، قايسى مىللەت ياكى قايسى دۆلەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن مەنىۋى كۈچ، ئىستېتىك زوق ئالغان ھەرقانداق كىتابخان ھازىرقى دۇنياغا، پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە نەزەر تاشلىماي قالمايدۇ.

ئۇمىدۋارلىق، تىرىشچانلىق، تەلەپچانلىق - كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنىڭ يادروسى، كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي نەتىجىلىرى ئوبيېكتىپ رېئاللىققا، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىققا ئايلىنىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى ئاشۇنداق جاپالىق ئىزدىنىشنىڭ، ئاجايىپ ئىجادچانلىق تالانتىنىڭ، بەدىئىي ماھارەتنىڭ مېۋىسىدۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چىڭغىز ئايتماتوۋ ئىككى خىل تىلدا ئەسەر يېزىپ، ئىككى مىللەت، ئىككى دۆلەت جامائەتچىلىكى ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ داڭ چىقاردى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى دۇنيادا 141 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، 100 گە يېقىن مەملىكەتتە نەشر قىلىنىپ



تارقىتىلغان، تىراژى 8 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ پاكىتلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ دۇنياۋى تەسىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كېڭەيگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ھەرقايسى مەملىكەتلەردىكى نوپۇزلۇق ئەدەبىي تەنقىدچىلار ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھالىرىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوۋ رۇس كىتابخانلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك تونۇشلۇق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان رۇس ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ زور. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قازاق ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ كۈچلۈك بولغان. ئۇ قازاقىستاندا خىزمەت قىلغان مەزگىللىرىدە، قازاق ئەدەبىياتى ئۇستىدىمۇ خېلى ئىزدەنگەن، بىرمۇنچە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ قازاق كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. چىڭغىز ئايتماتوۋ قازاق خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئۇلۇغ يازغۇچىسى مۇختەر ئەۋزوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈنۈپ ئوقۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ «ئۇزۇن زامان» ناملىق مەشھۇر پوۋېستىنىڭ قايتا نەشرىگە قازاق تىلىدا كىرىش سۆز يازغان. ئاتاقلىق فرانسۇز يازغۇچى لۇئى ئاراگون «جەمىلە» ناملىق پوۋېستىنى ئوقۇپ، چوڭقۇر ھاياجانلىنىپ، ئۇنىڭغا «دۇنيادىكى ئەڭ كۆركەم ئاشىق - مەشۇقلار قىسسىسى» دەپ باھا بەرگەن. بۇ پوۋېست 1959 - يىلى فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىنلا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىشقا باشلايدۇ، بۇ ئەسەر ھىندىستاندا 14 قېتىم، فرانسىيىدە يەتتە قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومان فرانسىيىدە ئارقا - ئارقىدىن تۆت قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. فرانسىيىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىسى جان ئېلبىرتىن ئۆزىنىڭ بۇ رومان ھەققىدە يازغان ماقالىسىدە:

«رومان دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا كەلگەن بۈيۈك نەمۇنىلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ رومانىنى ئوقۇش كېرەك، تەكرار ئوقۇش كېرەك . . . ئۇ كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ، ئوقۇغانسېرى كىشىنىڭ خۇمارى قانمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. يازغۇچىنىڭ «ئاق پاراخوت»، «سەھەردىكى ئاق تۇرنا» قاتارلىق پوۋېستلىرى، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت» ناملىق رومانلىرى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياپونىيە كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئايتماتوۋنىڭ ئىككى توملۇق تاللانما ئەسەرلىرى 1974 - يىلى بېرلىندا نېمىس تىلىدا، يەنە ئىككى توملۇق تاللانما ئەسەرلىرى 1976 - يىلى بۇلغارىيىنىڭ پايتەختى سوفىيىدە بۇلغار تىلىدا، تولۇق ئۈچ توملۇق ئەسەرلەر توپلىمى 1976 - يىلى ئىستامبولدا تۈرك تىلىدا نەشر قىلىنىدى. بۇلاردىن باشقا، «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن» ناملىق رومانى ئەنگلىيە، شۋېتسىيە، غەربىي گېرمانىيە ۋە شەرقىي گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەرجىمە قىلىنىدى.

چىڭغىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» ناملىق رومانى گېرمانىيىدە نەشر قىلىنىپ، گېرمانىيە كىتابخانلىرى ۋە ئوبزورچىلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ ئەسەر يەنە ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىپ ئامېرىكا جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ زور تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەرقايسى مەملىكەتتىكى كىتابخانلار، ئەدىبلەر، ئاخباراتچىلار، ئالىملارنىڭ ئورتاق دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ بىر يېڭى تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالغان. ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى تۆرىدىن



ئورۇن ئالغان مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، «شېكىسپىر ۋە ئايتماتوۋ»، «توۋاردوسكى ۋە ئايتماتوۋ»، «گوركى ۋە ئايتماتوۋ»، قاتارلىق تېمىلارغا مەركەزلەشكەن خەلقئارا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى مەزمۇنىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ سەككىز پارچە ئەسىرى خەلقئارا ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە پارىژدىكى ياۋروپا ئەدەبىيات، مائارىپ، مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، پۈتۈن دۇنيا پەن ۋە سەنئەت ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولۇشتەك بۈيۈك نامغا ئېرىشتى.

دېمەك، چىڭغىز ئايتماتوۋ زامانىمىزدىكى تەسىرى چوڭقۇر، ئىناۋىتى يۇقىرى دۇنياۋى يازغۇچىدىن بىرى. ھازىر قىرغىزىستان ئۇنىڭ نامى بىلەن خەلقئارالىق ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلدى. بۇ مۇكاپات ھەر يىلى تارقىتىلىدۇ. تۇنجى مۇكاپات ئايتماتوۋنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۇستازى مۇختەر ئەۋىزوۋغا بېرىلگەن.

چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى ئېلىمىز خەلقىنىڭمۇ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولماقتا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەملىكىتىمىزدە «شاڭخەي خەلق نەشرىياتى»، «بېيجىڭ يازغۇچىلار نەشرىياتى»، «بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى»، «بېيجىڭ شىنخۇا نەشرىياتى»، «خۇنەن نەشرىياتى»، «شىنجاڭ داشۆسى نەشرىياتى» ۋە «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق نەشرىيات ۋە ژۇرناللاردا خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىپ كەڭ تارقىتىلدى. ھازىر ئېلىمىزدە ئايتماتوۋنىڭ ئۈچ توملۇق ئەسەرلەر توپلىمى، ئۈچ رومانى، نۇرغۇن ھېكايە، ئىلمىي ماقالىلىرى، سۆھبەت خاتىرىلىرى «بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» قاتارلىق نەشرىياتلاردا، «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ

سەنئىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر كىتابخانىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يەنە «ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»، «قىيامەت» ناملىق رومانلىرى، «ئاق پاراخوت»، «ئەلۋىدا گۈلسارە»، «بىرىنچى مۇئەللىم» ناملىق پوۋېستلىرى ئېلىمىزدە قازاق، قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىندى.

ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار، ئەدەبىي ئوبزورچىلار چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن ماقالىلەرنىمۇ يازدى.



# يېڭىلىق، ئىجادىيلىق ھەقىقىي ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ

چىڭغىز ئايتماتوۋ: «مېنىڭچە، ھەقىقىي يازغۇچى تۇرمۇشنى مۇنداق ئىپادىلىشى لازىم: ئۇ ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى ئۆز قەلبى، ئۆز ھېسسىياتى ۋە ئۆز بىلىمى ئارقىلىق جەمئىيەتكە كۆز سالالايدىغان قىلىشى، ئۆز كۆز قارىشىغا كەلتۈرەلەيدىغان بولۇشى لازىم» دەيدۇ. بىزنىڭ ئابدۇراخمان قاھار مۇشۇنداق يازغۇچىلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇ تۇرمۇشنىڭ قاينىمىدا ئۈزۈپ، ئوچىقىدا تاۋلىنىپ پىشقان پېداگوگ ئۇستاز، يېڭىلىق، ئىجادىيلىققا باي ئىجاتكار. يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكەن ئۇزاق يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا تالاي - تالاي ياش ئەۋلادلارنى بىلىم بىلەن قاناتلاندۇرۇپ تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھايات ھەقىقىتىنى سۆزلەپ خەلقنى تەربىيىلىدى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ زەمزەم سۈيى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى. ئابدۇراخمان قاھار ئەسەرلىرى رېئال تۇرمۇشقا يېقىنلىقى، پىكىر ئورامىنىڭ مەنتىقىلىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقۇرىلىقى، مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، ھېسسىياتىنىڭ گۈزەللىكى، تىلىنىڭ جىلۋىدار، لىرىكىلىقى ۋە ئوبرازلىقلىقى بىلەن روشەن

خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ تەلەپچانلىق، جاسارەت بىلەن ئۆرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تالانتلىق ۋە تۆھپىكار ئىجادكارلارغا خاس كارامىتىنى كۆپ تەرەپتىن نامايان قىلغان.

1957 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئانا ۋەسىيىتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن پروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويغان ئابدۇراخمان قاھار ئون نەچچە يىل تىرىشىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن ھەپىلىشىپ «ھەسرەت»، «ئاچالدىكى جەڭ»، «كىچىك يول باشلىغۇچى»، «ۋاپا»، «سازەندە دېھقان»، «مۇنازا»، «ئاكا - ئۇكىلار»، «ئۈزۈك ۋە ياغلىق قىسسىسى»، «ئارزۇ»، «كېلىن»، «رۇستەم»، «ئىرادە» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ھېكايىسىنى ئېلان قىلدۇردى، «ئانا ۋەسىيىتى»، «ئەمەتھاجى»، «نەۋەئى ھەيكىلى ئالدىدا»، «كۆك تېرەك ئاستىدا» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

«رۇستەم» - ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي ئىستېمالىغا ئەپلىك، قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى جانلىق يېزىلغان ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان رۇستەم، دۇشمەن ئوفىتسېرى، يەنە ئىككى نەپەر قاراقچى ئەسكەردىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژ بار. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچكە بىر نىسبەتتىكى كۇرەش كەسكىن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش ئۇستىگە قۇرۇلغان.

روشەنكى، شېئىرلاردا ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە رام قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل - ھېسسىيات، شېئىرىي تۇيغۇ دېيىلسە، ھېكايىلەردە ئوقۇرمەنلەرنى ئالاھىدە مەپتۇن قىلىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ئامىل — ۋەقە. ۋەقە قانچىكى قىزىقارلىق بولسا، مۇقەررەر يوسۇندا ھېكايىمۇ شۇنداق تەسىرلىك چىقىدۇ. بۇنىڭغا «رۇستەم» ناملىق ھېكايىنىڭ



ئەمەلىيىتى پاكىت بولالايدۇ. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۇچلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۇرىشى تازا كەسكىنلەشكەن پەيتتە، نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ جەڭچىسى رۇستەم بىر قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشتا گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا چۇشۇپ قالىدۇ. ماشىنىدىكى رۇستەمنىڭ ئىككى قولى باغلاقلىق، ئىككى يېنىدا دۇشمەننىڭ يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقان قوراللىق ئىككى ئەسكىرى بار. قارىماققا، قۇتۇلۇشنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتى قالمىغان، ھەتتا ئۆلۈم ئاغزىغا يېقىنلاشقان شۇنداق خەتەرلىك شارائىتتا رۇستەمنىڭ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ياۋۇز دۇشمەن ئۇستىدىن غالىب كېلىشىنى كىم تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ؟! رۇستەم ھېچكىم قىياس قىلمىغان دۇشمەن قولىدىن قۇتۇلۇش بىلەن بىللە، دۇشمەننىڭ بىر ئوفىتسېرى ۋە ئىككى ئەسكىرىنىمۇ ئۆلتۇرىدۇ.

«رۇستەم» قۇرۇلما جەھەتتىن ئىخچام، مۇكەممەل يېزىلغان ھېكايە بولۇش بىلەن بىللە، شۇ بىر دەۋرنىڭ رېئاللىقىنى ئىپادىلىگەن، بولۇپمۇ قەھرىمان خەلقنىڭ زۇلۇمغا، قاراڭغۇلۇققا قارشى كۇرىشىنى، باتۇرانە روھىنى نامايان قىلغان جەسۇرلۇق داستانىدۇر. بۇ ھېكايە ھەقىقىي ھېكايە تۇسى، بەدىئىي خۇسۇسىيىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەۋەسكارلار ئۇچۇن ئۆرنەك بولالايدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇلغان پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇش ھەممە يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، بولۇپمۇ ھەجمى كىچىك ئەسەرلەردە پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش تېخىمۇ قىيىنغا چۇشىدۇ.

«ئەمەتھاجى» ناملىق ھېكايىدىكى ئەمەتھاجى ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا بولۇپ يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىدۇر. ئۇ ئىچكى دۇنياسى بەكمۇ ھەسرەتلىك، سىرلىق، تاشقى كۆرۇنۇشى

بىچارە، مىسكىن، تېگى - تەكتىنى چۈشىنىپ يېتىش تەس بولغان غەلىتە مىجەزلىك ئىنسان. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى، يۈرۈش - تۇرۇشى كىشىگە لۇشۇننىڭ قەلىمى ئاستىدىكى كۆڭ يىجى ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قانداق ھەيران قېلىشلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەتھاجى «پەيغەمبەر يېشىغا» كەلگىچە تىكەندەك يالغۇزچىلىقتا، بالا - چاقا، ئورۇق - تۇغقانسىز، دوست - بۇرادەرسىز، غەمكىنلىك، مۇساپىرچىلىق ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يارالمىشىدا ئىشچانلىق، چىدامچانلىقتىن ئىبارەت قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان خۇسۇسىيەتلەر، كىشىنىڭ رىزقىغا قول ئۇزارتمايدىغان ھالاللىقلار يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ھاراق ئىچەتتى، كۆڭلى ئېچىلغان چاغلاردا ئىلىنىڭ ئىشقى مۇھەببەت ناخشىلىرىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ مەھەللىنى تەۋرىتىۋېتەتتى. شۇڭا مەھەللىدىكىلەر: «ئەمەتھاجىنىڭ ئىككى ئاغىنىسى بار: بىرى ناخشا، بىرى ھاراق» دېيىشەتتى. ئاخىر ئەمەتھاجىنىڭ روھىي دۇنياسىغا يوشۇرۇنغان سىر ئۇ ۋاپات بولغاندا ساندۇقىدىن چىققان ئۈزۈك بىلەن بىر پارچە خەتتىن تولۇق ئاشكارىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ. ھېكايە ئەمەتھاجىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئويغا سالىدۇ ھەم ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇنداقلا ئاخىرىدا ئۇلارنى «ھېكايە مۇشۇنداق يېزىلىشى كېرەك» ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ.

يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار «كەچۈر مېنى، نازاكەت» ، «ئاشۇ يىللار» ، «ئادەملەر، ماڭا رەھىم قىلماڭلار» ، «چوغلۇق - تۇغلۇق» ، «ھەقىقىي ئىشلار يېزىلغان خاتىرە» قاتارلىق سەككىز پوۋېست يېزىپ، زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پوۋېستچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى



قوشتى. يازغۇچىنىڭ پوۋېستلىرى خېلى ۋەزنى بار، تەسىرى زور، خىللانغان مەنىۋى مەھسۇلاتلاردۇر. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلان قىلىنغان «كەچۈر مېنى نازاكەت» ناملىق پوۋېستى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئوقۇرمەنلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان مۇنەۋۋەر پوۋېستلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇملۇق.

پوۋېست ۋەقەلىكى ئۆزگىرىشچان ھالەتتە لىرىكىلىك بايان قىلىنغان. ۋەقەلىكنىڭ مۇقەددىمىسى قىشنىڭ شۇۋۇرغانلىق، سوغۇق بىر كۈنىدە ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارلا ياشايدىغان تاغ باغرىدا ئۇچرىشىشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئاچ بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كېلىپ، ھالىدىن كېتىپ چالا ئۆلۈك بولۇپ ياتقان يېتىم قىز — نازاكەتكە يېتىم ئوغۇل ئوۋچى يىگىت قۇددۇس يولۇقىدۇ. زورلۇق بىلەن ئۈچىنچى خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغان مەخسۇتبايغا قولىنىڭ ئۈچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان نازاكەت ئۆزىنى ئەجەلدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئاق كۆڭۈل ئوۋچى يىگىتكە قىزغىن مۇھەببەت باغلايدۇ. ئۇلار نىكاھلىرىنى ئۆزلىرى ئوقۇشۇپ، تاغ ئۆڭكۈرىدە بىر ياستۇققا باش قويۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پوۋېستتا ئىككى ياشنىڭ قاتمۇ قات ئوڭۇشسىزلىقلار ئىچىدىكى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى قانات يايىدۇ.

«كەچۈر مېنى، نازاكەت» ناملىق پوۋېست مۇڭلۇق بۆلەكچە ئىشقى - مۇھەببەت كۈيى. ئۇنىڭدا باشقىلار تەرىپىدىن دائىم يېزىلىپ كېلىۋاتقان تېما ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاپتورنىڭ يېڭىچە ھەم ئىجادىي ئوي - پىكىرلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى، ۋەقەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى جۇشقۇنلۇقى ئۇنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. يازغۇچى پوۋېستتا بىر جۈپ ياشنىڭ ئىشقى-مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى گۈل ئۈستىگە گۈل

كەلتۈرۈپ سۈرەتلەپ، ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىگەن.

نازاكەت زۇلۇم، خېيىمخەتەردىن قۇتۇلۇپ، كۆڭلىدىكى كىشى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇزاققا بارماي، يەنە مەخسۇتباينىڭ قولىغا چۈشىدۇ ۋە رەھىمسىزلەرچە قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ماھىر ئوۋچى، مەرگەن يىگىت قۇددۇس ئامال تېپىپ قاماقتىن چىقىپ نازاكەتنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پوۋېست ۋەقەلىكى تېخىمۇ كەسكىنلىشىش، مۇرەككەپلىشىش باسقۇچىغا كۆچىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە ۋە قىزىقىشىمۇ كۈچىيىدۇ. ۋەقە ئىچىدىن ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا، مۇرەككەپلىك ئىچىدىن يېڭى يول تېپىشقا، ئويلار ئىچىدىن ئوي تۇغدۇرۇشقا ماھىرلىق - ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىزچىل ئىپادىلىنىپ كەلگەن ئالاھىدىلىكتۇر.

نازاكەت بىلەن قۇددۇس رەخىم ئىسىملىك كاتتا باينىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاناھلىنىدۇ. رەخىم باينىڭ بىرلا قىزى بولغانلىقتىن شۇنچە كەڭ ھويلا، سارايدەك ھەشەمەتلىك ئۆيلەر چۆلدەرەپ تۇراتتى. باي ۋە ئۇنىڭ ئايالى نازاكەت بىلەن قۇددۇسقا ئىسسىق، مېھرىبان قۇچاقلىرىنى كەڭ يېيىپ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي نازاكەت ئوغۇل تۇغىدۇ. باي بىلەن ئايالى بالىغا «ئەركىنتاي» دەپ ئات قويىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى، مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن باينىڭ قىزى گۈلگىنە قۇددۇسقا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ نازاكەتنىڭ پېيىگە چۈشۈپ، قۇددۇسنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ.

ئىنساننىڭ نىيىتى بۇزۇلسا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ. ئەسەردىكى ۋەقە تەرەققىياتى ئويلىمىغان، قىياس قىلالمىغان يەردىن بۇرۇلۇش



ياساپ، بىر مەھەل پەسلىگەن زىددىيەت قايتىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. مال - دۇنيا ئىچىدە تۇرۇپمۇ، تۇرمۇشتىن بەختىنى تاپالمىغان گۈلگىنە قۇددۇسنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن، ئاشكارا - يوشۇرۇن پىلانلاپ، نازاكەتكە بوھتان چاپلاپ، ئۇنى ھېچقانداق سەۋەب كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. گۈلگىنە نازاكەتكە نەشتىرىنى سانجىپ: «مېنىڭ ھويلامدا سەندەك بۇزۇقلارغا ئورۇن يوق» دېگەندە، قۇددۇسمۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇپ: «ئۆيدىن يوقال!» دەپ قاتتىق ۋارقىرايدۇ. ناھەقچىلىككە چىدىمىغان نازاكەت ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئوقۇرمەنلەر پوۋېستتا نازاكەت ۋە ئۇنىڭ بالىسى ئەركىنتاي ئۈچۈن كۆلپەتلىك ھەم قورقۇنچلۇق كۈنلەرنى ئېلىپ كەلگەن يېڭىدىن قوشۇلغان ۋەقەلىككە سوئال نەزەرىنى تاشلاپ ئۇنى بېرىلىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ئوتتۇرىغا چىققان گۈلگىنە نازاكەت ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ يۆنىلىشىنى بىراقلا تەتۈرسىگە بۇرىۋېتىپ، ئەمدى مەقسىتىگە يېتىپ، قۇددۇسنى قولىغا كەلتۈردۈم دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يازغۇچىمۇ ماھىرلىق بىلەن ۋەقەلىك راۋاجىنىڭ ھەربىر بۇرۇلۇش پەيتىدە بىر تېپىشماق تېپىپ، ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرىدۇ. شۇنداق مۇستەھكەم سۆيگۈ - مۇھەببەت، شۇنداق چىن ساداقەتمەنلىك بىلەن بىر جان - بىر تەن بولۇپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇنداق رەھىمسىزلەرچە سۈركىلىشنىڭ پارتلاپ چىقىشىنى كىم ئويلىغان؟ ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولۇر؟!

نازاكەت بالىسىنى باغرىغا بېسىپ تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى نەۋرە قىزى بىلەن بىللە تۇرىدىغان ناۋاي ئەرشىدىن بوۋاينىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يازغۇچى يەنە بىر ئاچىماق يول

تېپىپ، پاراللېل بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، قۇددۇسنىڭ تاسادىپىي ئېرىشكەن راھەت - پاراغەتلىك كۈنلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. باينىڭ قىزى گۈلگىنە بىلەن توي قىلماقچى بولغان قۇددۇس بېشىمغا ئامەت كەلدى، جىق بايلىقنىڭ خوجايىنى بولىدىغان بولدۇم، دەپ قارايدۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ كۈنلىرىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. خېلى بۇرۇندىن تارتىپ گۈلگىنەنى ئالىقىنىغا قوندۇرىمەن دەپ يۈرگەن ئەھمەت بايۋەچچە گۈلگىنەنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپ، ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ھەممە سۈيىقەستىنى ئاشكارىلايدۇ. قۇددۇس قاتتىق ئازابلىنىپ، يۇرتمۇ يۇرت ئىزدەپ يۈرۈپ نازاكەتنى تاپىدۇ ۋە ئوغلى ئەركىنتاينىڭ ئاللىبۇرۇن تۈگەپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئۇ نازاكەتتىن كەچۈرۈم سوراپ قايتا يارىشىپ قېلىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەمما نازاكەت ئۇنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. بۇ دەل شىنجاڭدا گومىنداڭنىڭ زۇلۇمىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭى باشلانغان يىللار ئىدى. نازاكەت ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ كوماندىر بولىدۇ، نازاكەتنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئەسكەرلىككە قاتناشقان قۇددۇس ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىپ قۇربان بولىدۇ. پوۋېست ۋەقەلىكى، پېرسوناژلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئوقۇرمەنلەرنى ئەنە شۇنداق قايتا - قايتا ھاياجانغا سالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئۇنتۇلغۇسىز بولۇپ چوڭقۇر سىڭىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن مول ھوسۇللۇق يازغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار بەدىئىي ئىجادىيەت بەيگىسىدە بارغانسېرى تېز ئىلگىرىلەپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەلگىلىك ئورۇن، تەسىرگە ئىگە داڭلىق رومان يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى» (ئىككى توم)، «كۆكۈل»، «يىراقتىكى كىشىلەر»، «ھايات سىرى»،



«ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» قاتارلىق رومانلىرى بار.

بىرەر نادىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۆپ ھاللاردا مەلۇم ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا سودا - سېتىققا ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغان خەلق. ئۇلار سودا ئالاقىسى مۇناسىۋىتى بىلەن جاھاننىڭ ھەممە جايلىرىغا دېگۈدەك قەدەم تەشرىپ قىلىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان، يېڭىلىق، تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە سودا ئەنئەنىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئەسلىگە كەلدى ۋە يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا نۇرغۇن ئىلغار ئىدىيىلىك، بىلىملىك، مەرىپەتپەرۋەر سودىگەرلەر ئۆتكەن. ئۇلار مىللەت ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ھازىرمۇ مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ. يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ 1999 - يىلى مەملىكەت بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» ناملىق رومانىدا يۇقۇرىدىكى رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئېنىقكى سودىگەرلىكمۇ ھۈنەر، يەنە كېلىپ ناھايىتى جاپا - مۇشەققەتلىك، كۈنىگە ئوت بىلەن سۇغا نەچچە قېتىم كىرىپ، نەچچە قېتىم چىقىدىغان ھۈنەر. «ئاۋات شەھەرنىڭ يېڭى پۇقراسى» دا تەسۋىرلەنگەن سودىگەر ماھىنۇر كىشىلىك مۇئامىلىدە ئادىل، ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار ئايال. ئۇ سودا سېپىگە ئالتۇن ھالقىسى بىلەن ئالتۇن ئۈزۈكىنى ساتقان ئاز تولا پۇل بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ تالاي - تالاي چىغىر يوللارنى بېسىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ بېيىپ قولىنى قەيەرگە سوزسا يېتىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ

ھەرگىز پۇلنى ئىنسانىي پەزىلەت، ۋىجداننىڭ ئورنىغا دەسسەتمەيدۇ. بىر قىسىم چىقىش يولىنى تاپالماي، جەمئىيەتتە قېقىندى ـ سوقىندى بولۇپ، تەمتىرەپ قالغان ئاياللارغا يار ـ يۆلەك بولىدۇ، تۇرمۇشتا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان ياش قىزلارنى ھايات قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ماھىنۇر تۇرمۇشتىكى ئۆزى دۇچ كەلگەن ئالا نىيەتلىك، ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەلىسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ۋاپادار، ساپ نىيەت ئاق كۆڭۈل ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلىسىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىدىكى كەم نەرسىنى تولدۇرۇپ ئالالمايدۇ. يازغۇچى روماندىكى ماھىنۇر ئوبرازىنى ئۆزى بىۋاستە كۆزەتكەن خىلمۇخىل خاراكتېردىكى ئاياللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا مۇجەسسەملەش ئارقىلىق ئۇتۇقلۇق ياراتقان.

«ھايات سىرى» ـ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇتۇقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ياخشى رومانىدۇر. روماندا 40 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىدىكى رېئاللىق ئارقا كۆرۈنۈشى قىلىنغان بىر قاتار تىپىك ۋەقەلەر، باي پەلسەپىۋى پىكىرلەر ۋە چوڭقۇر ھېسسىيات ياردىمىدە تەسىرلىك تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردە بىر دەۋرنىڭ، بىر مىللەتنىڭ مىللىي تۇرمۇشى، ياشاش شارائىتى، مىللىي پسىخىكىسى، ئادىتى ۋە چوڭ پارتىلاش، چوڭ ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغان ماھىيەتلىك ئىشلارغا، ئاساسلىق ئېقىمغا چېتىلىپ تاللانغان ۋەقەلەر بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنگەن ئادىمىيلىك پەزىلەت، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، ھېچقانداق كۈچنىڭ كونترول قىلىشىغا كۆنمەيدىغان ساپ، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى ۋە ھەشەمەتلىك ئائىلىنىڭ باياشات تۇرمۇشى ئىچىدە ئۆتكەن ئەيش ـ ئىشرەتلىك ئىشلار،



زىددىيەتلەر، تىركىشىش، كۈندەشلىك، شەھۋانىي نەپسىگە بېرىلىش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

كىشىلىك ھايات تولىمۇ مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك كۈرەش ۋە چۈشىنىپ يېتىش تەس سىرغا تولغان. ئىنسانلار خۇسۇسىيىتى، ئىنسانلار ماھىيىتى ھەققىدە مول بىلىمگە ئىگە پسىخولوگ يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار روماندا كىشىلىك ھاياتنىڭ سىرىنى كونكرېت پېرسوناژلارنىڭ ئەركىن تىرىكچىلىك ھەرىكەتلىرى ۋە ئىنسانىي مۇناسىۋەتلىرى، ئەركىن ئىزھار قىلىشقان قەلب سادالىرى ئارقىلىق بىمالال، لەرزان ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشقان، شۇنداقلا كىشىلىك ھاياتنىڭ مەزمۇنى ۋە سىرىنى ئىجابىي جەھەتتىنمۇ، سەلبىي جەھەتتىنمۇ، گۈزەللىك جەھەتتىنمۇ، رەزىللىك جەھەتتىنمۇ ئىزدەپ، ماھىيەتلىك ئالامەتلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدىغا يايغان. «ھايات سىرى» ناملىق روماننىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، ئىجتىمائىي تەسىر كەڭلىكى بىلەن بەدىئىي ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىدا بايقىلىدۇ. يازغۇچى روماندا پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى، پائالىيەت زېمىنىنى پىلانلىق، ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭدەك ئەسەرگە قاتناشتۇرغان پېرسوناژلىرىنى ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن يەنى ئۆز پورترېتى، ئۆز پسىخىكىسى، ئۆز ئىچكى دۇنياسى، ئۆز تىلى، ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئاسى بىلەن يۇغۇرۇپ يارىتىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئەسەر سۇژېتىنىڭ راۋاجلىنىشى داۋامىدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆز خاھىشى، ئويلىغىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويغان، كونترول قىلىۋالمىغان، قېلىپقا چۈشۈرۈپ قويمىغان، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، پېرسوناژلىرىغا ھەقىقىي ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر روماندىن تەسىرلىك،

ھېسسىياتلىق، تەنتەنىلىك كەچۈرمىشلەرنىمۇ، ئېچىنىشلىق پاجىئە، تراگېدىيىلەرنىمۇ، يۇمۇرىستىك ۋە شادىيانە ۋەقەلەرنىمۇ، قېرىنداشلىق ياردەم، مېھرىبانلىق، كۆيۈنۈش - سۆيۈنۈشلەرنىمۇ، ھەتتا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىپلاسلىق، ۋەھشىيلىك، ياۋۇزلۇقلارنىمۇ كۆرۈپ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ، غەزەپلىنىدۇ. دېمەك روماندا ھەر خىل جىنس، ھەرخىل كەسىپ، ھەرخىل تەبىقە، ھەر خىل تىپتىكى پېرسوناژلارنىڭ مەخپىي ۋە ئاشكارا سىرلىرىنىڭ يىغىندىلىرىدىن تەبىئىي رەۋىشتە ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە رام قىلغان ئەنە شۇنداق ئاجايىپ «ھايات سىرى» ئۆز يولى، ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆز رىتىمى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ.

روماندىكى پېرسوناژلارنىڭ سەركەردىسى، تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ئاۋدونباي ھاجى بىلەن گۈلچېھرە خېنىم ئۇيغۇر پروزىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر رومانچىلىق ئىجادىيىتىدە خاسلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن يارىتىلغان تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىدۇر.

ئەسلىي يوقسۇزنىڭ ئەۋلادى، «يالاڭتۆش قەشقەرلىك» ئاۋدۇنباي سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، قوشۇمچە زاۋۇت قۇرۇپ غۇلجىدىكى داڭدار باي ئاۋدۇنباي ھاجىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭدىن تارتىپ، غۇلجىنى مەركەز قىلغان شىمالىي شىنجاڭغا قەدەر سودا تورىنى قۇرۇپ تاپقان پۇلى، يىغقان بايلىقى، قولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ھەم كەڭ قورساق رەھىمدىللىقى، ئادىللىقى بىلەن قالتىس يۈز - ئابرۇي تاپىدۇ. ئۇ ئائىلە خىزمەتچىلىرىدىن تارتىپ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان يوقسۇزلارغىچە شەپقەت ياغدۇرۇپ، ياردەم قولىنى سوزىدۇ، ھەتتا سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ئادىل بولۇش، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش چارىسىنى قوللىنىدۇ. ئادونباي ھاجى سودا ئىشلىرى بىلەن يىراق، ياقا يۇرتلاردا تۇرۇپ قېلىپ



ۋاقىتلىق ئۆيلىنىشكە توغرا كەلگەندە، ئەتەي نامرات يوقسۇزلارنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلىنىدۇ، قايتىشىدا ئۇلارنى ئۆي - ماكان، مال - مۈلۈككە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسىتىمۇ ئۇلارنىمۇ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئىدى.

يازغۇچى روماندا «ھەقىقىي مۇھەببەت ئازابىدا قالغان ئادەم ئالدى بىلەن ئاق كۆڭۈل ئادەم، سەمىمىي ئادەم، نىيىتى تازا ئادەم بولىدۇ» دەپ ئېيتقاندەك، روماندىكى ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىلىرى گۈلبوستان بىلەن ئېكرام ئوبرازلىرىمۇ خېلى كۆڭۈل قويۇپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

گۈلبوستان باينىڭ قىزى. لېكىن ئۇ بايلىقتىن چىن سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئۈستۈن قويغان، مەشھۇر «رابىيە - سەئىدىن» داستانىدىكى رابىيەگە ئوخشاش ساپ مۇھەببىتىگە سادىق، ھەقىقىي ۋىجدان ئىگىسى. ئۇ ھايات قىسمەتلىرىنىڭ قاتمۇقات قىستاقلىرى، جۇدۇن - چاپقۇنلىرىدا تاۋلانغان سولماس غۇنچە. ئەكرەممۇ ئۆز جۆرىسىگە ماسلاشقان قولىنىڭ پەنجى گۈل، ئىشچان ھەم جاسارەتلىك يىگىت.

روماندىكى نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئاۋدۇنباي ھاجى، گۈلبوستان، ئەكرەملەر كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىجابىي ئامىللىرى بىلەن تويۇندۇرۇلۇپ يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازىدۇر.

«ھايات سىرى» ناملىق روماندا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى مۇھىم شەخس گۈلچېھرە خېنىم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئالىمىدە كەم تېپىلىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز ئوبرازلارنىڭ بىرىدۇر. گۈلچېھرە خېنىم ئوقۇرمەنلەرگە خۇددى بۇيرۇتۇپ ياسالغاندەك ئىچى - تېشى بىردەك گۈزەل، مۇقەددەس ئىنساندەك تۇيۇلىدۇ. بىراق ئۇ يۈگەنسىز كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپ، ئۆزىدىكى قەلب گۈزەللىكىنى رەزىللىككە ئايلاندۇرۇپ شەھۋانىي نەپسىگە بېرىلىشتە، بىردىنبىر كۈشەندىسى، كۈندىشى - مالىيى ئىمنجاننى ئاشنا تۇتقان تۇلۇنئايدىنمۇ، مالىيى تاھىرنى ئاشنا

تۇتقان ئۆگەي كىچىك كېلىنى نازۇك ئايدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. گۈلچېھرە خېنىمنىڭ كەچۈرگىسىز قىلمىشىغا كىچىك ئۆگەي ئوغلى، ھاراقكەش، لۈكچەك، ئەخلاقتا بۇزۇلغان جامالىدىن بايۋەتچىنىڭمۇ قەھرى - غەزىپى قاينايدۇ. جامالىدىن بايۋەتچە نومۇسقا چىداپ تۇرالماي، شەرىئەت ئورنىغا ئۆگەي ئانىسى گۈلچېھرە خېنىم بىلەن ئاكىسى كامالىدىن بايۋەتچىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، ئۇلارنى يۇرت - مەھەللىدە تۇرغۇسىز قىلىۋېتىدۇ.

ھايات ئېقىمىنى، ھاياتنىڭ مەنىسىنى، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاجايىپ سىرلىرىنى ئاساسلىق تېما قىلغان بۇ رومان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك يەكۈن بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

كىشىلىك ھايات سەھنىسىدە رەڭۋازلىق، ھاياسىزلىق، ۋىجدانسىزلىق بىلەن ئويۇن كۆرسەتكەن، ئۆزىنى گۈزەللىكنىڭ تاجىسى ھېسابلىغان گۈلچېھرە خېنىم ئاۋدۇنباي ھاجىنىڭ ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرۈپ، خانۇ - مالىنى ۋەيران قىلىشنىڭ سىرتىدا ئالتە بالىسىنى يېتىم قالدۇرۇپ، كامالىدىن بايۋەتچە بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ غايىب بولىدۇ.

گۈلبوستان بىلەن ئەكرەم ئۆزلىرىنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوينىغا ئېتىپ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئەينى يىللاردىكى شان - شۆھرەتلىك، دۆلەتمەن كاتتا زات ئاۋدۇنباي ھاجىنىڭ تەقدىرى ۋەيران بولغان ئوردىسى ئىچىدە تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بىز ئۆز ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن قاتتىق قول، تىرىشچان يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار ئەسەرلىرىنىڭ مەنىۋى كۈچىنىڭ، ئېستېتىك قىممىتىنىڭ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەلۋەتتە بۇلارنى يازغۇچىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىش روھىدىن، ئىجاتچانلىق جاسارىتىدىن، ئىزدىنىش قىزغىنلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.



# مەن تېيىپجان ئېلىيوپ ئەسەرلىرىنى قانداق تەتقىق قىلدىم؟

ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، تەتقىقات - تونۇشتىن، قىزىقىشتىن باشلىنىدۇ. ئاندىن قەدەممۇ قەدەم كېڭىيىدۇ ۋە چوڭقۇرلىشىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا مۇقەررەر يوسۇندا بەلگىلىك نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىرەر مەسىلىگە ياكى بىرەر كەسىپكە نىسبەتەن قىزىقىش تۇيغۇسى، ئىنتىلىش روھى تاسادىپىي پارتىلاپ مەيدانغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى، سەۋەبى، جەريانى، باسقۇچى بولىدۇ. ئۆگىنىشتىكى مەقسەت ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئىزدىنىشتىكى مەقسەت تەتقىق قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۆگەنمەي تۇرۇپ تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ. تەتقىقات - بىلىشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى، كونكرېت نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچى.

مېنىڭ شېئىرىيەت بەيگىسىنىڭ ئالتۇن تۇۋاق تۇلپارى تېيىپجان ئېلىيوپتىن ئۆگىنىشكە تەلپۈنىشىم، ئۇنىڭغا چىن دىلىمدىن نىيەت باغلىشىم، ئېتىقاد قىلىشىم پەقەت ئۇنىڭغا ئوخشاش داڭلىق شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، شۇنداقلا كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورنى بار، ئىجادىيەت مېۋىسى مول، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان، تەسىرى چوڭقۇر، نوپۇزلۇق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپتىن ئىبارەت بۇ تېما ھەم كىچىك تېما ئەمەس، ھەم ئاسان تېما ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ

ئۈستىگە شائىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى، ئىجادىيەت يولى ھەققىدە تەتقىقات بولمىغاچقا، تۇزۇك پايدىلىنىش قىممىتى بار ماتېرىياللارمۇ يوق ئىدى. شۇڭا پەقەت شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنىلا ئوقۇپ ئۆگىنىش بىلەن بولدۇم. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئورنى، ئابرۇيى تېخىمۇ كۆتۈرۈلدى. خەلق ئاممىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن شۆھرەت قازىنىپ يېتىشىپ چىققان بۇ تالانت ئىگىسىنى باشقىچە ئېتىبار بىلەن ھىمايە قىلدى، قەدىرلىدى.

دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتكەن چۈشەنچىلىرىم، ئىزدىنىپ ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمغا ئاساسەن، 1985 - يىلى 6 - ئايدا «تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىم» ناملىق، شائىرنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ماقالەمنى يېزىپ چىقتىم. ئەمما بۇ ماقالەم نېمە ئۈچۈندۇر ئېلان قىلىنمىدى. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان رومانچىلىق ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن كۆرۈشتۇم. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ماڭا: «مەن ۋە مېنىڭ شېئىرلىرىم ئۈستىدە خېلى ئىزدىنىپ، جاپا چېكىپ چوڭراق ھەجىمدە ماقالە يازغانلىقىڭىزنى ئاڭلىدىم، كۆپ رەھمەت ئۇكام» دېدى. بۇ مېنىڭ شائىر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشۈم بولۇپ قالدى. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ۋاپات بولدى. رەھىمسىز ئەجەل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن جۇڭگو ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش ئېلىپ كەلدى. خەلق ئۆزىنىڭ تۆھپىكار، تالانتلىق ئوغلانىدىن، سۆيۈملۈك شائىرىدىن ئايرىلدى.

مەن شائىر ۋاپاتىنىڭ ئۈچ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن



«شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ» ناملىق ماقالەمنى يازدىم. بۇ ماقالە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىغا بېسىلىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ مېنىڭ تېيىپجان ئېلىيوپ توغرىسىدىكى ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئىشلىرىمنىڭ دەسلەپكى مېۋىسى بولدى. شۇندىن ئېتىبارەن «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدىكى تېما كەڭلىكى ۋە دەۋر روھى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى» ناملىق ماقالىلىرىمنى ئېلان قىلدۇردۇم.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى، ئىجادىيەت يولى، تۇتقان ئورنى، خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق، باي ھەم كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سالمىقى ئېغىر، تەلىپى يۇقىرى بولغان ئىزدىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىمنىڭ يولى ئېچىلىپ، بارغانسېرى راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىزمەت ئورنىممۇ، ياشىغان ئورنىممۇ ئۆزگەردى. 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئۈرۈمچىگە يەنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەلدىم. بۇنىڭ بىلەن تېيىپجان ئېلىيوپ توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىشلىرىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تېخىمۇ مول ماتېرىيال مەنبەسىنى تېپىشىمغا ھەم تەتقىقات سۈرئىتىمنى تېزلىتىشكە قولايلىق شەرت - شارائىت يارىتىلدى.

تەتقىقات - شارائىتىنى، ماتېرىيالىنى، پاكىتىنى، ھەقىقەتنى، ئىلمىيلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇبادا بۇلار بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. مەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تېيىپجان ئېلىيوپ توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي ئېلىپ بېرىش داۋامىدا تۆۋەندىكى كونكرېتنى ئامىللارغا تاياندىم.

1. چوڭ - كىچىك كىتابخانىلارغا، ماتېرىيال بۆلۈملىرىگە بېرىپ شائىرنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ بىر باشتىن تەپسىلىي ئوقۇپ ئۆگەندىم، خاتىرە قالدۇردۇم. ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئاستا - ئاستا ھەزىم قىلدىم. بۇنىڭدىن باشقا شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر يېزىلغان تەتقىقات، تەسىرات، باھا، مۇنازىرە ماقالىلىرىدىنمۇ پايدىلاندىم.

2. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىنكاسلىرىدىن، شائىرغا بولغان يۈرەك سۆزلىرىدىن كۆپ پايدىلاندىم.

تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن، لەززەتلىنىشى ئۈچۈن يېزىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ خەلقچىللىقىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئېنىق نامايەندە بولىدۇ. خەلق ياخشى كۆرمىگەن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆمرىمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەقىقىي تۈردە ئۆزىنىڭ ئېستېتىك رولى، تەربىيىۋى رولى، ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا، داۋاملىق ئىستېمال قىلىدىغان ماددىي بۇيۇمىغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرگە، ئۇنىڭ ئاپتورىغا قويۇلىدىغان ئەڭ توغرا دىئاگنوز، ئەڭ توغرا ئۆلچەم خەلقنىڭ رايى، بېرىلىدىغان ئەڭ ئادىل باھا، خەلقنىڭ ئىنكاسىدۇر.

مەن «تېيىپجان ئېلىيوپ توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي كىتابىمنى يېزىش داۋامىدا ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتىم. مېنىڭ پۈتۈن زېھنىي كۈچۈمنى سەرپ قىلىپ شائىرنى تەتقىق قىلىشىم، ئۇلارنىڭ شائىر ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇشىدىن ئىبارەت ئورتاقلىق، مەقسەت، سەممىي نىيەت بىرلىكى بىزنى تەبىئىي ھالدا يېقىنلاشتۇردى،



تېپىشتۇردى. ئۇلار ماڭا كۆپلەپ ئۇچۇر - ماتېرىياللار يەتكۈزۈپ، تەتقىقات ئاساسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

3. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپقا ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بەرگەن، يول كۆرسەتكەن، ئۇستازلىق قىلغان پېشقەدەملەردىن، شائىرنىڭ دوستلىرىدىن، شائىرنى ئۈلگە قىلغان، شائىرنى قەدىرلەپ، ھۆرمەتلەپ ئۆزلىرىگە ئۇستاز تۇتقان شاگىرتلىرىدىنمۇ پايدىلاندىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ شائىرنى چۈشىنىشى، شائىر ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ھەم شائىرنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى تونۇشى، كۆز قاراشلىرى ماڭا قارىغاندا ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىدى. توختى سابىر بىلەن مۇھەممەت رېھىم خۇسۇسەن ماڭا ئېيتىپ بەرگەن شائىرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانى، ئومۇمىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن بۆلەك ئۇنىڭ پەزىلىتى، تۇرمۇش ئىستىلى، كىشىلەرگە كۆيۈنۈشى، سەممىي - ساداقەتمەنلىكى، ۋاپادارلىقى، ئوچۇق - يورۇقلۇقى، ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى جەھەتتىكى ئىش - ئىزلىرى يالغۇز قەلەم ئىگىلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ئۆرنەك بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

مەن ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىدىن، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى شائىر بىلەن خىزمەتداش بولۇپ بىللە ئۆتكەنلەردىن ماتېرىيال ئالغان ۋاقتىمدا، ماڭا كۆپ ياردەم بەرگەن، چىن دىلىدىن قوللاپ يار - يۆلەكتە بولغان، مۇھىم يىپ ئۇچىغا ئىگە قىلغان. ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن زور تەسىر كۆرسەتكەن، مەدەتكار، ئىلھامچى بولغان شەخس يولداش مۇھەممەت شاۋدۇن بولدى. ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى سانلىرىغا «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلار»، «تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ

ئىجادىيەت پەزىلىتى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرى مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا» قاتارلىق يېتەكلەش رولى، پايدىلىنىش قىممىتى بار مۇھىم ماقالىلىرىمنى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىشىمغا ياردەم بەردى.

«تارىم» نىڭ يول ئېچىپ بېرىشى ئارقىلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەتقىق قىلىپ يازغان ئىلمىي ئەمگەكلىرىم باشقا مەتبۇئاتلاردىمۇ ئېلان قىلىندى.

«تېيىپجان ئېلىيوپ ئەدەبىي مۇلاھىزىلىرىنىڭ قىممىتى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ۋەتەن مۇھەببىتى»، «بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى نۇرلۇق يولتۇز - تېيىپجان ئېلىيوپ»، «تېيىپجان ئېلىيوپ شېئىرلىرىدا پارقىراپ تۇرغان مەرىپەت روھى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، «تېيىپجان ئېلىيوپ توغرىسىدا تەتقىقاتنىڭ مۇھىملىقى ۋە رولى» قاتارلىق ماقالىلىرىم كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يۈز كۆرۈشتى.

مەن شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە زېھنى كۈچۈمنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ تەكرار ئويلىنىپ، ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ كېلىپ «ئىز ۋە ئۇلگە» ناملىق ئىلمىي كىتابنى دەسلەپكى قەدەمدە يېزىپ چىقتىم. ئەمما بۇ كىتابنى تۆت نەشرىياتقا ئەۋەتسەممۇ، ئالدى ئىككى يىل، كەينى ئالتە ئاي ياتتى. ئايلىنىپ - ئايلىنىپ قولۇمغا كەلدى. بىراق يەنە ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بازىرى چىقار، دەپ ئويلىدىم. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كىتابنىڭ بۇرۇنقى قويۇلغان ماۋزۇسىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىغا تاپشۇردۇم. نەشرىيات مەسئۇلى قىزغىن قوللىدى ھەمدە



نۇقتىلىق نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار قاتارىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىگە يوللىدى. ئىدارە باشلىقى مىجىت ئابدۇرۇسۇل: «ئۆزۈڭ قازاق مىللىتىدىن تۇرۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىدا، يەنە كېلىپ ئۇيغۇرنىڭ ئاتاقلىق شائىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ، مۇشۇنداق يارامىلىق كىتابنى يېزىپ چىققىنىڭغا رەھمەت» دەپ مېنى ئالاھىدە ئىلھاملاندۇردى. شۇ چاغدا خۇشاللانغانلىقىمدىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كىتابىم بېسىلىپ ئۇنىڭ تەقدىرى ھەل بولدى.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان ئۇنىۋېرسال تالانت ئىگىسى. رەڭدار يۇقىرى سۈپەتلىك مەنىۋى بايلىقنىڭ ئىجاتچىسىدۇر. مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا، ئۇ كەم - كۈتىسىز ھالدا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ھەممە تەرەققىياتىنىڭ جەريانى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى تەرەققىيات جەريانى بىلەن زىچ باغلانغان. تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا، پارلاق ئىستىقباللىق يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوپ ئەتراپلىق يېتىلگەن، ھەممە جەھەتتىن تەربىيە كۆرگەن، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىقىنىمۇ، سوغۇقىنىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۆپ قىرلىق ئىجاتكار، ئۇ تولىمۇ مۈرەككەپ ئەگرى - توقاي يوللارنى باسقان. باشتىن - ئاخىرى كەسكىن تىركىشىش، زىددىيەتلەر بىلەن تولغان ئىجادىي ھاياتىدا شېئىر يېزىشنى تاشلاپ قويمىدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ قىرىقىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بولسا، ئەللىكىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك، ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىرىشكەن.

مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىزدەندىم. ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور، مۇھىم يېتەكلەش خاراكتېرىگە، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، پاكىتلىق، ئەمەلىي، نەزەرىيىۋى ئاساسى مۇستەھكەم، ئىلمىيلىكى يۇقىرى ئىلمىي ماقالىلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ ئىنچىكىلەپ پىكىر يۈرگۈزدۈم، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمنى «تېيىپجان ئېلىيوپ ئەدەبىي مۇلاھىزىلىرىنىڭ قىممىتى» ناملىق ماقالەمدە يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مول، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى — كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا كۆرۈلىدۇ. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ مۇشۇ ئىككى مۇھىم ساھەنىڭمۇ بايراقدارى. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، تارقىتىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىدا ئىزچىل تۈردە باشلامچىلىق رول ئويناپ، جان پىدالىق بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى. ھەسسىلەپ ئەمگەك سىڭدۈردى. مەن بۇلارنى كۆرۈپ، تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ خەلق ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇش روھىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلىكىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات مىراسلىرىغا سادىق بولۇش، سۆيۈش، قوغداش، پەرۋىش قىلىش جاسارىتىنىڭ نەقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بۇ جەرياندا ئويلاپ يەتكەنلىرىمنى، ئىزدەپ تاپقانلىرىمنى، «تېيىپجان



ئېلىيوپ ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» قاتارلىق ماقالىلىرىمدا ئەكس ئەتتۈردۈم.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ باشقا ئەمگەكلىرىنى، باشقا مەھسۇلاتلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ پەقەت ئەدەبىي تەنقىد، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرىنىڭ نېرى - بېرىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىپ دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئۇنى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا ماس كەلگەن بىرىنچى ئەۋلاد ئاتاقلىق ئەدەبىيات تەنقىدچىسى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا گۆھەر ئەدەبىي مىراسلىرى، ئىجادىيەت بايلىقى — شائىرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈر، ژانىرلىرى بويىچە بىر ئۆمۈر يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى مەركەز قىلغان ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا نەزەر - دائىرەمنى تېخىمۇ كېڭەيتتىم. پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇھاكىمە قىلىش ئۇسۇللىرىمنى يەنىمۇ خىللاشتۇردۇم. بىر تەرەپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالدىم.

شائىر ئازدۇر - كۆپتۇر ئاز ھەم ساز قىلىپ چۇچۇك - چۇچۇك پروزا ئەسەرلىرىنىمۇ، دراممىلىق ئەسەرلىرىنىمۇ يازدى. نۇرغۇن جاراڭلىق ناخشا تېكىستلىرىنىمۇ ئىجاد قىلدى. ئۇ مۇزىكا ئىجاد قىلمىسىمۇ، خېلى پىشقان سازەندە، ناخشىكەچ، چاقچاقچى ئىدى. مۇبادا زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئاختۇرۇپ باقساق، بۇ جەھەتلەردىنمۇ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى بار ئايرىم - ئايرىم تەتقىقات تېمىلىرى چىقىشى مۇمكىن.

«تىيىپجان ئېلىيوپ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىم، پەقەت شائىرنىڭ ئەللىكىنچى يىللاردا ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان ھېكايىلىرىنىڭ تۈپ نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرى تۇتۇلۇپ يېزىلغانىدى.

بىز يۇقۇرىدا تىيىپجان ئېلىيوپ ئىجادىيىتى كۆپ قىرلىق، كۆپ ژانىرلىق ئىجادىيەت دېدۇق. ئۇنىڭغىمۇ دەلىل - ئىسپاتىمىز بار. شۇنداق بولسىمۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى يەنىلا شېئىرىي ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ.

تىيىپجان ئېلىيوپ پوئېزىيىسى — بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تۈپ نېگىزلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مېغىزلىق ھالدا مۇجەسسەملىگەن پوئېزىيىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىيىپجان ئېلىيوپ پوئېزىيىسىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئايرىملىقتىن ئومۇمىيلىققا ئۆتۈپ تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ.

مەن تىيىپجان ئېلىيوپنى تەتقىق قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆپ قاتلاملىق پوئېزىيە بايلىقىنى ئاختۇرۇشتىن باشلاپ، بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىردىم. مېنىڭ شائىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شائىرنى تەتقىق قىلىپ يازغان، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى شائىرنىڭ پوئېزىيىسى ھەققىدە بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، كۆڭلۈمگە پۈككەن پىلان تىزىسىم ئاساسىدا شائىر تىيىپجان ئېلىيوپنىڭ پوئېزىيىسىنىڭ تېما كەڭلىكى، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىنى، ەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىنى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ...ر بولغان لىرىك جىلۋىدارلىقىنى، كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر ساتىرىك دارىتىملىقىنى سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ



شەرھىيىلەپ كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شائىر پوئېزىيىسىدىكى مىللىي تۈس، يەرلىك پۇراق، تىلدىكى جانلىقلىق، گۈزەللىك، بوياق، ئوبرازلىق ئىپادە، ئۇسلۇبىدىكى جۇشقۇنلۇق، تەنتەنىلىك، راۋانلىق قاتارلىقلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىلمى، تىل سەنئىتى قانۇنىيىتى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

مەن تۇرلۇك توسالغۇلاردىن توسۇلۇپ قالماي ئۆتۈپ، دۇچكەلگەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تىيىپجان ئېلىيوپنى ئويلاپ يەتكەن يېرىمگىچە تىرىشىپ تەتقىق قىلدىم. لېكىن بىر دەۋر ئەدەبىياتىغا، بىر مىللەت ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مەشھۇر تۆھپىكارنى چوڭقۇرلاپ بىر يەرگە ئاپاردىم، دەپ ئېيتالمايمەن. تەتقىق قىلغانلىرىممۇ تەلەپتىن خېلىلا يىراق. ماڭغان يوللىرىمغا قاراپ باقسام تىيىپجان ئېلىيوپ تەتقىقاتىدىن ئىبارەت يېڭى ئىلىمنىڭ بوسۇغىسىغا ئاران بارغاندەك تۇرىمەن، ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق، شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنمىغانلاردىن سىرت يىگىرمە يەتتە مىڭدىن ئارتۇق مىسرا شېئىرى، 500 مىڭ خەتلىك ئىلمىي ماقالە، ئەدەبىي ئوبزورى، ھېكايە، دراما ئەسەرلىرى ھايات ۋاقتىدا ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپتۇ.

يۇقىرىدىكىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، مەخسۇس شائىر تىيىپجان ئېلىيوپنى تەتقىق قىلىپ ماڭغان يولۇمنى يەنە ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن.

# قۇرمانئەلى ئوسمان شېئىرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە

ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر، قازاقلار ئەزەلدىن تارتىپ ناھايىتى ئىناق، ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە تارىختىن بۇيان ئاۋۇل، ئۆي مەھەللىلىرى تۇتاش، مال ـ ۋارانلىرى ئارىلىشىپ ئوتلاپ، بالىلىرى قوشۇلۇپ ئويناشقان، ھەتتا ئارىلىرىغا ھېچقانداق چېگرا، شەرتلىك بەلگە ياكى ئۆرپ ـ ئادەت، مىزان چەكلىمىسىنى قويماستىن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇشۇپ، قىز ئېلىشىپ، قىز بېرىشىپ قۇدا ـ باجا بولۇپ يېقىن ئۆتۈشكەن بۇ مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە ئىدېئولوگىيە فورمىسى ھېسابلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەلىرىنىڭ زادى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. قازاقلارغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، زۇنۇن قادىر، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوۋ، ئابدۇكېرىم خوجايوۋ، مۇھەممەتجان سادىقلارنىڭ نامى قانداق پىششىق تونۇشلۇق بولسا، ئۇيغۇرلارغا تاڭجارىق جولدى، ئاسقار تاتاناي، قۇرمانئەلى ئوسمان، رەخمەتۇللا ئەپشە، قاۋسىلقان قوزىباي، ماغاز رازدان، ئۆمۈرغازى ئايتان، ئوڭالبايلارنىڭ ناملىرىمۇ



شۇنداق پىششىق تونۇشلۇقتۇر.

ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى ئېلىمىز ـ جۇڭگودا قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان قۇرمانئەلى ئوسمان مول تۆھپىسى، ئەتىۋارلىق مەنىۋى بايلىقلار ئىچىدىن مۇھىم ئورۇن ئالغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن قازاق خەلقى ئارىسىدا قانداق ئورۇن، ئابرۇي، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان بولسا، ئۇيغۇر خەلقى، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئىچىدىمۇ شۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىزگە چۈشىنىشلىك ئەھۋالدۇر. ھازىرقى زاماندىن تارتىپ بۈگۈنكى زامانغا قەدەر قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ شېئىرلىرى ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلىغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا كۆپ تەرجىمە قىلىندى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى چەت ئەللەردە بەزى نوپۇزلۇق تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىندى. قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ مىللەت، دۆلەت ئاتلاپ تونۇلۇشى ئۇنىڭ بەدىئىي دۇنياسىدا، ئىجادىيەت بەيگىسىدە تۆككەن ئەجرىدىن، كامالەت تاپقان ماھارىتىدىن، ھوسۇللى مول قەلىمىدىن، خەلقىغە تەقدىم قىلغان قىممەتلىك ئەمگەك مېۋىلىرىدىن كەلگەن. قۇرمانئەلى ئوسماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جېڭىدە ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىدا يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرى، تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ ۋە ئەھمىيەتلىكلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئاكتىۋاللىقى، ھېسسىياتىنىڭ رەڭدار ۋە تەسىرچانلىقى، تەسۋىرىنىڭ باي ۋە كۈچلۈكلىكى، تىلىنىڭ يېقىملىق ۋە ئۆتكۈرلىكى بىلەن زامانىمىزنىڭ جەڭگىۋار سەنئەت تەرەققىياتىغا يۈزلىنىپ، راۋاج تېپىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۆزىگە خاس يۈكسەك دەۋر روھىغا، قويۇق مىللىي پۇراققا، كۈچلۈك لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قۇرمانئەلى پوئېزىيىسىنى

شەكىللەندۈردى.

قۇرمانئەلى ئوسمان ئىنچىل تۇردە دەۋرنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئېقىمىغا، خەلقنىڭ ئۇلغار ئىدىيىسىگە، ئالىي پەزىلىتىگە، گۈزەل غايىسىگە ۋەكىللىك قىلغان شائىر، ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا جۇشقۇن ئۇسلۇب، ئۆتكۈر پىكىر، ئويناق تىل، ئوتلۇق ھېسسىيات، قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ۋەتەننى كۈيلىدى، خەلقنى، خەلق ياراتقان دانالىقنى، خەلق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يېڭىلىقنى، خەلق قازانغان غەلىبىنى مەدھىيىلىدى. ۋەتەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، رەڭدار تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلىدى. دەۋر ھەقىقىتىنى، رېئاللىقنى سەممىمي ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر قۇرمانئەلى ئاددى خەلق ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان، خەلق تەربىيىلىگەن، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ئۆمۈرۋايەت خەلقتىن ئايرىلمىغان، خەلقپەرۋەر شائىر، ئۇ دەۋرنىڭ تەلىپىگە بېقىپ، ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ مۇھىم ھەم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى ئىشلەشتىن تاشقىرى خەلق مەدەنىيىتىنى، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش، پەرۋىش قىلىش يولىدا ئۇپرىماس تۆھپىلەرنى قوشتى.

قۇرمانئەلى ئوسمان شېئىرلىرى قازاق جامائەتچىلىكىنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئېستېتىكىنى قوزغاپلا قالماستىن، قېرىنداش مىللەت جامائەتچىلىكىنىڭمۇ بەدىئىي لەززەتلىنىش ئېستېتىكىنى قوزغىماقتا.

قۇرمانئەلى ئوسمان: «مەن كۆپ ئىزدىنىپ، كۆپ ئويلىنىپ ياخشىراق شېئىرلار يازغانلىقىمدىن ئەمەس، شېئىرلىرىمنىڭ خەلق دىلىغا ياققانلىقى بىلەن پەخىرلىنىمەن» دەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى تېيىپجان ئېلىيوۋمۇ: «شائىرنىڭ ئانىسى خەلق» دەپ ناھايىتى توغرا تەرىپلىگەنىدى.



ئۆز كىتابخانلىرىنى تەبىئىي رەۋىشتە ئويغا، ھاياجانغا سېلىش، ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا چىن ۋە ھەقىقىي بەدىئىي زوقلىنىش ئېستېتىكىنى قوزغاش، كىشىلەرنى مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەش، كىشىلەرنى روھلاندۇرۇش، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش - قۇرمانئەلى ئوسمان شېئىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى، ئەھمىيەتلىك ئالامەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن شائىر. ئۇنىڭ ئۆز مەزگىلىدە ۋە ھازىرمۇ قازاق كىتابخانلىرى ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىغان، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا كەڭ تۈردە تەرجىمە قىلىنىپ ئۇلارنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان مۇھىم ئەسىرى «ئۇنىڭ ئوڭى بىلەن چۈشى» ئىدى. بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن چېتىك ھەم مۇستەھكەملىكىگە، بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەشلىرىگە قاراپ ھېسسىيات قېنىق سىڭدۈرۈلۈپ، يىغىنچاق يېزىلغان لىرىك - ئېپىك داستان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەسەر ئېلىمىز قازاق پوئېزىيىسىدىكى نادىر نەمۇنىلەردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ دولقۇنسىمان ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەزمۇن ۋە شەكىل قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، ئۆلمەس ئۆمۈرى، يوقالماس قىممىتى ئارقىلىق ئەبەدىي ياشايدۇ.

ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىدىكى چوڭقۇرلۇق، ئىنچىكىلىك، ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىش جەھەتتىكى سالماق قەدەملەر، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى يېڭىلىق، جەلپكارلىق ئامىللىرى لىرىك شائىر قۇرمانئەلى شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان. شائىرنىڭ ئوپتىمىستىك ئويلار،

رىتىملىق لىرىك تۇيغۇلار، ماھىيەتلىك تۇرمۇش دېتاللىرى، سىمۋوللۇق تەسۋىر ۋاستىسى بىلەن بېرىلگەن «ئاق ئالتۇن تونلۇق پەرىشتە» ناملىق شېئىرىدا، ئوبرازلىق ئويلار، لىرىكىلىق سېزىم كۈيلىرى سىمۋوللاشتۇرۇلغان پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۆزىنىڭ بەدىئىي كۈچىنى كۆرسەتكەن. شائىر بۇ شېئىرىدا بەزى مىسرالارنىڭ ئالدىغا رېتورىك سوئال قويۇش ۋاستىلىرىنى كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كىتابخانلارنى ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە سالىدۇ. شائىرى بۇ ئەپچىل يېزىلغان ئېپىك شېئىرىدا ئىككى دەۋر رېئاللىقىنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىدىغان تەپسىلاتنى مەقسەتلىك ھالدا دەل جايىدا تېپىپ كىرگۈزگەن.

قۇرمانئەلى ئوسمان ۋەتەن بىلەن تەقدىرداش، دەۋر بىلەن ھەمنەپەس شائىر، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، يۇرت ـ ماكانغا بولغان سۆيۈنۈش، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك روھ، جاسارەت، ئىشەنچ، دەۋرگە بولغان ساداقەتمەنلىك تىلغا ئېلىنماي، كۈيلەنمەي قالمىدى. مانا بۇلار شائىرنىڭ «كىگىز ئۆيدىن پۈتۈن ئالەمگە»، «ئارزۇ قىلىمەن»، «قوللىغىن ۋەتەن»، «ئالتايىم مېنىڭ»، «دەۋر ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىدىكى شېئىرلىرىدا بىردەك ۋەتەن مۇھەببىتى، سۆيگۈسى، ۋەتەن تەبىئىتى، دەۋر ئەۋزەللىكى، دەۋرنىڭ ۋەتەن، خەلققە ئېلىپ كەلگەن بەخت ـ سائادىتى، جەمئىيەت، يۇرت ـ ماكان قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلار، خەلق قەلبىدىكى شادلىق تۇيغۇسى، ئازادلىك تۇيغۇسى، ئازادلىك كۈيى، خاتىرجەملىك قاتارلىق مەزمۇنلار نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

قۇرمانئەلى ئوسمان تىل ھۈنىرى بىلەن دىت ھۈنىرىنى قەلەم ئۇچىغا يىغقان ئىقتىدارلىق، ئىجادىيەت ئاساسى چىڭ،



تەجرىبىسى مول شائىر. ئۇ تۇرمۇش ئۇتىدا، ئىجادىيەت مەيدانىدا تازا قايناپ پىشقان خەلق ئاممىسى بىلەن ئەڭ يېقىن سىرداش، دىلكەش شائىر بولغاچقا، تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى شېئىرلىرىغا ھەممە تەرەپتىن تولۇق سىڭدۈرگەن. شائىرنىڭ قايسى بىر شېئىرىدىن بولمىسۇن تاپىنى تەگكەن زېمىنىنىڭ، كۆزى كۆرگەن تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ پۇرىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ قازاق خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «مەرجان تاغ»، «ئاۋۇلۇمدا»، «بايرام كۈنلىرىدە»، «تۆرگە چىققىن»، «سالام»، «پەخىرلىنىپ قارايمەن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا قازاق خەلقىنىڭ مىللىي پسىخىكىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ياشاش شارائىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن.

قۇرمانئەلى ئوسمان نەزەر دائىرىسى كەڭ، پىكرى چوڭقۇر شائىر، ئۇ پۈتۈن ئىجادىيەت ھاياتىدا كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكىگە ئۆز شېئىرلىرىنىڭ لىرىكىلىق كۈچى، تەسىرى بىلەنلا تونۇلغان شائىر ئەمەس. قۇرمانئەلى ئۆزىنى توختاتقان مەزگىللىرىدە، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا 80 ـ يىللاردىن بۇيانقى يازغان شېئىرلىرىدا بەلگىلىك سالماققا ئىگە نۇقتىئىنەزەرلەرنى سىڭدۈرۈشكە، كىشىلەرنى ئويلىنىشقا سالىدىغان، پەلسەپىۋى قاراشلارنى كىرگۈزۈپ شەرھلەشكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن، شائىرنىڭ «ئويلاندىم» دېگەن شېئىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. قۇرمانئەلى يەنە «ھايات ھەققىدە» ناملىق شېئىرىدا ئوبرازلىق تەپەككۇرغا ياندىشتۇرۇپ لوگىكىلىق تەپەككۇردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى، قىممىتىنى، پەلسەپىۋى قاراش بويىچە ئىلمىي تۈسكە كىرگۈزۈپ شەرھلىگەن. بۇنىڭ بىلەن شائىر ۋاقىت قانداق قەدىرلەنگەن بولسا، ھاياتنىمۇ شۇنداق قەدىرلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ھايات پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن. قۇرمانئەلى ئوسمان ئەدەبىيات ـ

سەنئەت سېپىدىكى جاپاكەش جەڭچى ۋە نوپۇزلۇق تەشكىلاتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جەمئىيەت، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلەش قەدەم باسقۇچلىرىدا دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرغۇچى، بۇ تېمىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ ئەكس ئەتتۈرگەن تەلەپچان ئىجادكار. «دوستلۇق مېھرى»، «دوستۇمغا خىتاب»، «دوست يۈرەكتىن»، «بىر تۇغقان مىليونلار بىلەن»، «قوشكېزەك قېرىندىشىم» قاتارلىق شېئىرلىرى يۇقىرىدىكى قاراشلىرىغا پاكىت بولالايدۇ.

قۇرمانئەلىنىڭ مەزمۇن، شەكىل بىرلىكى جەھەتتە سىستېمىلاشقان، قېلىپلاشقان لىرىك شېئىرلىرى ئىچىدە تەبىئەت لىرىكىسى خېلى ئورۇن تۇتىدۇ، شائىر ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىدىن، ئۆتكۈر كۆزىدىن، سېزىمچان زېھنىي قۇۋۋىتىدىن، پاراسەتلىك ئويلىرىدىن تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ھېچقانداق ۋاقىتتا كۆزدىن، كۆڭۈلدىن يىراق قالدۇرۇپ كۆرگەن ئەمەس. شائىر تەبىئەت ئۆزى ئاتا قىلغان ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئۆز رەڭگى، ئۆز قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىدى، ھەتتا تەبىئەتكە جان، تىل، قىلىق، تۇيغۇ بەردى، تەبىئەت بىلەن سىرداشتى.

شائىر قۇرمانئەلى ئوسمان لىرىك شېئىرلارنىڭ خۇش پۇراق گۈلى ھېسابلانغان ئىشقى مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ يېزىشقا، كىشىلەرنىڭ دۇنياسىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا پەردازلاشقا نىسبەتەن باشتىن - ئاخىر ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. «گۈلسۈم، ئىدىڭ»، «كەشتە»، «نېمىشقا كۆزۈڭ تالمىغان»، «ئاق ئۆيدە»، «لەرزان كېپىنەك»، «نەدە يۈردۈڭ» قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشقى - مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئاز ئەمەس. شائىر قۇرمانئەلى 1946 - يىلى 22 يېشىدا يازغان «گۈلسۈم ئىدىڭ» دىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن يېرىم ئەسىر ۋاقىت جەريانىدا باھار گۈللىرىنى توزدۇرماي ساقلاپ ئۆتكۈر ۋە مول قەلىمىنى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئىشقى -



مۇھەببەت سېزىملىرىنى تەسۋىرلەشتىن قاچۇرمىدى، ھەتتا ئوتتۇرا ياشتىن ئۆتكەن، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىشقى مۇھەببەت لىرىكىلىرى تېخىمۇ جەلپدار شوخ ئاھاڭدا يازدى.

قۇرمانئەلى ئوسمان نەچچە ئون يىللىق ئۆمرىنى ئىجادىيەت ئۈچۈن بېغىشلاش داۋامىدا ھەقىقەتتىن ئايرىلمىغان، پاك قەلبىگە داغ چۈشۈرمىگەن ئەمەلىيەتچان، راستچىل، تۇرمۇشقا، خەلققە سادىق رېئالىست شائىر.

قۇرمانئەلىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ يازغان «كەچمەسمەن» ناملىق شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن شائىرنىڭ خەلقپەرەسلىك ئىدىيىسىنىڭ ئومۇملاشقان ئوبرازلىق ئىنكاسىدۇر.

شائىر يەنە كىشىلەر ئىچىدىكى، جەمئىيەتتىكى ناچار قىلىق، يامان ھەرىكەتلەرنى پاش قىلغان، قامچىلىغان، مەسخىرىلىگەن ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىشقىمۇ ئەھمىيەت بەردى. «ئاۋايلاڭ بۇرادەر»، «بەس»، «قالمىسۇن سىزدىن ئارنومۇس»، «نېمە ئۈندۈردۈڭ» قاتارلىق ساتىرىلىرى جامائەتچىلىك ئارىسىدا خېلى زور تەسىر پەيدا قىلغان ئەسەرلەردۇر.

قۇرمانئەلى تىلغا باي، تىل ئىشلىتىشتە پىشقان شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى خەلقنىڭ ئېغىزغا، چۈشەنچىسىگە، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئۇيغۇنلاشقان، خەلقنىڭ جېنىغا، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ساپ ۋە سۈزۈك تىل. شائىر ئۆز مىللىتىنىڭ تىل كانى دۇردانىلىرىدىن بىمالال پايدىلىنىپ تۇرمۇش رېئاللىقىغا بەدىئىي بوياق بەردى، روشەن مىللىي تۈس كىرگۈزدى.

قۇرمانئەلى ئوسمان ئېلىمىز جۇڭگو قازاق شائىرلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىنى ياراتقان، خەلق «ئاتاقلىق شائىرىمىز» بەرگەن نامغا مۇناسىپ كامالەت تاپقان تىل سەنئەتكارىدۇر.

# مانا بۇ ـ بوغدا

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەت، ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسىرلىك تەرەققىياتى داۋامىدا يېڭىلىقتا، ئىجادىيلىقتا، ئىزدىنىش روھىغا باي، پىكرى تېرەن، ھېسسىياتى گۈزەل، تىلى ئوبرازلىق، بىلىم، ماھارەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق تايانچ كۈچلەرنى يېتىشتۈردى. بوغدا ئابدۇللا شۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەسىرى چوڭقۇر، تۆھپىسى زور، ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن يېتۈك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ 46 يىللىق بەدىئىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىسىنى قوشتى. كىشىلەرنىڭ: شىنجاڭدا تاغلارنىڭ ئىچىدە «بوغدا» دېگەن ئاتاقلىق تاغ بار، شائىرلارنىڭ ئىچىدە «بوغدا» ئىسىملىك ئاتاقلىق شائىر بار، دەپ تەرىپلىشى بىكار ئەمەس.

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئىككى قېتىم چوڭ بۆسۈشنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ ئالدىنقىسى 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن 60 ـ



يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن يېڭىلانغان ئۇيغۇر لىرىكىسى يېڭى زامانغا جور بولۇپ، ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى. «تۈگىمەس ناخشا» قاتارلىق نۇرغۇن نادىر لىرىك شېئىرلار كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. بوغدا ئابدۇللا دەل مۇشۇ دەۋردە تالانتلىق ۋە ئۈمىدۋار ياش لىرىك شائىر سۈپىتىدە جامائەتچىلىككە تونۇلدى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن، 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان 2 ـ باسقۇچتا، قەلەم ئىگىلىرى بىر قەدەر كەڭرى ئىجادىيەت مۇھىتىغا ئېرىشىپ، كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق، ئوقۇرمەنلەرنى تەبىئىي رەۋىشتە ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە سالىدىغان پەلسەپىۋى شېئىرلار ئاساسىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە بوغدا ئابدۇللا قويۇق رېئالىستىك تۈس ئالغان رەڭدار ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا شائىرانە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن پارتلاپ چىققان ھېسسىيات، بەئەينى ئانىسىنىڭ سۈتى، ئاتىسىنىڭ قېنىدىن پۈتۈلگەندەك ھېكمەتلىك ئىبارىلەر، ئوبرازلىق ئوي ـ پىكىرلەر بىلەن تويۇندۇرۇلغان پەلسەپىۋى شېئىر، داستانلارنى يېزىپ شۆھرەت قازاندى.

بوغدا ئابدۇللا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا كىرىشىپ، 1954 ـ يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كىشىلىك ھاياتنىڭ نى ـ نى قىسمەتلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، قىيىن، ھەتتا خەتەرلىك شارائىتلارغا دۇچ

كەلگەندىمۇ، ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشكەندىمۇ قەلەمنى توختىتىپ قويمىغان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «باھار غۇنچىلىرى» (1978)، «يەلكەن» (1983)، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانارگۈل» (1988)، «قىز قەلئەسى» (1993)، «سالغا تېشى» (1998) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىنى، «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى»، «كىچىك مىنبىڭ»، «يېتىم قىز ھەققىدە چۆچەك»، «مەلىكە ئامانىسا»، «مەريەم»، «جۇڭغار يۇلتۇزىغا»، «ئاققۇباشلىق قۇبوز»، «سالغا تېشى» قاتارلىق داستانلىرىنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

بوغدا ئابدۇللا تىرىشچان ھەم تەلەپچان، تىل سەنئىتى ۋە شېئىرىيەت ماھارىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن شائىر. بۇ ئۇسلۇب ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۇپلېت، مىسرالىرىدىن تارتىپ، تىل ئورامى، مۇزىكىلىق ئاھاڭدارلىقى، مەزمۇنى، يورۇتۇپ بەرگەن تېمىلىرى، قوللانغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغىچە، ئايرىم ئالامەتلىرىدىن، بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىغىچە ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلار شائىر بوغدا ئابدۇللاغىلا خاس بولغان، ئۇنىڭ قېنىغا سىڭگەن، ئادىتىگە ئايلانغان ئالاھىدىلىكتۇر. بوغدا ئابدۇللا ھازىرغىچە بارماق ۋەزىن يەنى ئەنئەنىۋى شېئىر شەكلىدىمۇ، غۇۋا، گۇڭگا تۇس ئالغان ئەركىن شېئىر شەكلىدىمۇ نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تەسىرگە ئىگە ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى پروفېسسور ئازات سۇلتان: «ئەگەر بىز بوغدا ئابدۇللانىڭ 80 - يىللاردىكى شېئىرىي ئىجادىيىتىنى ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقى، يېڭى ۋە



ئىجادىيلىقى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى دەپ قارىساق، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ 90 - يىللاردىكى شېئىرلىرىدا يارىتىلغان بەدىئىي دۇنياغا، كىشىنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى ھېكمەت ۋە ھايات سىرلىرى ھەققىدىكى پىكىرلەرگە، شۇنىڭدەك ئېستېتىك ئاڭنىڭ پەرۋازىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى بىلەن بىردەك بولۇپلا قالماي، دۇنيا ئەدەبىياتىغا يۈزلەندى، دېيىشكە بولىدۇ.» دەپ كۆرسەتكەنىدى. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بوغدا ئابدۇللا بەدىئىي ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ماھارەتتە ئۈزلۈكسىز پىشىپ يېتىلىپ، بۆسۈش ۋەزىيىتى يارىتىپ، ئوقۇرمەنلەر نەزەرىدىكى بۈيۈك ھۆرمەت - ئېتىبارغا سازاۋەر ساناقلىق شائىرلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئۇ ئىجادىيەتتىكى دەسلەپكى قەدىمىنى كۆپرەك بالىلار ئەدەبىياتىدىن باشلىغان. پېشقەدەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھېلىھەم ئېسىدە بولسا كېرەك، بوغدا ئابدۇللانىڭ شوخ، يالقۇنلۇق ياشلىق دەۋرىدە يازغان ئۇسلۇبى يەڭگىل، تىلى ئاممىباب، قۇرۇلمىسى ئاددىي بالىلار شېئىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى. ئۇ شېئىرلار ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق.

شائىر بوغدا ئابدۇللا ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا شائىرانە تەپەككۇر، باي تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرۇپ ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ئالىمىدە ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن سۇبيېكتىپ غايىۋى رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈش،

لىرىك ھېسسىياتقا پەلسەپىۋى قاراشلارنى سىڭدۇرۇش ئارقىلىق ئىدىيىۋى مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىغا، يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە، كىشىلەرنى ئويلاندۇرىدىغان، ئۇلارغا غايەت زور مەنىۋى قۇۋۋەت، ئېستېتىك لەززەت بېغىشلايدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. «ئوغلۇمغا جاۋاب»، «شېئىرىيەت ئىلاھى»، «بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە»، «قىز قەلئەسى»، «تارىم»، «ئۇرۇمچى»، «ئاھ، خەلقىم، دەپ ياشىغان شائىر»، «تۇرپان»، «شىكەر توغراق»، «قىز بىلىدۇ»، «ئانا قۇش»، «بىرىنچى ئايدىڭ»، «كىرورانغا قايتىش»، «دېڭىز، يوپۇرماق، جانان»، «سېھىرلىك تاغلار»، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۇپ ئانارگۈل»، «ئوچاق»، «ئۆركىشىڭنى بەر تۆگىلەر»، «يۈرەك لىرىكىسى»، «يورۇقتاشتىن چىققان قىز» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق نادىر ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

بوغدا ئابدۇللانىڭ بىرلا ئوقۇغان كىشىنىڭ ئېسىدە قالىدىغان، شۇنداق يېقىملىق، تاتلىق، مەنىدار، كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىپ كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغان «بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە» دېگەن ئاتاقلىق شېئىرى بار. ئۇنىڭدا ئۇنتۇلغۇسىز دەرد ـ ئەلەملەرنى قالدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلغان شۇم يىللاردىكى شائىرلارنىڭ كۈلپەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندى بىر ئەسىرىدە «شائىر چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر» دەپ تەرىپلىگەنىدى. بوغدا ئابدۇللامۇ نەزەربەند قىلىنغان، تۈرمىگە تاشلانغان، چۆل ـ باياۋانلارغا پالانغان شائىرلارنى قەپەزلەرگە سولانغان بۇلبۇللارغا ئوخشىتىپ، زۇلمەت دۇنياسىغا نەپرەت



ياغدۇرغان:

بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە،
بۇلبۇلغا باغ ياخشى، بىلمەمسەن؟ !
سايرىسۇن، قانغۇچە سايرىسۇن،
باقمىساڭ خۇماردا ئۆلەمسەن.
بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە،
قانىتى يۇلۇنۇپ كەتمىسۇن.
ئۆزى ھەم كۆڭلى ھەم بەك ئۇزۇك،
ئۇنىڭغا ھېچ ئازار يەتمىسۇن.
بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە،
ئايرىسا جەننەتتۇر گۈلشىنى.
قەپەزنى ئاسمىغىن ساتىراش،
بولىسەن ئەركىنلىك دۇشمىنى. !

شېئىردىكى ئاساسلىق پېرسوناژ بۇلبۇلغا «ئۆزى ھەم كۆڭلى ھەم بەك ئۇزۇك» دەپ بېرىلگەن خاراكتېر، شائىرلىرىمىزنىڭ شۇ دەۋردىكى ئومۇمىي ئەھۋالىنىڭ جانلىق سۈرىتى ئىدى.

«دېڭىز، يوپۇرماق، جانان» ـ رېئاللىق بىلەن خىيال، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن شېئىردۇر. ئۇنىڭدا لىرىك قەھرىماننىڭ سېھىرلىك ھايات كەچۈرمىشلىرى غۇۋا، مۇرەككەپ يوللار بىلەن نىسبەتەن زىددىيەتلىك ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شېئىردىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت سېزىملىرى

گۈڭگا، رومانتىك ئويلار بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ، مەلۇم جۇلالانغان سۆزۈت ئۈستىگە يىغىنچاقلىنىپ سۈرەتلىنىدۇ. يەنە كېلىپ شائىر مەقسەتلىك ھالدا ۋەقەنى چۈشكە ئايلاندۇرۇپ، شېئىرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئوبيېكتى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قويۇق ئەپسانىۋى بوياق بېرىدۇ، شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ يوپۇرماقتىن دېڭىزغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇنىڭ ئاستىدىن ئىككى قولى بىلەن قىلىچنى سۇزۇپ چىققان گۈزەلنى گۆھەر قىلىپ كۆرسىتىپ، «گۆھەر ھامان گۆھەر، سۇ ئاستىدىمۇ، يەر ئۈستىدىمۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

«تارىم» ناملىق شېئىر بوغدا ئابدۇللانىڭ ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە تەسىر قوزغىغان مۇھىم ئەسىرىدۇر. ئىلگىرى بۇ تېمىدا خېلى كۆپ شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇقاملىرى ئوخشىشىپ كېتەتتى. بوغدا ئابدۇللا يازغان «تارىم» نىڭ تەمى، ئۇسلۇبى باشقىچە. شېئىرنىڭ ھەجمى چوڭ، ئىپادىلىگەن مەزمۇنى مول يەنى ئېتىكى كەڭ، تېگى چوڭقۇر بولۇپ، ئۇنى شائىر تەپەككۇرىنىڭ كونتروللۇقىدا ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن ئەھمىيەتلىك ۋە تەسىرلىك تارىخ دېيىشكە بولىدۇ.

يۈرىكىم ئۈستىدە ئاقىدۇ تارىم،
قاراقۇرۇم بېشى، مەنزىل جايى لوپ.
ئۇنىڭ مىجەزى توسۇن تا ياۋا،
ئاققان، ئاقار غالىب، بولمىغان مەغلۇپ.
يولدا ئېقىنلارنى قوشار، ئۇلغىيار،
قايناملىرى رىۋايەت مىسلى.



بەزەن ساھىلغا دەسسىسەڭ پۈتتى،
يالماپ يۇتىدۇ قۇمنىڭ تىلى.

يۇقىرىدىكى مىسرالار تارىمنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ ۋە رېئاللىقىنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرىنىمۇ، يورۇقلۇق تەرەپلىرىنىمۇ، قايغۇلۇق تەرەپلىرىنىمۇ، خۇشاللىنارلىق، ئىپتىخارلىق تەرەپلىرىنىمۇ، ئاشۇ مۇقەددەس زېمىندا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ تۆھپىسىنىمۇ، مەغلۇبىيىتىنىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكېلىدۇ. شېئىردا شائىرانە تەپەككۇرنىڭ قۇدرەتلىك بەدىئىي كۈچىدىن پۈتۈلگەن مەنىدار، ئوتلۇق شېئىرىي ئوي - پىكىر، جىلۋىدار ھېس - تۇيغۇ، ئوبرازلىق، گۈزەل تىل قورالىنىڭ ياردىمى بىلەن، شائىر ئوقۇرمەنلىرىنى قەندىھار بويىدا ئەكس ساداسى ياڭرىغان مىڭئۆيلەر بىلەن . . . مەھمۇد، نوزۇگۇم، سادىر پالۋان، بىلال نازىملارغا ئوخشاش ئەجدادلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە غۇرۇر، يۈكسەك ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

پاك ۋە سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن تويۇنغان ئىشقى - مۇھەببەت كۈيى «بىرىنچى ئايدىڭ» مۇ ئۆزگىچىلىك بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئوقۇرمەنلەرگە مۇرەككەپ ھېسسىياتلىق ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئالدىن ئاشكارىلىنىشىدىن شەپە بېرىپ، ئاندىن ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ. لىرىك قەھرىمان جىمجىت، تىنچ، مۇڭلۇق ھالەتتە تۇرغاندا، ناتونۇش بىر پەرىزات پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا كۈچلۈك دولقۇن قوزغايدۇ:

ئالەم شۇنداق: تۇغۇلۇش، ئۆلۈش،
نېمە ئۇ ياش، نېمە ئۇ پەرق.
مۇھەببەتنىڭ دەرياسى ئۇزۇن،
تۇيۇقىدا بولساق بىز غەرق.
سورىمىسۇن، ئىزدىمىسۇن ھەم،
نېمە كېرەك بىزلەرگە ئاياش.
بىر زامانلار كەلسە تىرىشسا،
بولۇپ قالساق ئاپئاق ئىككى تاش.

شېئىرىدىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت يالقۇنى بىلەن ئۇلۇغۋار ئۇمىدۋارلىق روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن رومانتىك تۇيغۇ شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرگەن.

بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىدىن بىز كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيەتلىك، ھېكمەتلىك مەزمۇنلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەربىيىۋى رولىنى نامايان قىلغان ئۆزگىچىلىكلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

شېكەر توغراق بىر پارالڭ،
بۇنى ھېچكىم توقۇغان ئەمەس.
شورلۇقنى دەسسە، تۈز يالا،
تېتىمىغۇچە لەززەت بىلىنمەس.

دەپ باشلىنىدىغان «شېكەر توغراق» ناملىق شېئىرىدا، ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن قارىماققا ئاددىي، لېكىن ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە ئارقىلىق ناھايىتى ماھىيەتلىك، چوڭقۇر



مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شېئىر خېلى مۇكەممەل سۇژىت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتۇنچى بوۋاي ۋە ئۇنىڭ بالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قىزىقارلىق، چۈچۈك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ھاردۇق يېتىپ ھالىدىن كەتكەن بوۋاي زاغرا ناننى ئوزۇقلۇققا بېرىپ بالىسىنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇيدۇ. دادىسىدىن نارازى بولۇپ ماڭغان بالا زاغرىنى تېشىپ، بارغان يېرىدىكى بىر توغراقنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويىدۇ، بىراق ئۇ جاڭگالدا ئېزىپ قېلىپ ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندە، ئۇنىڭغا ھېلىقى دەرەختىكى زاغرا ئۇچرايدۇ.

تۇنۇگۈن ياراتمىغان زاغرىنىڭ
ھەسەل ئىكەندۇق خېمىرى.
بۇرنىغا بۇ قېتىم سۇ كىردى،
ھوشىنى تاپتى شۇنىڭدىن بېرى.
شېكەر توغراق ھەر قەيەردە بار،
ئادەم بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى.

زاغرا ناننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ئادەتتىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاخىرى «شېكەر توغراق» بولۇپ قېلىشىنى ھەممىلا ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئۇنى ھەممىلا شائىر نادىر ئەسەرگە ئايلاندۇرالمايدۇ.

شېئىرىيەت پېشۋاسى تېيىپجان ئېلىيوف «شېئىر ـ تىل بويىقى بىلەن سىزىلغان ھېسسىيات سۈرىتى» دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ خەلق دىلىنى سۆيۈندۈرگەن ياخشى شېئىرلاردا

هامان شېئىري تىل بىلەن شېئىرى ھېسسىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىمىز.

گۈزەل تىل، باي، ستېرېئولۇق تەسەۋۋۇر، رومانتىك غايە، جىلۋىدار، ئوبرازلىق ھېسسىيات بوغدا ئابدۇللا شېئىرلىرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى روشەن گەۋدىلەندۇرگەن. ئۇ: «ئۇ يەردە كۆمۈلۈپ ياتقان مەن تۇرسام، ئۆزۈمنى تاپالماي يۈرەيمۇ ئۆزۈم» دەپ ئاجايىپ قۇدرەتلىك تەپەككۇر كۈچى ۋە ھېسسىيات بىلەن يازغان «كىرورانغا قايتىش» شېئىرىنى:

قەدىمكى تۇخۇملارنىڭ ئاپئاق قاسىرىقى،
بەلكى ئاق چۈجىلەر قاتقان تاش بولۇپ.
ئۇلار تارتىشقان، قىيمىغاندۇر ھەم،
توپاندەك بالادا شاش بولۇپ.
ئەنە، ئۇپۇقتا ياندۇ شەپەق،
ياندۇ بۇغىنىڭ مۈڭگۈزسىمان.
مەستانە توز كەبى خىيالغا پاتتىم،
خوش! مەن كەتتىم كىروران سايان.

دېگەن غايىۋى روھ يالقۇنى بىلەن پارلىغان رىتىملىق سادا ئارقىلىق تەنتەنىلىك ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

بۇ شېئىر ئوقۇرمەنلەرنى قايتا - قايتا ئوقۇشقا، ھەزىم قىلىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ھايات ھەقىقىتى، ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئويلاندۇرىدۇ.

تېماتىك ئالاھىدىلىكى، پېرسوناژ ئوبرازىنى



گەۋدىلەندۇرۇشتىكى ئۆزگىچىلىكى، مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، مېھىر - مۇھەببەت يۇكسەكلىكى جەھەتتە «ئانا قۇش» ناملىق شېئىرىنى شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شېئىر يۇمشاق، رىتىملىق ئاھاڭدارلىقى، ئىخچام، راۋان تىلى، تەسىرلىك، گۈزەل، جانلىق، ھېسسىياتلىق ھارارەت كۈچى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى.

سىم - سىم يامغۇر، لەپ - لەپ قار،
گۈر - گۈر بوران، ئىسسىقتا.
بىر مۇئەللىم جاپاكەش بور - توزاڭدا سىنىپتا.
سەببىي كۆزلەر، سەبىي جان،
ھايات يولى بەك ئۇزاق.
دىل يورۇماس بىلىمسىز،
پەرلىمەي ياناس چىراغ.

ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم خۇددى بۆشۈكتە بالىسى بار ئانىغا ئوخشايدۇ، ئانا ھەرگىز بۆشۈكنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ ئوقۇغۇچىلاردىن، دەرس مۇنبىرىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. ئۇ مەيلى قىشنىڭ دەھشەتلىك شۇۋىرغان كۈنلىرىدە بولسۇن ياكى يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە بولسۇن، ھەرقانداق توسالغۇلارنى يېڭىپ سىنىپتا پەيدا بولىدۇ. شېئىرنىڭ كېيىنكى كۇپلېتى:

ئۇ ئىزدىمەس نەسىۋە،

ئانا قۇشقا ئوخشايدۇ.
ئۇچۇم بولسا بالىلىرى،
قاراپ - قاراپ تويمايدۇ.

دەپ، مۇئەللىمنى ئانا قۇشقا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك بالىپانلىرىغا ئوخشىتىپ ئاخىرلىشىدۇ.

بوغدا ئابدۇللا قىسقا شېئىر ئىجادىيىتىدە سۈپەتلىك مول ھوسۇل ئېلىپ شۆھرەت قازىنىپلا قالماستىن، داستانچىلىق ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ «مەلىكە ئامانىنسا»، «گۈلدەستىخان»، «سالغا تېشى»، «مەريەم»، «جۇڭغار يۇلتۇزىغا» قاتارلىق داستانلىرى يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە.

بۇنىڭدىن 130 نەچچە يىل ئىلگىرى مەشھۇر يىپەك يۇرتى خوتەننىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلىك ئاساسىدا يېزىلغان «مەريەم» ناملىق مۇھەببەت داستانىدا، شائىر ئوقۇرمەنلەرنى پاك ۋە سەممىي ھېسسىيات، شېرىن، لەززەتلىك تۇيغۇلار بىلەن مەست قىلىپ، ئۇلارنى خەلق قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغان ئىككى ياش — مەريەم بىلەن مەمەتنىڭ ھەقىقىي ئىشقى - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ.

تام قوشنا ئىككى ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولۇشقان ئايدەك ئاقپىشماق، زىبا دېھقان قىزى مەريەم بىلەن قاۋۇل دېھقان يىگىت مەمەت بىر - بىرىگە يوشۇرۇن كۆيۈشۈپ يۈرىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىشقان



ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ، «بېشى باش بولسۇن، ئايىغى تاش بولسۇن» دېگەن ياخشى نىيەتلىرىنى ئىزھار قىلىپ، توينىڭ تەرەددۇتىنى قىلىشىۋاتقاندا، مەريەمگە كۆزى چۈشۈپ قالغان ئاچ كۆز ئىشان ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسىدىن زورلۇق بىلەن بۇلاپ ئېلىپ كېتىدۇ، مەمەتكە ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرسىتىپ ئازابلايدۇ. پاك مۇھەببىتىگە داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغان مەريەم زومىگەر ئىشاننىڭ دەپسەندە قىلىشىغا، خورلىشىغا چىداپ تۇرالماي ئاخىرى ياشلىق ئۆمرىنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

داستاننىڭ بىر گەۋدىگە ئايلانغان سۇژېت قۇرۇلمىسى ئىخچام، زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ بايان قىلىنغان ۋەقەلەرمۇ مەزمۇن بىرلىكى جەھەتتىن بىر - بىرىگە مەنتىقىلىق باغلانغان. جانلىق تىلغا يېقىن، ئوچۇق ھەم يېقىملىق، پەردازسىز شېئىرىي تىلدا تەسۋىرلەنگەن تەپسىلاتلار ئوقۇرمەنلەرگە قىزىقارلىق، تەسىرلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا داستان ئۆزىگە دراماتىك خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، زىددىيەت - توقۇنۇش، كەسكىن تىركىشىشلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىگەن.

«سالغا تېشى» بوغدا ئابدۇللانىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

باش - ئاخىرى مۇستەھكەم باغلانغان ھەم مەلۇم مەركىزىي نۇقتا بىرلىككە كېلىپ تۇتاشقان، ئۇستىخىنى چىڭ چىققان «سالغا تېشى» ناملىق بۇ يىرىك شېئىرىي ئەسەردە كۆزگە

كۆرۈنگەن بىرەر كونكرېت ۋەقە، تەپسىلات بايان قىلىنمىغان ياكى بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك پېرسوناژ ئوبرازىمۇ تەسۋىرلەنمىگەن. لېكىن شائىر ئاجايىپ تەپەككۇر كۈچى، شائىرانە لىرىك ھېسسىيات يالقۇنى، گۈزەل، ئوبرازلىق، رەڭدار بەدىئىي تىلغا تايىنىپ، مىللەتنىڭ تالاي ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىنى سۆزلىتىپ، بۈيۈك، خاسىيەتلىك ئەجدادلار روھىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى، ئىجادىي مەنىۋى مەھسۇلات تەقدىم قىلغان. بۇ قىممىتى زور، تەسىرى چوڭقۇر مەنىۋى مەھسۇلات ـ شانلىق تارىخ ئىزلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشنىڭ، ئوپتىمىستىك روھنى ئۇرغۇتۇپ، پارلاق كەلگۈسىگە تەلپۈنۈشنىڭ سالغا تېشى. ئۇنىڭدا ھەقىقەتەنمۇ مەنىلىك ئۆتكەن ئىزدىنىشلىك ھاياتنىڭ، كۆيۈنۈش، سۆيۈنۈشنىڭ، ئانا تەبىئەت، ئانا زېمىنغا بولغان مۇھەببەتنىڭ، بەختنىڭ، بايلىقنىڭ، ئالغا ئىنتىلىشنىڭ، غەيرەت ـ جاسارەتنىڭ، گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكنىڭ كۈچى بار.

بوغدا ئابدۇللا باشتىلا شېئىرىيەت سېپىگە ئۆز ئالدىغا يول تۇتۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىنى تارتىپ كىرىپ كەلگەندى، ئۇ ھېلىھەم شۇنداق رىتىمدا، شۇنداق تىنىقتا، شۇنداق قېلىپتا كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ئىجادىيەت مۇساپىسىدە ھارماي ئىزدىنىپ، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەت، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كېتىۋاتماقتا. ئۇ ياراتقان مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ سالمىقى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، قىممىتى، تەسىرى بارغانسېرى زورايماقتا، مانا بۇ — بوغدا.



# بەدىئىي زوقلىنىش ۋە ئېستېتىك تونۇش

بەدىئىي زوقلىنىش ـ كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكىنىڭ ھەرخىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن ھوزۇرلانغان چاغدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە مەنىۋى پائالىيەتتۇر.

دېمەك، بۇنداق مەنىۋى پائالىيەتنىڭ خاراكتېرىنى، قانۇنىيىتىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ كىتابخانلارنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھاسىل قىلغان زوقلىنىش پائالىيىتىدىن روشەن پەرقىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسى — ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەدەبىياتنى تونۇش ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بەدىئىي كۈچى، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى قۇدرىتى، ئېستېتىك قىممىتى يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىن پىشىپ ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن ياكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىش بىلەن ئەمەس، كىتابخانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئېنىق مەلۇم بولىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سىزىلغان تۇرمۇش كارتىنىلىرى، تىلنى ۋاستە قىلىپ يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار دائىم كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە، ئېڭىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارغا مول بەدىئىي زوق، بەلگىلىك ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. كىشىلەر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش پائالىيىتى جەريانىدا تەبىئىي رەۋىشتە يازغۇچىلارنىڭ سۆيۈنگەن نەرسىلىرىدىن

سۆيۈندۇ، ئۇلارنىڭ يىرگەنگەن نەرسىلىرىدىن يىرگىنىدۇ، ئۇلار ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۇرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ماھىيىتى بىلەن تونۇشىدۇ. ئەمدى ئاشۇ رېئاللىققا نىسبەتەن ئاشكارا، يوشۇرۇن تېگىشلىك باھاسىنى بېرىدۇ. مۇئەييەنلەشتۇرىدىغان تەرەپلەرنى مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ، ئىنكار قىلىدىغان تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. گەرچە كىتابخانلاردا ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئەدەبىيات ئىلمى ھەققىدە بەلگىلىك قاراش بولمىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، سەزگۈ ئەزالىرى، ئېستېتىك تۇيغۇلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەن ماھىيەتلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ، بەدىئىي ئوبرازلاردىن لەززەتلىنىدۇ، ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىدۇ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى كۆرىدۇ.

بەدىئىي زوق، ئېستېتىك تۇيغۇ ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇش داۋامىدا بارلىققا كەلتۇرگەن بىر خىل بەدىئىي تونۇش پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى. كىشىلەرنىڭ تونۇشى، ھېس قىلىشى ھەم كەڭ ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن باھا بەرگەندە ئاشۇنداق كەڭلىك، ئاشۇنداق چوڭقۇرلۇق تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەڭ دائىرىلىك پىكىر قىلىش، چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بىمالال بەھرىمەن بولۇش ئارقىلىق مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ، مەنىۋى ھاياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلالايدۇ.

كىتابخانلارنىڭ بىر پۈتۈن مەنىۋى ھاياتىدا سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى، ئېستېتىك تونۇش تۇيغۇسى — پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ



كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق يۈز كۆرۈشۈشى داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئېستېتىك تونۇش تۇيغۇسى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەدەبىي ئەسەرلەر زوقلانغۇچىلار (كىتابخانلار) نىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئوبيېكتى بولالايدۇ. شۇنداقلا ئۇ، ھاياتلىق دۇنياسى سىرلىرىنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى، تارىخ تەرەققىياتىنى، تەبىئەتنى، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتلاملىرىنى، تۈرلۈك - تۈمەنمىڭ شەيئىلەرنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ئىنچىكىلەپ تونۇش، چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش قورالىغا ئايلىنالايدۇ.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىمكى: ئېستېتىك تونۇش پائالىيىتى، ئىلمىي تونۇش پائالىيىتىدىن ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. ئالايلى، ئىلمىي تونۇش پائالىيىتىدە ئۇقۇم، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ھۆكۈم چىقىرىش يولى بىلەن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتلەرگە، يەنى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە نەزەرىيىلىك جەھەتتىن باھا بېرىدۇ. ئېستېتىك تونۇش پائالىيىتىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا نىشانلىق ھېس قىلىش، تەپسىلىي چۈشىنىش ۋە خىيال ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئوبرازلىق ئىگىلىنىدۇ. ئوبراز يېتەكچى قىلىنىدۇ، باشتىن - ئاخىر ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا بەدىئىي زوقلىنىش يەنى ئېستېتىك تونۇش پائالىيىتى يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدىكى پائالىيەتلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بىۋاستە بەدىئىي ئوبرازغا ئايلاندۇرىدۇ، رەڭدار، خىلمۇ خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق توپلىغان ماتېرىياللارغا تايىنىپ بىۋاستە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يورۇققا چىقىرىدۇ، رېئال تۇرمۇشقا باھا بېرىدۇ. بەدىئىي زوقلىنىش يەنى ئېستېتىك

تونۇش پائالىيىتى بولسا كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا، مەنىۋى تۇرمۇش مەزمۇنى ئىچىگە كىرىدىغان پائالىيەت بولۇپ كىتابخانىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلاردىن ئالغان كونكىرت تەسىراتى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ھۇزۇرلىنىش، تەسىرلىنىش، چۈشىنىش ۋە تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي رېئاللىققا قايتا باھا بېرىلىدۇ.

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى بىر ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلىغاندا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە چۈشكەنلىكىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن بولغان ئىشتۇر.

كىشىلەردە قانداقلا بولمىسۇن بىلىش، چۈشىنىش، ھۇزۇرلىنىش تۇپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئالغا ئىلگىرىلەش رولى بولىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتنى، رېئاللىقنى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئادىتى. قايسى دەۋردە، قايسى شارائىتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كىشىلەر ئۆزلىرى ياشىغان دۇنيانىڭ سىرلىرىنى بىلگۈسى، چۈشەنگۈسى كېلىدۇ. ئۇلار ھازىرقى دەۋردىكى كىشىلەرنىلا ئەمەس، ئۆتكەن دەۋردىكى ئىشلارنىمۇ، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىشلىرىنىمۇ چۈشەنگىسى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كىشىلەر يىراق كەلگۈسى ئىشلارغىمۇ نەزەر تاشلاشقا ئىنتىلگىسى كېلىدۇ. لېكىن ھاياتلىق دۇنياسى، كىشىلىك تۇرمۇش چەكسىز بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى خىلمۇ خىل ھادىسىلەر ھەم چېچىلاڭغۇ، ھەم يوشۇرۇن، سىرلىق بولىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئاددىي، مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن تەركىب تاپقان، خىلمۇ خىل زىددىيەتلەر بىلەن تولغان ئاشۇ كىشىلىك ھاياتنى، ئاشۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تولۇق تونۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتىنى، قانۇنىيىتىنى،



ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ بايقاپ ئالالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يازغۇچىلار دۇچ كەلگەن تۇسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنى، تۇرمۇشنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىشكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار جاپالىق ئىزدىنىپ كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى، سىرلىرىنى، ئۆزگىچىلىكلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ يىغىنچاقلاپ، تىپىكلەشتۈرۈپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى كارتىنىسىنى يارقىن سىزىپ، كىتابخانلارنىڭ كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ئىلگىرىكىسىنى، ھازىرقىسىنى، كەلگۈسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشىگە، چۈشىنىشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئوبرازلاشتۇرۇلغان تۇرمۇش دەرسلىكى ھازىرلاپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بەدىئىي زوق ئالغاندا، ئېستېتىك تونۇش ھاسىل قىلغاندا ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشنى چۈشىنىش، كۆرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ ئالالايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى، ئېستېتىك تونۇش كۈچىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىرىنى بېيىتىشقا مۇمكىنلىك تۇغدۇرۇۋالالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىچكى ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ھېسسىياتى بىلەن جەلپ قىلىش، بەدىئىي زوق بېرىش، ئېستېتىك تۇيغۇغا كەلتۈرۈشتەك ھاياتىي كۈچى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئەتىۋارلىق مەنىۋى بايلىقى بولۇش ھېسابىغا ئۆتىدۇ. بەدىئىي زوقلىنىش يەنى ئېستېتىك تونۇشقا كېلىش پائالىيىتى داۋامىدا ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار كەڭ كىتابخانلارنى ئادەتتىكى تۇرمۇش رېئاللىقىدىن بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بەدىئىي تۇرمۇش رېئاللىقىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا باشقىچە بىر گۈزەللىك تۇيغۇسى

قوزغىلىدۇ، يارقىن ھېسسىيات ئىلكىدە كىرگەن كونكرېت بەدىئىي مۇھىت ئىچىدە باشقىچە ھۇزۇرلىنىدۇ.

كىتابخانلار ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت سۇزۇك ئەينەكتىن باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى، باشقىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭمۇ تۇرمۇش ئادىتىنى، پسىخىك ھالىتىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى چۈشىنىۋالالايدۇ، تېگىشلىك باھاسىنى بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن مەلۇم خۇلاسىگىمۇ كېلەلەيدۇ. مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى دوبروليوبوۋ بالىلىق دەۋرىدە بېچيومىسكىيانىڭ «سالاپەتلىك ئاشىق» ناملىق رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ روماندىكى ئاساسلىق قەھرىمان هارام تاماق پارازىت قۇرت ساميلوپقا ئەينەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا چىداپ تۇرالمىغان دوبروليوبوۋ: «ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ پېرسوناژ مېنىڭ نومۇسۇمغا تەگدى. ئىزا تارتقانلىقىمدىن يۈزۈممۇ ئوتتەك قىزىپ كەتتى. مۇبادا بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ كېتەلمىگەن بولسامم، ئەمگەك قىلىشنىڭ شۇنداق زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. مەن گەرچە يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئادەم بولساممۇ ئەمدى ئۆزۈمنى ئۇنداق بازارغا سېلىپ يۈرمەيمەن. هازىرچۇ، مەن ئىشقىلىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ كېلىۋاتىمەن» دەپ ئۆز ئۆزىنى رەھىمسىز قامچىلاپ، ياخشى ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى تاپقان.

دېمەك، دوبروليوبوۋ بۇ يەردە ئەسەردە يارىتىلغان ساميلوپ ئوبرازىدىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغان. ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يىرگىنىشلىك يامان ئىللەتلەرنى بىراقلا ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئۆزىدە ياخشى خىسلەتنى يېتىلدۈرۈپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىش يولىدا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۇزلۇكسىز ئالغا ئىلگىرلىگەن.



يۇقىرىدىكىلەردىن بىز دوبروليوبوۋنىڭ هاياتىدىكى ئاشۇنداق ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە سەۋەبچى ئامىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق رېئاللىقتا، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە بولغان ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى پوزىتسىيىسىنى، قاراشلىرىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە پۈككەن ئىجتىمائىي بمۇددىئاسىنى، ئارزۇ ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بايان قىلغۇچىنىڭ ياكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىغا تايىنىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتىپ بېرىدۇ.

بىز يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ «قىزىلگۈل» ناملىق ھېكايىسىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تۆۋەندىكى دىئالوگلىرىغا قاراپ باقايلى:

— رازىيەنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكى ئېسىڭىزدە باردۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئېسىمدە، ئېسىمدە بولماي، — دەپ تەكىتلىدى دۈيجاڭ، رازىيە ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ئەمىسە، ئاياللارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ، دەپ ئويلايسەن؟ ! — دەپ ئۆزىگە سوئال بەرگەنىدى، كېرىمجان:

— ئوتياش ئوتاش، ـ دېدى.

— مانا، تۇزى يوق گەپ دېگەن مۇشۇ! — دەپ كۈلۈۋەتتى رازىيە، لېكىن بۇ كۈلكىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ لەۋلىرى قىزىرىپ تىترەپ كەتتى، — بىلەمسىز، بىز مۇنداق «ئاياللار ئەرلەر بىلەن تەڭ بولالمايدۇ، ئۇلار ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشنىلا قىلسا بولىدۇ» دەيدىغان كونا جەمئىيەتتىكى بىمەنە سۆزلەرگە يول قويمايمىز، تېگىنى سۈرۈشتۈرسىڭىز دېھقانچىلىقنى بىز ئاياللار باشلاپ بەرگەن، بۇنى تارىختا

ئوقۇغانبىز.

— ئوقۇغان بولسىڭىز ئۇ، كىتاب، كىتابتا نېمىلەر دېيىلمەيدۇ؟

— ۋاي قوۋۇرغامەي، «چىراغپايدا چاي ئىچكەن ‹چېچەن› نى كۆردۇم» دېگەندەك، ئەمدى كىتابلاردىن قۇسۇر تاپقىلى تۇردۇڭما؟ ئۇقۇپ قوي كېرىم، ئۇ دېگەن پەن! — دېدى رازىيە.

— بۇ يەردە كىتابنىڭ ۋارقىغا ئەمەس، ئىككى بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ يەر ئاغدۇرىدىغان ئىش.

— بىزمۇ ئېتىزدا ئاغچا ئايلام ئوينايلى دېمىدۇق، سوقا تۇتۇپ يەر ھەيدەيمىز، ئەرلەر قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلىمىز دەۋاتىمىز. كۈچنى ئىشلىتىش ئۈچۈن پەنمۇ كېرەك، پەممۇ كېرەك، روھمۇ، كۈچمۇ كېرەك. گىرەلەشكەن كەسكىن تىركىشىش مومېنتىدا بېرىلگەن پېرسوناژلارنىڭ بۇ دىئالوگلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر، بولۇپمۇ ئاياللار جامائەتچىلىكى قانداقمۇ بەدىئىي زوق ئالالماي تۇرالىسۇن؟ قانداقمۇ كىتابخانىلار قەلبىدە نۇر چاقنىتىدىغان بەلگىلىك ئېستېتىك تونۇش ھاسىل قىلالماي تۇرالىسۇن؟ يازغۇچى پېرسوناژلار ئاغزىدىن بېرىلگەن شۇنداق ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك تىل، چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر ئارقىلىق دەۋرىمىز ئاياللىرىنىڭ ئورتاق ئوتلۇق يۈرەك ساداسىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارىتىنى، ھەقىقىي ئىنسانلارغا خاس پاك ۋىجدانىنى ئوبرازلىق ئىزھار قىلغان.

كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانى، مۇھىتنى، جەمئىيەتنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەم باشقىلارنى ھەم ئۆزىنى كۆرۈش، تەسىرلىنىش، گۈزەللىككە تەلپۈنۈش، گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇش جەريانى بەدىئىي زوقلىنىش جەريانى، ئېستېتىك تونۇش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ ياكى ئۇنىڭدا ئوبرازلىق سىزىلغان تۇرمۇش كارتىنىسىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى، رولىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكىنى، تەسىر كۈچىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرىلىقىنى، بېرىدىغان ئېستېتىك تۇيغۇسىنىڭ قانچىلىك موللۇقىنى باھالايدىغان بىرلىككە كەلگەن، قېلىپلاشقان ئۆلچەم يوق. شۇنداقتىمۇ ئۇنى قالايمىقان خۇلاسە چىقىرىپ، ئۆز بىلگەنلىرىچە ئۆلچەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يامان - ياخشىسىنى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئادىل تارازا كىتابخانىلارنىڭ قولىدا. بىز بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردە بەدىئىي ئوبرازنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ياكى يارىتىلمىغانلىقى مەسىلىسى شۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى دېسەك، كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى بىرلىككە كەلگەن ئىنكاسىنى شۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى جەھەتتىكى، بەدىئىيلىكى جەھەتتىكى تەسىر كۈچى چەكسىز بولىدۇ. ئۇ ئوقۇغانسېرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەمى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن مەڭگۈ كەتمەيدۇ. ھاياتىي كۈچى ئاجىز ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتىن تولىمۇ تېتىقسىز، بەدىئىيلىكى جەھەتتىن قوپال كېلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئوقۇغانسېرى شۇنداق زېرىكتۈرىدۇ، بىزار قىلىدۇ.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر پروزىسىدا رومانچىلىق ئىجادىيىتىدە خېلى ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئوتتۇزغا يېقىن رومان ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىدا نەشر قىلىندى. ئۆز مىللىتىدىن

چىققان يازغۇچىلىرىنىڭ قەلىمىدىن تۆرەلگەن رومانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەن كىتابخانلار ئاممىسى بۇ رومانلارنى بەس - بەس بىلەن ئوقۇپ چىقىشتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە كىتابخانلار تەرىپىدىن تاللانغان ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياققان، ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇسابىقىسىنىڭ كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق بەيگىسىدە ئۇتۇپ چىققانلىرى «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئىزدىنىش» تىن ئىبارەت نەچچىسىلا بولدى. بۇ ئەسەرلەر تالانت ۋە بەدىئىي ماھارەت كۈچى ئارقىلىق تارىخنى، تارىخىي رېئاللىقنى، تارىخىي شەخسلەرنى ھەم ھازىرقى زامان رېئاللىقنى، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، خەلقىمىزگە مول بەدىئىي زوق بېغىشلاپ، مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىشىغا تۇرتكە بولدى. ئېستېتىك تونۇشنىڭ چوڭقۇرلۇشىشىغا يول ئاچتى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يېرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە مەملىكىتىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يۈزلىنىشىگە، دۇنياغا يۈزلىنىشىگە ئاساس سالدى.

كىشىلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بەلگىلىك ئېستېتىك تونۇشقا كېلىشى كۆپىنچە ھاللاردا ھېسسىياتنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى جانلىق ئوبراز، ھەقىقىي تۇرمۇش، جەڭگىۋار غايىۋى ئۈمىدۋارلىق روھ، گۈزەل ئارزۇ ئىستەك، تەسىرلىك لىرىك تۇيغۇ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىك قۇرۇلمىسىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. يازغۇچىلار ئەسەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان ھاياتىي كۈچنى، بەدىئىي ئامىللارنى يەنىلا ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىدىن تاپىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئوبرازلاشتۇرۇپ مىڭلىغان زوقلانغۇچىلارغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇڭا، كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىشى ۋە ئېستېتىك تونۇش ھاسىل قىلىشى ئالدى بىلەن بەدىئىي ئوبرازنى



چۈشىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش يالغۇز يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىنىڭ ئاساسىي بولۇپلا قالماستىن، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشىنىڭ، ئېستېتىك توقۇنۇشقا ئىگە بولۇشىنىڭمۇ ئاساسىي بولالايدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان ئوبرازلار زوقلانغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىغا بەزى ئەسەرلەردە ئاشكارا گەۋدىلەنسە، بەزى ئەسەرلەردە يوشۇرۇن گەۋدىلىنىدۇ. ئالايلى، تاماشىبىنلار كىنولارنى، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى، سەھنە ئەسەرلىرىنى ھېچقانداق توسالغۇسىز ھالدا كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ بىۋاسىتە كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بەدىئىي زوق ئالىدۇ. ئاجايىپ ئېستېتىك تۇيغۇغا كېلىدۇ. كىتابخانلار جامائەتچىلىكى بولسا پروزا ئەسەرلىرى، شېئىرىي ئەسەرلەر، نەسرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ، مۇقەررەر يوسۇندا مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تۇتۇۋېلىش، بايقاش، مۇلاھىزە قىلىش، قوبۇل قىلىش جەھەتلەردە يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چەكلىمىلىكلەر ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇ ئەسەرلەردىكى بايان قىلىنغان، تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنى، پېرسوناژلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەدىئىي زوق ئېلىشتا يازغۇچىلارنىڭ بايانى، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگلىرىغا تايىنىدۇ. ئوقۇش جەريانىدا ئويلىنىدۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن پۈتۈنلۈكى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپتىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا ئەدەبىي ئەسەرلەر رېئال تۇرمۇشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قايتا ئىپادىلىنىش ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقنى تېخىمۇ دەل، توغرا، تېخىمۇ گۈزەل، تەسىرلىك

كۆرستىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن زوقلانغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەردىن بىۋاسىتە، بىمالال نەپ ئالالايدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا ئەدەبىي ئەسەرلەردە تۇرمۇش رېئاللىقى شۇ پېتى، ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇپ توقۇلما قىلىش يولى بىلەن ئىجادىي مېھنەت سىڭدۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. توپلانغان تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، يىغىنچاقلىنىپ ئىپادىلىنىدۇ. يازغۇچىنىڭ ھېسسىياتى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، ئىدىيىۋى ھالىتى، ئارزۇسى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىغا، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئاشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچىلار پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي مېغىزىنى چېقىپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، زوقلانغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىشتا، بەلگىلىك ئېستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىشتا ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئىچكى مەنىسىنى چۈشىنىشكە، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېپىشقا، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىنچىكە ئاختۇرۇشقا، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات، مەنتىقىسى، قانۇنىيىتىنى تۇجۇپلەپ ئىگىلەشكە تىرىشىدۇ. يازغۇچى زوردۇن سابىر «ئامەت» ناملىق ھېكايىسىدا ئىككى پېرسوناژنىڭ پورترېت تەسۋىرىنى، پسىخىك ئۆزگىچىلىكلىرىنى، باشقىلارنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى، مۇئامىلىسىنى بۇنداق قىزىقارلىق روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق بېرىدۇ: «ئۇلار ياندىشىپ مېڭىشتى، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا قاراڭ؟ بىشىر دوغلاق، قىسقا بويۇن، كەڭ يەلكە، ئاياغلىرى مەزمۇت ئەزىمەت. رازاق ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە ئورۇق، پۇتلىرى ئىنچىكە، تىزى ئېگىلىپ تۇرىدىغان، دۈمچەكرەك ئادەم، چىرايلىرىچۇ؟ بىشىر



قارا قۇمچاق، يۈزلىرى ياپىلاق، ئۇزۇن بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىل، ساقال - بۇرۇتلۇق، كۆرۈمسىز ئادەم. رازاق ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئاق -سېرىق، ئاياللاردەك سىلىق يۈز، بۇرنى كىچىك، كۆزى يوغان، كوسا يىگىت . . . بىشىرنىڭ ئاۋازى غاراڭ - غۇرۇڭ، موزاينىڭكىدەك قوپال؛ رازاقنىڭ ئاۋازى بويىدەك ئىنچىكە ۋە جاراڭلىق. ئەمدى مىجەزىگە كەلسەك بىشىر كەم سۆز، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەر بىر سۆزى خۇددى ئامبۇردا تارتىپ چىقىرىلغاندەك تەستە چىقىدۇ. ئۇ كەمدىن - كەم كۈلىدۇ، ئويۇن - تاماشىدا يوق. رازاق بولسا ئىشتىن ئويۇننى، ئۇيقۇدىن گەپ سېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ گەپ بىلەن يىغلاۋاتقان بالىنى يىغىدىن، تەرسانى ئاچچىقىدىن توختىتالايدۇ. مەھەللىگە تارقىلىدىغان پۈتۈن يېڭى خەۋەر، دۆلەت سىياسىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر رازاقنىڭ تىلى بىلەن تارقىلىدۇ. . .» . . . «ئۇلارنىڭ سايلىنىش قائىدىسىمۇ ئاددى: سىياسىي ھەرىكەت بولسىلا دۇيجاڭلىق رازاققا تېگىدۇ. دۈي قىيىنچىلىققا قالغاندا، ئەزالار بىشىرنى دۇيجاڭ قىلىۋالىدۇ. رازاق گەپ بىلەن، بىشىر ئەپ بىلەن ئەزالارنى ياخشىلايدۇ. بىرسى باي قىلىدۇ، بىرسى گادايلاشتۇرىدۇ.»

بۇ پېرسوناژلار تەسۋىرى كىتابخانلارنى ئوقۇغان ھامان ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. كىتابخانلار بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ تەسۋىرىنى قىزىقىش تۇيغۇسى بىلەن ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بىر - بىرسىنىڭ تەتۈرىسىچە بېرىلگەن تەققى - تۇرقى، چىراي - شەكلى، قىياپىتى، مېڭىش - تۇرۇشى، گەپ - سۆزلىرى، مىجەز - خۇلقىنى شۇ زامان ئېسىدە چىڭ تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار داۋاملىق ئەسلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمدى، بىشىر بىلەن رازاقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى پېرسوناژنى جەمئىيەتتىكى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى ئىككى خىل تىپتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. بىشىرنىڭ قانداق

كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى، رازاقنىڭ قانداق كىشىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق خۇلاسە چىقىرىدۇ.

ئەزەلدىن تارتىپ زوقلانغۇچىلار ئەدەبىياتنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى، ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم تەسىرلىك مەنىۋى پائالىيەت مەزمۇنلىرىنى بېيىتىشنىڭ، كېڭەيتىشنىڭ ھالقىسى ھېسابلاپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، تەسىرىنى كىتابخانلارغا زوقلاندۇرۇش كۈچى، بېغىشلىغان ئېستېتىك تۇيغۇسى ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ، بىلىندۇرمەي ئۆتكۈزىدۇ. يازغۇچىلارنىڭ ئەسەر يېزىش مۇددىئاسى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوقلىنىش مۇددىئاسىنىڭ بىردەكلىكى — چوقۇم ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى، تەسىرى چوڭقۇر سۈپەتلىك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا يازغۇچىلار ھېچقانداق سەۋەبلىرىنى تاقاپ ئولتۇرماستىن تۇرمۇشقا چۆكۈشى، زوقلانغۇچىلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىگە تايىنىش ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشى، تەكلىپلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىشى كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇددىئايىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي زوقلانغۇچى ئوبيېكتلىرى ئۈچۈن مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ياخشى يازدىم، بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقاردىم دەپ قارىغان ئەسەرلىرى ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچى ئوبيېكتلىرىنىڭ دىلىغا ياقسا، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش، ئېستېتىك تونۇش ھاسىل قىلىش ئوبيېكتىغا، مەنىۋى بويۇمغا ئايلانسا، ئۇ ھالدا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھاسى دەل جايىدا بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلارنى كىتابخانلارنىڭ



كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان، كىتابخانلار بىلەن قەلبداش ئىجادكارلار دېيىشكە بولىدۇ. مۇبادا ئۆز ئەسەرلىرىنى ئۆزلىرى داڭلىغىنى بىلەن ئۇنىڭغا خېرىدار چىقمىسا، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوقلانغۇچىلار بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق. بۇنداق خېرىدارسىز ئەسەرلەرنىڭ، كېرەككە كەلمەيدىغان ماللارنىڭ ھېچقانچىلىك قىممىتى، رولى، ئەھمىيىتى بولمايدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىن، ئېڭىدىن، ھېسسىياتىدىن، قەلبىدىن يىراقلاشقان، ئۇلار چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق.

لۇشۈن ئەپەندى «ھەممىدىن ئاۋۋال ئادەتتىكى كىتابخانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش كېرەك، ئۇلار ئەھمىيەت بېرىدىغان بولسۇن، مۇشۇ يولنى كەڭ ئېچىش كېرەك، مۇشۇ يول ئېچىلسا، ھەرىكەت قىلىش كۈچىمىز ئاشىدۇ. ئەگەر ئۇنى بىراقلا يەرگە پاتۇرۇۋەتسەك، ئاران بىر قانچىلا ئادەم تۇرۇپ ماختاپ قالىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى نابۇت قىلىش سىياسىتى بولۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. لۇشۈننىڭ بۇ دېگەنلىرى بىزگە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۇھىمى كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشى، بەلگىلىك ئېستېتىك تونۇشقا كېلىشىنى ئالدىنقى شەرت، چىقىش نۇقتىسى قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەقىقىي تۇردە بەدىئىي زوقلىنىش ئوبيېكتىغا ئايلانغاندىلا ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي زوقلانغۇچىلىرى قانچىلىك كۆپ بولسا، ئۇنىڭ رولى قانچىلىك چوڭ بولسا، تەسىرى قانچىلىك كەڭ، بەدىئىي قىممىتى قانچىلىك يۇقىرى بولسا ھېچقانداق تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايلا بۇنداق ئەسەرلەرنى قالتىس ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسە بولۇۋېرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت

پائالىيىتى بىلەن بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان. بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى تەمىنلەيدۇ، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنى تولۇقلايدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بولمىسا، بەدىئىي زوقلىنىشتىن ئىبارەت مەنىۋى پائالىيەتمۇ بولمايدۇ، بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى بولمىسا، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ رولى، ئۈنۈمىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

گوركى: «ئەدىبلەرنىڭ تەجرىبىلىرى بىلەن كىتابخانلارنىڭ تەجرىبىلىرى قوشۇلۇپ بىرلىككە كەلگەندە، ئاندىن سەنئەت چىنلىقىغا، تىل سەنئىتىگە خاس ئالاھىدە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ھالبۇكى، ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش كۈچىمۇ ئەنە شۇنداق قايىل قىلىش كۈچىدىن كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. گوركىي ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلە بىزگە ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بىلەن بەدىئىي زوقلىنىش قانۇنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكتىن، يازغۇچىلار بىلەن كىتابخانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ يارامىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىكى بەدىئىي قۇدرىتىنى تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىپ كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ھەرگىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىشىدۇ. بۇ داۋاملىشىش پەقەت بەدىئىي زوقلىنىش، ئېستېتىك تونۇش پەيدا قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، ھاياتىي كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بەدىئىي زوقلىنىش، ئېستېتىك تونۇشقا كېلىش پائالىيىتى يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پائالىيىتىنىڭ كەڭ



كىتابخانلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلىنىشى، بېيىتىلىشى، چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇشى، مۇكەممەللىشىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بىلەن بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى بىر پۈتۈن ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنىڭ ئىككى قانىتى بولالايدۇ، بۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا بولمايدۇ. شۇڭا، بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتى ئاكتىپچانلىقى كۈچلۈك بولغان بەدىئىي جەھەتتىكى بىر خىل ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى، ئالاھىدىلىكى بار، تەكرار ئىجادىيەت پائالىيىتى بولالايدۇ. بەدىئىي زوقلانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر كۈچى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، سىياسىي ئېڭى، ئىدىيىۋى تونۇشى، تۇرمۇش بىلىمى، تەجرىبىسى قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش، ھەزىم قىلىش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش داۋامىدا بۇ خىل تەكرار ئىجادىيەت پائالىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

تەكرار ئىجادىيەت پائالىيىتىنى — زوقلانغۇچىلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىشى داۋامىدىكى بىردىنبىر بەدىئىي زوقلىنىش ئوبيېكتى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەسىرلىك، ئىخچام ئىپادىلەش، بەدىئىي ئوبراز يارىتىش قانۇنىيىتى بەلگىلىگەن. شۇڭلاشقا، بەدىئىي زوقلىنىش، بەلگىلىك ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلىش جەريانىنى — تەكرار ئىجادىيەت جەريانى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بەدىئىي زوقلىنىش جەريانى — ئوقۇش، ئاڭلاش، كۆرۈش، ھەۋەس قىلىش، پەرەز قىلىش، ھادىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىن، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، تاللاشتىن ئۆتكۈزۈش، پەرقلەندۈرۈش، ماھىيىتىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئەقلىي بىلىش باسقۇچىدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي زوقلانغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن رېئال تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى ھەقىقەتەن چۈشىنىپ، مول بەدىئىي تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ.

بەدىئىي زوقلانغۇچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىش داۋامىدا يەنە بىر خىل ئېستېتىك تونۇش پائالىيىتىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك ھاياتىدا ئىككى خىل گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ، لەززەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى تەبىئىي ھالەتتىكى گۈزەللىك، يەنە بىرى بەدىئىي گۈزەللىكتۇر.

بىزگە مەلۇم: رېئال تۇرمۇشتىكى مەۋجۇت گۈزەل ھادىسىلەر، خىلمۇ خىل شەيئىلەردىكى خىلمۇ خىل گۈزەل ئامىللار، تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈزەللىك، مۇھىتتىكى گۈزەللىك، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى، تەقدى - تۇرقىدىكى، مېڭىش - تۇرۇشىدىكى، روھىي ھالىتىدىكى، خاراكتېر پەزىلىتىدىكى، ئارزۇ ئۈمىدلىرىدىكى، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرىدىكى، گەپ - سۆزلىرىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇلار دېگۈدەك يازغۇچىلار تەرىپىدىن تاللىنىپ، تاسقىلىپ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يىغىنچاقلىنىپ، ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغان كىتابخانلار تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزلىرىنى گۈزەللىك دۇنياسىغا كىرگەندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلاردا قانداقلا بولمىسۇن بىر خىل گۈزەللىككە ئىنتىلىش، ئىلگىرىلەش ئىشتىياقى قوزغىلىدۇ. تەبىئەتتىن، ھاياتلىق دۇنياسىدىن سۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئۆركەشلەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارقىن، ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن ئاشۇ گۈزەللىك دۇردانىلىرى كىتابخانلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىككە تەلپۈنۈش تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ھاياتنى سۆيۈش مۇھەببىتىنى ئۇلغايتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە پاش قىلىنغان، قامچىلانغان،



ئاچچىق ساۋاق قىلىنغان، ئىبرەت ئېلىش تەشەببۇس قىلىنغان، رەزىللىك، ئىپلاسلىق، ئادالەتسىزلىك، ھىيلە - مىكىرلىك، قارا نىيەتلىك، پەسكەشلىك، سەممىيەتسىزلىك، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش كىشىلەر بىزار بولۇپ كەلگەن يامان ئىللەتلەر كىتابخانلارنى قاتتىق سەسكەندۈرىدۇ. بەدىئىي زوقلانغۇچىلار دائىم ئاشۇنداق يوللار ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن دوست تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئېستېتىك تونۇشقا، بىلىمگە، ئېستېتىك تۇيغۇغا ئىگە بولىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىدىن ئۆمۈرلۈك بەھرىمەن بولالايدۇ.

بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ ئەدەبىي تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشتا ئوينايدىغان رولىمۇ خېلى زور. چۈنكى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر، بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ ھەرخىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىش جەريانىدىكى تەسىراتلىرىدىن، ئېستېتىك تونۇشلىرىدىن، خىلمۇ خىل ئىنكاس پىكىرلىرىدىن، يىغىنچاق، مېغىزلىق باھالىرىدىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدىن، يازغۇچىلارغا قويغان تەلەپلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەدەبىيات ئىلمى، ھەر خىل ئەدەبىي ھادىسىلەر، كونكرېت ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئىجادىيەت توغرىسىدا ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، باھالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندا ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ، خۇلاسىلىرىنىڭ، باھالىرىنىڭ، مۆلچەرلىرىنىڭ كەڭ كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. گەرچە بەدىئىي زوقلىنىش بىلەن ئەدەبىي تەنقىد ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن تەرەپلەردىن پەرقلەر بولسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. يازغۇچىلارنىڭ، بەدىئىي

زوقلانغۇچىلارنىڭ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ ئېستېتىك ھەۋەسى بىردەك بولغاچقا كۆپ ھاللاردا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ياردىمىگە تايىنىدۇ. بەدىئىي زوقلانغۇچىلار ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ باھاسىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ، تەسىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ياخشى - يامانلىرىنى، يۇقىرى - تۆۋەنلىرىنى ئۇلارغا ۋاقتىدا ئايرىپ بېرىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بەدىئىي زوقلىنىشنىڭ، ئېستېتىك تونۇشقا ئىگە بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى، رولى ناھايىتى زور بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي ھەۋەسىنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىپادىلەنگەن ئىدىيە، ھېسسىيات بىلەن بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى بىردەك ياكى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولۇپ چىقىدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا كىتابخانلار شۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قىزغىن كەيپىياتتا، چوڭقۇر ھاياجان ئىچىدە تازا بېرىلىپ ئوقۇيدۇ. ئىككىنچى، بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، تەقدىرى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى يېقىنلىشىپ قالىدۇ. بۇ ھال زوقلانغۇچىلارنى ئىختىيارسىز ھالدا شۇ ئەسەرلەرنى تەكرار ئوقۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئۈچىنچى، بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش، ئىدىيە، ھېسسىيات بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتىدىن ئۆزگىچە پەرقلىق بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يازغۇچىنىڭ ئاساسلىق كۆزقارشى، رېئاللىقا، پېرسوناژلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى كىتابخانلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ كېلىدۇ. بۇ مەسىلە كلاسسىك ئەسەرلەرنى، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەرنى ئوقۇغاندا



كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

يىغىپ كەلگەندە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى پائالىيىتى بىلەن بەدىئىي زوقلىنىش ئەمەلىيىتى پائالىيىتى بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا بىر تەرەپتىن ئىجادكارنىڭ ماھارىتىنى، ئىجادىيەت سۈپىتىنى، يەنە بىر تەرەپتىن بەدىئىي زوقلانغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى، بەدىئىي قىزىقىشىنى، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

# «لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمى ھەققىدە

«لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمى — ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. لۇشۇن ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان، ئىدېئولوگىيە، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ھەم ئىنسانىيەت تارىخىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان بۈيۈك تالانت ئىگىسى ھەم مەشھۇر زات. شۇنداقلا ئۇ پۈتۈن دۇنيا ئىدېئولوگىيىسى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى سېپىدىمۇ جاھان جامائەتچىلىكى بىردەك ئورتاق ئېتىراپ قىلىشقان ئۇلۇغ شەخستۇر. لۇشۇن ئىدىيىسى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا قوشقان مول تۆھپىلىرى ئېلىمىز مەدەنىيىتى تارىخىدا مۇھىم دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن بەلكى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

«لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمى — ئېلىمىز ئىدېئولوگىيىسى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن پەن. ئۇ لۇشۇننىڭ شانلىق ھاياتىغا ئىلمىي ئاساستا دەل، توغرا باھا بېرىشنى، لۇشۇننىڭ ئىدىيىسى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، ئىجادىيەت يولىنى، ئۇسلۇبىنى، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىنى، ئىجادىيىتىنىڭ دۇنياۋى تەسىرلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشنى



ئۆزىگە ئوبيېكت قىلىدۇ.

«لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمى 70 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە پەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارغانسېرى كېڭىيىپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ باردى. «لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمى ئەسلىي مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ رەسمىي شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن 30 - ۋە 40 - يىللارغا كەلگەندە بۇ ئىلىم تېخىمۇ ئۇلغىيىپ بارغانسېرى راۋاجلىنىشقا، روناق تېپىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى.

بولۇپمۇ ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن ئورنىتىلغان ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ، يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ «لۇشۇن تەتقىقاتى» نىڭمۇ يېڭى باھارى باشلاندى. شۇنداقلا دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بۇ چوڭ ئىلىمگە نۇرغۇن يېڭى، باي مەزمۇنلار كىرىپ قوشۇلدى. ھەم بۇ تەتقىقات پائالىيىتىگە ئىشتىراك قىلغۇچىلارنىڭ سانىمۇ بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ كۆپەيدى. تەتقىقاتنىڭ ساپاسىمۇ، ئۈنۈمىمۇ، تەلەپلىرىمۇ يۇقىرىلىدى. 1976 - يىلغا كەلگەندە لۇشۇن تەتقىقاتى ئىلمى مۇقىم قېلىپقا چۈشۈرۈلۈپ دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى چوڭ پەن - تەتقىقات ئىشلىرى كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. شۇندىن ئېتىبارەن لۇشۇندىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخرى، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ بايراقدارىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسى ئېلىمىزدە ھەقىقىي تۈردە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلغان ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ غايەت زور تۈرتكىسىدە پەن - مەدەنىيىتىمىزنى، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر تەقەززاسى بولۇپ قالدى. 1980 - يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە لۇشۇننى تەتقىق قىلىش قوشۇنى تېخىمۇ زورايدى. سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ خىللاندى.

پايتەختىمىز بېيجىڭدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە قەدەر مەخسۇس لۇشۇننى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي جەمئىيەتلەر كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. نۇرغۇنلىغان لۇشۇنشۇناس ئالىملار، تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى.

«لۇشۇن تەتقىقاتى» تېما دائىرىسى كەڭ ئىلىم بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئالىدۇ. بۇلار: لۇشۇننىڭ بىر پۈتۈن ھايات كەچۈرمىشلىرى، ناھايىتى مۇشكۇل، جاپالىق شارائىتلاردا ئېلىپ بارغان ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىش؛ لۇشۇننىڭ ئەدەبىياتنىڭ ھەر بىر ژانىرلىرىدا يېزىلغان ھەممە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تۇتۇپ تەتقىق قىلىش، «لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىش، چوڭقۇرلىشىش جەريانىنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرىنى تەتقىق قىلىش، لۇشۇننى تەتقىق قىلىش داۋامىدا يەكۈنلىگەن يېڭى تەجرىبىلەرنى، ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى كۆز قاراشلارنى تەتقىق قىلىش، ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ لۇشۇن ھەققىدىكى تەتقىقات مېۋىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى تەتقىق قىلىش، لۇشۇننى تەتقىق قىلىشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى، رېئال ئەھمىيىتىنى، ئىلمىي ئەھمىيىتىنى تەتقىق قىلىش، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ لۇشۇن ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرىنى، لۇشۇنگە بەرگەن باھالىرىنى تەتقىق قىلىش، لۇشۇننىڭ ئېلىمىز ئىچى - سىرتىدىكى تەسىرىنى ۋە «لۇشۇن تەتقىقاتى» ئىلمىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«لۇشۇن تەتقىقاتى» - ئېلىمىز چېگرىسىدىن ھالقىپ چىققان، دۇنيا مىقياسىدىكى ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە تەسىرى زور ئىلىم. شۇڭا، بۇ ئىلىمنى تەتقىق قىلىشنىڭ بىر تەرىپى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىنى تېخىمۇ



ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي ئاساستا تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلسا، يەنە بىر تەرىپى ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتى، ھازىرقى زامان دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئىلىم - پەننىڭ مەلۇم تەۋەلىكى، چېگرىسى بولمايدىكەن، ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭمۇ مۇقەررەر يوسۇندا تەۋەلىكى، چېگرىسى، چەكلەنگەن رايونى بولمايدۇ.

«لۇشۇن تەتقىقاتى» گەرچە مەملىكىتىمىز سىرتىغا چىقىپ خەلقئاراغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئارىسىدا تەتقىق قىلىشقا باشلانغانغا تېخى ئۇزۇن بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ لۇشۇننى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي پائالىيەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا قەدەر قانات يايدۇرۇلۇپ، مەخسۇسلاشقان تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كەلمەكتە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ لۇشۇن تەتقىقاتى قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدىمۇ لۇشۇننى تەتقىق قىلىش مۇتەخەسسىسلىرى يېتىشىپ چىقتى.

ئەلۋەتتە، مەشھۇر شەخسلەرنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار، ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇلۇغلىنىدۇ.

دېمەك لۇشۇن بۇ ئالەمگە ئۇلۇغ ئەسەرلىرى ئارقىلىق تونۇلغان. ئۇلۇغ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلانغان. شۇنداقلا ئۇ، ئاشۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

ئەينى ۋاقىتلاردا ئۇلۇغ يازغۇچى لۇشۇن ئەسەرلىرى ئاتاقلىق تەرجىمەشۇناس توختى باقى، مىللات ئەلەنلەرنىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر، قازاق رېئالىستىك ئەدەبىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەنگە ئوخشاش «لۇشۇن

تەتقىقاتى» مۇ ئۆز نۆۋىتىدە لۇشۇن تەتقىقات ئىلمىگە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. ھەتتا ئۇيغۇر، قازاق تەتقىقاتچىلارمۇ ئۆز ئانا تىللىرىدا، ئۆز يېزىقلىرىدا بىۋاستە قەلەم تەۋرىتىپ لۇشۇن تەتقىقاتىغا ئاكتىپ قاتناشماقتا. توختى باقىنىڭ «لۇشۇن شىنجاڭدا» ناملىق ماقالىسى، ئىبراي غوجاخمەتنىڭ «AQ نىڭ جەڭگىۋار روھى ۋە ماڭقۇرتلىق» ناملىق ماقالىسى، ئابدۇشۇكۇر موللەكنىڭ «لۇشۇن ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «لۇشۇن ئىجادىيىتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ توغرىسىدا»، «لۇشۇن گۇمانلىنىشتىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇشقىچە» قاتارلىق ماقالىلىرى يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزگە پاكىت بولالايدۇ. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ لۇشۇن ياراتقان پېرسوناژلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى لۇشۇن ئىدىيىسى، لۇشۇن روھى، لۇشۇن ئىستىلى ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن، يېڭى نۇقتىئىينەزەرلەر بىلەن تويۇندۇرۇلغان ماقالىلارمۇ ئۇيغۇر، قازاق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قەلەملىرىدىن بارلىققا كەلدى. بۇ جەھەتتە مۇختەر ئەبىلقاننىڭ «ئاباي ۋە لۇشۇن» ناملىق ماقالىسى، ئابدۇشۇكۇر موللەكنىڭ: «گوگول ۋە لۇشۇننىڭ سەۋدائىي خاتىرىسى ھېكايىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېغىزغا ئېلىشقا بولىدۇ.

«لۇشۇن تەتقىقاتى» شىنجاڭدا ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ ئۇلگ كۆرسىتىپ بېرىش رولىنى ئوينىدى. 1996 - يىلى ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ مەشھۇر دېموكرات، ئىنقىلابچى شائىرى تاڭجارىق جولدى (1903 — 1947) ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1999 - يىلغا كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى تېيىپجان ئېلىيوف (1930—1989) ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى قانات



يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدا «تېيىپجان ئېلىيوف تەتقىقاتى جەمئىيىتى» نى قۇرۇشنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئاساسى تۇرغۇزۇلدى.

مانا بۇلار «لۇشۇن تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت ئىلمىنىڭ شىنجاڭدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتىدا مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىپ، تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر.

# شېئىرىيەتتىكى ماھارەت ۋە شائىر تەپەككۇرى

ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ شېئىرلىرى پىكرىنىڭ تىرەن ۋە ئۇراملىقلىقى، شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە زىچلىقى، تەپەككۇرنىڭ كەڭ ۋە ئالەمشۇمۇللىقى، ھېسسىياتىنىڭ گۈزەل ۋە لىرىكىلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئويناق ۋە گارمونىيىلىك بىرلىكى، تىلىنىڭ جانلىق ۋە ئوبرازلىقلىقى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن كۆزگە ئۆزگىچە چېلىقىدۇ. مەن تۆۋەندە قېرىنداش ئۇيغۇر مىللىتى جامائەتچىلىكىگە خېلى تولۇق تونۇشلۇق بولغان ھەم ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن بىر نەچچە پارچە شېئىرلىرى ھەققىدە بەزى ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

شائىرنىڭ «تۇرپان ناخشىسى»، «ياغماقتا دەسلەپكى قار»، «بىر ساپاق ئۈزۈم»، «تۆگىلەر»، «كۆكلەم كارتىنىسى»، «قەتىرە»، «ئۇلار نېمىشقا چاقىردى»، «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى»، «رەڭدار كۆڭلەكلەر»، «قىزىل گۈل» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇيغۇر، قازاقتىن ئىبارەت ئىككى مىللەت كىتابخانلىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، زامانىمىز شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى تەلەپ، سۈپەت ئۆلچىمىگە يەتكەن ۋە يېڭىچە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ياخشى شېئىرلاردۇر.

شائىر ئۆمەرغازى ئايتان يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن



شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىدا يازغان، بىر قىسمىنى باشقىلار قازاق تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. گەرچە بۇ ئەسەرلەر شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى ئاز بۆلىكىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا شائىرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەمگەكلىرىگە تىپىك مىسال بولالايدۇ. ئۆز زامانىدا، ئۆز كەسپداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە تۆھپىلىرى بىلەن نامى چىققان بىرەر شەخسنىڭ ئىككىنچى بىر مىللەت جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن شۇنداق قەدىرلىنىشى ناتايىن. لېكىن، مەشھۇر ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىنىڭ چېگرىسى، چەكلىمىسى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى ئارقىلىق ئۆز مىللىتى، ئۆز دۆلىتى چېگرىسىدىن ھالقىغان ھالدا باشقا مىللەت، باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەر تەرەپلىمىلىك ئىقتىدار، مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئىگە تالانتلىق قازاق شائىرى ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن قەلەم ئىگىلىرىگە تونۇلۇشىمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى سەۋەبىدىن بولغانلىقى تۇرغان گەپ. شۇڭا بەزى ئۇيغۇر، قازاق زىيالىيلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ قىزىقارلىق سورۇن تۈزۈشۈپ ئىككى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۈستىدە پاراڭلاشقان چاغلىرىدا «بىزدىن تېيىپجان ئېلىيوف چىقتى، سىلەردىن ئۆمەرغازى ئايتان چىقتى» دېگەن گەپلەرنى پەخىرلىنىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھېسسىياتى بىلەن ئېغىزغا ئېلىشلىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر مەزگىل شائىر ئۆمەرغازى ئايتان پۈتۈن ئېلىمىزگە ھەتتا دۇنياغا مەشھۇر ئوت يۇرتى، ئۈزۈم يۇرتى، كارىز يۇرتى تۇرپاندا بولۇپ، ئاددىي ئادەملەرنىڭ

تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ چاغلاردا شائىر ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ساددا، جاپاكەش، مېھرىبان ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن تەقدىرداش، بىر تۇغقانلاردەك قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتتى. بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ مۇشۇ تۇرمۇش قاينىمىدىن ئالغان تەسىراتى ئاساسىدا يېزىلغان «تۇرپان ناخشىسى» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

«ئاشۇ سالقىن كارىزنىڭ زىلال شەربەت كەۋسىرى،
گويا بولۇپ ئاپپاق سۈت ئاق سايۋانغا قۇيۇلغان.
ماڭلىيىمدىن تۆكۈلگەن ھالال مېھنەت يامغۇرى،
ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان ئۈزۈمزارنى گۈل قىلغان.
ھەر تال كىشمىش يۇرەكتە قوزغايدۇ زوق ئىشتىياق،
ھەر بىر ساپاق بەلگىسى بىر تۈپ ئۆكەر يۇلتۇزنىڭ.
كىم بولغىدى ياپراقتا بېرىپ يېشىل رەڭ بوياق،
جىلۋىلىنىپ چاقناتقان نۇرلىرىدىن كۈندۈزنىڭ؟!
چۈنچىلەردە قۇرىغان كىشمىش ئۈزۈم تۆكۈلسە،
پارتلاپ ئوتلۇق ئىلھامىم ناخشا تولار دىلىمغا.

«تۇرپان ناخشىسى» نىڭ سېھرىي كۈچى، بەدىئىي قىممىتى شۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى: ئۇنىڭدا شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا پارتىلىغان تۇرپان ھەققىدىكى تەسىرات تۇيغۇسى لىرىكا رىتىمىدا تەنتەنىلىك نامايەندە قىلىنىش بىلەن بىر چاغدا گۆھەر زېمىن ئۈزۈم يۇرتى خەلقىنىڭ پاراسەتلىك خىسلىتى، ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى، نۇرانە ۋىجدانى، پىنھانلىق ھالىتى، ئىپتىخارلىق سۆيگۈسى ئوبرازلاشقان مەنىۋى ھېكمەت پەللىسىگە كۆتۈرۈپ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

دېمەك تۇرپاننىڭ تەپتەكشى يەر قاتلاملىرىدىن قېزىلغان كارىز قۇدۇقلىرى بىلەن خۇددى دېڭىز ئاستىدىن سۇزۇۋېلىپ



يىپقا تىزىپ ئېسىپ قويغان ئۈنچە - مارجانلىرىدەك ئۈزۈملىرىدىن ئىبارەت تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى شائىر كاللىسىدا بىر پۈتۈن شېئىري پىكىر سىستېمىسى، قەلبىدە يارقىن شېئىري تۇيغۇ ھاسىل قىلىپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە يول ئاچقان. شۇ گۈزەل مۇنبەت تۇپراق ئۈستىدىكى جىمى ھاياتلىقنىڭ جېنى ۋە قېنى ھېسابلانغان «ئاشۇ سالقىن كارىزنىڭ زىلال شەربەت كەۋسىرى، گويا بولۇپ ئاپپاق سۈت ئاق سايۋانغا قۇيۇلغان» زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن «ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان، ئۈزۈمزارنى گۈل قىلغان» ئۆزلىرىنىڭ «ھالال مېھنەت» تەرى بىلەن باياشادلىق تۇرمۇش مۇھىتىنى ياراتقان، قولى گۈل، يۇرىكى ئوت، ئىجاتچانلىق روھقا باي، دىتلىق تۇرپانلىقلارنىڭ قىممەتلىك ئەمگەك مېۋىلىرى، جاسارىتى شېئىردا يارقىن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

يۇقىرىدا دېيىلگەنلەردىن باشقا «تۇرپان ناخشىسى» دا شائىر ئۆمەر غازىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىش روھى، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتى رېئاللىقنى ھەقىقىي سەنئەت رەڭدارلىقى بىلەن بېزەپ كۆرسىتىش جەھەتلەردىمۇ ئۆز كۈچىنى نامايان قىلغان. زېمىنگە جان كىرگۈزۈپ، مۇھىت قىياپىتىنى يېڭىلاپ، كونا ئادەت - كۈچلەرنى ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا كۈچى بىلەن ۋەتەنگە بايلىق، خەلققە بەخت، ئانا تەبىئەتكە گۈزەللىك ئاتا قىلغان زامان روھىنى روشەن گەۋدىلەندۈرگەن. شائىر بۇ شېئىرىدا يەنە ئەتراپى ئېلېكتر چىرىغىنىڭ نۇرىدا بەئەينى كۈندۈزدەك چاقنىغان باراڭ ئاستىدىكى ھەر بىر ساپاقتىكى ئۈزۈمنى كېچىدە ئاسمان يۈزىدە پەيدا بولغان ئۆكەر يۇلتۇزغا ئوخشىتىپ كېلىپ: «كىم بولغىدى ياپراقتا بېرىپ يېشىل رەڭ بوياق، جىلۋىلىنىپ چاقناتقان نۇرلىرىنى كۈندۈزنىڭ» دەپ رېتورىك سوئالنى قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا بەدىئىي پاراسەت،

ئۇسۇل، دىت ئىشلىتىپ ئوبيېكتىپ پاكىت ئارقىلىق جاۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شائىر شېئىرغا دوستلۇق كۈيىنى قېتىپ تەسۋىرلەپ، شېئىر مەزمۇنىغا باشقىچە بىر تەم كىرگۈزىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر قازاق يىگىت تۇرۇپ مەشھۇر ئۈزۈم يۇرتىغا بېرىپ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىدىن خۇشاللىنىدۇ. «مەنمۇ ئوخشاش بەئەينى تۇرپانلىق ياش يىگىتكە، قىپقىزىل گۈل چېكىلگەن دوپپا كىيدىم بېشىمغا» دەپ چىن دوستلۇق رىشتىسىدىن تۇغۇلغان قەلب سۆزىنى ئىزھار قىلىدۇ. مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئۇيغۇر دوستلىرى بىلەن ئازادە زېمىن ـ باراڭلىقتا «شاد ـ خۇرام سورۇن قۇرۇپ» ئىچىشكەن مۇسەللەسكە «شەربىتىدىن جەننەتنىڭ بىلدىم ئەلامەن بۇنى» دەپ يۇقىرى باھا بېرىدۇ. مەدھىيىلەيدۇ.

كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېرىدىغان ياخشى شېئىرلارنىڭ تۈپ نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرى: قۇرۇلمىسىنىڭ يىغىنچاقلىقى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيەتلىكى، ئوبرازلىقلىقى، شېئىرى مۇھىتىنىڭ گۈزەللىكى، تىل سەنئىتىنىڭ رەڭدارلىقى، لىرىك تۇيغۇسىنىڭ ھەقىقىي ۋە گۈزەللىكى، ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېنىق بايقىلىدۇ. يەنىمۇ ئېنىقراق قىلىپ تەرىپلىسەك، ئاشۇنداق ياخشى شېئىرلار جاھان جامائەتچىلىكىگە پىششىق تونۇلغان بۈگۈنكى زامان قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «ھەممە ھۆزۈرلىنىشنىڭ، ھەممە راھەتلىنىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى» دۇر. شائىر ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ «رەڭدار كۆڭلەكلەر» ناملىق ئەسىرى كىشىلەرگە بەدىئىي ھۆزۈر ئاتا قىلىدىغان ئاشۇنداق ياخشى شېئىرلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ شېئىردا شائىر دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرلىرىنى، يەتمەكچى بولغان مۇددىئايىنى ئۇدۇللا، ئاشكارا ئەمەس، بەلكى سىمۋوللۇق



ئەستەر بىلەن پىكىر ئىچىدىن پىكىر، ھېسسىيات ئىچىدىن ھېسسىيات تۇغدۇرۇپ ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ.

ئۆمەرغازى ئايتان شېئىرلىرىدىكى ھېسسىيات يالقۇنلىرى، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار ئارقىلىق يۇغۇرۇلغان ئوي ئورامىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپلا بولدى قىلىۋېتىشىگە، ئەدەبىي ئوبزورچىلار بىلەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاسانلا قولدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە كۆنمەيدۇ. چۈنكى، شېئىر قانچىلىك يۇقىرى شائىرلىق قۇدرەت، بەدىئىي كۈچ بىلەن يېزىلغان بولسا، ئوقۇشتىمۇ، تەتقىق قىلىشتىمۇ شۇنداق يۇقىرى ئاڭ، سەزگۈ ۋە بىلىم ـ ئىقتىدارنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئون يىل مۇقەددەم،
كۆرگەنمىدىڭسەن.
ئوتتۇرا جۇڭگودىن،
شەرققە ئۆتۈپ.
تۇرغان چاغلىرى ئىدى ئۇ ئادەملەرنىڭ.
ئاچچىق ۋە ئەلەملەر يۇتۇپ.»
«رەڭدار كۆڭلەكلەر» دىن.

كىتابخانلار يۇقىرىدىكى مىسرالارنى ئوقۇغان ھامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان ھېلىقى ئىپلاس، شۇم يىللارنىڭ كارتىنىسى كېلىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئاللىقنى، تۇرمۇش ھادىسلىرىنى، مەزمۇننى ئىخچام، مېغىزلىك ئىپادىلەشمۇ بىر خىل ئالاھىدە ماھارەتتۇر. بۇ مەسىلە كۆپرەك شېئىرىي ئىجادىيەتتە ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. شائىر ئۆمەر غازى ئايتان بۇ شېئىردا ئۇزۇن ئولتۇرمايدۇ. پەقەت «ئون يىل قانداق يىللار بولغىيدى» دېگەن سوئالغا: «تۇرغان چاغلىرى ئىدى ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاچچىق

ۋە ئەلەملەر يۇتۇپ» دەپلا جاۋاب بېرىدۇ.

«ئېسىمگە چۈشىدۇ ئەمدى كۆكلەم قۇشلىرى
ئۇچۇپ كېلىشكەن ئالا - چىپار رەڭدە.
ھاۋانى يېرىپ.
شۇلار ئەمەسمۇ ھەممىمىزنى ئۇھ دېگۈزىدىغان
چىرايلىق جۇلا، چىرايلىق رەڭدەك، يەر يۈزىگە ھۆسن
بېرىپ.»

دەۋر ئالمىشىپ، بۇزۇلغان سىياسەت ئوڭشالدى، ئىچكى ۋەزىيەت تىنجىپ يۆنىلىش توغرىلاندى، بۇلغانغان ئاتموسفېرا سوزۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ نەپەس يوللىرى ئېچىلىپ، تىنىقلىرى راۋانلاشتى.

مانا ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىدىكى مىسرالاردا بىر پۈتۈن دەۋر روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. خۇددى زىمىستان قىشنى قوغلىۋېتىپ ئىللىق باھار كائىنات دۇنياسىدىكى مەۋجۇدىيەتلەرگە يېڭى ھاياتلىق مەنزىرىسىنى ئېلىپ كەلگىنىدەك، شەپقەتلىك زامانىنىڭ بەرگەن قۇۋۋىتىدە خەلق قەلبى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمدى. ئازابلانغان، خورلانغانلار قەد كۆتۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن دەس تۇردى. قامالغان، سۈرگۈن قىلىنغان بىلىم ئىگىلىرى، تۆھپىكارلار پەسىل قۇشلىرىدەك قايتىپ كەلدى. بۇ رېئاللىق، شۈنىڭدەك بۇ ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلغۇسىز ئەھمىيەتلىك ئىشلار، ئەنە شۇنداق شائىرنىڭ مېڭىسىدىن، شائىرنىڭ قەلىمىدىن «چىرايلىق جۇلا، چىرايلىق رەڭدار» شېئىر بولۇپ قۇرۇلۇپ بەدىئىي ئوبرازغا، بەدىئىي رېئاللىققا ئايلاندى.

«كېلىڭلار، شادلىنىڭلار، ئەۋلادلار،
قۇشلار،



قۇشلار، قۇشلار،
چىپار قانات كۆكلەم قۇشلىرى،
شادلىنايلى بىز قېرىلار ھەم،
قانداق ياخشى
كۆكلەم كېلىپ
شۇ قۇشلارنىڭ
توپ - توپى بىلەن ئۇچقىنى.»

بۇ مىسرالاردا بىزگە ئانا تەبىئەت ئەركىسى — كۆكلەم مەزگىلى، ئانا تەبىئەتنىڭ يارشىغى يىل قۇشلىرى تەسۋىرلەنگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شائىر سىمۋوللاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئادەمنى، ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۇلار ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى تەسۋىرلىگەن.

«تۆگىلەر» ناملىق شېئىر ئۆمەرغازى ئايتاننىڭ يېڭى شەكىلدە يېزىلغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، مەزمۇن ئۆزگىچىلىكى بار مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. شېئىردا شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر تۇيغۇسى بىلەن يارقىن رېئاللىق ئالامەتلىرىنى روشەنلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ھەيۋەتلىك تۆگىلەر چۈشەر ئېسىمگە،
يىلنىڭ جىمجىت كۈنلىرى،
باھار بۇلۇتلىرى
ئالتاي تاغلىرىغا قونغاندا چۆكۈپ.
تىكىلىمەن خىيال ئىلكىدە
يېشىل قىيا قارىغايزارلارغا
شۇ تۆگىلەر ئېغىنغان ئۇ يەردە تىۋىتلار تۆكۈپ»

بۇ مىسرالاردا لىرىك تەسەۋۋۇر تۇيغۇسى بىلەن قاناتلانغان شائىر تەپەككۇرى ئىنسانىيەت - دۇنياسى رېئاللىقىدىن ھالقىپ گۈزەل تەبىئەتنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى ھېسابلانغان

ھايۋاناتلار دۇنياسى رېئاللىقىدا پەرۋاز قىلىدۇ. شېئىردا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتىپ - تىرىكچىلىك ھاياتى كىشىلەر ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ تەقدىرداش ياشىغان ئاشۇ ھايۋاناتلار جامائەتچىلىكىنىڭ سۆلەت تاجىسى - تۆگىلەر كولېكتىپىدۇر.

دېمەك، شائىر شېئىردا ئۆزىگە جىمى خۇسۇسىيەتلىرى پىششىق، چۈشىنىشلىك بولغان چىدامىلىق، ياۋاش، تولىمۇ ئەمگەكچان، جاسارەتلىك جانىۋار تۆگىلەرنى ئەسلەيدۇ. ئەسلىگەنسېرى شائىرنىڭ كۆز ئالدىغا تۆگىلەرنىڭ يېشىل قىيا قارىغايزارلىقلاردا ئېغىنىغاندا قالدۇرغان تىۋىتلىرى، گىگانت ئادەملەردەك كۆرۈنۈشى، ھەيۋەتلىك مېڭىشلىرى كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەسلىمىلەر ئارقىلىق خاسىيەتلىك ھايۋان، تۆگىلەر ئوبرازىنى تېخىمۇ مەنىلىك، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ يارىتىشقا يول ئاچىدۇ. نەتىجىدە شائىر دەسلەپكى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن چوڭقۇرلاپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە، شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھادىسىۋي ھالىتىنى كۆزىتىشتىن ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە ئۆتىدۇ.

«خۇددى ئاقۋاش قېرى ئاتاندەك،
كېلىدۇ ئالدىمغا بۇغدا چوققىسى.
كۆچ - كۆچ بولغاندا
قالغاندەك بۇ يەردە ئەتەي تارتىنىپ.
كۆرىنەر يەنە تىيانشان چوققىلىرى
شەرقتىن غەربكە قاراپ سەپەر تارتىپ،
كىم يۈگۈرمىگەن شادلىنىپ،
ئوخشاش رەڭدىكى سېرىق ئاتانلار
غازدەك تىزىلىپ
باھار ئاۋلىنى بېسىپ ئۆتكەندە»



دېگەن مىسرالاردىكى جانلىق، سىمۋوللۇق ئوخشىتىشلار ۋاسىتىسى ئارقىلىق بېرىلگەن كۆركەم كارتىنىلار تەسۋىرى بىلەن يارقىن، نەپىس بېرىلگەن ھېسسىيات چىنلىقى ئاشۇ «غازدەك تىزىلىپ» كېتىۋاتقان تۆگىلەر ئوبرازىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىش رولىنى ئوينىغان.

«قايسى يولۇچى
ئېتىدىن چۈشۈپ تىڭشىمىغاندۇ،
قايسى دېھقان
قۇلاق سېلىپ زوقلانمىغاندۇ.
قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسى
كەڭ دالانى گۈمبۈرلەتكەندە،
تۆگىلەر، تۆگىلەر،
قايتقان تۇرنىلاردەك تىزىلىپ
چىققان ئەمەسمۇ تىرمىشىپ
تالاي ئېگىز چوققا - بەللەرگە.
داپ چېلىپ، سۇناي چېلىپ،
بارغان ئەمەسمۇ
تالايلىغان ماھىر -چېۋەرلەر
باشقا ئەللەرگە.»

بۇ يەردە شائىر شېئىرىي تۇيغۇ، سەنئەتلىك پىكىرنىڭ قۇدرىتى ئارقىلىق تۆگىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئوينىغان مۇھىم رولىنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا نۇرلاندۇرۇپ كۆرسىتىدۇ.

مەيلى قايسى بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا بولمىسۇن، ئۇنىڭدا پروزا شەكلىدە ياكى شېئىرىيەت شەكلىدە مەخسۇس ھايۋاناتلار ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن يەتكۈزگەن پايدىسىنى تېما قىلىپ يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بولۇپمۇ تۆگە ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك. تالانتلىق شائىر

ئۆمەر غازى ئېيتقان بۇ بىر رومانغا تېتىغۇدەك ياخشى شېئىرى بىلەن بۇ بوشلۇقنى تولدۇردى. ئۇنىڭ «تۆگىلەر» ناملىق شېئىرىدا كېتىۋاتقان يولۇچىلارنى «ئېتىدىن چۈشۈپ تىڭشاش» قا، ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنى «قولاق سېلىپ زوقلىنىش» قا مەجبۇر قىلغان ئاشۇ جاراڭلىق قوڭغۇراق ساداسى بىلەن جىمجىتلىقنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ هاياتلىق دۇنياسىنى لەرزىگە سالغان دالا كارۋىنى تۆگىلەردىن ئىبارەت قەيسەر جانۋارنى رەڭدار، جانلىق بەدىئىي دۇنياغا كىرگۈزۈپ تەسۋىرلىگەن.

دېمەك شېئىردا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتىنىڭ خاس خاراكتېر، خاس ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە ئۇ كۈچ ۋە قۇدرەتكە ئىگە بولغىنى بىلەن شەپقەتچى ئىگىسى ئالدىدا تولىمۇ ياۋاش، قايانغا يېتىلىسە، شۇ يانغا ماڭىدىغان، «بۇرنىنى تېشىپ چۇلۋۇر ئۆتكۈزۈلگەن» تۆگىلەرنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى، خاراكتېرى ھەممە ھايۋانلار ئىچىدە ناھايىتى كەم تېپىلىدىغان خىسلەتتۇر. مانا بۇ رېئاللىقنى، بۇ ھەقىقەتنى شائىر ئۆمەر غازى ئوبرازلاشقان پوئېزىيە تىلىدا روشەن يورۇتۇپ بەردى. ھەمدە شېئىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا شائىر رېئاللىقنى تارىخقا ئۇلاپ تۆگىلەرنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن پايدىسى بىلەن تۆھپىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گەۋدىلەندۈرگەن. ئالايلى خۇددى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك، باشقىلار بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ئېغىز ئېچىش قىيىن بولغان مۇدھىش كونا دۇنيادا ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم بىلىملىك، ماھارەتلىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئەينى زامانلاردا باشقىلارنىڭ ياراتقان ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىش مەقسىتىدە ئاشۇ تۆگىلەرگە مىنىپ دۆلەتتىن - دۆلەتلەرگە ئۆتۈپ، شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ ساياھەت قىلىشقان، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. ھايات ئادەملەرنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈپ



كەتكەن كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرىنىمۇ شۇ تۆگىلەرگە ئارتىپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىشقان . شۇڭا شېئىردا شائىرنىڭ: «ئاسىيا، سېنىڭ قايسى يۈكۈڭ بار، تۆگە بالىسى كۆتەرمەي قالغان؟!» دەپ تەسۋىرلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. ھەتتا قۇللۇق جەمئىيەتتە ياشىغان، زۇلۇم دەستىدە خورلانغان، ھۆرلۈكتىن، ئەمگەك مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بىچارە قۇللارمۇ تۆگىلەرنى مىنىشىپ قوشۇن تەشكىللەپ، ساداقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ياۋۇز قۇلدارلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن. ياۋروپا ۋە ئاسىيانى ئايلىنىپ تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە «يېشىل ئىزلار قالدۇرۇپ ماڭغان»، ئىنسانلار ئۈچۈن قانات بولۇپ مۇھىم قاتناش قورالى رولىنى ئوينىغان بۇ خاسىيەتلىك جانۋارغا شائىر ئەينى «دەۋرنىڭ بۈيۈك راكېتاسى، ئۇ قۇرۇقلۇقلار ئارا ئۇچقان» دەپ تەرىپلەپ ئالاھىدە باھا بېرىدۇ.

ئىجادكارلىرىمىز ناھايىتى ياقتۇرۇپ دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن، مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجايوۋنىڭ: «ئويلىنىشقا قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىگەن شېئىر ئەڭ ياخشى شېئىر» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالسام ئاتاقلىق شائىر ئۆمەر غازى ئاپتاننىڭ شېئىرلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەزمۇن رەڭدارلىقى، مۇكەممەل پىكىر چوڭقۇرلىقى، يېڭى، ئىجادىي شەكىل بىرلىكىدىن تۆرۈلگەن بىر پۈتۈن قۇرۇلمىسىلا ئەمەس، ھەربىر مىسراسى كىشىنى تەكرار ئوقۇشقا، ئويلىنىشقا سالىدۇ. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دائىم مەۋجۇت ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئەمەلىيىتىدىن ئالغان مول تەسىرات ئۇچلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن سۇبيېكتىپ ئىچكى دۇنياسىنىڭ بەدىئىي سەزگۈ جەۋھەرلىرى كىشىلەر ئېڭىدا بەلگىلىك تونۇش، كىشىلەر قەلبىدە بەلگىلىك ئىستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلماي قالمايدۇ. ئۆمەر غازى كىتابخانلىرى خىللانغان، سەۋىيىلىك خېرىدارلىرى بولۇش سالاھىيتى بىلەن ئۇنىڭ

شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن تەسىرلىك تۇرمۇش مەزمۇنلىرىغا، لەززەتلىك ھېسسىيات دۇردانىلىرىغا چوڭقۇر ئويلىنىش، تەكرار مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىپ كەلدى.

بىز باشتا تىلغا ئالغان شېئىرلار ئىچىدىكى «قەترە»، «كۆكلەم كارتىنىسى»، «بىر ساپاق ئۈزۈم»، «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى»، «ياغماقتا دەسلەپكى قار» قاتارلىق شېئىرلارنى شائىر بىۋاستە ئۇيغۇر تىلىدا يازغان.

«تاڭ بولىقى گىرۋىكىگە،
شۇنچە بالدۇر كەلگەن كىمدۇ؟ ...
دومىلىسا قەترە شەبنەم،
شائىر تۆلەپ بېرەلەمدۇ؟
تەنها قەترە ئۇگىدەپ يۇلتۇز
كىرپىكىمدىن چۈشكەنمىكەن؟
ئاسمان چاقناپ شۇ بۇلاقتىن
ئېڭىشىپ سۇ ئىچكەنمىكەن؟
يېشى ئەمەس ئۇ كىيىكنىڭ،
يە تۈندىكى ئىنسانىنىڭمۇ؟
مۇھەببەتنىڭ ئوتلىرىدا
چەككەن ئاچچىق پىغانىنىڭمۇ.»

(«قەترە» دىن)

شائىر شېئىرىدا تەبىئەتتە مەۋجۇت ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق «قەترە» دىن ئىبارەت ئوقۇمنىڭ ماھىيىتىنى پەلسەپىۋى تۈس ئالغان ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن يېڭى بىر بەدىئىي پەللىگە كۆتۈرۈپ يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، شائىر شېئىرىدا يەنە قەلب قاتلىمىدا پارتىلىغان كۆپ قاتلاملىق ئېموتسىوناللىق يەنى ھاياجانلىق تۇيغۇسى ئارقىلىق ئىستىلىستىكا ئىلمىدىكى رىتورىك سوئال، رىتورىك مۇراجىئەت قىلىشتەك



بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا پىكرىنى، ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغان. شېئىرنىڭ كېيىنكى كۇپلېتلىرىدە شائىر سىرلىق، مۇرەككەپ ۋە ھېكمەتلىك تەبىئەت دۇنياسى رېئاللىقى ئىچىگە بۆسۈپ كىرگەن.

«نەقەدەر پاك تەبىئەتنىڭ،
ئاشۇ داغسىز سۈزۈكلىكى.
ئەجەب ئەمەس بىر قەترىدىن،
مىڭ قەترىنىڭ كۆرۈنمىكى.
ھېچ قايغۇلۇق ئەمەس شاختا،
تىترىسە بىر شەبنەم بېرىپ،
ئېقىپ چۈشكەن شۇ قەترىدىن
ئۈنەر بىخلار تۇپراق يېرىپ»

يۇقارقىلار شائىرنىڭ تەبىئەت مەنتىقىسىدىن ۋە تەبىئەت تەسىراتلىرىدىن ھاسىل بولغان بەدىئىي چۈشەنچىلىرىدۇر. تەبىئەت قانۇنىيىتى، ھەقىقەت رېئاللىقى بىلەن تويۇندۇرۇلغان بۇ چۈشەنچىلەر شېئىردا ئېنىقلىقتا، كونكرېتلىقتا ئىگە ئىلمىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا سەۋەبچى بولغان.

مەلۇمكى، «نەقەدەر پاك تەبىئەتنىڭ» داغسىز، سۈزۈك يۈزىدە ئاتموسفېرانىڭ ئۆزگىرىشىدىن، شۇنداقلا ئىسسىق - سوغاق ھاۋانىڭ دائىم ئالمىشىپ تۇرۇشىدىن ئاسمان دېڭىز ھاسىل بولىدۇ. ئۇ قىش مەزگىللىرى قارغا، ياز مەزگىللىرى يامغۇرغا ئايلىنىپ يەرگە چۈشىدۇ، نەتىجىدە بۇلار ھەممە ھاياتلىقنىڭ ئانىسى ھېسابلانغان يەر زېمىندىكى يەنى تەبىئەتتىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ بېرىشنىڭ ھالقىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

دېمەك، شائىر ئۆمەر غازى ئەنە شۇنداق تەبىئەت ئىلمى،

تەبىئەت پەلسەپىسى، تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا يۇغۇرۇپ «ئەجەب ئەمەس، بىر قەترىدىن مىڭ قەترىنىڭ كۆرۈنمىكى»، «ئېقىپ چۈشكەن شۇ قەترىدىن ئۈنەر بىخلار تۇپراق يېرىپ» دەپ خۇلاسىلىغىنىدەك ئاسماندىن يەرگە چۈشكەن شۇ ھېسابسىز سۇ (يامغۇر) تامچىلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن بىخلىنىپ مېۋە بەرگەن ھاياتلىق مەنزىرىسىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە قىلغان. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا «قەترە» ناملىق شېئىرنى تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ بەدىئىي يوسۇندا ئوبرازلاشتۇرۇلغان ئىلمىي ئۈندۈرمىسى دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بەدىئىي ئەدەبىيات بەدىئىي ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. جۈملىدىن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسلىق بىر تەركىبىي قىسمى ۋە ئەڭ يۇقىرى شەكلى ھېسابلانغان شېئىرنىمۇ شېئىر قىلغان يەنىلا بەدىئىي ئوبرازدۇر. بەدىئىي ئوبراز ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. خۇسۇسەن بەدىئىي تەپەككۇر شېئىرىي ئەسەرلەرگە قارىتىپ ئېيتقاندا، ئۇ شېئىردىكى ئوبرازلىق پىكىر، ئوبرازلىق ھېسسىيات، ئوبرازلىق تىلنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە يول ئاچىدۇ. بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ شەرھلىسەك، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قېنى بولغان ھېسسىيات، جېنى بولغان بەدىئىي چىنلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن تۆرۈلۈپ مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىر شېئىرنى پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قانچىلىك ئويلىنىپ، قانچىلىك بەدىئىي ماھارەت ئىشلىتىپ يازسا، ئۇ باشقىلارنىڭ شۇنچىلىك ئويلىنىپ ئوقۇشىغا، يۈرەك قېنىغا سىڭدۈرۈپ ھەزىم قىلىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. چاينىماي يېگەن تاماقنىڭ تەمى بولمىغىنىدەك، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يالىڭاچ گەپلەرنى



قاپىيەلەشتۈرۈپ يازغان شېئىرلارنىڭ قانداقمۇ تەمى، ئېستېتىك لەززىتى بولسۇن؟!

ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆتكەن شائىرلىرىمىز تەبىئەت مەنزىرىسىنى، بولۇپمۇ باھار مەنزىرىلىرى كارتىنىسىنى سىزىپ بىزگە نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇيغۇر خەلقىدە «پەسىلنىڭ ياخشىسى باھار...» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان كىتابخانلىرىمىز ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ باھار مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن، باھار كۈيلىرىنى ياڭراتقان ياخشى يېزىلغان تەبىئەت لىرىكىلىرى (پېيزاژ) نى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى جىمى گۈزەللىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن يىل ئەركىسى، يىلنىڭ گۈلتاجى باھار پەيزى، كۆركەم باھار خىسلىتى كىمنىڭمۇ زوقىنى قوزغىماي تۇرالىسۇن؟!

ئاتاقلىق قازاق شائىرى ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ: «كۆكلەم كارتىنىسى» ناملىق شېئىرىدا:

«كۆڭۈل روجەكلىرىنى غىدىقلىغان ياپراقتەك،
تىنىمسىز شاخلارنىڭ تاڭدىكى ئويغۇنىشىدىن.
كىم ئىگە شۇ تولغىنىپ تۇغۇلغان تۇيغۇلارغا،
تەبىئەتنىڭ دەسلەپكى رەڭگە بويىلىشىدىن.
ئالدىرىغان يولۇچىدەك كۆكلەم خەۋەرچىسى،
يېشىل قاناتلىق جەننەت قونغانمۇ كېلىپ.
چەكسىز بوشلۇقتا ئالتۇن نۇرلار ئاقتى سۇ بولۇپ،
زۇمرەت رەڭلىك دېڭىزغا ئاپپاق ئىزلارنى سېلىپ.
چاقنىدى كەڭ داللار قىزغۇچ رەڭلىك جىلۋىدە،
گوياكى نەقىش پەردە تاغلارنىڭ ئالدىدىكى
نېمەتكە قاندۇرغان يېشىل قۇچاقلىرىنى،
ياتار ئېدىرلار قاپتاللارمۇ دالىدىكى.»

دەپ باھار رىۋايىتىنى باھار بويىقى بىلەن زىننەتلىگەن، باھار ساداسىنى باھار كۈيى ئارقىلىق لىرىكىلىك تەنتەنە قىلغان. شېئىردا يەنە باھار شادلىقى، باھار مەنزىرىسى گۈزەللىك يۈكسەكلىكىدە نەپىس ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. باھارنىڭ بەدىئىي كارتىنا ئەينىكىدە جىلۋىلەنگەن ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچى خۇددى «كۆكلەم روجەكلىرىنى غىدىقلىغان ياپراقتەك» تاڭ نۇرىدا شادلانغان شادىيانە ئوتلۇق يۈرەكنىڭ يالقۇنلۇق ئىزھارىدەك كىتابخانلار قەلبىدە كۈچلۈك ھېسسىيات ئېقىمىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلاردا ئانا تەبىئەتتىن سۆيۈنۈش، ئانا تەبىئەتكە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

شېئىرنىڭ ئالدىنقى بۆلىكىدە «ئالدىرىغان يولۇچىدەك» پەسلىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن تەڭلا جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ يولغا چىققان «كۆكلەم خەۋەرچىسى» كىشىلەر تەشنالىق بىلەن كۈتكەن «يېشىل قاناتلىق جەننەت» قۇشلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، «زۇمرەت رەڭلىك دېڭىز» لارغا «ئايپىئاق ئىزلارنى» قالدۇرۇپ يەر يۈزىنىڭ چەكسىز بوشلۇقلىرىدا يۈزىگە كۈن شولىسىنى چۈشۈرگەن سۈزۈك سۇلارنىڭ بەئەينى «ئالتۇن نۇر» لارغا ئوخشاپ ئاققانلىقىدىن ئىبارەت مەنزىرە تەسۋىرلەنسە، شېئىرنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە ھاياتلىقنىڭ شەپقەتلىك ئانىسى - خاسىيەتلىك باھار پەسلى گوياكى تاغ - داللاردا، مۇنبەت زېمىن ئۈستىدە «نەقىش پەردە» پەيدا قىلغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن گۈل - چېچەكلەر قاپلىغان زېمىندا جۇلالانغان رەڭگى بىلەن كىشىلەر كۆزىنى چاقنىتىپ ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشقانلىقى يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن شائىر ئىشقىدا قوزغالغان ئىلھام، قان - تومۇرلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ھېسسىيات قاينىمى باھار تىنىقىغا ئايلانغان.

ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ ھەر بىر شېئىرى ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، ئىجادىيلىقى، ئوبرازچانلىقى، مەزمۇن چوڭقۇرلىقى، شەكىل



گۈزەللىكى، خاس ئۇسلۇبى بىلەن سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

بىز تۆۋەندە شائىرنىڭ «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى» ناملىق شېئىرىغا نەزەر تاشلاپ باقايلى:

«چاقنايدۇ ئىككى يۇلتۇز ئىككى چىراغ،
ياش ئاتا تۇرار پوستا.
تەبىئەت ئويغانماقتا ئۇيقۇسىراپ،
قالمىغان سۇنۇقمۇ ئوغاق ئاينىڭ.
ئىچىدە قاپقاراڭغۇ تىمتاسلىقنىڭ -
يېنىپ تۇرار ئىككى يۇلتۇز -
يېنىپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى.
مېھرىبانە قۇچاق ئىچىدە ئۇيقۇسىز،
ئېڭىشىپ ئولتۇرىدۇ ئەزىز ئانا.
ئۈستىدە بوۋاقنىڭ،
ئاڭا ئېنىق.»

دېمەك، ھەجمى 20 مىسرادىن تەركىب تاپقان «چاقناپ تۇرار بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى» ناملىق بۇ شېئىرنى ئوقىغان مەزگىللىرىمىزدە كۆز ئالدىمىزغا ۋەتىنىمىز چېگرالىرىنىڭ گۈزەل خەرىتىسى، خۇددى چاڭبەيشەن، تيانشان قارىغايلىرىدەك قەد كۆتۈرۈپ پوستا تۇرغان قەيسەر جەڭچىلىرىمىز كېلىدۇ. ئانا تۇپراق، ئالتۇن دىيار زېمىنىنى قوغداش ئۈچۈن كەتكەن ياش جەڭچىنىڭ ئائىلىسىدە ئاسمان يۈزىدە «ئوغاق ئاينىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىغان، تىمتاسلىق قاراڭغۇ كېچىلەرنى» ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ ئىككى كۆزى بۇلاقتەك نارەسىدە بوۋاقنىڭ بۆشۈكىنىڭ يېنىدا «ئېڭىشىپ ئولتۇرغان» ياش ئانىنىڭ ئوبرازى كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ياش ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىد، ئىستىقبالى بولغان «ئىككى كۆزى ئىككى چىراغتەك چاقناپ» يورۇق دۇنياغا كۆز

ئاچقان نارەسىدە بوۋاقنىڭ ئوبرازى كېلىدۇ.

«بولسىمۇ سىيا كەبى قاراڭغۇلۇق،
بوۋاقنىڭ ئىككى كۆزى تۇرار يېنىپ.
ياش ئاتا چېگرىدا . . .
قورالنى كۆكرىكىگە تۇرار بېسىپ،
شۇ تاپتا بىر نارەسىدە
ئۇنىڭمۇ خىيالىدا،
ئۇخلىماي ئولتۇرىدۇ كۆزىنى
ئېچىپ.
چاقنايدۇ
ئىككى يۇلتۇز
ئۆچمەيدۇ ئىككى قارىچۇق - ئىككى چىراغ،
تەبىئەت ئويغانماقتا

ئۇيقۇسىراپ»

ئايرىملىقتىن ئومۇملۇققا، قىسمەنلىكتىن پۈتۈنلۈككە ئۆتۈشتەك بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق جەڭچىلىك ھايات قانۇنىيىتى، جەڭچىلىك تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئۆز چىنلىقى، ئۆز مەنىسى، ئۆز مەنتىقىسى، ئۆز قىممىتى بىلەن جىلۋىلەندۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن شېئىرنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىدىن كىشىلەر ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ يېڭى، يۈكسەك مېتودولوگىيىسىنى بايقاپ ئالالايدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئاتا - بالا، ئانا - بالا، ئەر - خوتۇن مۇھەببىتى، مۇقەددەس زېمىن - ۋەتەن مۇھەببىتى جەڭچى قەلبىدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، شائىر شېئىردا يەنىلا ۋەتەن مۇھەببىتىنى ھەممىسىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.



«ھېسابسىز ئاق كېپىنەك،
ئاق ئۇچقۇنلار،
ئورلىپ نەم توپىغا بىر ئالتۇن دان
راھەتلىنەر
ھېسابسىز ئاق كېپىنەك ئۇچۇپ كېلىپ،
تامامەن ئاق قاناتلىق پەرىشتىلەر
ئورلىپ ئاق گۈللەرگە،
تۇرغاندەك كۆز ئالدىڭدا جىلۋە قىلىپ،
قونماقتا يېغىپ ھارغىن قانىتىنى
ھېسابسىز ئاق كېپىنەك
گويا بىلدۈرگەندەك ئىنتىزارىنى
قۇدرەتلىك يەر يالىڭاچ تۆشۈكىدە
ئۈگدەپ ئۇخلىماقتا
دەسلەپكى مامۇقىدا تازا قارنىڭ»
(«ياغماقتا دەسلەپكى قار» دىن)

«ياغماقتا دەسلەپكى قار» ناملىق شېئىرىدىن تاللاپ سىتات ئېلىنغان ئاشۇ مىسرالارنى ئوقىغان كىتابخانلار شىۋىرغان قىش كۈنلىرىنىڭ سۆگەكتىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغاقلىقىدىن بىزار بولۇش تۇيغۇسىدا ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ كۈرۈنۈشىنىڭ كۆركەملىكىدىن، پايدىلىق تەرەپلىرىدىن تەسىرلىنىش، لەززەتلىنىش، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىغا كېلىدۇ. شېئىردا قىش مەزگىلىنىڭ ئۆزىگە خاس يارىشىغى ھېسابلانغان ئاسماندىن چۈشىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى «ئاق كېپىنەك» كە، «ئاق قاناتلىق پەرىشتىلەر» گە، دەل - دەرەخلەر شېخىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان ئاپپاق گۈل چېچەكلىرىگە ئوخشىتىلغان. بۇلارمۇ شېئىرنىڭ ئىجادىيى كۈچىنى، بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

«ئولتۇرار دېرىزىدە دېھقان ئاتا

نەقەدەر كۆكۈللۈك ـ ھە.
سىلىسا ئاق ساقالنى ئويغا پېتىپ،
تۇرغاندەك مىنۇتسىرى
مول ـ ھوسۇلنىڭ ئاپپاق قارى
ئۇنىڭمۇ ساقىلىنى قويۇقلىتىپ.»

دەپ شائىر دەسلەپكى قار ياغقان مەزگىلىدىكى دېھقان ئاتىنىڭ «نەقەدەر كۆكۈللۈك» ئۆتتۈۋاتقان كۈنلىرىدىن تۇغۇلغان يارقىن ھېسسىياتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شېئىردا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكنى تېخىمۇ ئوبرازلاشقان نەپىس شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى مەنىلىك ئىپادىلىگەن. شۇنىڭدەك شېئىردا يەنە «مول ھوسۇلنىڭ ئاپپاق قارى» نىڭ كىشىلەرگە ئۆزگىچە ھاياجانلىق تۇيغۇ، ھۇزۇر بېغىشلىغان نۇرانە مەنزىرىسىنى بېرىش يولى بىلەن ئانا تەبىئەت سىرىنى، گۈزەللىك كۈيىنى، خاس قانۇنىيىتىنى، كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي تۇيغۇسى، پسىخىك ھالىتى، ئېستېتىك ھەۋىسى بىلەن تەبىئىي رەۋىشتە بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. «بىر ساپاق ئۈزۈم»، «قىزىل گۈل»، «ئۇلار نېمىشقا چاقىردى» قاتارلىق شېئىرلىرىدىنمۇ ئۆمەر غازى ئايتاننىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتىگە، ئۇسلۇبىغا، تالانتىغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى، ئىجادىي پىكىر، ھېسسىيات، تىل ئۆزگىچىلىكلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.



# ئاتاقلىق ئالىملىقتىن ئاتاقلىق يازغۇچىلىققىچە

كۆكتىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە نۇرلىنىپ كۆرۈنىدىغان چولپان يۇلتۇز بولغىنىغا ئوخشاش ھەرقايسى ئەل، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ھەر بىر دەۋردە يېتىشىپ چىققان تۆھپىكارلىرى ئىچىدىمۇ ئۆزگە خاس تالانت ـ بىلىم ماھارىتى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق ياراتقان بىرسى بولىدۇ.

سۇلتان جانبولاتوف ئېلىمىز قازاقلىرىنىڭ بۈگۈنكى زامان مائارىپى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى مۇساپىسىدا يېڭى يول ئېچىپ كۆپ تەرەپلىمىلىك نەتىجىلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى دوتسېنت، تۇنجى پروفېسسور، تۇنجى تەبىئىي پەندىن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قەدەم قويغۇچى، زامانىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى فانتاستېك يازغۇچى، قازاق پروزا ئىجادىيىتىدىكى تۇنجى مىكرو ھېكايە يازغۇچىسى، تۇنجى قېتىم مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئاتا تارىخىمىزدىن تېما تاللاپ قەلەم تەۋرەتكۈچى، شۇنىڭدەك ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتى تارىخىدا تىرىلوگىيە يازغۇچىسى.

سۇلتاننىڭ ئۆز ئاتىسى رامازان، جانبولاتوف بولسا بوۋىسى. سۇلتان رامازان ئوغلى جانبولاتوف 1936 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ تارباغاتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق چاغانتوقاي

ناھىيىسىدە ئاددىي چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسى ۋىلايەت مەركىزى چۆچەك شەھىرىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن سۇلتان 1946 - يىلىدىن 1952 - يىلىغىچە چۆچەك شەھىرىدىكى بالتا بايىف مەكتىپىدە يەنى ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرۈپ چۆچەك گىمنازىيىسى (ھازىرقى تارباغاتاي ۋىلايىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ) دە بىر يىل ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ئاندىن ئۈرۈمچىگە بېرىپ 1953 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ئوقۇشنى يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ فاكۇلتېتىنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. سۇلتان جانبولاتوف ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىگە چىققاندىن كېيىن 1957 - يىلى جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىغا كىرىپ بىلىم ئاشۇرىدۇ. ئاندىن چاڭچۈن ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىپ، يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇشنى غەلىبىلىك تاماملاپ رەسمىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلىك دىپلومىنى ئېلىپ خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ 1961 - يىلىدىن تارتىپ 1986 - يىلىغا قەدەر ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى، كافېدرا مۇدىرى، فاكۇلتېت مۇدىرى، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن؛ 1986 - يىلىدىن 1996 - يىلىغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان.

ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ چەت ئەلدىكى ئەزاسى.

دېمەك سۇلتان جانبولاتوفنىڭ باسقان مەنىلىك ھايات



مۇساپىسى، ئانا تەبىئەت ئاتا قىلغان ئالاھىدە تالانتى، تىرىشچانلىق مېھنەتكەشلىك جاسارىتى، يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچانلىق روھى ئۇنى ئۇنىۋېرسال بىلىملىك ئىنسان، يۈكسەك ئىقتىدارلىق ئالىم، ئاتاقلىق يازغۇچى، چېچەن پېداگوگ، چېۋەر جەمئىيەت ئەربابى قىلىپ يېتىشتۈردى.

سۇلتان جانبولاتوف ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ ھالدا تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت كەسپىي بىلىملەرنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئىگىلەشتە تۆۋەندىكى بىر قانچە سىناقلاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن. بىرىنچى، ئۇ كۆڭۈل قويۇپ كۆپ تىللارنى بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىغە قوشۇمچە خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى: سۇلتان جانبولاتوف ئالىي مەكتەپ قۇچىقىدىكى ۋاقتىدا ئالىي دەرىجىلىك بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى خەنزۇ تىلىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىگىلىگەن. ئەمدى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۇستازلىق قىلىش جەريانىدا ستۇدېنتلارغا بىلىملەرنى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئىگىلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلمىي تەتقىقات، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئانا تىلى يەنى قازاق تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بارغان. بۇلاردىن باشقا س. جانبولاتوف رۇس، قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىپ بۇ تىللاردا بېسىلغان ماتېرىياللاردىنمۇ بىمالال پايدىلانغان. ئىككىنچى، كۆپ خىل ماتېرىياللاردىن مول، سەرخىل بىلىم خورىنى جۇغلاش ئارقىلىق ئۆزىنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزغان. ئۈچىنچى، ۋاقتىنى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن. س. جانبولاتوف ئالىي ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مەكتەپنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىلارنى نۇقتىدا تۇرغۇزۇپ تەربىيىلەش، ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ تەربىيىلەش، مەقسەتلىك، پىلانلىق ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇش، تۈرلۈك

ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلىرىدە پۇرسەت چىقىپ قالغان هامان س. جانبولاتوف هازىر بولۇپ تۇردى. بۇ ھەقتە ئۇ: «شۇ چاغلاردا ئىچكىرىدىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغانلىقىم، مەملىكەت ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم، مەملىكەت سىرتىدا ئامېرىكا، ياپونىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېكىسكۇرسىيەدە بولغانلىقىم ئۆمرۈمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ناھايىتى ئەھمىيەتلىك زور ئىشلاردۇر. ئۇلار مېنىڭ نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتتى. ئىلگىرىلىگەنسېرى ـ ئىلگىرىلىشىمگە يول ئاچتى» دەيدۇ.

سۇلتان جانبولاتوف مائارىپچىلىق، ئۇستازلىق ھاياتىدا ئاجايىپ جاسارەتلىك روھىنى نامايەن قىلىپ 1977 ـ يىلى مارتتا قازاقچە يېڭى يېزىقتا: «يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو» ناملىق ئىلمىي كىتابىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرۇپ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

مەخسۇس تەبىئىي پەن ساھەسىدە ئېلىمىز قازاقلىرى مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم يورۇقلۇققا چىققان بۇ كىتاب ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا نەتىجىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن س. جانبولاتوف قازاقچە «ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچىلار» ناملىق ئىلمىي كىتابىنى نەشر قىلدۇردى.

كەسپىي بىلىملەر بىلەن ئۆزىنى تولۇق تويۇندۇرغان ھەم شۇ بىلىمنى ئېغىز ئارقىلىقمۇ، قەلەم ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە س. جانبولاتوف 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى تەرىپىدىن «ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ماشىنىلار»، «رادىئو قوبۇللىغۇچ ماگنىتفون»، «بېسىك تىلى» (باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان) قاتارلىق ئۈچ ئىلمىي كىتابىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم



قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ ماشىنىلار» ناملىق كىتابى مەملىكەتلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئاممىباپ ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا «ئېلېكترونېكسىيىدىن سوئال ـ جاۋابلار» قاتارلىق بىرمۇنچە كىتابلارنى خەنزۇتىلىدىن تەرجىمە قىلغان. س. جانبولاتوف ئەپەندى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۆتكەن ھاياتىدا ئاساسەن فىزىكا ئوقۇتۇشى ھەم مۇشۇ ساھەدىكى مۇھىم يېڭى تېمىلار ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن نۇقتىلىق شۇغۇللىنىپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 5 پارچە ئىلمىي كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىدا تەبىئىي پەن تەتقىقاتىدا ئاق قېلىپ كەلگەن بوشلۇقنى تولتۇردى ھەم باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسەتتى. س. جانبولاتوفنىڭ تەبىئىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ تەسىر قوزغىغان، ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى مىكرو ھېسابلاش ماشىنىلىرىنى ھەر خىل تىل ـ يېزىقتا ئىشلىتىش تەرتىپى ھەققىدىكى مول مەزمۇنلۇق يېڭى تەتقىقات مېۋىلىرى بولدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى دەسلەپكى نەتىجىلىرى 1980 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانلىرىدا ئېلان قىلغان بىر نەچچە پارچە ماقالىلىرىدا نامايان بولدى. ئۇ ئۆزى باش بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ قوللىشى ئارقىلىق ۋۇزۇڭيەن، ھۇشۇر ئىسلام قاتارلىق يولداشلاردىن تەركىب تاپقان ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ ئىشنى رەسمىي باشلىۋەتكەن. 1986 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ «كۆپ خىل يېزىقلارنى 113MDCLX7 مىكرو ھېسابلاش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى» دېگەن تېمىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ «پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتى» غا مۇيەسسەر بولغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شۇ يىلى مەركەز،

س. جانبولاتوف ئۆزى باش بولۇپ تەشكىللەپ ۋۇجۇدقا چىقارغان ۋە يېتەكلىگەن بۇ ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا مەخسۇس ماگىستىر تەربىيىلەش هوقۇقىنى بەرگەن ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ چېچەكلەپ مېۋە بەرگەن مۇقەددەس خىزمەت ئورنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئايرىلىپ خىزمەت ئېھتىياجى، يۇقىرى دەرىجىلىك هۆكۈمەتنىڭ قارارى بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن خۇددى بىر قۇتۇپتىن ئىككىنچى بىر قۇتۇپقا ئۆتكەندەك ئالىملىقتىن يازغۇچىلىققا قەدەم تاشلىدى.

س. جانبولاتوف تەبىئىي پەن تەتقىقاتىدىن ئىجتىمائىي پەن ساهەسىگە ـ بەدىئىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىردى. كىرگەندىمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى كۈچلۈك قوزغاپ مۇستەهكەم ئاساس، پۇختا تەييارلىق بىلەن كىردى.

ئەلۋەتتە تەييارلىقسىز جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە بولمايدۇ. تەييارلىق بولغان تەقدىردىمۇ چوقۇم غەلىبە قىلىمەن، دەپ هۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا جەڭدە غەلىبە قىلىشتا جەزمەن پۇختا، كۈچلۈك تەييارلىق بولۇشى كېرەك. سۇلتان جانبولاتوف ئەدەبىيات ساهەسىگە ئەنە شۇنداق كۈچلۈك، پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرگەن. دېگەندەك ئۇ يازغۇچىلىقتا هەقىقەتەن بوش كەلمىدى. ئۇ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىدىكى رومانلارنى كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىپ جامائەتكە تونۇلدى. فىزىكا ئالىمى، پروفېسسور، يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا تاسادىپىي كىرىپ قالغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «دومبىرا فىزىكىسى» ناملىق ئىلمىي ئوچېركى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇلتان جانبولاتوف فانتازىيىلىك هېكايىلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ



ئاخىرى ئوقۇرمەنلەرگە، جامائەتچىلىككە تونۇلغان بىردىنبىر فانتازىيىلىك يازغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ «ئەرۋاهلار ئارىسىدا»، «ياشلىق»، «تۇمار»، «نومۇسچىلار يېزىسى»، «ئەۋلادلار ئارىسىدا» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي فانتازىيىلىك هېكايىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ هەم ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا جەمئىيەتتە زور تەسىر پەيدا قىلغان. بۇلاردىن باشقا «خاس ساقچىلار» ناملىق تۇنجى هېكايىلەر توپلىمى 1985 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 1995 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن سۇلتان جانبولاتوفنىڭ «ئوچېركلار، مىكرو هېكايىلەر، شېئىرلار» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى توپلام، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مۇنبەت ئېتىزىغا فانتازىيىلىك هېكايىلەر بىلەن مىكرو هېكايىلەرنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى هەم سۇلتان جانبولاتوف قەلىمى ئاستىدا فانتازىيىلىك هېكايىلەر بىلەن مىكرو هېكايە ئىجادىيىتىنىڭ يولى ئېچىلىپ ياخشى ئۈلگە تىكلەندى.

شەك ـ شۈبهىسىزكى، ئىلمىي فانتازىيىلىك هېكايىلەر، زامانىۋى ۋە ئالەملىك ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ زامانىمىزدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسىنىڭ مەهسۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە چىن قەلبىمىزدىن بارىكاللا ئېيتماي تۇرالمايمىز.

سۇلتان جانبولاتوفنىڭ «ئەرۋاهلار ئارىسىدا»، «ئەۋلادلار ئارىسىدا» ناملىق ئىككى پارچە نىسبەتەن چوڭراق هەجىمدىكى ئىلمىي فانتازىيىلىك هېكايىلىرى هەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان.

بۇ ئىككى پارچە هېكايە هەرقانداق ئادەمنى، تارىختا ئۆتكەن

ئۇلۇغۋار ئىشلار ھەققىدە، كېلەچەكتىكى ئىشلار ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا، تەپسىلىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

گەرچە ھەر ئىككى ھېكايە ئاجايىپ باي تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ يېزىلغان بولسىمۇ بۇ ئەسەرلەردىكى ۋەقە، تەپسىلاتلار ئۆتكەن رېئاللىقتا بولغان، كەلگۈسى رېئاللىقتا بولۇشقا تېگىشلىك ھەم بولۇش ئېھتىماللىقى بار ھەقىقىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن تويۇندۇرۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن قويۇق ئىلمىي فانتازىيىلىك تۈسكە كىرىپ تولىمۇ تەسىرلىك يېزىلغان. مەسىلەن:

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە «ئەرۋاھلار ئارىسىدا» دە خىيال قۇشىنى قاناتلاندۇرۇپ لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن ئەستەرلەپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، تارىخ ھەققىدە، تارىختا ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە، ئۇلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا يول ئاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تارىخنى تونۇش، تارىخىي رېئاللىقنى چۈشىنىشتىمۇ ئىلىم - پەننىڭ قۇدرىتىگە تايىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ھەرگىز خۇراپىيلارچە قاراش بىلەن قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىلمىي تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىز بۇ ئىلمىي فانتاستىك ھېكايە ئىچىدە ئىلمىي تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن جۇلالاندۇرۇلغان بىباھا كەڭ تارىخ ياتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىڭدەك ھېكايىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا ئۆزىمىزنى خۇددى شۇ تارىختا ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەرۋاھلىرى ئارىسىدا يۈرگەندەك سېزىمىز.

«ئەرۋاھلار ئارىسىدا» ناملىق ھېكايىدە باشتا دېگەنلىرىمىزدىن بۆلەك، يازغۇچى ئەسەردە زامانىمىزدىكى پەن - تېخنىكىنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن، ئىلىمنىڭ يېڭىلىقلىرىغا نەزەر تاشلاش ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ ئىجاتچانلىق روھىنى فانتاستىكىلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بەدىئىي



يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«ئەۋلادلار ئارىسىدا» ناملىق فانتاستىك ھېكايىگە كەلسەك ئۇنىڭدا يازغۇچى تەسەۋۋۇرنى قاناتلاندۇرۇپ، ئاجايىپ ئىلىم - پەن يېڭىلىقلىرى بىلەن جەۋلان قىلىدىغان كەلگۈسى دۇنيادا ئىلىم - پەن كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلغان ئاڭلىق، ئىجاتچان ئەۋلادلار پائالىيىتىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىدى. نەتىجىدە س. جانبولاتوف باي فانتاستىك تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ ئوقۇرمەنلەرنى كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان ئىلىم - پەن ئىگىلىرى بىلەن ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

پروفېسسور، يېتۈك فانتاستىك يازغۇچى سۇلتان جانبولاتوف 1994 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئىلى خەلق نەشرىياتى»، ئاساسلىقى «بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، بۇنىڭدىن 2200 يىل ئىلگىرىكى ئۇيسۇن دۆلىتىنى ئىلگىرى - كېيىن باشقۇرغان ئۈچ ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تۇتۇش جەريانى خېلى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن، يۈكسەك مەزمۇن كەڭلىكى بىلەن مۇكەممەل زىچ قۇرۇلمىغا ئىگە «ئېلجاۋكۇنبىي»، «سەنچوراكۇنبىي»، «ئوڭغاي كۇنبىي» قاتارلىق بىر مىليون خەتتىن ئارتۇق كېلىدىغان «ئۇيسۇن ھېكايەتلىرى» ناملىق تىرىلوگىيىسى سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز قازاقلىرى ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە سۈپەت ۋە بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتە دۇنياغا يۈزلىنىشتەك بۆسۈش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنداقلا ھازىرقى رومانچىلىق ئىجادىيىتىمىزگە قويۇلىدىغان تەلەپنى ۋە ئۆلچەمنى يۇقىرىلىتىۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن «ئۇيسۇن ھېكايەتلىرى» تىرىلوگىيىسىنىڭ بىرىنچى قىسمىنى تەشكىل قىلغان «ئېلجاۋ كۇنبىي» رومانى 1995 - يىلى مەملىكەتلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر كىتاب مۇكاپاتىغا، يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

بويىچە پروزا ژانىرىدا يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ رومان 2000 - يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە «ئانا يۇرت» نەشرىياتىدا سلاۋيان يېزىقىدا نەشر قىلىنغان. 2001 - يىلى ئېلىمىزدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. بۇ رومان ھەققىدە مەملىكەت سىرتىدا قازاقىستان ئوبزورچىلىرى بىلەن تەتقىقاتچىلىرى ئالتە پارچە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلغان. مەملىكىتىمىزدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىدا 12 پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان.

راستىنى ئېيتقاندا مۇشۇنداق زور تەسىر قوزغىغان، يۇقىرى ھەم كۆپ باھالارغا ئېرىشكەن ئەدەبىي ئەسەرلەر مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. مەن ئويلايمەنكى، «ئېلجاۋ كۇنبىي» رومانى يالغۇز ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بىر پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىدىمۇ زور تەسىر قوزغىغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيسۇن ئېلىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد دۆلەت قۇرغۇچى داھىيسى ئېلجاۋ كۇنبىينىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىۋى رېئاللىق شارائىتىدا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى قىزىقارلىق ھېكايە قىلىنىدۇ. ئەسەردە ئەڭ مۇھىمى، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئۇنىڭ تولىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك، تەدبىرلىك، چېچەن ۋە چېۋەر زات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىچكى جەھەتتە خەلقنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، تاشقى جەھەتتە خەن ئېلى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق دوستلۇق ئورنىتىش ئارقىلىق تاشقى تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇپ زەربە بەرگەنلىكى ھەم مەغلۇپ قىلغانلىقى، ئېلجاۋ كۇنبىيدىن ئىبارەت بۇ زاتنىڭ ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش، كۈچەيتىش، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ خەلقنى روناق تاپقۇزۇش جەھەتتىكى



ئۇلۇغۋار ئىشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «ئۇيسۇن ھېكايەتلىرى» نىڭ ئىككىنچى قىسمى «سەنچورا كۇنبىي» دە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قەدىمىي دۆلەت ئۇيسۇن ئېلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇتقان ئورنى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى قاتارلىقلار بەدىئىي ئۇسۇلدا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئېلجاۋ كۇنبىينىڭ نەۋرىسى سەنچورا كۇنبىي ئوبرازى خېلى مۇكەممەل، خېلى ئەتراپلىق يارىتىلغان.

سەنچورا كۇنبىي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە خەلق ئاساسەن تىنچ - خاتىرجەم شارائىتتا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇيسۇن ئېلى بىلەن خەن ئېلى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتلىرى توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ئىشلىرى بارغانسېرى قويۇقلىشىدۇ. لېكىن ئۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ۋاقتىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئاران ئون يىل ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرىدۇ.

«ئۇيسۇن ھېكايەتلىرى» نىڭ ئۈچىنچى قىسمى «ئوڭغاي كۇنبىي» گە كەلسەك بۇ ئەسەردە يەنىلا ئېلجاۋ كۇنبىينىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ خەلقنى بېيىتىپ ئۇيسۇن دۆلىتى بىلەن خەن ئېلىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكى، ئىچكى - تاشقى ئۇرۇشلار، ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى ۋە باشقىلار تەسۋىرلىنىدۇ.

ئومۇمەن، قازاق ئەدەبىياتىدا تارىخىي ترىلوگىيىنى دۇنياغا كۆز ئاچتۇرغان بۇ ئۈچ كىتاب، مەشھۇر ئۈچ تارىخىي شەخسنى ئۆزىگە باش قەھرىمان قىلغان بۇ تومۇرداش ئۈچ رومان، بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۇسلۇبلاردا ئىجاد قىلىنغان. شۇنداقلا تۈركىي تىلداش خەلقلەرنىڭ ئورتاقلىقىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، ئۇيسۇندىن ئىبارەت قەدىمىي دۆلەتلەرنىڭ 150

يىللىق تارىخىنى، دۆلەت قۇرۇلمىسىنى، ئەسكىرىي ئىشلىرىنى، شۇ مەزگىلدىكى ئىچكى - تاشقى مۇرەككەپ زىددىيەت، تىركىشىش، كۈرەشلەرنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا توغرا ئىپادىلىگەن.

بۇ ئەسەردىكى تارىخىي چىنلىقنى يازغۇچى «خەننامە» بىلەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن، «دىۋان لۇغەت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىن تاپقان. شۇنىڭ بىلەن تىرىلوگىيىنىڭ چىنلىقىنى تېخىمۇ پۇختىلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. سۇلتان جانبولاتوف ئەدەبىياتنى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق چۈشىنىدىغان، ئۇنى پۇختا ئىگىلىگەن، ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىرلىرى بويىچە قەلەم تەۋرەتكەن ئۇنىۋېرسال ئىجادكار. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا پۈتۈنلەي پروزىچىلىق بىلەن ئۆتمىگەن. سۇلتان جانبولاتوفنىڭ ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى كوچىسىغىمۇ كىرگەن تەرەپلىرىنىمۇ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن، ئۇ ئارىلاپ «ئوقۇغۇچىلىرىمغا»، «ئاكامغا»، «مۇئەللىملىك قىلىۋېرىمەن»، «ئائىلە بەختى»، «پەم»، «يەتتە قاتلام» دېگەنلەرگە ئوخشاش نۇرغۇن شېئىرلارنىمۇ يېزىپ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان «جەڭچى ناخشىسى» ناملىق سىنارىيىسى سۈرەتكە ئېلىنىپ ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە، ئاندىن مەملىكەت ۋە دۇنيا سەھنىلىرىدە قويۇلۇپ يۇقىرى باھالارغا، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇ يازغۇچىغا زور شۆھرەت، شان - شەرەپ ئېلىپ كەلدى.

سۇلتان جانبولاتوف بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئۆزگىچىلىكلەرنى بايقاشقا بولىدۇ.

1. سۇلتان جانبولاتوف ئەسەرلىرىدە يارقىن رېئال فانتازىيىلىك ئامىللار، رومانتىكىلىق سادا سالماقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.



2. سۇلتان جانبولاتوفنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ مەنىسى چوڭقۇر، ئوبرازلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

3. سۇلتان جانبولاتوفنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ زامانىمىز قازاق ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئۆرلەش پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

4. سۇلتان جانبولاتوف ئەسەرلىرى تىلى جانلىق، ھېسسىياتلىق.

ئۇلۇغ گوركىينىڭ «ئەدەبىياتچى بولغان ئادەم ھەممىنى ئۆگىنىش كېرەك» دېگىنىدەك، سۇلتان جانبولاتوفمۇ چامىسى يەتكەن بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىشكە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئۇ، تا ھازىرغىچە ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىشنى، تەتقىق قىلىشنى توختىتىپ قويغىنى يوق.

«ئارىلىقتا قېپقالغان مائارىپ تارىخىمىز ھەققىدە»، «ئۇستازدىن نەپ ئالالمىغان مىللەت ھامان زىيان تارتىدۇ»، «مائارىپ ئىشلىرىمىزنىڭ تۈنۈگۈنى بىلەن بۈگۈنى»، «پاكىتلارنى سانلىق مەلۇماتلار سۆزلەيدۇ» قاتارلىقلار ئەمەلىي ۋە ئىلمىي ئاساسى، نەزەرىيىۋى ئاساسى كۈچلۈك، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ماقالىلەردۇر. ئۇ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا 20 پارچىدىن ئارتۇق مائارىپ ئىشلىرىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. يەنە «تەپەككۇر، تىل ۋە سۆز ھەققىدە ئازراق گەپ»، «قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «فونېتىكا ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىم»، «دەۋرىمىز ئەۋلادلىرىغا تىل ئۆگىنىش ھەققىدە قويغان ۋەزىپىلەر» قاتارلىق، مەخسۇس تىل ھەققىدە 30 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بۇلاردىن باشقا سۇلتان جانبولاتوفنىڭ «قورقىت ئاتا كىتابى ھەققىدە ئازراق سۆز»، «يۈز يىلدىن كېيىن قايتا تىرىلىش»، «تارىخىي رومان ئىجادىيىتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» قاتارلىق ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە زور تەسىر قوزغاپ يېتەكچىلىك رول ئوينىغان ماقالىلىرىمۇ بار.

دىمەك، بۈيۈك ئالىم، ئاتاقلىق پروفېسسور يازغۇچىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى تەتقىقاتلىرىمۇ چوڭ ھەجىملىك ئىككى توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى.

سۇلتان جانبولاتوفنىڭ تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتى، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ ساھەنى بويلاپ ئەمگەك قىلىپ چىقارغان ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي كىتابلىرى ھازىر 16 پارچىغا يەتتى.

خەلق ئىزدىنىش روھىغا باي، جاپاكەش، تولىمۇ تىرىشچان ھارماس تۇلپار بۇ ئوغلانىنى چىن دىلىدىن ئالقىشلايدۇ.



# ئەدەبىي مۇنبەر، مەنىلىك رەقەملەر

بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ئەدەبىي كىتاب، ئەدەبىي ژۇرناللار شۇ مىللەت ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. مەتبۇئاتسىز ئەدەبىياتنىڭ تەرققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەتبۇئاتچىلىق تەرەققىياتى — پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى دېمەكتۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ئوبلاست، ۋىلايەتلىرىگە ئوخشاشلا قەشقەر رايونىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، ئەلۋەتتە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يىگىرمە يىللىق شانلىق مۇساپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىللىق باھارى قوينىدا رەڭگا - رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن، دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى كۈيلەنگەن، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى جۇلالاندۇرۇلۇپ سىزىلغان يۈزىنچى سانىنى كەڭ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ رەقەملەرنى ساناپ بېرىش ناھايىتى ئاسان. ئەمما ئۇنىڭ ھەر بىر سانىغا سىڭگەن مەزمۇننى، تەھرىرلەر بىلەن ئاپتورلارنىڭ ھەر بىر بېتى ئۈچۈن تۆككەن قان - تەرىنىڭ قىممىتىنى شەرھلەپ چىقىش، خۇلاسىلاپ بېرىش ئۇنچىلا ئوڭايغا توختىمىسا كېرەك. مانا بۇ «1» بىلەن «00» دىن تەركىب تاپقان رەقەملەر تىزمىسى

بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتكەن ئاشۇ خاسىيەتلىك يىللار، ئاشۇ مەنىلىك ئاي، كۈنلەردە تىرىشچان ئىجادكارلىرىمىز ۋە تەلەپچان باغۋەن - تەھرىرلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرى، بەدىئىي ماھارەت كۈچى، مول، ماھىيەتلىك تۇرمۇش مەزمۇنلىرى جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈز ساندۇر.

مەن ئاددىي بىر ئاپتور ۋە بەدىئىي زوقلانغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكى قاتارىدا يىگىرمە يىل مابەينىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر قېتىم چىققان يېڭى سانلىرىنى دېگۈدەك قالدۇرماي ئوقۇپ، ئۇنى ئۆز ھاياتىمدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى مۈلۈك، بەدىئىي ئوزۇق قىلىپ ساقلاپ كەلدىم، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قەدەم قويۇپ تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئىشىمنى باشلىغان چېغىمدا «تارىم» ژۇرنىلىدىن قالسا دەسلەپ قولۇمغا ئېلىپ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان ئەدەبىي ژۇرنىلىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىپ يازغان بىرىنچى ماقالەم مۇشۇ ژۇرنالدا بېسىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» قەشقەر رايونىدىكى كونا - يېڭى قەلەمكەشلەرنىڭ بەدىئىي ماھارەت كۆرسىتىش زېمىنى، ئىجادىيەت مۇنبىرىگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش، بۇ ژۇرنال مېنىڭمۇ ياخشى بەدىئىي دەرسخانام، ئەڭ يېقىن دوستۇم، بەدىئىي دەسمايە تېپىش مەنبەئىم، ئىقتىدارىمنى نامايان قىلىش مەيدانىم بولۇپ قالدى. چۈنكى مېنىڭ كۆپ ساندىكى ماقالىلىرىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. مەن ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا بۇ ژۇرنالدا بېسىلغان ئەسەرلەرنى دائىملىق ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپلا قالماستىن، ژۇرنال خادىملىرى بىلەنمۇ يېقىن، يار - يۆلەكتە بولۇپ ئۆتتۈم. شۇڭا ژۇرنالنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ماڭا



نىسبەتەن ناھايىتى ئېنىق، بەش قولدەك بەلگىلىك بولۇپ كەلدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، قول بىلەن يېزىلىپ، شاپىگرافتا كۆپەيتىلگەن تۇنجى سانى 1971 - يىلى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. زۇلمەتلىك يىللارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە مەنىۋى بايلىقتىن، بەدىئىي زوقلىنىشتىن مەھرۇم قېلىپ، قاغجىراپ كەتكەن خەلقىمىز بۇ ژۇرنالنى خۇشاللىق بىلەن قوللىرىغا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتكۈدەك بولدى. گەرچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر شۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي شۇئارلار مەزمۇنىنىڭ تەلىپى، قېلىپى بويىچە يېزىلغان بولسىمۇ، سەنئەت خۇمار خەلقىمىزنىڭ قىزىققىنى باشقا ئەمەس «قەشقەر ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇقەددەس نامى ھەمدە ئۆزلىرى چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ئەسەرلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنارمۇ، بۇنداق ئەسەرلەرنى بەس - بەس بىلەن تالىشىپ ئوقۇيدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. 1975 - يىلىغا قەدەم قويغاندا، ژۇرنال قولدا كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلىشتىن يېڭى يېزىقتا، مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلىنىشقا كۆچتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ زامانىنىڭ ئۆز ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمۇ ئوڭشىلىشقا باشلىدى. تارىخ چاقى يەنە ئۆز ئوقىدا چۆرگىلىدى. ناھايىتى نامرات ھالدا بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىغا كىرگەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» مۇ رەسمىي ئەدەبىي ژۇرنال شەكلىگە كىردى، ھەجىمىمۇ چوڭىيىشقا باشلاپ، دەسلەپكى ئەللىك بەتتىن يەتمىش سەككىز بەتكە يەتتى.

1979 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن بۇ ژۇرنال كونا يېزىقتا نەشر قىلىندى. بەت سانى يەتمىش سەككىز بەتتىن بىر يۈز ئون

ئىككىگە كۆپەيدى. مەزمۇن، شەكىل جەھەتلەردە بارغانسېرى ئۆلگىسىپ بېيىشقا، يېڭىلىنىشقا، كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. ژۇرنالنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشىلاندى. ژۇرنالغا بېرىلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت بېغىدا چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھال يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملار ئارىسىدىمۇ، تۆۋەندە كىتابخانلار جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ، قەشقەر رايونىمىز ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىز، دائىرىسىدىكى كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىچىدىمۇ خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈرۈپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى مەملىكەت ئىچىگە ئوچۇق - ئاشكارا تارقىتىشنى تەستىقلىدى.

1984 - يىلغا كەلگەندە ژۇرنالنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى، تەھرىر ھەيئىتى بىردەك تەرتىپكە سېلىنىپ، خادىملارنىڭ شتاتى، بېرىلىدىغان خىراجەت رەسمىي بەلگىلىنىپ، ژۇرنالنىڭ داۋاملىق چىقىرىلىشى تولۇق قانۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يەنىمۇ كېڭىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، پەسىللىك ژۇرنالدىن قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەردى، بەت سانى بىر يۈز يىگىرمە سەككىزگە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە چىقىۋاتقان ژۇرناللار ئىچىدە مۇشتىرى سانى جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا «تارىم» ژۇرنىلىدىن قالسا خېلى تەسىرلىك ۋە خېرىدارلىق ئەدەبىي ژۇرنالغا ئايلاندى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنكى



دەۋردىكى رولى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام باشقۇرۇلۇشنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرىنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە، چوڭقۇر، داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات دولقۇنىغا زىچ ماسلىشىپ، دەۋر ئېقىمىغا، خەلقنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىگە بېقىپ ئىش كۆرۈش، ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىش يولىدا قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىۋاتقان زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى يارىتىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش، تىرىشچان، ئىقتىدارلىق، ئىجادچان ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق قەشقەر رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت كونكرېت ۋەزىپىسىنى، تىرىشىش نىشانىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جاسارەتكە كەلگەن مۇھەررىرلەر ئىجادىي يوسۇندا ئىش تۇتۇشقا، خەلققە سەنئەت كۈچى ئارقىلىق بەدىئىي نەپ بېرىشكە بەل باغلاپ، ژۇرنال بەتلىرىنى «شېئىرىيەت گۈلزارى»، «نەسرىي ئەسەرلەر»، «مارت چېچەكلىرى»، «ئۈمىد غۇنچىلىرى»،

«ياش ھەۋەسكار»، «بەش مىنۇتلۇق ھېكايىلەر»، «خەزىنە»، «قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز»، «شەبنەم»، «ساتىرا ۋە يۇمۇر»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «مەدەنىي يادىكارلىق ۋە تارىخ» قاتارلىق سەھىپىلەرگە بۆلۈپ، كەڭ كىتابخانلارنى ھەر خىل بەدىئىي شەكىلدە رەڭدار، جۇلالىق ئىپادىلەنگەن مەنىۋى بايلىق بىلەن تەمىن ئەتتى.

بىر ژۇرنالنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشى، ھەر بىر سانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىلىشى مۇنداق ئۈچ تەرەپلىمىلىك ئامىلنىڭ تولۇق ھازىرلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: ئۇ بولسىمۇ، ژۇرنال چىقىرىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىشقا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ياردەم، مەدەت بېرىش رولىنى ئوينىغان ياخشى شارائىت، جامائەت ئىنكاسى، ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك، تىرىشچان تەھرىرلەر، كۈچلۈك تايانچى ئاپتورلار قوشۇنىدىن ئىبارەت.

دۆلەتكە بايلىق، خەلققە بەخت، شادلىق ئېلىپ كەلگەن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئوخشاشلا قەشقەر رايونىنىڭ قىياپىتىدىمۇ يېڭىچە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىمۇ كۈچىيىشكە قاراپ قەدەم قويدى. مانا بۇ ھال «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت بۇ ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ يېتەرلىك شەرت ھازىرلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ بۈگۈنكىدەك روناق تېپىشى ئۈچۈن بەدىئىي زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن، ياخشى دەۋرنى ۋە ئۇنى ئالاھىدە قوللاپ، كۆڭۈل



بۆلگەن، يار - يۆلەكتە بولغان رەھبەرلەرنى ھېلىھەم ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇ رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە تۇرغان ئورۇنلىرى يىراق بولسىمۇ، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، سىرتتىن تۇرۇپ قىزغىن قوللىدى، مەدەت بەردى. بەزىلىرى بولسا ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاستە قول تىقىپ يېتەكچىلىك قىلدى. دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەقىل كۆرسەتتى. ئىلھامچى بولدى.

بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پۇختا، كۆركەم، ياخشى سېلىنىشى بىناكارلىق تېخنىك خادىملىرىنىڭ ماھارىتىگە، تېخنىكىسىغا باغلىق بولغىنىغا ئوخشاش، بىرەر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىلىشىمۇ تەھرىرلەرنىڭ ماھارەت، ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەھرىرلەر قانچىلىك خىللانغان، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان بولسا، ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىرىلىشىدا گەپ يوق. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 - يىلدىن باشلاپ تەھرىرلىك خىزمىتىنى جاسارەت بىلەن قولغا ئالغان تۇرسۇن نىياز، ھاجى ئەخمەت، ئۈچقۇنجان ئۆمەر، دىلبەر قېيۇم قاتارلىق تەھرىر يولداشلارنىڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشى، قېتىرقىنىپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا قەدىرلىنىپ، ئابرۇي تاپتى. باشقىلارنىڭ «سۈپەتلىك، ياخشى باشقۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خېرىدارلىق ژۇرنال» دېگەن سەممىي، ئادىل باھاسىغا ئېرىشتى.

كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكى ژۇرنالنىڭ قەدىرلىك خېرىدارلىرى بولسا، كەڭ ئاپتورلار قوشۇنى ژۇرنالنىڭ بىردىنبىر تايانچى كۈچلىرىدۇر. تەھرىرلەر ئاپتورلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ژۇرنال چىقىرىدۇ. ئاپتورلار تەھرىرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈپ ژۇرنالدا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. دېمەك ئاپتورلار

ماھارەت مەيدانى قىلىشى ئۈچۈن ئەدەبىي ژۇرنالغا قانچىلىك ئېھتىياجلىق بولسا، ژۇرنالمۇ ئۆزى ئۈچۈن بەدىئىي دەسمايە ھازىرلاپ بېرىدىغان ئاپتورلار قوشۇنىغا ئېھتىياجلىقتۇر. ئاپتورلارنىڭ كۈچى، ياردىمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقا تەرەپلەردىكى شەرت - شارائىتلار تولۇق پىشىپ يېتىشتى، دېيىلگەن تەقدىردىمۇ ژۇرنالنى چىقىرىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى باشتىن - ئاخىرى ئۆز ئەتراپىغا ئاپتورلارنى كۆپلەپ جەلب قىلىشقا، ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئىقتىدارلىق ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ قەرەللىك سانلىرىنى يۈزگە يەتكۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر خىل توسالغۇلارغىمۇ يولۇقتى، ئەگرى - توقاي يوللارنىمۇ باستى. ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى شانلىق مۇساپىلىرىنى ئەسلىگەن ۋاقتىلىرىمىزدا ژۇرنال ئۈچۈن بىر قاتار ئەمگىكى كۆپرەك سىڭگەن سۈزۈك، نۇرمۇھەممەت ئېركى، ھامۇت مەخمۇدى، ئابدۇرېھىم توختى، سىيىت زۇنۇن، ئابلا ئەخمىدى، ئابلىمىت ھاجى، ئابدۇسەمەت خېلىل، ھوشۇر ئىبراھىم، ئابلىمىت سابىر، مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى، تاھىر تالىپ، مۇكەررەم ئەبەيدۇللا، ئاتىكە زەمىر، مايگۈل پەخرىدىن، ئابلىكىم روزى، ئابلەت ئىسمايىل، ئابلىمىت قۇربان، ۋاھىتجان غوپۇر، يالقۇنجان ئىسلام، ئەختەم ئۆمەر، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم قاتارلىق ئاپتورلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاپتورلىرى ئىلگىرى پەقەت قەشقەر رايونى دائىرىسى بىلەن چەكلەنسە، كېيىنكى مەزگىللەردە ژۇرنال ئاپتورلىرى رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا قەدەر تارقىلىپ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئاپتورلار



سانى دەسلەپكى يىللاردا ئارانلا ئەللىك - ئاتمىشقا يەتسە، ھازىر نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ، بەش - ئالتە يۈزگە يەتتى. مۇشۇ ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئىجادىي كۈچى، قوشقان تۆھپىسى بىلەن تەھرىرلەر ئۆزلىرىنىڭ نامسىز قەھرىمانلىق جاسارىتى، قان - تەرى بەدىلىگە تايىنىپ ژۇرنالىنىڭ قەرەللىك يۈزسانىنى غەلىبىلىك ھالدا خەلققە تەقدىم قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزلىرى بىۋاستە ئەسەر توپلاپ ۋە ئۇنى تەھرىرلەپ «قەشقەر ناۋاسى»، «سۈزۈك بۇلاق» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى، «تۈمەن دەرياسى» ناملىق بىر پارچە ھېكايىلەر توپلىمىنى، «خەزىنە» ناملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى رەسمىي مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلىنىپ، يەرلىك نوپۇزلۇق ژۇرناللار قاتارىغا كىرىش بىلەنلا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك نۇرلۇق نىشاننى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدى. بۇرۇندىن تارتىپ يېزىپ كېلىۋاتقان ۋە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان شائىرلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەرەللىك نەشر قىلىنغان سانلىرىنىڭ كۆپرەك سەھىپىلىرىنى شېئىرىيەت مېۋىلىرىگە بېغىشلىدى. ژۇرنالغا بېسىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان بەدىئىي قىممىتى، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدارلىقى، يەرلىك پۇرىقى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەڭگىل ئىپادىلىنىش سەنئىتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىشىمىز كېرەككى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا كەڭ شائىرلار

جامائەتچىلىكنى پايدىلىق ئامىللار، پايدىلىق شەرت - شارائىتلار بىلەن تەمىنلەپ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تېما تاللاش جەھەتتىكى رامكىچىلىق، مەزمۇن جەھەتتىكى شۇئارۋازلىق، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى قېلىپۋازلىق، ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى، يەنى ئىجادىيەت ئادىتىدىكى تەقلىدچىلىك، دورىمىچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىشتە بەلگىلىك ئاكتىپ رولLarنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆز ئەتراپىغا توپلانغان شائىرلارنى ئىستىقباللىق ئىزدىنىش، يېڭىلاش، يېڭىلىق يارىتىش يولىغا باشلاپ، ھەر بىر شائىرنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈشكە، شېئىرىيەت مۇنبىرىدە مۇستەقىل ئىش تۇتۇپ، ئۆز ئەجرى ئارقىلىق شۆھرەت قازىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇڭا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ئىچىدە ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان شېئىرلار ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «سايرا، قەشقەر بۇلبۇلى» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «تەڭرىتاغ ناخشىلىرى» (تۆمۈر داۋامەت)، «تەلۋىچۇك» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «گۈزەل» (قۇربان ئىمىن)، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «قەلب سوۋغىسى» (تۇردى سامساق)، «سالام، ئەزىزانە قەشقەر» (مۇھەممەتجان سادىق)، «قەلب سوۋغىسى» (ھوشۇر ئىبراھىم)، «ئانا ۋەتەن» (ھامۇت مەخمۇدى)، «مەكتەپتە تۇغۇلغان مىسرالار» (مۇھەممەت رېھىم)، «سۆيگەن ۋە سۆيۈلگەن يىللار» (ئىمىن ئەخمىدى)، «شاماللار غۇرۇلداپ سوققىن، توختىما» (مىرزاھىد كېرىمى)، «پەخىرلەن، دۇنياغا مەھمۇت ۋەتىنى» (نۇرمۇھەممەت ئېركى)، «ئېھتىرام گۈلدەستىسى» (مەمتىلى زۇنۇن)، «چۈنكى مەن ئادەم» (تاھىر تالىپ)، «نان» (ئوسمانجان ساۋۇت)، «باھار نەزمىلىرى» (ئەسقەر ھۇسىيىن)، «ھۆرمەت چاچقۇلىرى»



(ئەزىم ناسىر) قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلار بۇنىڭغا روشەن پاكىت بولالايدۇ. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلغان شېئىرلىرى ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز پارچىغا يېتىدۇ. بۇلار قەلىمى پىشقان، بەدىئىي ماھارىتى، ئىجادىيەت تەجرىبىسى تاكامۇللىشىپ، بېيىپ ۋايىغا يەتكەن پېشقەدەم شائىرلىرىمىز بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىنتىلىشىگە، بەدىئىي دىتىغا يارىشا قەلىمى ئەمدى - ئەمدى شەكىللىنىشكە باشلىغان ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋۇجۇدىدىن ئۆز بويىقى ئارقىلىق تۆرەلگەن شېئىرلاردۇر.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆزىنىڭ چەكلىك سەھىپىلىرىدە يەنە بۇ شېئىرلاردىن باشقا، خەلقىمىزنىڭ مول تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى قايناق ھېس - تۇيغۇلىرى ئىپادىلىگەن يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى، يەنى داستانلارنىمۇ ئېلان قىلدى. «ئۆمۈر داستانى» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «سىمونت ئىشچىسى» (قۇربان ئىمىن)، «تۇتاش قەلبلەر» (ئابلىمىت ھاجى)، «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى» (مىرزاھىد كېرىمى)، «قۇياش قىزى»، (مەمتىلى زۇنۇن)، «مۇقام ئوغلى ھەققىدە داستان» (سەمەت دۇگايلى)، «مەرىپەت يۇلتۇزى» (ئۇچقۇنجان ئۆمەر)، «كەچۈر مېنى مۇھەببەت» (يالقۇنجان ئىسلام)، «بىر مۇھەببەتنىڭ تارىخى» (ۋاھىتجان غوپۇر)، «رىزۋانگۈل» (دىلبەر قېيۇم) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون نەچچە پارچە داستان كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۈگۈنكى زامان سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدا بىر گۈلنى ئېچىلدۇرۇش بىلەنلا جامائەتچىلىكنىڭ نەزەرىگە چۈشمىگەن. ئۇ ئۆز سەھىپىلىرىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈن ژانىرلىرىدا ھەممە گۈللەرنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ خۇش پۇراق

ئېچىلدۇرۇشقا بىردەك كۈچ سەرپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت بۇ ئىجادىيەت سەھنىسىدە شېئىرىيەت ژانىرىدىن باشقا، پروزا ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى زور بىر تۈركۈم خېلى كۈچلۈك، ھوسۇلى مول، نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان يازغۇچىلار قوشۇنى ئوتتۇرىغا چىقتى. نەتىجىدە كەڭ كىتابخانلار «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى قىزغىن ۋاراقلاپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا پاكىت قىلىپ: «قەشقەر گۈزىلى» (تۇردى سامساق)، «ئۇنتۇلغان بىر ئىش» (ئابلىمىت ھاجى)، «خەيرلىك كېچە» (ئابلىمىت سابىر)، «چىلىم» (مەمتىلى زۇنۇن)، «ئالماس ئەپەندى» (سېيىت زۇنۇن)، «ئېپى بولمىسا سېپى بولمايدۇ» (نۇر روزى)، «ئۇيقۇلۇق سەھەر» (ئەختەم ئۆمەر)، « ئالمىچى» (مۇھەممەت باغراش)، «تەكلىماكان گىرۋىكىگىچە» (زوردۇن سابىر)، «ئانا» (دىلبەر قېيۇم)، «سېزىك» (مايگۈل پەخردىن)، «تاختا كۆۋرۈك» (تۇرسۇنجان سادىق)، «قوش قەبرە» (تۇرسۇن نىياز)، «كاسىپ» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «گۈلسۈمنىڭ ئېرى نەگە كەتتى» (مۇھەممەت ئىمىن) قاتارلىق ھېكايىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغان ۋاقىتتىن تا ھازىرغىچە ئۈچ يۈز پارچىغا يېقىن ھېكايىنى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» بارغانسېرى ئۆزگىچە ئېچىلىۋاتقان خۇش پۇراق گۈلدەك كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن روناق تاپقان تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا، يۇقىرىدا ئېغىزغا ئېلىنغان ھېكايىلەردىن باشقا، تۇرمۇش رېئاللىقى، زامان قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشلار نىسبەتەن كەڭرەك دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن



يارامىلىق پوۋېستلار مەيدانغا چىقتى. «قۇمغا كۆمۈلگەن جەسەت» (سېيىت زۇنۇن)، «يۇلتۇزلارنىڭ بىرى» (ئابلىمىت ھاجى)، «سەبىيلەر پاجىئەسى» (سېيىت زۇنۇن)، «گۈلجامال» ھاجى ئەخمەت)، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» (ئەختەم ئۆمەر)، «ھالاكەت» (نۇر روزى)، « ‹قېقنوس› نىڭ تويى» (تىلىۋالدى ئەيسا، ئادالەت ھېبىبۇللا)، «ئۇنتۇلغان زېمىن» (ئەخمەت مۇساق) قاتارلىق پوۋېستلار بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تۇتقان بەلگىلىك ئورنى، ھاياتىي كۈچى بار، تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر، بەدىئىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان دەۋرىمىزدىكى يىرىك پروزا ئەسەرلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېكايە، پوۋېستلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى زامان تېمىلىرىدا، يېڭى زامان كىشىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، مەزمۇنى ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن چوڭ - كىچىك ھەجىمدىكى ۋەقەلىك كەڭ، يىغىنچاق بايان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە تارىخىمىزدا ئېچىنىشلىق ئاچچىق ساۋاق خاتىرىسىنى قالدۇرغان زۇلمەتلىك يىللاردىكى قاراڭغۇلۇق، مالىمانچىلىق بىلەن تولغان رېئاللىق مەركەزلىك پاش قىلىنىپ، غەزەپلىك لەنەت ياغدۇرۇلغان. كۆپ سانلىق تەشكىل قىلغان پروزا ئەسەرلىرىدە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ھاياتلىق زېمىنىمىز - مۇقەددەس ئانا تۇپرىقىمىزدا مەيدانغا كەلگەن بۆسۈش خاراكتېرىدىكى تېز ئىلگىرىلەش قەدەملىرى، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قىياپىتىنى يېڭىلاش، گۈللەندۈرۈش يولىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن

ئۆزگىرىشلىرى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش، مۇقىملىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ۋەزىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، قەھرىمان، جاسارەتلىك خەلقىمىزنىڭ غايىۋى ئىزدىنىشلىرى، سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ماڭغان ئىستىقباللىق ئىلگىرىلەشلىرى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرى جانلىق، يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ئەدەبىي تەنقىد - ئەدەبىيات ئىلمى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئالاھىدە يېتەكلەش، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ئېيتىشارلىق قەلبىنىڭ لىرىك ساداسى» (مۇھەممەت پولات)، «خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلمىسى» (ئابدۇكېرىم راخمان)، «گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىيات گۈلىستانى» (ئابلىمىت ھاجى)، «ماقال - تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى رولى» (ھاجى ئەخمەت)، «مىكرو ھېكايە ھەققىدە» (مۇھەممەتسىدىق تۇمۇرى)، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەققىدە» (ئۈچقۇنجان ئۆمەر)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» (يارمۇھەممەت تاھىر)، «ئورۇنسىز گومانخورلۇق، پەزىلەتسىز يېزىقچىلىق» (كېرىمجان ئابدۇرېھىم) قاتارلىق ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ خېلى قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

دېمەك، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەيدانغا كەلگەن مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان



ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا تەئەللۇق ئىلمىي ماقالىلەر، ئەدەبىي ئوبزورلار، مۇھاكىمە، مۇلاھىزىلەر يەتمىش بىر پارچىغا، «مەسلىھەت چېيى» (مەمتىلى زۇنۇن)، «ئامانىسا» (سەمەت دوگايلى) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلەر يەتتە پارچىغا، نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش سەنئەتچىلەر، ئەدىبلەر، يازغۇچى، شائىر بىر يۈز بەش كىشىگە، بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر توقسان پارچىغا، ساتىرا ۋە يۇمۇرلار بىر يۈز سەكسەن تۆت پارچىغا، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر ئەللىك بەش پارچىغا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەرلەر بىر يۈز ئاتمىش سەككىز پارچىغا، ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللاپ تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەر بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى پارچىغا، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن تاللانغان نەمۇنىلار بىر يۈز قىرىق ئالتە پارچىغا يەتتى.

ئاخبارات ئەدەبىياتى بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان، خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار بىر ساھە، خەلقىمىز ئۈچۈن بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەئەللۇق ئەسەرلەر قانچىلىك كېرەك، قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ئاخبارات ئەدەبىياتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەسەرلەرمۇ شۇنچىلىك كېرەك ھەم شۇنچىلىك زۆرۈردۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئاخبارات ئەدەبىياتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەسەرلەرنىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ، بۇ ئاجىز ھالقىنى كۈچەيتىش، جانلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ كەلمەكتە.

ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى قوللاش ئىستىلى، ئۇنۇملۇك تەجرىبىلىرى خەلقنى سۆيۈندۈرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى،

ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشلىرى بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ ئاجىز ھالەتتىن كۈچىيىش، سان ـ سۈپەت جەھەتلەردە قەددەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەش مەنزىلىگە قاراپ يۈزلىنىش داۋامىدا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىش، مۇستەقىل ئىجادىي ئىزدىنىش يولىدا مېڭىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىدە ئېلان قىلىنغان بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق قېرىنداش ئەدەبىي ژۇرناللار ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى، ئۇ ژۇرنالدىن بىر پوۋېست، بىر ئاخبارات ئەدەبىياتى، بىر سەھنە ئەسىرى، ئالتە پارچە ھېكايە، ئون نەچچە پارچە شېئىر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئون ئىككى پارچە ھېكايە، بىر پوۋېست، يىگىرمە ئۈچ پارچە شېئىر، بىر پارچە ئەدەبىي ئوبزورنى ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «تارىم» ۋە قېرىنداش ۋىلايەتلەرنىڭ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللىرى كۆچۈرۈپ باستى. يەنە بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» پوۋېستى (ئەختەم ئۆمەر) 1990 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى نەمۇنىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى ئىچىدىن تاللىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالە (ئۇچقۇنجان ئۆمەر) 1989 ـ يىل ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. «ساداقەت»، «ئامانىسا»، «شاماللار گۇرۇلدەپ سوقىدۇ، توختىما»، «ئېپى بولمىسا، سېپى بولمايدۇ»، «مارالبېشى»، «مەرىپەت يۇلتۇزى



ھەققىدە قىسسە»، «تاختا كۆۋرۈك» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ ـ مۇكاپاتلاش يىغىنلىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتلەردىن جۇگۇەنخۋا، نۇرمۇھەممەت ئېركى، ئاتىكە زەمىر، مونى تابلىدى، ئادالەت ھېبىبىللا قاتارلىق خەنزۇ، تاجىك، ئۆزبېك يازغۇچى، شائىرلىرىمۇ بەلگىلىك ھەسسىلىرىنى قوشۇپ، ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ژۇرنال بېتىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىشتى.

تەرەققىيات جەريانى — ئىلگىرىلەش، كېڭىيىش، چوڭقۇرلىشىش جەريانى، ساندىن سۈپەتكە ئۆتۈش، دەۋردىن ـ دەۋرگە كۆچۈش جەريانى، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيىگە، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش جەريانىدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ مۇشۇ نىشاننى بويلاپ تەرەققىي قىلىپ، شېرىن مېۋىلەرنى بېرىپ بىر قاتار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدا يەنە ئاساسلىق ئېقىمغا ئەگەشكەن ھالدا سالمىقى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى نۇقسانلىقلارمۇ سادىر بولۇپ كەلمەكتە، قوبۇل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ساۋاقداشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ نۇقسانلار ئاساسەن ژۇرنالغا كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدە كۆرۈلمەكتە. تەھرىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەتتىكى نورمالنى ئۆلچەم بىلەن تاللىغاندا، كېلىۋاتقان شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ژۇرنالغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئارانلا ئون بەش پىرسەنتى كارغا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانلىرىنى ئىنچىكىلەپ ۋاراقلاپ ئاختۇرىدىغان بولساق، مەلۇم نىسبەتنى تەشكىل قىلغان مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ، بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولمىغان، تىلى قوپال، خام يېزىلغان

سۈپەتسىز ئەسەرلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

بىرەر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى، ئابرۇيىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئىككى تەرەپتىكى ئامىلغا ۋە ئىككى تەرەپتىكى ئورتاق تىرىشچانلىققا باغلىقتۇر. ئۇنىڭ بىرى، كەڭ ئاپتورلار جامائەتچىلىكىنىڭ بەدىئىي دىتى، ئىجادىي كۈچى بولسا، يەنە بىرى، تەھرىرلەرنىڭ تەلەپچانلىقى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى، مول، ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ژۇرنال باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تەھرىرلىك ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي كۈچى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ ھەم ھەل قىلغۇچ رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى تەھرىرلەر قانچىلىك ئىقتىدارلىق، قانچىلىك مەسئۇلىيەتچان، قانچىلىك تەجرىبىلىك بولغىنى بىلەن كۈچلۈك، ماھارەتلىك ئاپتورلار قوشۇنىغا، سۈپەتلىك ياخشى ئەسەرلەرگە ئىگە بولالمىسا ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىي ژۇرنال — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر مۇھىم بازىسى، ئىجادكارلارنىڭ بەدىئىي ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى، بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بەدىئىي تۇرمۇش زېمىنىدا جەۋلان قىلىپ يۈز سانىنى كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش بىلەن بەدىئىي ھايات مۇساپىسىدا ئۆز بۇرچىنى غەلىبىلىك ئادا قىلىپ، مەرىپەتچى، سەنئەتخۇمار خەلقىمىزگە ھەر تەرەپلىمىلىك بەدىئىي نەپ بېرىپ كەلدى.

قانائەتلىنىشتىن ساقلىنىش، يېتەرسىزلىك، نۇقسانلارنى تۈگىتىش، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش ـ بىزنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىسىل ئەنئەنىمىز. دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى



ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى بارغانسېرى بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز ئۈچۈن تۈگىمەس ماتېرىيال مەنبەسىنى ئېچىپ بەرمەكتە. كوممۇنىستىك پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈيۈك ئىسلاھات دولقۇنى پارلاق نۇر چېچىپ، مۇقەددەس دىيارىمىزغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. كەڭ ئىجادكارلىرىمىز ئۈچۈن ئىلھام كۈچ، بەدىئىي ماھارەت، بۆسۈش، جاپالىق ئىزدىنىش، تىرىشىپ يېڭىنى ئىجاد قىلىش روھىنى بېغىشلىماقتا. ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن روناق تاپقان خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجى يېزىلغان سەۋىيىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە چۈشمەكتە.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت غايەت زور ئىجتىمائىي ھاياتىي كۈچكە، مۇھىم ئىستىلىستىكلىق ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. ئۇنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى بىلەن گۈزەللىك قىممىتىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا جانلىق، كونكرېت يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت يۈكسەك چىنلىققا ۋە ئەڭ ئالىي غايىگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتتۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيەتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى

ۋە تارىخنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك تىرىشىپ خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشىغا سادىق يېڭى زامان ئىجادكارلىرىمىز چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن، رېئاللىق ھەقىقىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئالاھىدە جەلب قىلىش كۈچىگە ئىگە، يېڭى كىشىلەرنىڭ يارقىن، تىپىك بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى يۈكسەكلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىچكى دۇنياسىدىكى گۈزەللىكنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيىدە تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىشقا يۈرۈش قىلىشتەك ئاكتىپچانلىق روھىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىشتەك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. جۈملىدىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىرىنىڭ، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئۈستىگىمۇ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە يۈكلەنگەن.

دېمەك، بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىش، ئەدەبىيات تارىخىدىن مىللەت، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئورۇن ئېلىش، ئالەملىك تەسىر كۆرسىتىش ـ نەچچە ھەسسىلەپ كۈچ سەرپ قىلىنغان بەدىئىي ماھارەتكە، ناھايىتى زور دەرىجىدىكى تىرىشچانلىققا باغلىقتۇر. شۇڭا ئۆز ئىجادىيەتلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئاپتورلىرىمىزدا تېما تاللاش، بەدىئىي ماھارەت، دەۋرىمىز روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇكەممەل بەدىئىي خاراكتېرنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتلەردە دادىل ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، بەدىئىي ئىجادىيەت پەللىسىگە ئۆرلەش روھى بولۇش كېرەك.



خەلقنىڭ تۇرمۇشى، خەلقنىڭ كۈرىشى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، ئەدەبىياتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس، باي ماتېرىيال كانىدۇر. خۇددى ۋ. گ. بېلىنسكىي كۆرسەتكەندەك: «ئەدەبىيات خەلقنىڭ سەزگۈسى، ئۇنىڭ روھىي تۇرمۇشىنىڭ نۇرى ۋە مېۋىسى» دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتتىن ئايرىلمايدۇ، ئەدەبىيات خەلقتىن ئايرىلمايدۇ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دىئالېكتىك مۇناسىۋەتتۇر.

پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى ـ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ ئېغىشماي ماڭىدىغان بىردىنبىر ئىستىقباللىق تەرەققىيات يولى. ئۆزىنى مۇشۇ دەۋرنىڭ ۋىجدانلىق ۋەكىلى دەپ ھېسابلىغان يازغۇچى، شائىرلىرىمىز خەلقنىڭ ئۈمىدىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ياقىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا ئالدى بىلەن پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى چوقۇم خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە، خەلقنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئىپادىلەش سەنئىتىنى، ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە، سوتسىيالىستىك رېئاللىقنىڭ ماھىيەتلىك يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك تۆت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شارائىتىدىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، مۇقىملىقنى، يېڭى ئىش، يېڭى كىشىلەرنى، ئىتتىپاقلىقنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەشكە قارىتىشى لازىم.

مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ن. ۋ. گوگول: «يازغۇچىلارنىڭ بىرلا ئۇستازى بولىدۇ، ئۇ، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى» دەپ

كۆرسەتكەندەك، يازغۇچى ـ شائىرلارنى ئەدەبىي ئەسەردىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت دېسەك، كىتابخانلار ئاممىسى ئەنە شۇ مەنىۋى بويۇملارنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق خېرىدارلىرىدۇر. ئەدەبىي ژۇرناللار بولسا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كاللىسىدىن تۆرەلگەن گۆھەرلەرنى كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر قاتناش قورالىدۇر. كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يازغۇچىلار، يازغۇچىلار بىلەن تەھرىرلەر ئۆزئارا ئۇستازلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئورنىتىدۇ. مانا بۇنىڭدىن بىز ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، ئاممىۋى ئاساسىنىڭ نەقەدەر كەڭ، ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ يۈز سانغا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش ـ يالغۇز ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئىشى بولمىسا كېرەك. ئۇ پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىمىزدىكى مەرىپەتچى، سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ، جاسارەتلىك، ئىجادچان كەڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئىشىدۇر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدىكى، باي مەنىۋى ھايات دۇنياسىدىكى چوڭ ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ ھەم چوڭقۇر بولغان خاتىرىلەش پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدە خەلقىمىز قەلبى، ئاپتورلار قەلبى ئىپتىخارلىق ئىشەنچىگە تولۇپ، سۆيۈنۈش، شادلىق تەنتەنىسىگە چۈمۈلمەي قالمايدۇ.

ئىشىنىمىزكى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قەشقەر رايونى ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى قوشۇپلا قالماستىن، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.



# «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتاب ھەققىدە

بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ «قاينام ئۆركىشى» ناملىق بىئوگرافىيىلىك رومانىنى يېزىپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ مەشھۇر نامىنى، ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى، ئۆچمەس ئىش ـ ئىزلىرىنى رېئاللىقتىن بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ، خەلق قەلبىگە ئورناپ كەتكەن شانلىق ئوبرازنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەنىدى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ، تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق يەنە بىر ياخشى كىتاب — «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرېشىت بۇ كىتابقا ئۆز قەلىمى بىلەن: «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە تالانتلىق سەنئەتكار، جۈملىدىن يالقۇنلۇق شائىر ۋە يازغۇچى، مەشھۇر دراماتورگ ۋە رېژىسسور، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي ئوبزورچى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان، شۇنداقلا كۆزگە كۆرۈنگەن رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ مول ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن ئەينى زاماندا ئاسىيا ئاسمىنىدا بىر يورۇق يۇلتۇز بولۇپ چاقنىدى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

تۇرسۇن ئەرشىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن ئىبارەت ئالاھىدە تالانت ئىگىسى ئۈستىدە پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىپ تالاي يىللارنى ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئىچكى - تاشقى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇنلىغان توسقۇنلۇقلارغا يولۇقسىمۇ، ئەقلىي كۈچىنى ئايىماستىن كەينى - كەينىدىن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە ھېكايىلەر»، «لۇتۇن»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ»، «تەڭرىتاغ دىيارىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» قاتارلىق بەش كىتابنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» تۇرسۇن ئەرشىدىننىڭ خېلى سىستېمىلىق يېزىلغان كىتابى بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىق، مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇھىم ئەسىرى ھەم ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەجرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. شۇنداقلا بۇ كىتاب زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاتاقلىق شەخسلەر تەتقىقاتىدا سالماق ئورۇن تۇتقان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىن بۇ كىتابنى يېزىپ بولغاندىن كېيىنكى يۈرەك سۆزىنى ئوقۇرمەنلەرگە سەمىمىيەتلىك بىلەن ئىزھار قىلىپ: «مەن بۇ قېتىم يازغان ‹لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى› ناملىق بۇ ئەسىرىمدە كىشىلەرگە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق ھەمدە تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇن چۈشەنچە بېرىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەمما ئارزۇ - ئۈمىد ھامان بىر خىل ھېسسىيات بولۇپ، مېنىڭ بۇ ئەسىرىم مەن ئارزۇ قىلغان ئاشۇ نەتىجىنى بېرەلەمدۇ - يوق، بىلمەيمەن» دەيدۇ. بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز جەزمەن بېرەلەيدۇ، بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل.



«لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتابنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللۇقى

«لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتاب تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى باي، رەڭدار بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. تۇرسۇن ئەرشىدىن ئەھمىيەتلىك تېما، ماھىيەتلىك ماتېرىياللار بىلەن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا ئەسەرنى بەش چوڭ بۆلەككە بۆلۈپ، ئالدىنقى تۆت بۆلەكنى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنىدىن تارتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان جەريانلارنى تۈجۈبلەپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئالايلى، ئاپتور ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا كونكرېت ئوبيېكتىنىڭ ئايرىم تەرىپىنى تۇتۇش بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىغان. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ چوڭ تېما. بۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش دائىرىسى مىللەت، دۆلەت مىقياسىدىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىش كۆرگەن. جاسارەتلىك ئۈمىدۋار تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىن مۇتەللىپنىڭ ئائىلىۋى كېلىپ چىقىش تارىخىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا بەش ئەۋلادنى مۇنداق فورمۇلادا يىغىنچاقلاپ: «ماناپ ← مۇرات ← مۇتەللىپ ← ھېزىمئاخۇن ← لۇتپۇللادىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتكەن.

ئىلگىرى مەخسۇس لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە يېزىلغان

ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە شائىرنى نىلقا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن، دېيىلگەنىدى. تۇرسۇن ئەرشىدىن دۆلەت چېگرىسىدىن ئاتلاپ، ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئارقىلىق لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ يازما ماتېرىياللىرى، ئاغزاكى بەرگەن ئەڭ ئىشەنچىلىك پاكىتلار ئاساسىدا شائىرنىڭ قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونى چۇنجى يېزىسىنىڭ ساي بويى مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، ھازىر ئۇ مەھەللە «مۇتەللىپ كوچىسى» دەپ ئاتالغانلىقىنى، شائىرنىڭ نەق تۇغۇلغان ۋاقتى 1922 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىكەنلىكىنى، كېيىن دادىسى ھېزىمئاخۇن بىلەن بىللە ئىلى تەۋەسىگە ئۆتۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرگەن.

تەتقىقات تېمىسىنىڭ كەڭلىكى مۇقەررەر يوسۇندا تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ مەزمۇن بايلىقىنى، خىلمۇخىللىقىنى، رەڭدارلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتابنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ ئەتراپلىقى، مول ھەم چوڭقۇرلۇقى بۇ نۇقتىنى ناھايىتى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ سۆيۈملۈك خەلقىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە، دەرد - ئەلەمگە ئورتاقلىشىپ، ھېسداشلىق قىلىپ ياشىدى. ئادالەت مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ زۇلۇمغا، تېررورلۇققا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ ياشىدى. پەقەت 22 يىل سەككىز ئايلا ئۆمۈر كۆرگەن يىگىتنىڭ شۇنچىلىك قىسقا ئۆمرىدە، شۇنچىلىك ئالەمشۇمۇل، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىپ، مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىشى كىمنى ھەيران قالدۇرماي تۇرالىسۇن؟!



لۇتپۇللا مۇتەللىپ — ئىنسانىيەت تارىخىدا مەيدانغا چىققان مەشھۇر شەخسلەر ئىچىدە ئەڭ قىيىن شارائىتتا ياشىغان، ئەڭ قىسقا ئۆمۈر كۆرگەن شەخستۇر.

ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىن ئۇلۇغ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆتكەن نۇرلۇق يۇلتۇز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 1940 - يىللارنىڭ بىرىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەركەزلەشكەن ئوقۇش، خىزمەت، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ۋە نىلقا، غۇلجا، ئۈرۈمچى، ئاقسۇدىكى پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى پۇختا، ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، مەزمۇن جەھەتتىن خۇددى چېۋەر ئوقۇتقۇچىنىڭ رەتلىك، سىستېمىلىق، تەسىرلىك، چۈشىنىشلىك تۈزۈلگەن تىزىسىدەك تېخىمۇ بېيىتىپ ئىپادىلىگەن. بۇ جەرياندا ئايرىم، ئۇششاق ماۋزۇلارغا بۆلۈپ تەھلىل قىلىنىپ يېزىلغان «لۇتپۇللا مۇتەللىپ كىچىكىدە ياشىغان نىلقا ناھىيىسى»، «غۇلجا شەھىرىگە كىرىپ ئوقۇش»، «‹ئۆركەشلىمىسەم تۇرالمايمەن›»، «‹شىنجاڭ گېزىتى› دە قالدۇرغان ئىزلار»، «تۆتىنچى قېتىم داۋان ئېشىش» قاتارلىقلار ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ چىن مەنىسى بىلەن ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرىدۇ.

## يېڭى ۋە ئىجادىيلىكى

تۇرسۇن ئەرشىدىن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش داۋامىدا باشقىلار ئىزدىنىپ بارالمىغان يەرگە باردى. باشقىلار تاپالمىغان نەرسىلەرنى تاپتى. باشقىلارنىڭ قەلىمى تەگمىگەن تېمىلارنى يورۇتتى. شۇنىڭدەك لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە خېلى

ئەھمىيەتلىك، ۋەزنى بار، يېڭى، ئىجادىي كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ مەشھۇر شەخسنىڭ رېئال ئوبرازىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە مەخسۇس لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تېمىنى دەۋر قىلىپ يېزىلغان ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىمۇ شائىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەگەر ئاشۇ ماقالىلەرنى بىر باشتىن توپلايدىغان بولساق، بىر ئەمەس، بىرنەچچە توپلام يورۇقلۇققا چىقىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تېيىزلىك، ئوخشاشلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇلاردا كۆپرەك يالىڭاچ ھادىسىلەر سۆزلىنىپ، ئىچكى ماھىيەت ئېچىپ بېرىلمىدى، قەلەم تەۋرەتكۈچى تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە كۆپ ئىزدەندى، كۆپ يازدى دېگەنلەرنىڭ يازغان ماقالىلىرىنىڭ سانى ئىككى، ئۈچ پارچىدىن ئاشمىدى.

ئۈمىدۋار تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىن غەلىبە قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئىشەندى. ئىشلەۋاتقان ئىشىنىڭ ئۆلمەسلىكىگە، تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشەندى. ئۇ ئىزچىل تۇردە زېھنى - كۈچىنى باشقا ئىشلارغا چېچىۋەتمەستىن يىغىپ، مەخسۇس لۇتپۇللا مۇتەللىپنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشقا قاراتتى. بۇ جەرياندا ئۇ، لىپمۇ لىق 12 دەپتەرنى تولدۇرۇپ بىرىنچى قول مول، يېڭى ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش لازىمكى، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتاب ئەتراپلىق، ئۇنىۋېرسال مەزمۇننى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇ نۆۋەتتە ھازىرقى



زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلانغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى، مەزمۇننى بېيىتتى.

سۆيۈملۈك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ كۆز ئېچىپ كۆرگەن تۇنجى پەرزەنتى (شائىرنىڭ مەھبۇبى سوفىيە «ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ‹يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام› دەپ ئەركىلىتەتتۇق، دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى» دەپ تونۇشتۇرغان)، نارەسىدە كەشپۇللا بىلەن بىللە ھاياتنى ئىنتايىن پاجىئەلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك (55 يىل) بولدى.

نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ پەرزەنت كۆرگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭمۇ تېگى - تەكتىنى تەپسىلىي ئۇقتى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇنىۋېرسال تالانت ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇ ھەقىقەتەن قانچىلىك تەرىپلىسە ئەرزىيدىغان، ئانا تەبىئەت ئالاھىدە ياراتقان خاسىيەتلىك ئىنساندۇر. تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىن ئۆز ئەسىرىدە شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى، ئەدەبىيات ئىلمىي ساھەسىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقات پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلار ھەققىدىمۇ خېلى ئىچكىرىلەپ ئىزدەنگەن. شائىرنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى - ئالايلى «مىشچان قىز»، «ئوغلۇمغا مەرسىيە»، «بۈيۈك ماياك»، «دۆلەت ئەلا، مىللەت ئەلا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۈستىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىنى تارتىدىغان يېڭىچە پىكىرلەرنى يۇرگۈزۈپ، بۇ شېئىرلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا، قانداق شارائىتتا، نېمىگە قارىتىپ، نېمە مەقسەت بىلەن يېزىلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن.

## پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئىلمىيلىكى

مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا مەخسۇس بەدىئىي ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشلىرىدا، ئەدەبىيات ئوقۇتۇش خىزمىتىدە، ياش ئەۋلادلار تەربىيىسىدە، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئادالەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، غايە، ئېستېتىك لەززەت، جاسارەت، ئىشەنچ تەربىيىسىدە يالقۇنلۇق ياشلىقنىڭ ئالەملىك نۇرىنى چاقناتقان مەشھۇر شەخس لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ۋە ئۇنىڭ جەڭگىۋار نادىر ئەسەرلىرىگە چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ مۇراجىئەت قىلىدىغانلار، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلار، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئالىدىغانلار، ئۇنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىپ يۈرگەنلەر خېلى كۆپ. ئېلىمىزدىن ئېلىپ ئېيتساق، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات، ئىزدىنىش ئىشلىرى 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىز سىرتىدىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەسەرلىرى مەملىكىتىمىزدە تىل - يېزىقى بار مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدا ئىشلەنگەن ئوتتۇرا مەكتەپ، تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك كىرگۈزۈلگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئاستىدا ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىز، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتاب ئۆزىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇن قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، يېڭىلىقى، ئۆزگىچىلىكلىرى ئارقىلىق بىزگە ئىشەنچلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.



بىزگە مەلۇم، بىرەر مەشھۇر شەخسنى چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈش، ھەرگىز ئاسانغا توختىمايدۇ ياكى ئۇنى بىر ياكى بىر نەچچە پارچە ماقالە يېزىش بىلەن بولدى قىلىۋەتكىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. تۇرسۇن ئەرشىدىن چارەك ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىزچىل تۈردە ئىزدىنىش ئارقىلىق نەچچە پارچە كىتاب، نەچچە - نەچچە پارچە ماقالە يازسىمۇ، يەنىلا «لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن ئىبارەت مەشھۇر شائىرنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ بوسۇغىسىغا ئەمدى يېقىنلاشتىم» دەپ يۈرۈيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىلمىي ئىشنىڭ ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىزدە بولمىغىنى بىلەن تەرەققىي تاپقان مىللەتلەردە، تەرەققىي تاپقان ئەللەردە پۈتۈن ئۆمرىنى، پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى چېچىۋەتمەستىن پەقەت بىرلا مەشھۇر شەخسكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، نەتىجە قازانغانلار ئاز ئەمەس.

بىزدە تۇرسۇن ئەرشىدىن باشتىن - ئاخىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىلمىي ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىق قىلىپ يازغانلىرى بەلگىلىك قىممىتى بار، ئىلمىيلىكى يۇقىرى نەرسىلەردۇر.

مەسىلىلەرگە قىممەت قارىشى بويىچە پىكىر يۈرگۈزسەك، پايدىلىنىش، ئىشلىتىش قىممىتى بار نەرسىلەر مۇقەررەر يوسۇندا ئىلمىي بولىدۇ. ئىلمىيلىكى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يەردە قالمايدۇ.

ئەدەبىيات ئىلمى تەتقىقاتچىلىرىمىز بىلەن ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى مەلۇم ئېھتىياج تۈپەيلىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى ئۈستىدە توختالغاندا ياكى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتكەندە،

پەقەت شائىرنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، يۈزەكى بولسىمۇ تەھلىل قىلدى. ئەمما، شائىرنىڭ يەنە مۇشۇنداق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نادىر ئەسەرلىرى تۇرىدۇ. بۇلار ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچكىم، ھېچنېمە دېمىدى. تۇرسۇن ئەرشىدىن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ بەشىنچى بۆلۈمىدە شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى، نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتى، رەسىم ئىجادىيىتى ھەققىدە ۋە باشقا ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدە ئايرىم - ئايرىم ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ھېسابلانغان ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

تۇرسۇن ئەرشىدىن «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ مۇشۇ ئاخىرقى بۆلىكىدە شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدىكى كەچۈرمىشلىرىگە ياندىشتۇرۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن تەھلىل قىلىنمىغان «كۆرەش ئىلھامى»، «بۇ، مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى»، «يانار تاغلار»، «كۆرەش دولقۇنلىرى» قاتارلىق شېئىرلارنىڭ يېزىلغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇلارنىڭ مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ئۈستىدە بەلگىلىك سەۋىيىگە ئىگە ئىلمىي مۇلاھىزىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرگۈزدى ھەم شائىرنىڭ باشقا ساھەلەردىكى، مەسىلەن، دراماتورگىيە، رەسىم، نەسىر ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىنىمۇ ئىلمىي يوسۇندا يورۇتۇپ بەردى.

يىغىنچاقلىغاندا «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ



كەچۈرمىشلىرى» ناملىق كىتاب — تېما كەڭلىكى بىلەن مەزمۇن تىرەنلىكىنىڭ بىرلىكىدە، يېڭىلىق بىلەن ئىجادىيلىكىنىڭ بىرلىكىدە، ئەمەلىيلىك بىلەن ئىلمىيلىقنىڭ بىرلىكىدە مەلۇم نەزەرىيىۋى سەۋىيىگە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ يېزىلغان، پايدىلىنىش قىممىتى زور ئەسەر بولۇپ، كۆز ئالدىمىزدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى.

# خەلق، داھىي، ئىنقىلاب

«كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى» فىلىمدە خەلق بىلەن داھىينىڭ ۋە خەلق، داھىي بىلەن ئىنقىلابنىڭ مۇناسىۋىتى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا مۇرەككەپ زىددىيەت، كەسكىن ۋەزىيەت، قانلىق ئېلىشىش مۇھىتىدا روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنداقلا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا تۇتقان مۇھىم ئورنى، تايانچلىق رولى خېلى مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ماۋزېدۇڭ ئوبرازى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېتىلمىگەن بەلكى ئۇنىڭ پىسخىك تەسۋىرى، پورترېت تەسۋىرى ۋە تەسىرلىك مۇھىم ئىجتىمائىي پائالىيەت تەسۋىرى قاتارلىقلار تەبىئىي سۈرەتلەنگەن. شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىغا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنىڭ ئوت - يالقۇنىنى تۇتاشتۇرغان كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى جانلىق، تەنتەنىلىك سىزىلغان.

فىلىم يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە 1927 - يىلى خونەن، جياڭشى ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرا رايونىدا كۆتۈرۈلگەن كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، قاتناشقان ئادەم سانىمۇ كۆپ، تەسىرىمۇ زور بولغان كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىنىڭ جەريانىنى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغان.

فىلىمدە تەرەپ - تەرەپتىن ئۇيۇشۇپ، تۇڭگۇ، ئەنيۈەن،



شيۇشۇي قاتارلىق جايلاردىن چاڭشاغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان ئىشچى - دېھقان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى ۋە باش قوماندان لۇدېمىڭ، دۇڭزىيە باشلىقى يوشادۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدىن چىققان قەھرىمانلار بولغاچقا، ئۇلار قوپال ھەم ساددا، چۇس ھەم كەسكىن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسى بىردەك بولغاچقا، خەلق ئىنقىلابنى ھىمايە قىلىدۇ ھەم ئىنقىلابقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، ھاياتىغا، جانىجان مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان داھىيغا سادىق بولىدۇ. لېكىن دۈشمەن كۈچلۈك، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن قوشۇن ئاجىز بولغاچقا، ئىنقىلاب ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەتكە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ. 5000 كىشىلىك قوشۇننىڭ 2000 ى قۇربان بولىدۇ. شۇ قاتاردا ئىنقىلابنىڭ مۇھىم باشلامچىسى لۇدېمىڭمۇ قۇربان بولىدۇ. بۇ ئۈرۈش تراگېدىيىسى، ئېچىنىشلىق رېئاللىق قوشۇندىكىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما گومىنداڭنىڭ رەھىمسىزلەرچە زۇلۇمىدىن غەزەپلەنگەن جەڭچىلەر، قوشۇندىن چېكىنمەستىن، ماۋزېدۇڭغا تېخىمۇ يېقىن ئەگىشىپ، مەغلۇبىيەتنى چوقۇم غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر چىنلىقى، تەسىرلىكلىكى ۋە بەدىئىي كۈچى ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھاياجانلاندۇرىدۇ. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قانداق يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ قانداق كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى ئەسلەشكە، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنكى رېئاللىق ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. فىلىمنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەسىرىمىزدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى

ھېسابلىنىدىغان يولداش ماۋزېدۇڭ ئوبرازى تاللانغان ۋەقەلەر بايانى، تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشتەك شانلىق ئىدىيىسى، ھەربىي ستراتېگىيىسى، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. فىلىمنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر بىرلىكىدىن تەركىب تاپقان بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، لېنىن رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابى شەھەر ئارقىلىق يېزىنى قورشاش يولى بىلەن غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسا، ماۋزېدۇڭ جۇڭگو يېزىلىرىدىكى دېھقانلار ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب فېئودالىزم ئاسارىتىدە تۇرغان كونا جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كاپىتالىزم باسقۇچىغا ئۆتكەن چارروسىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى، چارروسىيە دەۋرىدە شەھەرلەردە زاۋۇت كۆپ بولغاچقا ئىشچىلار قوشۇنىدىن تەشكىللەنگەن ھەم ئىشچىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئىنقىلاب ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن. كونا جۇڭگودا بولسا سانائەت تەرەققىي قىلمىغاچقا، شەھەرلەردە زاۋۇت ئاز ھەم يوق ھېسابىدا، ئىشچىلارنىڭ سانى ئاز ھەم كۈچى ئاز ئىدى. شۇڭا، يولداش ماۋزېدۇڭ ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە جۇڭگو نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان دېھقانلارغا تايىنىش ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىش ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ داغدام يولىنى ئېچىشتىن ئېتىبارەن خەلقنىڭ



ئازادلىق، ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا بارلىقىنى ئاتا قىلغان ماۋزېدۇڭ 22 يىللىق ھاياتىنى قوراللىق كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇ خۇددى «كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى» دا تەسۋىرلەنگەندەك نى - نى خەتەرلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، نى - نى ئازابلارنى تارتتى.

فىلىمنىڭ يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيىتى: ماۋزېدۇڭ نوقۇل ھەربىي قوماندان، ئۇرۇش قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىپلا قالماي، ئىقتىدارلىق زىيالىي، ئاتاقلىق نەزەرىيىچى، سىياسەتچى، ھەربىي مۇتەخەسسىس سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ماۋزېدۇڭ ئەمەلىيەت نەزەرىيىنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ئەسەرلەرنى يازغان. فىلىمدە بايان قىلىنغان ۋەقەلىك ئىچىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەندەك، دېھقانلار ئاممىسى ماۋزېدۇڭ بىلەن ئۇچراشقاندا «خونەن دېھقانلار ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يادىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇشسىزلا بىلىۋالىدۇ. رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا رېئاللىق رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ھەقىقەت بۇرمىلانمايدۇ، پاكىت، ماتېرىيال ئاساس قىلىنىدۇ. «كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى» ناملىق فىلىمدە بۇ ئىجادىيەت پرىنسىپى، سەنئەت قانۇنىيىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئىنقىلاب مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، يولداش ماۋزېدۇڭ ئۇرۇش قىلىش يۆنىلىشى، ستراتېگىيىسى، ئۇسۇلى جەھەتتىكى كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، چاڭشاغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، نىشانىنى دۈشمەن كۈچى ئاجىز ئورۇنلارغا بېرىشقا، سوۋېت

رايونلىرى بەرپا قىلىنىشقا، يەنە داۋاملىق قورالىق كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشقا بۇرايدۇ. نەتىجىدە، ئىنقىلاب قوشۇنىدىكى جەڭچىلەر قىزغىن قانات يايدۇرۇلغان بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىلان، ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن يۆنىلىش بويىچە ئىش كۆرۈپ، جىڭگاڭشەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. فىلىمدە خەلقنىڭ جاسارىتى، ئىرادىسى، ھىمايىسى، ئىشەنچىسى؛ داھىينىڭ ئاقىلانە تەدبىرى، داھىيانە پاراستى، ئۇلۇغۋار ئەمەلىيىتى يەككە - يېگانە، ئابستراكت ئەمەس، مەلۇم كونكرېت ئىنقىلابىي ھەرىكەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىلگىرى ئىنقىلاب تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىمىزدە بىر نەپەر جەڭچىمىز دۈشمەننىڭ نەچچە ئون، ھەتتا نەچچە يۈز ئادىمىگە، بىر تال ئوقى دۈشمەننىڭ نەچچە دېسكا ئوقىغا تەڭ كېلەلەيدىغان قىلىپ تەسۋىرلىنىدىغان، رېئاللىقتىن تولىمۇ چەتنەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپرەك ئۇچرايتتى، ئەمما «كۆزلۈك يېغىم قوزغىلىڭى» فىلىمدە ئۇرۇش مەنزىرىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. فىلىم ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەر مىللەت جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە تاماشىبىنلار فىلىمنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدىن، بەدىئىي كۈچى، ئېستېتىك قىممىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. بۇ نۇقتا فىلىمنىڭ مەزمۇن ھەم شەكىل، ئىدىيىۋىلىك ھەم بەدىئىيلىك جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنى، تاللانغان ماتېرىياللارنىڭ پىششىقلىنىش، ئەكس ئەتتۈرۈلۈش جەريانىدا تۇرمۇش مەنتىقىسى ھەم سەنئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىنغان ئاساستا ئىشلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.



# ئىتتىپاقلىق ناخشىسى — «چىپار ئاتلىق قازاق» ھەققىدە

ئېلىمىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر دوستلۇقى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى — ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئەكس ئەتتۈرۈش - تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتىدا بۇ تېمىنى نۇرلاندۇرۇپ، تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەرلەر خېلى بار. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست جۇمەدىل مامانىنىڭ «چىپار ئاتلىق قازاق»①ناملىق پوۋېستىدۇر. بۇ ئەسەر 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەخسۇس مىللەتلەر ئىتتىپاقى، مىللەتلەر دوستلۇقىدىن تېما تاللاپ يېزىلغان ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

تېما ئالاھىدىلىكى ياكى شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ تاللانغان ياخشى تېمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن نادىر ئەسەرلەردە مەزمۇندىكى چوڭقۇرلۇق، بەدىئىي قۇرۇلمىسىدىكى پۇختىلىق، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى يۈكسەكلىكتىن باشقا ئۇنىڭدا

① بۇ ئەسەر- ئاپتورنىڭ 1992 - يىلى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئاتا قۇچىقىدىكى بالا» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتكە، زامان، ماكانغا، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، ئوقۇرمەنلەرگە بەخش ئەتكەن ئېستېتىك لەززىتى قاتارلىق ئامىللارمۇ ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلىشى كېرەك.

بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا مىللەتلەر دوستلۇقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەردىن، رېئال ۋەقە، تەپسىلاتلاردىن ماتېرىيال تاللىنىپ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىن مەملىكەت سەۋىيىسىگە يەتكەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن نى - نى ياخشى ئەسەرلەرنى تېپىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىممىتىنى ئىلىپ بۇرۇن يوقىتىپ بولغان، ئەرزىمەس، ناچار ئەسەرلەرمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن ئالايلى: مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەردە خۇددى بىر قېلىپقا چۈشۈرۈپ، قويۇلغاندەك ۋەقەلىك جەھەتتىن، مەزمۇن جەھەتتىن، ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىن يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپرەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى ئاپتورنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇددىئاسى چىقىش قىلىنىپ، ئۇنىڭ تېزرەك ئېلان قىلىنىشىنى كۆزلەپ نۆۋەتتىكى تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇرۇلۇپ يېزىلغان. بۇنىڭغا پاكىت: گېزىتلىرىمىزدە، رادىئو، تېلېۋىزورلىرىمىزدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر بىرەر تەپسىلىي خەۋەر بېرىلسە نېرى - بېرىسى بىرەر ئاي، بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەدەبىي ئەسەرگە ئايلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مۇشۇنداقمۇ ئاسان ئىش بولامدۇ؟! بۇنداق يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولسۇن؟! شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر



مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر دوستلۇقى مەڭگۈلۈك تېما، تارىخىي تېما ھەم ئالىي تېما. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا دۇنياۋى ئورتاقلىققا ئىگە مۇقەددەس تېما، ئۇلۇغ تېما.

جۇمەدىل مامانىنىڭ «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستى ئۆزىنىڭ چىن مەنىسى بىلەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇستىخىنى چىڭ، قۇدرەتلىك يېزىلغان نادىر ئەسەر. ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتىمىز دىيارىدا بەكمۇ كەم ئۇچرايدىغان، ھەقىقەتەنمۇ مىللەتلەر دوستلۇقىغا ئوقۇلغان جاراڭلىق مەدھىيە ناخشىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئەسەردۇر.

«چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېست — مەخسۇس ئېلىمىزدىكى كۆپ مىللەتلىك رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تۇرمۇشىدىن، كونكېرت مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئەمەلىيىتىدىن ماتېرىيال تاللاپ يېزىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىك، يەرلىك پۇراق، دەۋر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان. پوۋېست ۋەقەلىكى تەرەققىياتى ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق روللارنى ئوينىغان تۆت پېرسوناژنىڭ پائالىيەت كەچۈرمىشلىرىگە مەركەزلەشتۇرۇلگەن. بۇ پېرسوناژلار: خەنزۇ بوۋاي يەنى پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم كادىر سى ۋېي، ئۇنى قازاقلارنىڭ شۇ ناھىيىدىكى ياش باللىرى: «ئاكىم دادا» دېيىشىپ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن ئاتاشسا، چوڭلىرى «سىقاڭ» دەپ ئاتىشىپ كەتكەن. شۇنىڭدەك يازغۇچى تەرىپىدىن پوۋېستتا كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژنىڭ بىرى ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان كۆمۈركان ئىشچىسى مۇھەممەتنىمۇ قازاقلار بىردەك ھۆرمەتلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق مۇئامىلە، مىللىي ئادەتلىرى بويىچە «مەكەڭ» دەپ ئاتاشسا، ئەمدى مۇھەممەت ھېلىقى خەنزۇ بوۋاي سى ۋېينى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي دائىم ئۇنى «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ

ئاتاپ بۇ نامنى (لەقەمنى) كەڭ جامائەتچىلىك ئارىسىغا تارقىتىۋەتكەن. نەتىجىدە «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ ئىسىم ھەم پوۋېستنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ تاللاپ قويۇلغان ھەم ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تۈگىنىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر پارچە ئەسەردىكى سېھرىي كۈچ - ئاساسەن شۇ ئەسەرنىڭ تارقاتقان ئىدىيىسى بىلەن پىششىق تاللانغان، پۇختا ئورۇنلاشتۇرغان ماتېرىيالدىن كېلىدۇ. پوۋېستتا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە تەكرار ئويلىنىپ جاۋاب تېپىشقا جەلب قىلغان مۇنداق - بىر سوئال بار: ئۇ بولسىمۇ بىر خەنزۇ ئادەمگە قانداق قىلىپ «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ باشقا بىر مىللەتنىڭ نامى قويۇلۇپ قالدى؟!

چۈنكى، پوۋېستنىڭ بېشىدا تەسۋىرلەنگەندەك، چىرايى قارامتۇل كەلگەن سى ۋېي سۆزلىگەن قازاقچە تىلى، قازاقلىشىپ كەتكەن مىجەز - خۇلقى ئارقىلىق رايونلۇق گېزىتنىڭ قازاق مۇخبىرى ئەختەننىڭ كۆزىگىمۇ قازاقتەك كۆرۈنگەندى. يەنە كېلىپ سى ۋېينىڭ ئايالى جاڭلەننىڭ ئىسمى «جاڭلىقان» دەپ قازاق ئاياللىرىغا قويۇلىدىغان ئىسىم بىلەن ئاتىلىشى، قازاق شوپۇر يىگىتنىڭ تۇغۇلغان چېغىدا كىندىكىنى كەسكەنلىكى ئۈچۈن جاڭلەننى «كىندىك ئانا» دەپ ئاتىشىدەك نەق مەيداندىكى بىر قاتار ئىشەنچلىك پاكىتلارغا قاراپ سى ۋېينى قازاق چاللىرىنىڭ (بوۋايلىرىنىڭ) بىرى بولسا كېرەك دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ئۇيغۇر كان ئىشچىسى مۇھەممەتنىڭ سى ۋېينى «چىپار ئاتلىق قازاق» دەپ ئاتىشىنىڭمۇ بەلگىلىك رېئال ئاساسى بار ئىدى. قازاقلاردا «ئات ئادەمنىڭ قانىتى» دېگەن دانا گەپ بار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق، مەسىلەن، جانلىق مەۋجۇدىيەتلەر ئىچىدە قۇش قانىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق، زېمىننىڭ ھەر قانداق يىراق ھەم قىيىن يەرلىرىگە



ھېچقانداق توسالغۇسىز ئۇچۇپ بارالايدۇ. ئايرىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئادەملەرمۇ ئاتقا مىنىپ شۇنداق قىلالايدۇ. دېمەك چارۋىچىلىق رايونلاردا قازاق مالچىلىرى ئاتتىن ئايرىلمايدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى جېنى بار، ماغدۇرى بار قازاقتا بىردىن ئات بولىدۇ. ئۇلار ئاتنى شۇنداق قەدىرلەيدۇ. قازاق خەلقىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇلارنىڭ پىسخىكىسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈۋالغان سى ۋېي بىر زامانلاردا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ياتقاندا دۇچكەلگەن ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان چىپار قۇلۇننى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشىدۇ. قازاقلارغا ئوخشاش ئۆزىدە ئاتخۇمارلىق ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن سى ۋېي ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغان چىپار ئاتنى نەگە بارسا مىنىپلا بارىدۇ. ئۇنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدۇ. ئۇ ھەمىشە يىراق - يېقىن يەرلەردە ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر - چىراغلاردا قازاقلارنىڭ يېشى چوڭلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئويۇن - تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان ئورۇنلاردا قازاق ياشلىرى بىلەن بىللە بولىدۇ. مۇھەممەتنىڭ سى ۋېينى ئەنە شۇنچىلىك دەرىجىدە قازاق مىللىتىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ ئۇلار بىلەن دوست، ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتكەن ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى «چىپار ئاتلىق خەنزۇ» دېمەستىن «چىپار ئاتلىق قازاق» دېيىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك.

«چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستنىڭ مەركىزىي سۇژىت لېنىيىسى دەۋر روھى شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەلپىگە ياندىشقان ھالدا راۋاجلاندۇرۇلۇپ سى ۋېي، ئالتۇنبېك، مۇھەممەت، سەمەتاي قاتارلىق تۆت مىللەتتىن بولغان پېرسوناژلارنى يادرو قىلغان بىر يۆلىنىش بويىچە تەسۋىرلەنگەن.

مەلۇمكى، ھەرقانداق دەۋر ئەدەبىياتى ئىمكانىيىتىنىڭ

بارچە ئۆز زامانى رېئاللىقىنىڭ ناغرىسىنى سەلتەنەتلىك چالىدۇ. ئۆز زامان، ماكانى رېئاللىقىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت كارتىنىسىنى سىزىدۇ. ئالەم مىقياسىدا، جىمى كائىنات دۇنياسىدا يالغۇز بىرلا مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئەل يەنى دۆلەت بولمىسا كېرەك. مۇبادا بولسىمۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يەر شارىدىمۇ، ئېلىمىزدىمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەرنىڭ قەلبداش - تەقدىرداشلىقى - قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇقەددەس ئىش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - بىر گۆھەردۇر. شۇڭا، ئېلىمىز خەلقى بۇ گۆھەردىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈش، ياردەم بېرىش، يار - يۆلەكتە بولۇش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى دائىم داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئىشلاردۇر. پوۋېستتا سۈرەتلەنگەن قازاق بوۋاي ئالتۇنبېك بىلەن قىرغىز بوۋاي سەمەتاي پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى خىزمەت ئىشلەۋاتقان باللىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ، ئۇلارغا بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ بېرىدۇ. ئىككى مىللەتتىن بولغان ئىككى شەخسنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىدا مەلۇم شەخسنىڭ سوزغان ياردەم قولى ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئەينى چاغلاردا سى ۋېي ئەسەردىكى پېرسوناژلار تىلى بىلەن ئېيتقاندا قازاقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ كەلگەن «سىقاق» ئاساسى قاتلام رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە جانجىگەر دوستلىرى ئالتۇنبېك بىلەن سەمەتاينىڭ باللىرىنىڭ مەركەزدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرگە چىقىپ ئوقۇپ، ئوقۇشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قازىنىپ، بېيجىڭدا خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ قېلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى.

يازغۇچى جۇمەدىل ماماننىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇب



بىلەن يېزىلغان «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق بۇ نادىر ئەسىرىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىلىق قانۇنىيىتى بويىچە زامانىمىزدىكى كىشىلەر ئورتاق كۆڭۈل بۆلگەن مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرلىك جانلىق ئىپادىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يارقىن، تەنتەنىلىك ساداسىنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرۇشتە يالاڭ، يۈزەكى تەپسىلاتلار تەسۋىرى ياكى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھادىسىلەر جەريانىنى بايان قىلىشنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمىگەن. ئاساسلىقى ھەقىقىي تۇرمۇش چىنلىقىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا سادىقلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋەقەلىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، مەسىلىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، كونكېرت پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش يولى بىلەن ئەسەردە كۆتۈرۈپ چىققان تېمىنى، تۈپ نېگىزلىك نۇقتىئىنەزەرىنى، مىللىي ئالاھىدىلىك، قويۇق مىللىي تۈسكە كىرگۈزۈلگەن يەرلىك پۇراق، ئىنسانىي پەزىلەت، ئادىمىيلىك سۈپەت، ئىناقلىق، ساداقەتمەنلىك ئالامەتلىرى بىلەن تويۇندۇرغان.

تالانتلىق قازاق شائىرى، يازغۇچى جۇمەدىل مامان «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېستىدا سى ۋېي، ئالتۇنبېك، جاڭلەن، كۇلانلارنىڭ ناھايىتى تەبىئىي ھالدا تېپىشقان ھەقىقىي دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. يازغۇچى بۇ نادىر ئەسەرنى ئاساسەن تەتۈر بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يازغان، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بەزى ۋەقەلەرنى ئارىلىقتا كىرىشتۈرۈپ قوشۇۋەتكەن. بەزى ۋەقەلىكنىڭ جەريانىنى قىسقارتىپ، ئۇنى پېرسوناژلارنىڭ ئايرىم ئىزھار قىلغان مونولوگلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن. نەتىجىدە ئەسەرنى يىغىنچاقلىقتا، چوڭقۇرلۇقتا، ئوبرازچانلىقتا ئىگە قىلغان.

«... ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېرىپ -

چارچاش يىگىت ئۇچۇن شەرەپلىك ۋەزىپە. سىنىڭ مۇشۇ قىممەتلىك سەپىرىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئىچىپ بەرگەن ئىنقىلاب قىلىش يولىنىڭ داۋامى. مۇبادا سىنى تەم - تۇز ھەيدەپ شىنجاڭغا بىرىپ قالساڭ ئىلىنى كۆرمەي قايتما. ئۇ يەر بىپايان كەڭ تۇزلەڭلىكتىن تەركىب تاپقان، ھۆل - يېغىنى كۆپ، ھاۋاسى سوغۇق كىلىدۇ. تاغلىرى پۇتۇنلەي قارىغايلار بىلەن قاپلانغان. شۇنىڭدەك بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلغان خەلقتە يىلقى (ئات) ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ھەتتا باي دىگەنلىرىدە 4 — 5 مىڭدىن ئارتۇق تۇلپار نەسىللىك يىلقى بولىدۇ. خەلقى تولىمۇ قەيسەر، باتۇر كىلىدۇ. ئىشەنچىسىزلىك قىلغانلارنى قاتتىق ئۆچ كۆرىدۇ». مانا بۇ سى ۋېي شىنجاڭغا خىزمەتكە كىلىش ئالدىدا دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرى.

يۇقىرىدا بېرىلگەن مونولوگنىڭ مەنىسى چوڭقۇر، رېئال ئەھمىيىتى، تەربىيىۋى رولى ناھايىتى زور بولۇپ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق تۇيغۇسى بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئېنىقكى پېرسوناژ ئاغزىدىن بېرىلگەن بۇ گەپنى ئاپتور تارىخنىڭ قېلىن قاتلاملىرى ئىچىدىن ئاقتۇرۇپ تېپىپ، ئەسەرنىڭ تۇپ ئىدىيىسىنى كۈچەيتكەن.

يىغىپ كەلگەندە تېما ئۆزگىچىلىكى، يازغۇچىنىڭ ئىشلەتكەن تىلى، ماھارەت ئالاھىدىلىكى بىلەن «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېست بۇگۇنكى دەۋر ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ نادىر ئەسەرگە ئايلانغان.



# ئاچچىق مەسخىرە، شىپالىق دورا

ياش شائىر ئابابەكرى ئەمەتنىڭ «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىلى 2 - سانىغا بېسىلغان ساتىرىلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ شېئىرلاردا رېئال تۇرمۇشتا سادىر بولۇپ كەلگەن بىر قىسىم يىرگىنچلىك ھادىسىلەر، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى چاكىنىلىقلار، كىشىلەر خاراكتېرىدىكى يارىماس، ناچار قىلىقلار ئاچچىق ھەجىۋى، ئۆتكۈر تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق قامچىلانغان.

رېئالىستىك بەدىئىي ئەدەبىياتىمىز ئەزەلدىن تارتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلىرىنى ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئەكس ئەتتۇرۇش ئوبيېكتى قىلىپ كەلدى. مەلۇمكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىجابى ۋە سەلبى تەرەپلىرىنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسىدىن ھاسىل بولغان. سېلىشتۇرۇش، پەرقلەندۇرۇش، دادىل ئاشكارىلاش، چوڭقۇر قېزىش، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش، كەڭ دائىرىلىك ئويلىنىش كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، ھاياتنىڭ مەنىسىنى، قىممىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى. ئەدەبىي ئىجادكارلارمۇ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرگەندە بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ياش شائىر ئابابەكرى ئەمەت ئالاھىدە پەم ۋە بەدىئىي دىت ئىشلىتىپ يازغان بۇ ساتىرىك شېئىرلىرىدا خېلى ياخشى ئىزدەنگەن، كىتابخانلاردا بەلگىلىك

تەسىر قالدۇرغۇدەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن تىرىشقان. ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ئىچىدە تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنى، ئىجابىيلىكنى مەدھىيىلەش بىلەن بىر چاغدا يەنە كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى، روھىي دۇنياسىدىكى ئاشكارا، يوشۇرۇن ئىپادىلىنىپ كەلگەن ئىللەتلەرنى ئاچچىق مەسخىرە قامچىسى ئاستىغا ئېلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرمىغان.

«ئويغىتار بىزنى ھەركۈنى تۈندە،
ئاشۇ مەس «خوراز» ئەنسىز سەت «چىللاپ»
بىزگە ئۇيقۇ يوق، بەرمىدى ئاڭا،
رەھىمسى كېلىپ خۇدامۇ ئىنساپ.
قالار قېرىلار بېشىنى چايقاپ،
(ئىچ ـ ئىچىدىن كەتكەندۇ قارغاپ)
ھەممىلا كۈنلەر بولسىدى رامزان
شۇنداق چىللىسا» ئالاتتى ساۋاب.
(«يېرىم كېچىدە چىللىغان «خوراز» دىن)

دەپ تەسۋىرلەنگەندەك شائىر شېئىردا ئاشكارا مەسخىرە، يوشۇرۇن كىنايە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇزۇلۇش يولىدا ماڭغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆز قېلىپىدىن چىقىپ كېتىشتەك روھىي پسىخىكىسىنى ماھىرلىق بىلەن ئوپېراتسىيە قىلغان. شېئىرنى ئوقۇغان چېغىمىزدا كۈندۈزى ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ يېرىم كېچە بولغاندا دەلدەڭشىپ ئۆيىگە كېلىپ، دەرۋازىنى ئۇرۇپ، كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يۈرگەن، ھەر كۈنى دېگۈدەك يا خوتۇن باللىرىغا، يا قولۇم ـ قوشنىلىرىغا ئۇيقۇ، ئارام بەرمىگەن بىر مەستىنىڭ خۇنۇكلەشكەن ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئاپتور مەستىنىڭ سەتلەشكەن



قىلىقلىرىنى، كەيپىياتىنى قاتتىق مەسخىرىلەپ، سوكۇپلا قالماستىن بەلكى ئۇنى يېرىم كېچىدە چىللىغان خورازغا ئوخشاتقان.

ئەلۋەتتە، يېرىم كېچىدە مەزگىلسىز چىللىغان خورازنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمدى ئەقلىنى ھاراققا سېتىپ يېرىم كېچىدە سەت ۋارقىرىغان ئادەم خورازنىڭ ئاۋازى كىمنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەي تۇرالىسۇن!؟ بۇنداق «خورازلار» قانچىلىغان كېچىلەرنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ تاتلىق، شېرىن ئۇيقۇلىرىنى بۇزدى؟ بىز گەپ قىلمىساقمۇ بۇ تامامەن چۈشىنىشلىك ئەھۋال.

رېئالىستىك ئەدەبىيات رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى. ئۇ چىنلىققا ھۆرمەت قىلىدۇ.

رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم بەلگىسى چىنلىق. تۇرمۇشنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى بولسۇن، سەلبىي تەرەپلىرى بولسۇن بۇلارنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ مەڭگۈلۈك قەدىرلەيدىغان مەنىۋى بۇيۇملىرىدۇر. شائىر ئابابەكرى ئەمەت شېئىرىدا يىرگىنىشلىك ئىشلار يۈز بەرگەن سورۇن، مۇھىتتىكى، جامائەتچىلىكنىڭ ئىنكاس تەسۋىرىنى جانلاندۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق مەستىنىڭ نەپرەتلىك ھەرىكەتلىرىگە بولغان باشقىلارنىڭ غەزەپ ئوتىنىمۇ جايىدا تۇتاشتۇرغان. رېئاللىقتىكى مەۋجۇدىيەتلەر، خىلمۇ خىل تەپسىلات ھادىسىلەر كىشىلەر چۈشەنچىسىدىن ھالقىغان، كىشىلەر ئېڭىدىن تاشقىرى نەرسە ئەمەس. رېئاللىقتا بارلىققا كەلگەن مەۋجۇدىيەتلەر ئۆزگىرىشكە ياندىشقان. شائىر ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر پائالىيىتىنى، مۇناسىۋىتىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن. شۇنىڭدەك ئۇنى قانداق ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسۇلى مەسىلىسى ئۈستىدە ئوبدان

ئويلانغان، ئىزدەنگەن، نەتىجىدە شېئىر مەزمۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ مەنبەسىنى ئاچقان. ھەددىدىن تاشقىرى ھاراققا بېرىلىش نېرۋىنىڭ نورمال ئىشلەش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ياكى سېزىمچانلىقىنى، ئۆتكۈرلىكىنى تۆۋەنلىتىش، ئويلاش، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقىتىش، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىسى — مىللەت ئىستىلىغا، مىللەتنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولۇپلا قالماستىن يەنە ئىسان پەزىلىتىگە، ئىنسانىي سۈپەتكە يات بىر ئىللەت، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيىنىنى مۆلچەرلەش تەس بولغان بالايىئاپەت، ئىلگىرى ھاراق ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى ھەققىدە نۇرغۇن ئالاھىدە شېئىرلار يېزىلدى. لېكىن نۇقۇل ھالدا ھادىسىنىڭ ئۆزىلا بايان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ تاشلىنىپ ئاقىۋىتى كۆرسىتىلمىگەچكە قالدۇرغان تەسىرى ئانچە چوڭقۇر بولماي يۈزە بولۇپ قالغان ئىدى. بىز «بىر ئائىلە» ناملىق شېئىرنى ئوقۇغان چاغلىرىمىزدا باشقىچە تەسىراتقا كېلىمىز. بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى، ئالدىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن «يېرىم كېچىدە چىللىغان خوراز» ناملىق شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بېيىتىش رولىنى ئوينىغان.

«ھاراق دېسە مەردلىك تۇتۇپ ئوينار كۆزىنىڭ قارىسى،
شاراقلىتىپ ئون سوملۇقتىن ئايىمايدۇ دادىسى.
بوتولكىنى يىغىپ سېتىپ دەپتەر ئالار بالىسى،
كىيىم ـ كېچەك كىيىمەن دەپ غەلۋە قىلار ئانىسى.

ئاي ئاخىرى يەتمەي كەلدى سۇ، توك پۇلىغا چامىسى،
قۇچاقتىكى سەبىگە سۈت ئېلىشقا يوق ئاقچىسى.
كۈندە ماجرا، كۈندە غوۋغا، بولاركىم قازىسى،



شۇنداق ئۆتسە ئاز كۈندە چاك ـ چاك بولار ئارىسى.»

بۇ شېئىردا ھاراقنىڭ كاساپىتىدىن كېلىپ چىققان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى غوۋغا، ماجرا يىغىنچاق، قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن.

بىز ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە، ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا قارىتا تەتقىق قىلىش ئېلىپ بارغاندا يەنىلا رېئاللىقنى، ھەقىقەتنى ئاساس قىلىمىز. شائىرنىڭ شېئىردا مەسخىرە قىلىپ تەسۋىرلەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەت. كۆيۈمچانلىق، ۋاپادارلىق، ئىناقلىق مۇناسىۋەت زېمىنىدە روناق تاپقان ئاتا ـ بالا مۇھەببىتى، ئەر خوتۇن مۇھەببىتى، بەختلىك ئائىلە تۇرمۇشى كىشىلەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەيدىغان بىباھا گۆھىرىدۇر. ۋىجدانىنى بىر بوتولكا، يۈز بوتولكا، مىڭ بوتولكا ... ھاراققا سېتىپ بۇ گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇپ يۈرگەنلەرنى قانداقمۇ ئىنسان دېگىلى بولسۇن؟ بىر ئائىلىنىڭ باشلىقى، باش ـ پاناھى ھېسابلىنىپ كەلگەن دادىنىڭ پۈتۈن كۈنى تاپقىنىنى ھاراققا دەسمايە قىلىپ بىر ئائىلىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى، ئىستىقبالى بولغان بالىسىنىڭ چوڭى دەپتەر ـ قەلەم ئېلىش ئۈچۈن دادىسى بىكارلىغان ھاراق بوتۇلكىلىرىنى سېتىپ، پۇل يىغىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزسە، قۇچاقتىن تېخى چۈشمىگەن سەبىي پەرزەنتى قورسىقى ئېچىپ «سۈت، سۈت ...» دەپ يىغلايدۇ. بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، گۈلى، غەمگۈزارى ھېسابلانغان بىچارە ئانا ھاراقكەش ئەرنىڭ، يوقچىلىقنىڭ دەردىدە، ئائىلىنىڭ، بالىلىرىنىڭ غېمىدە زار قاقشاپ ئۆتىدۇ.

ھەرقانداق ئىنسان بالىسىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بىر ئائىلىنىڭ ئەھۋالى شېئىردا ئىخچام تەسۋىرلەنگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ كۈنلەرنىڭ، بۇ ھاياتنىڭ، بۇ

تۇرمۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، نېمە تەمى، نېمە لەززىتى بولسۇن؟ مانا مۇشۇنداق ھاراققا بېرىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئويلاندۇرىدۇ، سەسكەندۈرىدۇ، غەزەپلەندۈرىدۇ.

«سەۋەب» ناملىق شېئىرىغا كەلسەك، شائىر بۇنىڭدا كۆكسى ـ قارنىنى راسا كەڭ ئېچىپ ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلايدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىگە تۈپتىن خىلاپ ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ھاراققا بېرىلىش خېلى بازار تېپىپ قالدى. بولۇپمۇ دۆلەت ۋەزىيىتى ئوڭشۇلۇق، خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىشقا باشلىغان يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ھاراق ئىچىدىغانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ قالدى. تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ چوڭ ئىشلارغا قەدەر بۇنىڭدىن قاراپ تۇرۇپ تارتىۋاتقان زىيانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مەسىلىنىڭ تەسىرى ياشلىرىمىز ئىچىدە تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. ياش شائىر ئابابەكرى ئەمەتنىڭ «سەۋەب» ناملىق ساتىرىك شېئىرىدا دائىم ئاغزى ـ بۇرنىنى ھاراق بىلەن ھۆلدەپ، كوچىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ كۈن ئۆتكۈزگەن بىر ياشنىڭ چۈشكۈنلەشكەن روھىي ـ ھالىتى، ئازابلانغان قەلب سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەپچىل، قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۇرگەن.

ناھايىتى قىسقا يۇمۇرلۇق ۋەقەلەر بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان شېئىر مەزمۇن جەھەتتىن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

شېئىرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە شاكىرجاننىڭ بىكارچىلىقتىن، زېرىكىشتىن ـ ئىچ پۇشۇقىدىن ھاراق ئىچىپ



كېيىپ بولغان ۋاقتىدىكى كۆرسەتكەن كومېدىيىسى تەسۋىرلەنسە؛ ئىككىنچى بۆلىكىدە پەرىدەك گۈزەل قىز تېپىپ، مەقسەتكە يەتكەن شادلىق تەنتەنىسى ئىچىدە ھاراق ئىچىپ ئوينىغان خۇشاللىق كومېدىيىسى تەسۋىرلىنىدۇ؛ شېئىرنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە شاكىرجاننىڭ بېشىغا قونغان بەخت قۇشىدىن ئايرىلىپ تارتقان دەرد ـ ھەسرىتىنىڭ دەستىدە ھاراق ئىچىپ كۆرسەتكەن كومېدىيىسى تەسۋىرلىنىدۇ.

شائىر شېئىردا ئەنە شۇنداق ئۆز ـ ئارا زىچ باغلانغان كومېدىيىلىك تەپسىلاتلار بايانى، يۇمۇرىستىك شېئىرى تىلدا بېرىلگەن دىئالوگلار تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن. شېئىرنىڭ ئاخىرىدا:

«قىسقىسى شاكىرجاننىڭ سۆزلىرى مۇنداق:
‹زېرىكىش›، ‹شادلىق›، ‹دەرد› دورىسى ھاراق.
مەن دەيمەن: شىشىگە دوست بولساڭ شۇنداق،
تىرىكلا كۆرسەن ۋەيلۇنۇ ـ دەۋزاق»

دەپ ھاراق كومېدىيىسىنى ئوينىغۇچىنىڭ ئاقىۋىتى، تەقدىرى ئۈستىدە ئاقىلانە يەكۈن چىقارغان. دەرۋەقە شائىر ساتىرىلىرى ئىچىدە ھاراقكەشلەر مەسخىرە قىلىنىپ يېزىلغان شېئىرلار بىرىمىزغا يېقىنراقنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ھەرىكىتىدە ئىپادىلەنگەن روھىي دۇنياسىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر سىڭىپ قالغان باشقا ئىللەتلەرگىمۇ دادىل ئوت ئاچقان. «يۇقىرى ئۆرلەش» ناملىق شېئىردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، پاش قىلىنغان، قامچىلانغان مەسىلىلەرمۇ بىزنىڭ كۈچلۈك دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ھەم خېلى ئويلىنىشقا سالىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەش روھى، يۇقىرى ئۆرلەش جاسارىتى، يۇقىرى ئۆرلەش ئارزۇ ـ

ئىستىكى كىشىلەرنىڭ قانائەت ھاسىل قىلىپ بىر ئىزىدا توختاپ قالماستىن، ئۈمىدسىزلەنمەستىن، ئىزچىل تۈردە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىدە، پارلاق كەلگۈسىگە ئىنتىلىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت. بۇ ئەلۋەتتە قىزغىن قوللاشقا، قەدىرلەشكە، تەشەببۇس قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم ئىش. لېكىن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياكى ئەتراپىمىزدا بەزى كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش مۇددىئاسى، ئىستىلى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىۋاتىدۇ. بۇ ئېنىق ئاشكارىلىنىپ تۇرغان رېئاللىق. ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان بىر قىسىم كىشىلەر جاپالىق تەر تۆكۈش، ئۆزىنىڭ جاپالىق ھالال ئەمگەك مېۋىسىگە تايىنىش، تالانت، تىرىشچانلىق، جاسارەتنىڭ ئورنىغا تەخسىكەشلىك قىلىش، خۇشامەتچىلىك قىلىش، ئۆزىنى پەردازلاپ ياخشى كۆرۈنۈش، ئەمەل ـ مەرتىۋىگە ئىگە بولۇشنى دەسسەتمەكتە، بۇنداق ئۇسۇللار بىلەن يۇقىرى ئۆرلەش ھەقىقەتەنمۇ بەزى كىشىلەرنىڭ مىزانىغا ئايلانماقتا.

يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك ئىجتىمائىي رېئاللىقىز زېمىنىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان، ئىنتايىن يامان تەسىرلەرنى بېرىۋاتقان، خەلقىمىز تولىمۇ بىزار بولۇۋاتقان ئىللەتلەرنى كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغان شائىر:

«مەنسەپ ئاخۇن ئۆرلەش ئۈچۈن قىلاتتى ھەرىكەت،
لېكىن قىلغان خۇشامەتتىن يوقتى بەرىكەت.
باشلىق يوقلاپ ھەم چاقىرىپ ھالى قالمىدى،
ماختاپ سۆزلەپ جاۋغاي كۆيۈپ ئېڭەك تالمىدى.»

دەپ ئاشۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ پەسكەش روھىي ـ دۇنياسىنى ئېچىپ خاراكتېرىسكىسىنى سىزىدۇ. راستچىللىق ھامان يالغانچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەندەك ساختا



ۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ ئۆزلىرىنى پەردازلاپ، ئۆرلەش كوچىسىغا كىرگەنلەر بەرىبىر مەغلۇپ بولۇش ھالاكىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مانا بۇنىڭغا شېئىردىكى:

«بىر كېچىسى «يۇقىرىغا ئۆرلەش» چۈشىدە،
ياستۇقتىنمۇ ئېشىپ كەتتى لېۋى كۆلكىدە.
ئۆرلەۋېرىپ يىقىلدى ئۇ ياتقان سۇپىدىن،
بېشى چۈشكەچ ئوتلار چاقناپ كەتتى كۆزىدىن.
شۇ قېتىمقى يىقىلىشتا چايقالغاچ بېشى،
مەجنۇن سۇپەت يۇرمەكتە ئۇ يالجىماي ئىشى.»

دەپ تەسۋىرلەنگەن رېئاللىق تولۇق پاكىت بولالايدۇ.

ئەدىبلەر ئەسەرلىرىدە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن چاغلاردا كۆپرەك ئۇلارنىڭ روھىي قاتلىمىدىكى يورۇقلۇقنى، گۈزەللىكنى، ئالىيجانابلىقىنى، ساغلاملىقنى كۈيلەش، مەدھىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قاراڭغۇلۇقنى، رەزىللىكنى، پەسكەشلىكنى، بۇزۇقلۇقنى پاش قىلىدۇ، تەنقىد قىلىدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى گۈزەللىكتىن لەززەتلەندۈرۈش، رەزىللىكتىن سەسكەندۈرۈش، نەپرەتلەندۈ-رۈش ياراملىق خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ، ئەدىبلەرنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر. چۈنكى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى تارىخ تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا، ھېسسىياتىغا، ئىدىيىسىگە، ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن يەنە تۈرتكە بولۇش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش، يېتەكلەش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

كىشىلەرنى پاسسىپ، قالاق، ئىدىيىۋى قاراشلاردىن، خاتا خاھىشلاردىن، ناتوغرا ئىستىللاردىن، ساختا قىلىقلاردىن خالىي بولۇشقا، ھوشيار بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم بەلگىلىرى ئاساسەن ئۇنىڭ چىنلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەيلى مەدھىيىلەنسۇن، مەيلى تەنقىدلەنسۇن رېئاللىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرلا كىشىلەرنىڭ دىلىغا ياقىدۇ. ياش شائىر ئابابەكرى ئەمەتنىڭ «يۇقىرى ئۆرلەش» ناملىق شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن رېئاللىقنىڭ كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىشتىكى ئاساسىي سەۋەبلەر ئۇنىڭدا راست گەپلەرنىڭ قىلىنغانلىقىدا، چىن نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىدىدۇر.

مەدھىيە تۇسىنى ئالغان جىلۋىلىك، يېقىملىق، لىرىك شېئىرلاردا شائىرنىڭ چوڭقۇر روھىي قاتلىمىدىن پارتىلىغان يالقۇنلۇق ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار، ھادىسىلەر بەزى چاغلاردا قانداق يوشۇرۇن بېرىلگەن بولسا، ئاشۇ لىرىك شېئىرلارنىڭ بىر خىل تۈرى ھېسابلانغان ساتىرىك شېئىرلاردىمۇ ئىپادىلەنگەن بەزى مەزمۇنلار شائىرنىڭ مۇددىئاسى ـ يالىڭاچ، ئاشكارا ئەمەس، مەنىلىك، يوشۇرۇن بېرىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ.

«شائىرنى سۆيۈڭ» ناملىق بۇ شېئىردا، ماۋزۇسىدىن قارىغاندا كىتابخانلارغا ئۇنىڭدا تاللانغان، نىشان قىلىنغان ئوبيېكت مەدھىيىلەنگەندەك تۇيۇلىدۇ. ھەتتا ئۇلارنى: «ياخشى شېئىرلارنى يازغان شائىرنى كىم سۆيمەيدۇ، كىم ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن تۇيغۇغىمۇ كەلتۈرىدۇ. بىراق، شېئىرنى ئوقۇغان ھامان كىتابخانلارنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتى كۆلكىگە ئالمىشىدۇ.



« ‹خاڭچى يىگىت سىنى سۆيىمەن›
دېگەن ناخشا ئاخىرلاشقاندا:
ئۆز ئورنىغا ئەمدى يانغاندا،
ئىبىتىپ كەلدى بىر بەختلىك يىگىت ،
دېدى:
— سىزنى مەنمۇ سۆيىمەن.
ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان قىز،
دېدى:
— سىزنى نە كۆردۈممەن؟
— سىز ھازىرلا سۆيۈمەن دېگەن،
مەدھىيىلەنگەن خاڭچى يىگىت مەن.
قېشىڭىزنى ئاتتىڭىز قالتىس،
مەيلىڭىزنى شۇندا بىلگەن مەن. »

دەپ دىئالوگ شەكلىدە، يۇمۇرلۇق رىتىمدا تۈزۈلگەن بۇ مىسرالاردا ئاشكارە ئىپادىلەنگەن خاڭچى يىگىتنىڭ قۇرۇق ئىشقى مۇھەببەت ھېسسىياتىغا بېرىلىپ، چوتنى پۇتۇنلەي خاتا سوقۇپ باشقىلارنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان كۈلكىلىك ھەرىكىتى، نەق مەيداندا داۋراڭ سېلىپ، چۇقان كۆتۈرگەن ئەدەپسىز قىلىقلىرى كىمنىڭمۇ ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن؟!

ئەسەردە قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن بۇ كومېدىيىلىك تەپسىلات كىشىلەرنى ھەم كۈلدۈرىدۇ، ھەم ئويلاندۇرىدۇ. شېئىرنى ئوقۇغان بەزى كىشىلەر بۇ كۈلكىلىك ئىشلارنى يىگىتنىڭ دۆتلىكى، نادانلىقى بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئەخمەقلىقىدىن، مېڭىسىنىڭ بىرەر ۋېنتىسىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان دېيىش مۇمكىن. بىر ھېسابتا بۇ قاراشمۇ ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق، ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. بىراق خاڭچى يىگىتنىڭ ناخشىچى قىزغا توساتتىن كۆيۈپ قېلىشى، ئەمدى «سۆيىمەن» دېگەن گەپكە ئالدىراپ نەق مەيداندا ئىپادە

بىلدۇرۇشمۇ، ئۇنىڭ ئەقىل ھوشىنىڭ كەمتۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىلىك ئىسپات بېرەلمىسە كېرەك. بۇ يەردە شائىر قىزنىقچىلىق چىقىرىپ، كىتابخانلارنى كۈلدۈرۈش يولى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش تەلىپىگە ئاساسەن خىلمۇ خىل مەنىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان تونۇشىدىكى، چۈشەنچىسىدىكى نۇقسانلارنى مەلۇم تەپسىلات ئىچىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ سۆككەن، مەسخىرە قىلغان.

دەرۋەقە «خاڭچى يىگىت سېنى سۆيىمەن» دېگەن مىسرادىكى «سۆيىمەن» دېگەن سۆز بىر شەخسكە قارىتىلغانلىقى ئېنىق. لېكىن، شائىرنىڭ ئەسلى ئويى، جۈملىدە بۇ سۆزنى قوللىنىشتىكى مۇددىئاسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق ھەرگىز ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى، شېئىرنىڭ تۈپ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن «سۆيىمەن» سۆزى نوقۇل ھالدا ئىشقى ـ مۇھەببەتنى ئىپادىلىمەستىن، دەۋرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش يولىدا خەلقىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بايلىق يارىتىۋاتقان قەھرىمان خاڭ ئىشچىلىرىغا بولغان سۆيگۈسىنى، مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

شېئىردىكى بۇ نۇقتا ناخشىچى قىزنىڭ:

«بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ بىرەر دەم،
كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىپ كۈلۈڭ.
سۆيۈش توغرا كەلسە ئەگەردە،
تېكىست يازغان شائىرنى سۆيۈڭ! . . . »

دەپ بەرگەن جاۋابىدا تېخىمۇ روشەن نامايان قىلىنغان. بىزگە مەلۇم، ناخشا تېكىستىنى شائىر ئىجاد قىلسا مۇزىكىسىنى



مۇزىكانت ئىجاد قىلىدۇ. ناخشىچى پەقەت ئۇنى ئورۇنلاش رولىنى، شائىر بىلەن مۇزىكانت قەلبىنى كەڭ تاماشىبىنلارغا يەتكۈزۈش رولىنى ئارتقۇزىدۇ.

ناخشا تېكىستىدىكى «خاڭچى يىگىت سېنى سۆيىمەن» دېگەن ياڭراق يۈرەك ساداسى، ناخشىچى قىز قەلبىدىن ئەمەس، ئۆز ئوبيېكتىنى سۆيۈندۈرگەن، چوڭقۇر ھاياجانغا سالغان شائىر قەلبىدىن چىققان. دېمەك شېئىرنىڭ ئاخىرىدا ھوشيار، ئەقىللىق قىزنىڭ يىگىتنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك، ئورۇنسىز قويۇلغان تەلىپىگە دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ، ئەگەردە چىن دىلىڭىدىن سۆيمەكچى بولساڭ مەندەك يۈزلىگەن، مىڭلىغان خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ تۆھپىسىگە جاراڭلىق مەدھىيە ئوقۇپ شېئىر يازغان «شائىرنى سۆيۈڭ» دېگەن سۆزى نېمە دېگەن جانلىق، نېمە دېگەن ئوبرازلىق بېرىلگەن ـ ھە؟ ! ياش شائىر ئابابەكرى ئەمەت كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان ياخشى ساتىرىك شېئىرلارنى قانداق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى؟

بىزنىڭچە شائىر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ روھىي ـ ھالىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا، بەدىئىي نۇقتىدا، ئىسلاھاتچىلارغا خاس يېڭىچە روھتا ئىنچىكە، سىنچىلاپ كۆزەتكەن. مۇرەككەپ شەيئىلەر، ھەرخىل ھادىسىلەر ئۈستىدە بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزگەن. ئۆزىدە ھەقىقىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادكارلىرىغا خاس ئوتتەك قىزغىن ھەۋەسنى قوزغاپ تۇرمۇش قوينىغا، خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرگەن. بۇنىڭ بىلەن بايقالمىغان نەرسىلەرنى بايقاش، سېزەلمىگەن نەرسىلەرنى سېزىش، كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن تەنقىدى نۇقتىئىنەزەر بىلەن ھادىسىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانىدا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ،

كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ، ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ پاك زېمىنىگە ئۈنگەن زەھەرلىك ئوتلارنى يۇلۇپ تاشلاپ، كىشىلەر خاراكتېرىدىكى، تۇرمۇش ئىستىلىدىكى، دۇنيا قارىشىدىكى، تونۇشىدىكى نۇقسانلىقلارنى تۈگىتىش (تۈزىتىش) ئۈچۈن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ساتىرا قورالىدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك ئىزدەنگەن، چوڭقۇر ئويلانغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرىغا تېما بولغان كىشىلەر قەلبىنى تىترىتىدىغان سەلبىي دېتاللارنى، ئاچچىق ھەجۋى شىپالىق دورىلارنى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تەمىنلىگەن.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئادىتى، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى بويىچە مۇلاھىزە، مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان چېغىمىزدا شۇنى روشەن ھېس قىلالايمىزكى: سەنئەتكارلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرگە نىسبەتەن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنىۋى كۈچ، روھىي ئىلھام، گۈزەللىك تۇيغۇ، پارلاق ئارزۇ ـ ئىستەك، غەيرەت ـ جاسارەت بېغىشلايدىغان ئىجابىي تەرەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە قولىغا قەلەم ئېلىشقا قانداق مەجبۇر بولغان بولسا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرنى بىزار قىلىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشتۈرىدىغان، يىرگىنىشلىك سەلبىي تەرەپلىرىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن قولىغا قەلەمنى شۇنداق مەقسەتتە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

تەلەپچان ياش شائىر ئابابەكرى ئەمەت كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئالاھىدە بەدىئىي دىت، بەدىئىي ماھارەت ئىشلىتىپ يازغان ساتىرلىرىدا ھەجۋى قامچىسى ئاستىغا ئېلىنغان كونكرېت ئادەم، كونكرېت ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئومۇملاشتۇرۇلغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن رېئاللىق، ئىجتىمائىي



تۇرمۇشنىڭ ئەينەن ھەقىقىتىدىن تۆرەلگەن توقۇلما ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بەدىئىي ھەقىقەت. شۇڭا، شائىرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ساتىرىك شېئىرلىرىنى ئوقۇغان كىشىلەر ئىنسان پەزىلىتىگە خىلاپ پاسكىنا قىلىقلارنى، زىيانلىق ئىللەتلەرنى ، خەتەرلىك كېسەللەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قەھرى ـ غەزەپكە كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاچچىق ساۋاق ئالىدۇ. ئەمدى بۇ ئىللەت، كېسەللىكلەرنىڭ مىكروپلىرىنى ئۆزلىرىگە يۇقتۇرۇۋالغانلار ھېچقانداق نەسىھەت، چۈشەندۈرۈشلەرنى تەلەپ قىلمايلا ماڭغان خەتەرلىك يوللىرىدىن كەينىگە داجىپ ئېسىگە كېلىپ، توۋا قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇلار ئەدەبىياتتىكى ساتىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا، ئىدىيىۋى ھالىتىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىش رولىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ساتىرا — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى مەھسۇلى ئەمەس، ئۇ بۇرۇندىن تارتىپ بار ژانىردۇر. جەڭگىۋار ساتىرىنىڭ نۇرلۇق تەرەققىيات يولىنى ئەجدادلىرىمىز، پېشقەدەملىرىمىز ئاللىبۇرۇن ئېچىپ، ئۇنىڭ تەمىنى خەلقىمىزگە تېتىتقان، پايدىسىنى كۆرسەتكەن. ھازىرمۇ ساتىرىمىز ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى قىلچىلىق ئاجىزلاشتۇرغىنى يوق، ئەپسۇسكى شېئىرىيەت گۈلزارىدا مەخسۇسلاشقان لىرىك شېئىرلار، ئېپىك شائىرلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ئەمما، تىلغا ئالغۇدەك ساتىرىك شائىرلار چىقمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە خەلقىمىزنىڭ ساتىرىنى ياخشى كۆرمىگەنلىكىدىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. خەلقىمىز ساتىرىدىن بەكمۇ سۆيىنىدۇ. ساتىرىلارنى بەكمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ھېلىھەم شۇنداق.

پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ جاھانغا مەشھۇر قەدىرلىك

بايراقدارى ماكسىم گوركىي: «سەنئەتنىڭ ماھىيىتى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت كۆرەشتۇر. ھېچ نەرسە بىلەن كارى بولمايدىغان سەنئەت يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.» دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەقىقىي كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسىتىشتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يورۇقلۇق تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ دادىل پاش قىلىش كېرەك، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا، يامانلىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگەرتىشتە كۈچلۈك ياردەم بېرىش رولىنى ئوينىشى لازىم. شۇنداق ئىكەن بىزگە ساتىرا كېرەك. بىر مەھەل تومۇرىنىڭ سوقۇشى پەسلەپ قالغان ساتىرىمىزنى يەنىمۇ يۈلەپ ئۆتكۇرلەشتۇرۇشىمىز، جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

مەن بۇ ماقالىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش شائىرلارنىڭ بىرى يولداش ئابابەكرى ئەمەتنىڭ بىر نەچچە ساتىرىك شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە بەدىئىي نۇقتىدا ئەمەس، ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق شائىرنىڭ ساتىرىك ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقان قەدىمىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

ياش شائىرنىڭ خەلقىمىزگە يەنىمۇ ياخشى ساتىرىلارنى تەقدىم قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.



# ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ رولى

بارغانسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە كىشىلەرنى كۈچلۈك جەلپ قىلماقتا. ئۇ زامانىمىزدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يەنىمۇ گۈللەنگەنلىكى ۋە ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئېشىپ، نەزەر دائىرسى كېڭىيىۋاتقانلىقىنىڭ، ئۇلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئارزۇ - تەلەپلىرىنىڭ ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلىنىشى. ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنىڭ پۇختىلىقى، قويۇق فانتازىيىلىك تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەردە كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تېخىچە ئېچىلمىغان سىرلىرى توغرىسىدىكى مۆلچەر، قىياسلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئالەم بوشلۇقىغا يۈرۈش قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى، تۈرلۈك ئىلمىي فانتازىيىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇلۇپ، كەلگۈسى دۇنيادا مەيدانغا كېلىدىغان ھەم كېلىش ئېھتىمالى بولغان يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان جەمئىيەت رېئاللىقىنىڭ كارتىنىسى سىزىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن

قارىغاندا، ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر يازغۇچىلىرى ماتېرىيال توپلاش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قىياس قىلىش جەريانىدا ئالىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىلمىي فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر، مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، ئالەمدىكى مەۋجۇداتلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنى تۇرغۇزۇشتا بولسا ئەدەبىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدىغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن، ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن، ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، ئوبرازلاشتۇرۇش، تىپ يارىتىش قانۇنىيەتلىرىدىن بىمالال پايدىلىنىپ، رەسمىي يازغۇچى سۈپىتىدە ئىش كۆرىدۇ. بۇ ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى جەھەتلەردە بەدىئىي ئەدەبىياتتىن روشەن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ۋەقەلىك بايانى ، پېرسوناژلار تەسۋىرى، ھەر خىل ئىپادىلەش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىش، تىل ئىشلىتىش ۋە باشقا تەرەپلەردە ئۇنىڭ بىلەن بەلگىلىك بىرلىك ۋە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەردە فانتازىيىلىك ۋەقەلەر كىتابخانلارنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپ - غارايىپ ھەم قىزىقارلىق بايان قىلىنىدۇ. پۈتۈن سۇژېت لېنىيىسىگە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇرلايدىغان، ئىلىم - پەن ساھەسىدە تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان سىرلىق تېپىشماقلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ۋەقەلىك گەرچە خىيالىي قۇراشتۇرۇلسىمۇ، لېكىن ئۇ مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەردە بېرىلگەن پېرسوناژلار تەسۋىرى بىلەن مۇھىت تەسۋىرلىرىمۇ كەلگۈسىدە رېئاللىققا ئايلىنىش ئېھتىمالى



بولغان چىنلىقتا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ئىجادىيىتى شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكىگە، سەنئەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى، ئىجادىيەت پرىنسىپلىرىغا خىلاپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ ئورتاق قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر يازغۇچىلىرى ئىلىم - پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن روناق تاپىدىغان كەلگۈسى دۇنيا رېئاللىقىدىن تېما تاللاپ، پاكىت ئاساسىدا قىياس قىلىپ، تىلسىماتلاشتۇرۇلغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ، ئىلمىي تۈس ئالغان نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، كىتابخانلارنىڭ خىيالىنى كۆپ قاتلاملىق توقۇنۇشلار بىلەن تولغان دولقۇنسىمان فانتازىيىلىك تىركىشىشلەر زېمىنىغا باشلاپ كىرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىلىم - پەننىڭ كۈچى بىلەن ئويغىتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىنى بىلىم نۇرى بىلەن روشەنلەشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ كەلگۈسى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە جەلپ قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىلمىي ساۋاتلارنى ئىگىلەشكە، پەن - مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئىلىم - پەن بىلەن قۇدرەت تېپىشقا، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىياتنىڭ رولىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات ئەپسانە، رىۋايەتلەرنىڭ ۋە يېقىنقى زامان بەدىئىي ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ غايىۋى تۇرمۇشىنى ئىپادىلەشتىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي يوسۇندا ۋارىسلىق

قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. بىراق، ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەر ئەپسانە، رىۋايەتلەرگە، رومانتىك ئەسەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئەپسانە، رىۋايەتلەردە قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى فانتازىيىلىك ھالدا ئىپادىلەنسە، رومانتىك ئەسەرلەردە كىشىلەرنىڭ تەڭسىزلىك، زۇلۇم ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن، بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادىل جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇلۇغۋار ئۈمىد ـ تىلەكلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەر ئۆتكۈر ئىلمىي خىيال قۇدرىتىدىن تۆرىلىدۇ، فانتازىيە كۈچى بىلەن ئىجاد قىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۆزىنىڭ ئەمەلىيلىكى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش ھەممە كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەر يازغۇچىلىرى ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن، بولۇپمۇ تەبىئىي پەنلەردىن، ئالىملارنىڭ تەتقىقات، ئىزدىنىش پائالىيەتلىرىدىن پىششىق ۋە تولۇق خەۋەردار بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى كېرەك، چۈنكى، ئۇلار ئىلمىي ئۇسۇلدا خىيالىي تۇرمۇش يارىتىدۇ، فانتازىيىلىك گۈزەل دۇنيانى كېزىدۇ.

بىزدە ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىيات تېخى بىخ ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ ھەقتىكى بىلىم، تەجرىبىلىرىمىز تېخى يېتەرسىز، زامانىمىز ئەدەبىيات گۈلىستانىدا تۇرۇپ، ئىلىم ـ پەننىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە نەزەر تاشلايمىز دېسەك، بۇ بىخنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.



# يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال ۋە ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى

بۇنىڭدىن قىرىق نەچچە يىل ئىلگىرى يېڭى جۇڭگونىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ يېڭى ئىقتىسادىي بازىسى ۋە يېڭى ئۈستقۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان مەزگىلدە، ئارىلىقتا بىرەر يىل ئۆتمەيلا ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنىلى بولغان «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» يەنى ھازىرقى «تارىم» ژۇرنىلى دۇنياغا كۆز ئاچتى. بۇ چاغدا «يەرلىك ژۇرنال» دېگەن ئاتالغۇ ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ ئەمەلىيەتتە «تارىم» ژۇرنىلى پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەرلىك ژۇرنال ھېسابلىناتتى. ئېلىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان شىنجاڭ رايونىغا ئولتۇراقلاشقان ئاساسلىق مىللەت ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە «يەرلىك ژۇرنال» دېگەن ئاتالغۇمۇ يوق ئىدى.

پەقەت پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ قۇدرەتلىك تۈرتكىسى ئاستىدا دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، «ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» نىڭ چوڭقۇرلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى، زامانىۋىلىشىشىنىڭ تېزلىتىلىشى، بازار

ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشى، كىشىلەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ بەدىئىي ئوقۇمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىمۇ، چېتىلىش دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار ماكانلاشقان زېمىندىمۇ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس ياراتتى. جۇملىدىن نەشر قىلىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان «تارىم» ژۇرنىلىمۇ ئۆز ئاپتورلىرى ئولتۇراقلاشقان ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. ئۆرنەك بولدى. نەتىجىدە ئارىلىقلىرى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىتلار ئىچىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىلى دەرياسى»، «يېڭى قاشتېشى»، «تۇرپان»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، «مايبۇلاق»، «بوستان» «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللار نەشر قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر كىتابخانلىرى ياشىغان مەنىۋى مۇھىتتىمۇ «يەرلىك ژۇرنال» دېگەن ئاتالغۇ، ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى ئۇقۇم، چۈشەنچىلەرمۇ كەڭ تۈردە ئومۇملاشتى. شۇنداقلا بۇ مەسىلە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇلۇپ كۈچلۈك تەكىتلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەندىلا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى نامايەندە قىلىشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يەرلىك مۇنبەت تۇپرىقىدىن ئۈندۈرۈلگەن ئاشۇ ئەدەبىي ژۇرناللار سالمىقى ئوخشىمىغان دەرىجىدە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشنى، مىللىي تۈس، مىللىي پۇراقنى



قويۇقلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە كۈچلۈك ئارقا سەپلىك رول ئوينىدى.

ئەلۋەتتە بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىل ـ يېزىقىدا كۆپلەپ كىتابلارنىڭ، ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، شۇ مىللەت مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىدا زور يۈكسىلىش بولۇۋاتقانلىقىنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ بىردەك ئۆرلەش دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىتتۇر. دېمەك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇگۈنكىدەك گۈللىنىش، بۈگۈنكىدەك كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بەس ـ بەس بىلەن يەرلىك ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئەدەبىياتخۇمار خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردىن ئىبارەت بەدىئىي ھادىسىنىڭ دىيارىمىزدا ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات بېغىغا ئەينى چاغلاردا تىكىلگەن بىر تال كۆچەت «تارىم» ئەمدىلىكتە تەرەپ ـ تەرەپكە يىلتىز تارتىپ ھەر تەرەپتىن بىخ چىقارغان مول مېۋىلىك دەرەخكە ئايلاندى. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى سىڭدۈرۈش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مىللىي ئۇسلۇبنى ۋە يەرلىك ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن بىر ئامىلنىڭ، بىرلا شەرت ـ شارائىتنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. ھەممە تەرەپتىكى ئامىللار، ھەممە تەرەپتىكى شەرت ـ شارائىتلار پىشىپ ـ يېتىلگەن بولۇشى كېرەك.

ھەممىمىزگە مەلۇم زېمىنىمىزدا رەڭدار گۈللەردەك ئۆزگىچە پۇراق چاچقان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ نەشر

قىلىنىشى، نەشر قىلىنغاندىمۇ داۋاملىق نەشر قىلىنىشى، تۆۋەندىن - يۇقىرىغا، ساندىن - سۈپەتكە، مىللەتتىن دۆلەتكە، دۆلەتتىن دۇنياغا قاراپ يۈزلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنىڭدەك بۇ ئىشنىڭ قىيىنلىقىدىن قورقۇپ، تەلەپنى يەڭگىللىتىپ، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىپ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ «يەرلىك» دېيىلگەن قالپىقىنى كىيگۈزگەن پېتىچە ئۇنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭمۇ تەدرىجىي ھالدا بەدىئىي سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىشى لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشەلمەيدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشىدا، ئۈزلۈكسىز روناق تېپىشىدا شۇ ئورۇن، شۇ جايلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى شارائىتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى، پىششاق، تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق تەھرىرلەرنىڭ بولۇشى، ئۇيۇشقان بىر قەدەر ماھارەتلىك ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە ياردىمىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئازدۇر - كۆپتۇر مۇشۇنداق پايدىلىق ئامىللار، ئوڭۇشلۇق شارائىتلار ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى گۈللىنىش ھالىتىگە يەتتى ۋە ئەسەرلەرنى تۈر، ئالاھىدىلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتىكى سەھىپىسى تولۇقلىنىپ ھەجمى چوڭايدى، تارقىلىش دائىرىسى، تەسىرى كېڭەيدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە خەلقچىللىقى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بىردىنبىر



يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار بولۇپ قالدى.

شۇنى قەيت قىلىش كېرەككى، گەرچە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «يەرلىك ئەدەبىيات»، «ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى» دېگەن ئۇقۇملار بەلگىلىك تۇراقلىق ئاتالغۇ سۈپىتىدە قېلىپلاشمىغان ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئومۇملاشمىغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەزەلدىن بار مەۋجۇت نەرسە. بۇ مەسىلىدە ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈلگىلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرسەكمۇ ناھايىتى پاكىتلىق مىساللارنى تېپىشقا بولىدۇ. «قەشقەر قوشاقلىرى»، «ئىلى خەلق قوشاقلىرى»، «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى»، «ئاقسۇ نەزمىلىرى»، «ئاتۇش خەلق قوشاقلىرى» ۋە باشقىلارنى مىسالغا ئالساق بۇلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى خېلى مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنداق پاكىتلارنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىچىدىنمۇ كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ.

خۇددى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى، ياشىغان مۇھىتى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدا زور پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا ئوخشاش، بىر مىللەتكە تەۋە ئەدەبىياتنىڭمۇ ئاساسلىق گەۋدىسى ئوخشاش، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغىنى بىلەن يەنە ئۆز ئىچىدىن بەزى پەرقلەرنىڭ، بەزى ئۆزگىچىلىكلەرنىڭ بارلىقىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار بىز سۆزلەۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر.

مەملىكىتىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتى شىنجاڭ رايونىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە دېگۈدەك تارقىلىپ ماكانلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ئالساق، تەبىئەت مەنزىرىسى، ھاۋا كىلىماتى، يەر تۈزۈلۈشىدە زور دەرىجىدە ئوخشىماسلىقلار بار. شۇنداقلا

ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ قىسمەن پسىخىك ئادەتلىرىدىكى بەزى پەرقلەر روشەن بايقىلىپلا تۇرىدۇ. ئەگەر ئىلىدىن باشلاپ تۇرپان، كورلا، ئاقسۇ، ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇللارنى ئايلىنىپ چىقساقلا يۇقىرىدا دېيىلگەن پەرقلەرنى ئېنىق كۆرۈۋالايمىز، شۇنىڭدەك مۇشۇ روشەنلەشكەن ئۆزگىچىلىكلەر، پەرقلەر يەرلىك ئىجادكارلارنىڭ ئېڭىغا، تەپەككۇرىغا سىڭىپ كىرمەي، بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتمەي قېلىشى، يازغان ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ رېئاللىقنى ھېچكىممۇ ئىنكار قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە كونكرېت ئىپادىلىنىپ كەلگەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالامەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئۇندۇرمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بىر بەدىئىي دۇنيا. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىشى، بۇ ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ئورۇنلىرىنىڭ، قويۇلغان ناملىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئايرىم يەرلىك تۇرمۇش مەزمۇنلىرى، يەرلىك ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىدىن شەكىللەنگەن. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە جان كىرگۈزۈش، بېيىتىش ئۈچۈن ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەرلىك تۈسكە كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش مەسىلىسى — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىدۇر. يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار باشتىن - ئاخىرى بۇ نۇقتىغا ئەمەل قىلىپ ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن يارامىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خەلق ئاممىسىغا



تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇنلاش ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش تەلىپىنى قاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر نوپۇزلۇق مەركىزىي ئەدەبىي ژۇرنىلى ھېسابلانغان «تارىم» نىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈكىنى كۆپ يەڭگىللەتتى. چۈنكى «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن ھەر قايسى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت، قويۇق باغلىنىش بار. ئۇلار مەقسەتتە، نىشاندا بىردەكلىككە ئىگە. مەيلى «تارىم» ژۇرنىلى بولسۇن، مەيلى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار بولسۇن ھەممىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش، تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ يولى كەڭرى ئېچىلغان، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز تولۇق ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولغان ھەم ئۇلار بىردەك ئۆز ئەجىرلىرىنىڭ مېغىزىنى چېقىش پۇرسىتىگە ھەقىقىي ئېرىشكەن ئون نەچچە يىل ئىچىدە ھەر قايسى يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئارقىلىق كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئەسەرلەر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇنىڭدەك مۇشۇ مەزگىللەردىكى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنى يەنىلا ئاشۇ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ.

سان سۈپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۈپەتسىز ساننىڭ ئەھمىيىتىمۇ، قىممىتىمۇ بولمايدۇ، سۈپەت ئۆزگىرىش تۈسىنى ئالغان نەرسىلەردە ئاسان تەرەققىيات، ئىلگىرىلەش بولىدۇ. بۇ جەرياندا تەبىئىي تۈردە ياخشىنىڭ ئىچىدىن ياخشى، يېڭىنىڭ ئىچىدىن يېڭى نەرسىلەر خىللىنىپ بارلىققا كېلىدۇ، جۈملىدىن

ئەدەبىيات تەرەققىياتى جەريانىدا ۋۇجۇدقا چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ، ئىلىم سۆيەر، مەدەنىيەتخۇمار، يېڭى كەشپىياتلارغا تەشنا خەلقىمىز ياخشى كۆرگەن ئەسەرلەر ھامان تارىخ تەرەققىياتىغا، رېئاللىققا جاۋاب بېرىدۇ، ئۇيغۇنلىشىدۇ، تۈرتكە بولىدۇ. دەسلەپكى ئاجىز، نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، كۈچىيىشكە، گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن، ئۆزىنى ئىسمى - جىسمىغا ماس كېلىدىغان يەرلىك پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن تويۇندۇرغان ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىز كىتابخانلار جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش دائىرىسىنى، تەسىرىنى ئۆز ئورنى، ئۆز رايونى تەۋەلىكىدە كېڭەيتىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى مەملىكەت ئىچىگىمۇ كېڭەيتتى، ئايرىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىچكى تەرەپتىن تارقىلىشتىن ئاشكارا تارقىتىلىدىغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنالغا ئايلاندى. بەزىلىرى بەلگىلىك نوپۇزنىمۇ تىكلەپ بولدى. ھەتتا «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات باش شىركىتى ئارقىلىق چەت ئەللەرگىمۇ تارقىتىلدى.

دېمەك تىلغا ئېلىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار خۇددى ھەر خىل پۇراقتا ئىگە رەڭدار گۈلگە ئوخشايدۇ، بىز تىرىكچىلىك قىلغان زېمىندا، ماددىي بايلىقنى، دانالىقنى ياراتقان ئۇلۇغ خەلق ئۆزلىرىگە گۈزەللىك تۇيغۇ، مەنىۋى زوق، بەدىئىي ئارام بېرىدىغان ئەنە شۇنداق يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنالنى ياراتتى ھەم ئۇنى پەرۋىش قىلىدىغان تەھرىرلەرنى، ئۇنىڭ تولىمۇ جاپاكەش، ئىجادچان ئەمگەك كۈچلىرى - ماھارەتلىك قەلەم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردى. خەلق بار يەردە ئەدەبىيات بار. ئەدەبىيات خەلقتىن نەپ ئالىدۇ، خەلق



ئەدەبىياتتىن نەپ ئالىدۇ، خەلققە ئەدەبىيات كېرەك، ئەدەبىياتقا خەلق كېرەك، ئەدەبىياتسىز خەلق بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئۆز ئەدەبىياتىنى ئۆز ھۈنىرى، ئۆز ئۇسلۇبى، ئۆز تىل سەنئىتى ۋە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان تەمى بىلەن يارىتىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قەشقەر - ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ۋىلايەت، ئۇ ئون بىر ناھىيە بىر شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ھاۋا كىلىماتى، كىشىلەرنىڭ بەزى تۇرمۇش ئادەتلىرى، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئېلىمىزغا، دۇنياغا مەشھۇر جاي. قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئەمگەكچان، تىرىشچان، ئۈمىدۋار، مۇناسىۋەتتە مۇلايىم، خاراكتېرى يېقىملىق، ھۈنەر - سەنئەتكە باي، مېھماندوست بولۇشتىن تاشقىرى يەنە ئۇلار ئەدەبىيات - سەنئەتنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. مەيلى بىپايان يېزا ئېتىزلىرىدا بولسۇن، مەيلى گۈزەل، ھاۋالىق باغ - ۋارانلىرىدا بولسۇن، مەيلى شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا بولسۇن ئۈزۈلمەي ياڭراۋاتقان ناخشىلارنى، لەرزان چېلىنغان سازلارنى ئاڭلايسىز، مۇشۇ مۇھىتنىڭ بەدىئىي ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، شوخ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلگەن خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچان روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز قەلەمكەشلىرىنىڭ بەدىئىي دىتى، ماھارىتىگە تايىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا تۇنجى كۆرۈلگەن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بىر پۈتۈن دىئالېكتىك بىرلىكنى تەشكىل قىلغان يەرلىك ئالاھىدىلىك، يەرلىك ژۇرنال، يەرلىك ئاپتورلار يەرلىك ئەدەبىياتنى يارىتىش، يەرلىك ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىللار. بۇلار بىرلىكتە بىر خىل ئەدەبىي ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ بىر - بىرىنى

تولۇقلايدۇ، ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپتورلار قوشۇنى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئەدەبىي ژۇرناللارغا جان بېرىدىغان كۈچ باشقا ئەمەس، ئاپتورلارنىڭ قان - تەر بەدىلى دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇرېھىم توختى، سىيىت زۇنۇن، ئابلائەخمىدى، ھوشۇر ئىبراھىم، ئابلىمىت سابىر، ھاجى ئەخمەت، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، تۇرسۇن نىياز، ئابلىز ئۆمەر، ئابدۇسەمەت خېلىل، ئابلىمىت ھاجى، يالقۇنجان ئىسلام، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، مايگۈل پەخرىدىن، جېلىلى، تاھىر تالىپ، ئابلەت ئىسمايىل، ئابلىمىت قۇربان، ئەختەم ئۆمەر، تۇراپ ھەسەن، تېلىۋالدى ئەيسا، ئادالەت ھېبىبۇللا، كېرىمجان ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم ۋە باشقىلار «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇلىنى قۇردى، تەرەققىي تاپقۇزدى. ئېلىمىزنىڭ داڭدار ئالما يۇرتى ئاتالغان ئىلى ئۇيغۇرلىرى ھەم چارۋىچىلىقنى ھەم دېھقانچىلىقنى ئىككى قولىدا تەڭ تۇتقان خەلق. ئىلى ۋادىسى ھەممە گۈزەللىكنى، ھەممە بايلىقنى مۇجەسسەم قىلغان خاسىيەتلىك جاي، ئەنە شۇ زېمىندا يىلتىز تارتىپ ماكانلاشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يارقىن تۇرمۇش كارتىنىسى، جانلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئۆزگىچە يەرلىك پۇرىقى بىلەن زىننەتلىنىپ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

مەلۇمكى، شىنجاڭ رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىلى ۋىلايىتىگە ئورۇنلاشقان، بۇلارنىڭ قېلىپلاشقا تۇرمۇش ئادەتلىرى ، قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، يەرلىك قائىدە - يوسۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر بار. بىز مۇشۇ يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزگە



سىڭدۈرگەن «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنى ۋاراقلاپ كۆرسەك ئۇنىڭدىن: مۆمىن سەپىرى، كېۋىر نىياز، مۆمىن مۇھەممىدى، مۇھەممەتجان سادىق، مالىك كېۋىر، مەسۇم باسىت، مۇھەممەتجان راشىدىن، مەتىمىن ھوشۇر، ئابدۇساتتار ناسىر، ئابلىز ھوشۇر، توختاش بەكرى، ئابدۇۋېلى كېرىم، ئابلەت ئابدۇللا، نۇرىيە ئىلاخۇن، قېيۇم سوپى، ماخمۇت مۇھەممەت، زۇنۇن تاھىر، قاسىم سىدىق، مۇتەللىپ پالتاجى، غەيرەت ئاسىم قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىمىز.

«تەڭرىتاغ» بۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يېقىندىن يىلتىز تارتىپ چېچەكلەپ بارلىققا كەلگەن ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنى مەركەز قىلىپ نەشر قىلىنغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال. ئۇنىڭ مەزمۇن، شەكلىدە، ئۇسلۇبىدا روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىك، يېڭىچە يۈكسىلىش ساداسى ۋە دەۋر ئۆزگىچىلىكى پارلاپ تۇرىدۇ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇنداق ھالەتكە كېلىشىنى يەرلىك ئەمەلىيەت، يەرلىك كىشىلەرنىڭ زامانىۋى ئېڭى، ئېستېتىك تەلىپى، بەدىئىي ھەۋىسى بەلگىلىگەن. ئۈرۈمچى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەممە تەرەپتىن تەرەققىي تاپقان شەھەر ھەم زىيالىيلار، ئىجادكارلار نىسبەتەن توپلاشقان جاي، ئۇ مەدەنىيەت جەھەتتە مىللىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرى ھەم سىرتنىڭمۇ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچراپ تۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن. يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار — يەرلىك ئەدەبىياتنىڭ ئوچىقى.

بىر خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ پەرقلىنىدىغان يەرلىرى بولغىنىغا ئوخشاش، يەرلىك ژۇرناللىرىمىز ئىچىدە «تەڭرىتاغ» نىڭمۇ پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بار، ئۇنىڭ باشقا يەرلىك ژۇرناللارغا نىسبەتەن تارقىلىش دائىرىسى، ئەسەر مەنبەسى كەڭرەك. ئۇنىڭدا سەھىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا،

ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئىخچاملىقىغا، مەزمۇنىنىڭ رەڭدار، مېغىزلىق، يېڭى بولۇشىغا، سۈزۈك، پىكىر، ھېسسىياتىنىڭ مىكرولۇق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ ژۇرنال يەنە يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ياشلار ئەدەبىياتىغا، ياش كۈچلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىغا ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كۆپرەك ئورۇن بېرىپ كەلدى. كىشىلەر بۇ يەرلىك ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى، ئۇسلۇبى، باشقۇرۇش ئىستىلىغا قاراپ «مىكرو ئەسەرلەر ژۇرنىلى»، «ياشلار ژۇرنىلى» دېيىشىدۇ. ئۇ نۇرغۇن ئاپتورلارنى، بولۇپمۇ تايانچ كۈچلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا سەپ تارتىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، ئىسلاھات قەدىمىگە تۇرتكە بولىدىغان، يارامىلىق ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمىنىمۇ كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئىجادىيلىقى، يېڭىلىقى بولمىغان ئىشلاردا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ژانىرلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن بىللە مىكرو ھېكايە، شېئىر، ئوبزورلارنىمۇ ئېلان قىلىشى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇبىغىچە يېڭى، ئىجادىي بولۇشىنى كۈچلۈك تەكىتلىشى، يۇقىرى تەلەپ قويۇشى، دەۋر تەلىپىگە ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇندۇر. «تەڭرىتاغ» ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاپتورلارنىڭ ۋە يىراق ـ يېقىن رايونلاردىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، ئېلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئۆزگىچىلىكى بار يېڭى شەكىلدە، يېڭى ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى يېڭى قاراش، ئىلمىي مۇلاھىزىلەرنىمۇ تەرجىمە ئارقىلىق كىتابخانلار جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ يېڭى



دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى نوپۇزىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم تىكلەش، بىمالال ئەسەر قوبۇل قىلىش، ياخشىلىرىنىڭ ئىچىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ ئېلان قىلىش شارائىتىنى ياراتتى.

ئابدۇللا سۇلايمان، مامۇت زايىت، روزى سايىت، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، نۇر مۇھەممەت توختى، ئامىنە تۇردى، ئابدۇغېنى سىيىت، مەتتوختى ئەخمەت، ئابدۇقادىر سادىر، مۇھەممەتئېيسا قۇربان، ئۆمەر رەجەپ، مەتقۇربان ئىسمايىل، مەتقاسىم مەتنىياز، ئوبۇلقاسىم مەتنىياز قاتارلىق تارىم ۋادىسىنىڭ ئەڭ يىراق گىرۋىكىدىكى بىر جايغا ئورۇنلاشقان، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر ئۇلۇش ھەسسىلىرىنى قوشۇپ كېلىۋاتقان بۇ بىر ئەۋلاد ئاپتورلار قوشۇنىنى ئەسلىگىنىمىزدە كۆز ئالدىمىزغا ئىختىيارسىز «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى كېلىدۇ، شۈبھىسىزكى مۇشۇ بىر ئەۋلاد ئاپتورلار ئارقىمۇ ئارقا يېتىشىپ چىققانلىقى ئۈچۈن ئېلىمىزگە، دۇنياغا داڭلىق ئاشۇ يىپەك يۇرتى خوتەن دىياردا بەدىئىي ئۈستىخىنى چىڭ، تۆتى تەل، مەھسۇلاتى مول، تەسىرىمۇ خېلى چوڭقۇر، يەرلىك پۇرىقىمۇ قويۇق ئەدەبىي ژۇرنال «يېڭى قاشتېشى» بارلىققا كەلدى، ئۇ يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە پايدىلىق بولغان ئىمكانىيەتلەرنى تولدۇرۇپ بېرىشى نەتىجىسىدە تەدرىجىي روناق تېپىپ خوتەن خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىكى سىڭدۈرۈلگەن، ئۆزىگە تەئەللۇق يەرلىك ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن خىلمۇ خىل ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق جانلاندۇردى. خەلقىنىڭ دىتىغا يېقىپ، دىلىنى سۆيۈندۈرگەن بۇ ژۇرنال ئۆزگىچە ئېستېتىك تەمى، بەدىئىي تەسىرى بىلەن خوتەندىكى يەرلىك ئاپتورلارنىڭ بىردىنبىر ماھارەت كۆرسىتىش مۇنبىرى بولۇپ

قالدى.

ئۇلۇغ شائىر نىم شېھىتنىڭ شېئىرلىرىنى بېسىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دەسلەپكى سانىنى خەلققە تەقدىم قىلىش بىلەن تارقىلىش، تەرەققىي قىلىش يولىنى ئاچقان «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» مۇ ئون نەچچە يىل نەشر قىلىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بۈگۈنكى كۈنگە يەتتى. بىز ھەيۋەتلىك، گۈزەل تاغلارنىڭ گۈلتاجى ھېسابلانغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىغا نەزەر تاشلىساق، تارىم ۋادىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە توپلاشقان ئېزىز ساۋۇت، ئىمىر ھېزىم، ھېبىبۇللا روزى، نىياز ماخمۇت، كېرەك مىجىت، تۇنىياز مەتنىياز، ئەھەد ئامان، لىتىپ رازىق، ئىسلام سادىق، ئىبراھىم قۇربان، سالى ئىبراھىم، ئەخمەت ۋاھىدى، روزى ھاپىز، ئىمام مەھەممەت، ئابدۇقادىر ھەسەن، قاسىمجان يۇنۇس، غوپۇر راخمان، ئابدۇرېھىم سىدىق، قەيۇم مەتىمىن، زوردۇن ئېمىر، ئابلىز ئوسمان، غايىبە ئابدۇراخمان، ئابدۇساتتار ھامىدىن، زاھىر ئابدۇراخمان، بۈۋىھەجەر ئارمىيە، ئامانگۈل مامۇت، تۇرسۇن تۇردى، مۇقارىپ يەھيا، ئىبراھىم ئىزاقى، مۇتەللىپ خۇرسەندى، تۇرسۇن ياقۇپ سايرامى، تاھىر قاسىم، مەتىمىن غوپۇر شەيدائى، كېرەم ئەۋجى، مۇتەللىپ سامساق، قەھرىمان روزى، جېلىل خېلىل، ئېزىز ئىمىر قاتارلىق ئاپتورلاردىن تەركىب تاپقان قەلەمكەشلەر توپىغا كۆزىمىز چۈشىدۇ، مانا بۇلار «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت ئاشۇ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق ئاپتورلىرىدۇر. مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئاپتورلار قوشۇنى جاپالىق تەر ئاققۇزۇپ، تارىم ۋادىسىدا ئەدەبىيات گۈلىستانىنى بەرپا قىلدى ھەم ئۈزۈلدۈرمەي قەلەم تەۋرىتىپ بەدىئىي مېۋە بەردى. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نى ئاقسۇچە بەدىئىي بوياقلار بىلەن رەڭدار زىننەتلىدى. «ئاقسۇ



ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ ئاقسۇلۇق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى يورۇققا چىقىرىش، پۈتۈن مىللەتكە تارقىتىش، تونۇشتۇرۇشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى، باشقا يۇرت خەلقلىرىمۇ بۇ ژۇرنالنى زوقلىنىپ ئوقۇپ، ئاقسۇ رايونىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى كۆرۈشكە، ئاقسۇ خەلقىنىڭ يەرلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنى، پسىخىك ھالەتلىرىنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولدى. بۇ جەرياندا «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئاقسۇ زېمىنىدىمۇ مول ئەدەبىيات كانى بارلىقىنى، ئاقسۇ خەلقىدىنمۇ ياخشى ئەدەبىيات چىقىدىغانلىقىنى نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ئاساسچىسى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس جاي — ئوت يۇرتىنىڭ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنىلى «تۇرپان» نىڭمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا نەشر قىلىنغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدىكى تۇتقان ئورنى، ئوينىغان رولى، تەسىر كۈچىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئەمگەكچان ئىككى قولى، يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بىپايان يالقۇنتاغ ۋادىسىدا قىممەتلىك كەشپىياتلارنى ياراتقان تۇرپان خەلقى «تۇرپان» نامى بىلەن ئوت يۇرتى ئەدەبىي ژۇرنىلىنى ياراتتى. ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «بوش كەلمە، تۇرپانلىق» ناملىق ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەندەك، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ غايەت زور تۈرتكىسى ئاستىدا، بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، سودا كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بوش كەلمىگەن جاسارەتلىك تۇرپان خەلقى ئۆز يۇرتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتىمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار دەۋر ئاتا قىلغان ياخشى شارائىت، ئۈنۈملۈك پەيتنى قولدىن بەرمىدى. مۇھەممەت شانىياز، رىشىت مەخسۇت، ھېلىمنىياز قادىر، لېتىپ سەمەت،

ئەخمەت ھۇسۇيۇن، ئابابەكرى ئەمەت، توختى نەمدۇل، مۇھەممەت خېۋىر، ئىمىن سەيپۇل، ياسىن نىياز، ساتتار ئەمەت، خەلچەم رىشىت، ئەخەت مەتنىياز، ئايىمخان ئاۋامسلىم، گاھىت مۇھەممەت، ئىساق ئىبراھىم، مۇھەممەت قادىر، مۇھەممەت ئىمىن، مەخسۇم ۋەلى، ھېبىبۇللا رەجەپ قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنى، يېڭىدىن ئۆسۈپ - يېتىلىۋاتقان ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ئىزدىسەك، ئوت يۇرتى قۇچقىدىن تاپىمىز، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشماقچى بولساق «تۇرپان» ژۇرنىلىنى ۋاراقلاپ تاپىمىز. يۇقىرىدىكى ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ئاپتورلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن، قەلەملىرىنى ئۇچلىغان، ئۇلارنى جەمئىيەتكە تونۇتقان بەدىئىي مەكتەپ — «تۇرپان» ژۇرنىلىدۇر. بۇ ژۇرنال ئۆز ئەتراپىدا تەشكىللەنگەن ئاپتورلىرىنىڭ قەلەم كۈچى بىلەن قويۇق يەرلىك پۇراق سىڭگەن مەزمۇنى باي، تەمى باشقىچە ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى، ئىسلاھات قاينىمىغا چۆمگەن دەۋر رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ پىسخىك تەلپىنى قاندۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن بەدىئىي سىرىنى ئاشكارىلىدى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كېلىۋاتقان شىنجاڭ رايونىنىڭ شەرق تەرىپىدە يەنە بىر مۇھىم بازا بار، ئۇ مۇشۇ زېمىندا تۆرەلگەن، ھەممىمىزگە تونۇشلۇق «قۇمۇل ئەدەبىياتى» دۇر. ئايشەم ئەخمەت، ئابدۇللا تۇرسۇن، ئەخمەت ئابدۇللا، شاھىدىن گۆھەر، ئاتاۋۇللا تۇرسۇن، بەگمەت يۈسۈپ، ئەسئەت سۇلايمان، مۇھەممەت كىچىك، نەمەت ناسىر، ئۆتكۈر يۇنۇس، ئەخمەت سەيدۇللا، مۇھەممەت ئەخمەت، ئەنۋەر غولام، ئابدۇكېرىم ۋاھىت، مۇھەممەت ئابدۇللا، ھۆرىيەت راخمان، ئۆمەر تالىپ، مۇھەممەت



ھەمدۇللا، سەمەت ئابدۇراخمان، غالىپ غولام قاتارلىقلار قۇمۇل خەلقى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان كۈچلۈك بەدىئىي ئىشتىياقى، ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن قۇمۇل قەلەمكەشلىرىدۇر. مۇبادا بۇ كۈچ، بۇ قوشۇن بولمىسا، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلى نەشر قىلىنمىغان بولسا، يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئىجادكارلارنىڭ بىردەك يېتىلىشى، بىردەك مېۋە بېرىشى، كۆزگە كۆرۈنۈشىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى. ئاشۇلارنى ئويلىغاندا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «قەھرىمانلارغا ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولۇش كېرەك» دېگەن تەلىمى ئېسىمىزگە كېلىدۇ. دېگەندەك، قۇمۇل دىيارىدا نۇرلىنىپ ۋوجۇدقا كەلگەن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قۇمۇل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولۇپ قالدى.

«بوستان» بىلەن «ماي بۇلاق» ژۇرنىلىمۇ باشقا يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار بىلەن بىللە بەسلىشىپ نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى ژۇرنالنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بەدىئىي تەمى، قويۇق يەرلىك پۇرىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى بار، ھەتتا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن بەزى ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى نوپۇزلۇق ئورۇنغا ئۆتكەن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردىكى ياخشى دەپ قارالغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىنمۇ قېلىشمايدۇ. دېمەك نەشپۈت يۇرتىنىڭ بوستانلىقلىرىدىكى، ماي يۇرتىنىڭ نېفىت قۇدۇقلىرىدىكى زور تۈركۈمدىكى يازغۇچى، شائىرلار مۇشۇ ژۇرناللار ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا بىمالال كىرگەن. مۇشۇ ئىككى ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ قۇچىقىدا قاناتلانغان . «بوستان» ۋە «ماي بۇلاق» تىن ئىبارەت بۇ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ شەرت - شارائىتلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىگە قارىماستىن،

زىممىسىگە يۈكلەنگەن ئېغىر يۈكنى دەس كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىشەنچ ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئەمدى قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستى تەۋەسىدىكى ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەردىكى قەلەمكەشلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان ئەنجۈر يۇرتى ـ ئاتۇشتا نەشر قىلىنغان «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۇقىرىدىكى مۇلاھىزىلىرىمىزدىن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللاردا نوقۇل ھالدا يەرلىك تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر ياكى يەرلىك بويىقى قېنىق بولغان ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ دېگەن ئۇقۇم چىقمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنداق نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس. يەرلىك ژۇرناللاردا مۇھىم ئىجتىمائىي تېمىلار يورۇتۇپ بېرىلگەن، دەۋر روھىي، ئىسلاھات مېۋىلىرى، ئەخلاق ـ پەزىلەت، ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەت، مۇھەببەت، تەبىئەت مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، چىرىكلىك، ھەر خىل جىنايى ئىشلار، پاسكىنا ئىللەتلەر پاش قىلىنغان، قامچىلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ ئېلان قىلىنىدى.

مەلۇمكى، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار — يەرلىك ئەمەلىيەتكە، يەرلىك رېئاللىققا ماسلىشىش، يەرلىك ئوبيېكتلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىگە، قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئۇيغۇنلىشىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، يەرلىك ئاپتورلار تېما تاللاشتا ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئەسەر يېزىشىپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلغاچقا، يەرلىك



كىتابخانلار ئۇنىڭدىن ئەركىن بەھرىمەن بولالىدى. بۇنىڭدىن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ بىر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى جانلاندۇرۇشتا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسلىق بەلگە مىللىي ئالاھىدىلىك بولسا، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئامىل يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئالايلى، يەرلىك يازغۇچىلاردىن قەشقەردىكى ئابلا ئەخمىدى بىلەن ئىلىدىكى مەتىمىن ھوشۇر، ماخمۇت مۇھەممەتنىڭ، خوتەندىكى نۇر مۇھەممەت توختى بىلەن قۇمۇللۇق ئايشەم ئەخمەتنىڭ، تۇرپاندىكى مۇھەممەت شانىياز بىلەن ئاقسۇدىكى ئېزىز ساۋۇتنىڭ، كورلىلىق ئابدۇللا ئېلى بىلەن قارامايدىكى ئارسلان تالىپنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرىنىڭ مەزمۇن پۇرىقىدىن، شەكىل، ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكلىرىدىن، مۇھىت، مەنزىرە تەسۋىرلىرىدىن قايسى زېمىندا تۇرۇپ يازغانلىقلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇلاردىن باشقا ئاتاقلىق لىرىك شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى دەرياسى» دا ئېلان قىلىنغان «قىزىلگۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانى، شائىر مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى» ناملىق داستانى، تالانتلىق ياش شائىر ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «يېڭى قاشتېشى» دا ئېلان قىلىنغان «يۇرتۇمنىڭ كىشىلىرى» ناملىق داستانى قاتارلىقلارنى ئوقۇپ يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بۇ يېرىك شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ سۇژېت قۇرۇلمىسىغا، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىغا قانچىلىك سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز. «ماي بۇلاق» ژۇرنىلىنى ۋاراقلاپ ئوقۇيدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار

خاراكتېرىدىن، ۋەقەلەر بايانىدىن قويۇق يەرلىك پۇراق دىمىغىمىزغا ئۇرۇلىدۇ. بۇ ژۇرنالنى قولىمىزغا ئالغان هامان خۇددى ئۆزىمىز ماي تۆكۈلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ قالغاندەك سېزىمىز، كۆز ئالدىمىزغا قاراماي شەهىرىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى، قەهرىمان نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئوبرازى كېلىدۇ. ئابابەكرى ئەمەتنىڭ «يېزامدا كۈز» ناملىق شېئىرىنى، ئابدۇساتتار ناسىرنىڭ «دالا چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرىنى سېلىشتۇرۇپ مۇهاكىمە يۈرگۈزسەك، هەر ئىككىلىسىدىن بىر - بىرسىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بېرىلگەن تەنتەنىلىك ئەمگەك قاينىمى تەسۋىرى، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرىنى كۆرىمىز، چۈنكى بۇ شېئىرلارنىڭ بىرىسىدە ئىلى يېزىلىرىنىڭ كارتىنىسى ئوبرازلىق سىزىلسا، يەنە بىرىسىدە ئوت يۈرتى تۇرپان يېزىلىرىنىڭ كارتىنىسى ئوبرازلىق سىزىلغان. ئىزدىسەك بۇنداق پاكىتلىق مىساللارنى هەممە يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىزدىن يەنە كۆپلەپ تېپىشىمىز مۇمكىن.

يەرلىك ئەدەبىي ژۇرنال ئاپتورلىرى ئەسەرلىرىدە بىر تەرەپتىن زامان ئېقىمى بىلەن ماكان رېئاللىقىنى بىرلەشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆتكەن ئىشلارنى هازىرقى ئىشلارغا گىرەلەشتۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ مىللىي ئالاهىدىلىكىگە يەرلىك ئالاهىدىلىكىنى يۇغۇرۇپ تەسۋىرلەش يولى ئارقىلىق كۆپ قاتلاملىق تارىخىي هەقىقەتنى، كۆپ قاتلاملىق ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماهىيەتلىك سىرلىرىنى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ سترولۇق تۇيغۇ هاسىل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، مەنىۋى هاياتنىڭ يەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بېيىتتى، ئەدەبىياتنىڭ يەرلىك ئامىللىرىنى كۆپەيتتى. دېمەك، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ گەۋدىلىك بولغان نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلارغا قىسقىچە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:



بىرىنچى، تولۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىز لازىمكى، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار بىر قەدەر ياخشى مەهسۇلات، مول مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، هەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلدى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇنى يەنىمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈشتە ئاز بولمىغان تۆهپىلەرنى قوشتى. ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس بۇرچىنى داۋاملىق ئادا قىلىپ كەلدى.

ئىككىنچى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ماددى ياردىمى ۋە مەنىۋى كۈچىگە تايىنىپ نەشر قىلدۇرۇلغان بۇ ژۇرناللار ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۈيۈشتۈرۈش، تەربىيىلەش مەسىلىسىگە كۆپرەك ئەهمىيەت بەردى. ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىزدىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، غەيرىتىنى ئاشۇردى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى نۇرغۇن يوشۇرۇن كۈچلەرنى جارى قىلدۇردى.

ئۈچىنچى، ئۆز ئورۇنلىرىنى مەركەز قىلغان هالدا چېچىلىپ يۈرگەن، چوڭقۇر كۆمۈلۈپ قالغان، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى بايلىقىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، ئېلان قىلىش ئىشلىرىدىمۇ كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار خەلق ئاممىسى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادكارلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. خەلقنىڭ مەنىۋى ئېهتىياجىنى قاندۇرۇش، خەلقنى ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەش، ئەدەبىياتنى خەلقنىڭ قەلبىنى گۈزەللەشتۇرىدىغان، ئالغا ئىلگىرىلەش روهىغا، ئىجتىمائىي غايىسىگە ئىلهام بېرىدىغان،

ئەقىل - پاراسىتىنى يېتىلدۈرىدىغان، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرىدىغان ھەقىقىي ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

بەشىنچى، يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆزئارا قوللىشىپ، ئۆزئارا تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇپ، ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، بەسلىشىپ ئەسەر ئىجاد قىلىشتەك ياخشى ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇردى، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى.

ئالتىنچى، ئىجادكارلارغا خەلقنىڭ تىل بايلىقىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنىڭ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىلنى تاللاپ ئىشلىتىشنىڭ ۋە ئۇنى تۈرلەندۈرۈپ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇتتى. نەتىجىدە خەلق تىلىنىڭ جانلىقلىق، مەنىدارلىق، ئوبرازلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىش جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك ھەسسىسىنى قوشتى.

بىز يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ماڭغان يوللىرىنىڭ راۋانلىقىدىن، نەشر قىلىش، تارقىتىش جەھەتتىكى ئەپچىللىكىدىن، ياراتقان تۆھپىلىرىدىن، ئوينىغان رولىدىن، كۆرسەتكەن تەسىرىدىن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىدىن چىن دىلىمىزدىن رازى بولىمىز ھەم خۇش بولماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشقا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ھازىرقى ئەدەبىيات ئىلمى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلاردا — يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئەپسۇس، ھازىرغىچە بۇ ھەقتە ھېچكىم ھېچقانداق گەپ قىلماي كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا دىيارىمىزدا بىرەر قېتىممۇ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئەمەلىيىتى مەزمۇن قىلىنغان ئىلمىي



مۇھاكىمە ياكى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ باقمىدى، بۇلارنى ئويلىغاندا خىجىل بولىمىز. مەركىزىي ئەدەبىي ژۇرنال «تارىم» بىلەن يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار ئوتتۇرىسىدا دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەت باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى چىڭ ساقلاپ كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت، بۇ بىرلىك «تارىم» ژۇرنىلىنى يادور قىلغان ھالدا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەرەققىيات نىشانىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش، ئىلمىيلىك بىلەن بەدىئىيلىكنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تارىم» ژۇرنىلىنى ئۆركەشلەپ ئاققان بىر ئەزىم دەريا دېسەك، ھەرقايسى ئورۇنلار ئۆز ئالدىغا نەشر قىلدۇرغان يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنى ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپلەردىن ئېقىپ كېلىپ قوشۇلغان بۇلاقلار دېيىشكە بولىدۇ. بۇلاق سۈيى قانچىلىك سۈزۈك بولسا، ئۇنىڭ سۈپىتىمۇ شۇنچىلىك يۇقىرى بولىدۇ. يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

# تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

خىلمۇ خىل سىياسىي رامكا ۋە بېكىنمىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ئەمدى باشلانغىنىغا قارىماي، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولماقتا. بۇ نەتىجىلەرنى يېقىنقى يىللاردا يېزىلغان پىروزا ئەسەرلىرى ئىچىدىنمۇ، پوئېزىيە ئەسەرلىرى ئىچىدىنمۇ، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى ئىچىدىنمۇ ئىزدەپ تاپالايمىز. تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش ھەممە مىللەت ئەدەبىياتىدا بار، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا خېلى گەۋدىلىك. بەزى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ دۇنياۋى ئۆلگىلىرى يارىتىلغانلىقى بىزگە ئايان. تارىخنى يېزىش، تارىخنى چۈشىنىش، ئەسلەش، قەدىرلەش، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، تارىخىي رېئاللىقنى، تارىخىي ھەقىقەتنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىپادىلەش بىر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، بىلىم ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تارىخىي تېما - تارىخ رېئاللىقىنىڭ تەبىئىي ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تىپىك ۋەقەلىرى، ھادىسىلىرى يىغىندىسىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت قانۇنىيىتى بويىچە



قارىغاندا، ئۆتكەن دەۋرلەر رېئاللىقىدا يۈز بەرگەن ئادەتتىكى تارىخىي ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى تارىخىي تېما بولۇۋەرمەيدۇ. يازغۇچىلار تارىختىكى تەسىرلىك، تىپىك ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور تارىخىي ھادىسىلەردىن، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ماتېرىيال ئالىدۇ، مۇشۇ ئاساستا ئەسەر سۇژىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىدۇ، تارىخىي ھەقىقەتنى بەدىئىي ئۇسۇلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىدۇ.

تارىخىي تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە يازغۇچىلار ئەسلى يۈز بەرگەن ئورنى، ۋاقتى قاتارلىق مەسىلىلەر بىلەن ئىنچىكە ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇلار پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى شۇ تارىخىي تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى، تەسۋىرلىگەن باش قەھرىمانلىرىنىڭ ھايات - سەرگۈزەشتىلىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىشكە، تارىخىي چىنلىق ئاساسىنىڭ مۇستەھكەم ئورنىتىلىشىغا قارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تارىخىي تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش، يىغىنچاقلاش، مەركەزلەشتۈرۈش، تىپىكلەشتۈرۈش قاتارلىق بەدىئىي ئۇسۇللار ۋايىغا يەتكۈزۈلۈپ قوللىنىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ تارىخىي تېمىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەمەس، بەلكى تارىخىي خاتىرە بولۇپ قالىدۇ. تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن يازغۇچىلار تارىخىي رېئاللىقنى مەنبە ۋە تەسۋىرلەش، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزىتىدۇ.

دېمەك، تارىخنى ئەسلەش، تارىخنى قايتا يورۇتۇش، تەتقىق قىلىش تارىخچىلارنىڭلا مەجبۇرىيىتى ئەمەس، تارىخنى بەدىئىي ئۇسۇلدا گۈزەللەشتۈرۈش، نۇرلاندۇرۇش، تارىخقا جان كىرگۈزۈپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش، مۇھىملىقىنى تونۇتۇش يازغۇچىلارنىڭمۇ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى. بىراق بۇ مەسىلىدە

تارىخچىلار بىلەن يازغۇچىلارنىڭ ماتېرىيال تاللاش، تەتقىق قىلىش، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە، تارىخچىلار تارىخنى يېزىش جەريانىدا ئىلمىي تەپەككۇرغا تايىنىپ، ۋاقىتنىڭ ئېنىقلىقى، پاكىتلارنىڭ دەلىللىكى، ئېنىقلىكى، ھەقىقىيلىكىگە ئەھمىيەت بەرسە، يازغۇچىلار تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيەتلىك ئالامەتلىرىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلار پاراسەتلىك پىكىر، ئىجادچانلىق روھ، جانلىق ۋە ئوبرازلىق تىل ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، تارىخنى بەدىئىي ئۇسۇلدا سۆزلىتىدۇ، مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق، زىددىيەتلىك كۈرەشلەر ئىچىدە راۋاجلانغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە سىرىدىن كىتابخانلارنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىش، يازغاندىمۇ ياخشى يېزىش ئاسان ئەمەس. ئۇنداق بولسا، تارىخىي تېمىغا يېقىن يولىماسلىق كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. تارىخىي تېمىنى تاشلىۋېتىش تارىخنى تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ.

دۇنيانىڭ، ھەر بىر دۆلەتنىڭ، ھەر بىر مىللەتنىڭ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ، ھەتتا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق تارىخى بولىدۇ. تارىخ — بىلىم، تارىخ — ئەينەك، تارىخ — ئانا، كىم ئۆز ئانىسىدىن، بىلىمدىن ۋاز كېچىدۇ؟ نۇرغۇن يازغۇچىلار ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى قېزىپ، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىپ ئۈلگە تىكلىدى. خەنزۇلارنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا» قاتارلىق تارىخىي تېمىدىكى كلاسسىك رومانلىرى ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، دۆلىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە قەدىرلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يېقىنقى يىللار مابەينىدە «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قاينام ئۆركىشى»، «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، «ئىلى دولقۇنلىرى»، «موللا زەيدىن



ھەققىدە قىسسە»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «تۇندىكى چاقماق»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «مۇقام ئۇستازى»، «مۆلچەر تاغ بورانلىرى»، «مەلىكە ئامانىسا» قاتارلىق ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە تارىختا يۈز بەرگەن مۇھىم ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، بەزىلىرىدە تارىخىي شەخسلەر مەركەزلىك تەسۋىرلەنگەن، قانداقلا بولسۇن، يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرنى قانداق يېزىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلىگە ئەمەلىي جاۋاب بەردى. ئۇلار تارىخقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى كەڭلىك ۋە تىپىكلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇلار تارىخىي رېئاللىق ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە چوڭقۇر ئويلىنىپ، خەلقنىڭ تارىختىكى قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، ئۇلۇغۋار تۆھپىسىنى، ئەقىل ـ پاراستىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇلار جۈرئەت ۋە تەلەپچانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشنىڭ دەسلەپكى يولىنى ئېچىپ بەردى ۋە تارىخىي تېمىلارغا يۈرۈش قىلىشقا چاقىردى. بۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى.

# تەمى ئۆزگىچە يېڭى مېۋە

يېقىندىن بىخلىنىپ، باراقسان ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياشلار ئەدەبىياتىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە، بىر تۈركۈم ئىزدىنىۋاتقان ياش ئاپتورلارنىڭ توپلاملىرى ئايرىم - ئايرىم نەشر قىلىنىپ كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە باشلىدى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 - يىلى نەشر قىلىنغان «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ياش، ئۈمىدلىك شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە نەشر قىلدۇرغان تۇنجى توپلام.

قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يىراق يېزىلىرىنىڭ بىرىدىن كەلگەن بۇ ياشنىڭ ئالىي مەكتەپ قۇچىقىدا ئوقۇۋېتىپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولغان ئۆگىنىشكە ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلىشى ئاسانغا چۈشمىسە كېرەك، بۇنى ئۇنىڭ تەبىئىي تالانتى، تىرىشچانلىقىدىن باشقا ئانا مەكتىپىنىڭ، ئوقۇتقۇچىسى، ئۇستازلىرىنىڭ تەربىيىسىدىن، ياردىمىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مەن بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەتبۇئاتلاردىن ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىنى خېلى كۆپ ئوقۇغانىدىم. ئۇنىڭ يېڭى شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە تۇغۇلغان شېئىرلىرىدىكى جۇشقۇن تەپەككۇرى، چىن، گۈزەل ياشلىق تۇيغۇلىرى، ئوبرازلىق پىكىر قاتلاملىرى، زامانىۋى ئېڭى، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارىتى مېنى



كۆچلۈك جەلپ قىلغانىدى. توپلامدىكى تېخىمۇ كۆپ ياخشى شېئىرلار مېنى تېخىمۇ زوقلاندۇردى ۋە سۆيۈندۈردى:

«ئانام تىكىپ بەرگەن شاپاق دوپپامنى
كالا باققان يەرلەردە
يىتتۈرىۋەتكەندەك.
ئاناڭ توقۇپ بەرگەن گۈل ياغلىقنى
ئوت ئالغاندا ئېتىزدا
ئۇنتۇپ كەتكەندەك،
ئۇنتالىشىمىز مۇمكىن قانچە رەت،
بىرلا قېتىم كۆرگەن شۇ چۈشنى؟!»

(«چۈشكە قايتىش» تىن)

ياشلارنىڭ قەلبىدە پارتىلىغان ھەقىقىي ئىشقى - مۇھەببەت ئوتى تەسۋىرلەنگەن بۇ لىرىك مىسرالار ھەر قانداق كىشىنى ئۆزىگە رام قىلىپ ئالىدۇ. چۈنكى شېىردا تەسۋىرلەنگەن رېئاللىق ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز كەچۈرمىشى، چۈش ۋاستە قىلىنىپ ئەسلىتىلگەن تۇنجى مۇھەببەت كۆيىدۇر. بۇ شېئىردا نامايان قىلىنغان مۇھەببەت يالدامىسى - «شاپاق دوپپا» بىلەن «گۈللۈك ياغلىق» دېھقان قىز - يىگىتىنىڭ چۈشىگە سىڭدۈرۈلگەن. شېرىن خىياللار ۋە ئاجايىپ، چىن مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۆزئارا بىرلىشىپ يېڭىچە، لىرىك شېئىرىي قاتلام ھاسىل قىلغان، شۇنداقلا شېئىردىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىنمۇ ئۇيغۇر دېھقان ياشلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

توپلامدىكى پارچە - پۇرات تۇرمۇش دىتاللىرى بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن «كىچىككىنە كەنت بازىرى» ناملىق شېئىرنىڭ مەزمۇنى قويۇق مىللىي تۈس، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن تويۇندۇرۇلغان، شېئىردا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۇرمۇش ماتېرىيالى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ تىپىك كارتىنىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ چىقىلغان. شۇڭا بۇ

شېئىر كىتابخانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدا مەۋجۇت، ئۆزلىرىگە پىششىق تونۇش بولغان تۇرمۇش تەسىراتلىرى تەسۋىرى بىلەن ھاياجانغا سالىدۇ.

ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا مەندار پىكىرلەر، ھايات ھېكمەتلىرى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە تەلپۈنۈش تۇيغۇسى بەلگىلىك بەدىئىي ماھارەت يۇكسەكلىكىدە يورۇتۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم پەلسەپىۋى قاراشلارمۇ ئىپادىلەنگەن.

«بارچە يول تۇتاشتۇر دوقمۇشلار بىلەن،
دوقمۇشلار يوللارنىڭ بېشى ھەم چېكى.
دەل مانا شۇ يەردە ئايرىلىق ھامان،
ئۆلۈم ۋە ھاياتنىڭ چېگرا سىزىقى.»
(«دوقمۇش» تىن)

شائىر بۇ شېئىردا يوشۇرۇن ئوخشىتىش ئارقىلىق ھايات ھەققىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك پىكىر يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلما ھەم قاتلاملىرىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

ئەپسانىلاردىكى ئىپادىلەش سەنئىتىدىن پايدىلىنىش، شېئىرغا رەڭ بېرىش، رېئاللىقتا ئەپسانىنى يانداشتۇرۇپ تەسۋىرلەش، رېئاللىق بىلەن ئەپسانىۋى تۇيغۇلارنى، ھەرىكەتچان تەسەۋۋۇر بىلەن سۇبيېكتىپ ئېستېتىك سادانى پۇختا بەدىئىي قۇرۇلما ئۈستىدە گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك. «چۆچەكلىرىم» ناملىق شېئىردا ناھايىتى چۈچۈك ھەم قىزىقارلىق چۆچەكلەشتۈرۈلگەن تەپسىلاتلار تەسۋىرلەنگەن. شېئىرنىڭ پوئېتىك مەزمۇنى پېرسوناژلار ھەرىكىتىنىڭ بايانى ئارقىلىق چوڭقۇرلىشىدۇ، «مەن» شېئىردا ئاساسلىق پېرسوناژ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:



«بۇرۇن بۇرۇندا،
نۇرغۇن - نۇرغۇن چۆچىكىم بولغان،
چۆچەكلەردە،
توخۇ، توشقان، ئۆردىكىم بولغان،
چۆچىكىم ئىچىدىكى چىرايلىق چۆچەك،
باش - ئاخىرى يوق باللىق ئىدى.
ئانا،
ئۇنتۇپ قاپتىمەن بېشى نېمىدى؟
دادا، چۆچىكىمنىڭ ئاخىرى قېنى؟

باللىق ھېسسىيات، باللىق ئوي، باللىق پائالىيەت تەبىئىي رەۋىشتە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ شېئىرنى باللار ئەدەبىياتىمىزغا ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

«مەن» چۆچەك ئېيتىشنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ مەسچىتكە جۈمە نامىزىغا كەلگەن بوۋايلارغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. جاڭگالدىكى پادىچىغا، قۇملۇقتىكى ئوۋچىغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدۇ. نەتىجىدە ئەل ئارىسىدا چۆچەكچى بالا دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. شېئىردا بايان قىلىنىغان ئىشلار چوڭلار ئۈچۈن ئەرزىمەس ئىشلاردەك تۇيۇلىسىمۇ، قەلبى ئەپسانە ۋە چۆچەكلەر بىلەن تولغان باللار ئۈچۈن تېپىلماس مەنىۋى گۆھەردۇر، ئۇلار بۇ شېئىرنى سۆيۈنۈپ ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.

«ۋاقىتنىڭ سىرتىدا» ناملىق شېئىردا شائىر ئۇقۇم، پىكىر ھېسسىياتنى ئىنتايىن مەنتىقىلىقتىن مەنتىقىسىزلىققا، مەنتىقىسىزلىقتىن، مەنتىقىلىقتا ئۆزگەرتىپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىشىلەرنى شېئىر ئۈستىدە ئويلىنىشقا، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ. توپلامدىن مۇشۇنداق ئۇسلۇبتا

يېزىلغان شېئىرلارنى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، توپلامدىكى «يولۇچى»، «پەردە كەينىدە»، «كۈن شەرقتىن پاتار غەربكە»، «تاغلىق شەھەر» قاتارلىق شېئىرلاردىمۇ لىرىك ئوبرازلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىر قەدەر مۇرەككەپ بەدىئىي توقۇلمىلار ئارقىلىق يورۇتۇلغان. بۇ شېئىرلاردا ئاپتورنىڭ شائىرانە قەلب دۇنياسىدا تاۋلانغان بەدىئىي تۇيغۇ، بەدىئىي پىكىر بەزىدە غۇۋالىشىپ، بەزىدە يالقۇنلىنىپ تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق يۇقىرى ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قىممەت يارىتىلغان.

ياش شائىر ئانا تىلىنى تۈرلەندۈرۈپ ئىشلىتىش جەھەتلەردىمۇ قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ «ئۆمۈچۈك ناخشىلىرى» ناملىق داستانىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ، داستان سۇژېت تەرەققىياتى تەدرىجىي راۋاجلاندۇرۇلۇپ، رېئاللىقتىن ئەپسانىغا، ئەپسانىدىن رېئاللىققا كۆچۈش يولى بىلەن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان. بولۇپمۇ شائىرنىڭ داستان تىلىنى پىشۇرۇپ، تىلنىڭ مەنتىقىلىق قۇدرىتىنى، تەسىرچانلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى چېۋەرلىكىنى ئالقىشلاشقا بولىدۇ:

«مىنىپ يۈرگەن بالا مەن ئىدىم،
پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا.»
«قۇياش گويا ئۆمۈچۈك،
گىرۋىكىدە ئۇپۇقنىڭ.»
«يۇلتۇزلارنىڭ يۇمران بارمىقى،
مەڭزىمنى قويدۇ سىلاپ»
«نۇر ئېرىقى تاڭدىكى يوللار،
گۈل بازىرى تاڭدا ئېتىزلار.
سۇ پەرىسى تاڭدىكى قىزلار،
ناخشىچىدۇر ئىتلارمۇ ھەتتا.»



«قار ئۈستىگە سىزغان دەرىخىم،
قەلىمىمنى ئۇچلاپ بولغۇچە
ياپراقلايدۇ كەلدى دەپ باھار.»

دېگەنگە ئوخشاش تەسۋىرلەردە ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ گۈزەللىكى، ئوبرازچانلىقى، قوللانغان سۈپەتلەش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش مۇبالىغىلەشتۈرۈشلارنىڭ ئۇستىلىق بىلەن جايىغا چۈشۈرۈلگەنلىكى روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئالدىغا يول تېپىپ، ئىجادىي يېڭىلىق بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ئادىل تۇنىيازدەك ياش كۈچلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىلىرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىغان ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان خاھىشلار كۆرۈلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىتى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈشلا ئەمەس. ئىلگىرىكىلەردىن پەرقى، ئۆزگىچىلىكى بولغان يېڭى ئىجادىي باسقۇچقا ئۆتۈش بولمىسا، ئەدەبىياتتا تەرەققىيات، گۈللىنىش بولمايدۇ، ئادىل تۇنىياز بۇ جەھەتتە كۈتكەن يېرىمىزدىن چىقتى.

بۇ توپلامدا يەنە ھېسسىيات سۇيۇقلىشىپ، پىكىر يالىڭاچلىنىپ قالغان بەزى شېئىرلارمۇ بار. بىز شائىرنىڭ كېيىنكى توپلاملىرىدا ئۇنداق شېئىرلارنى ئۇچراتماسمىز، دەپ ئويلايمىز.

ياش شائىرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدەملىرىگە ئاقىۋال تىلەيمەن.

# ئۈمىد ياشلاردا

بۇ يىلنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تەتۈر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ھەۋەسكارلار ۋە تەنقىدچىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى توپلام ئاپتورىنىڭ تېخى ئالىي مەكتەپ قوينىدىكى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى بولسا، تېخىمۇ مۇھىمى توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ سېھرىي كۈچىدۇر.

ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ ساپاسى ئۇنىڭ سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ياكى ئاپتورىنىڭ قەلەم ستاژىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. «تەتۈر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئاپتورى چىمەنگۈل ئاۋۇت ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان چۈچۈك شېئىرلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەنىدى. قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن چىمەنگۈل ئاۋۇت ھەقىقىي شېئىرىي ئىجادىيەتكە نازۇك ھەم لەرزان لىرىك تۇيغۇ، يېڭى پىكىر، يۈكسەك غايىۋى ئىنتىلىش جاسارىتى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئوبرازلىق ئويلار، جانلىق، يېقىملىق تىل ۋە ھېسسىيات، يارقىن شېئىرىي تەپەككۇر كۈچى ئارقىلىق كىشىلىك ھايات مۇساپىسىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى



ئاشۇرۇشقا، جانلاندۇرۇشقا ئىنتىلگەن بۇ تەلەپچان قىزنىڭ قەلبىدىن قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا خۇش پۇراق شېئىرىيەت گۈللىرى چېچەكلەپ، شېرىن مېۋە بەردى. كىتابخانلار بۇ ياش ئاپتورنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ يېڭى بەدىئىي يۈكسەكلىككە، ئەقلىي بىلىش كەڭلىكىگە ۋە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى روشەن بايقاپ ئالالايدۇ.

كىشىلىك ھايات ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەبىئىي گۈزەللىكلەرنى شائىرانە دىت بىلەن بايقاپ ۋە ئۇنى شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي تىل بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ ھەقىقىي بەدىئىي گۈزەللىك يارىتالىغان شېئىرلارلا كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىرچانلىققا ئىگە بولالايدۇ. بىز چىمەنگۈلنىڭ شېئىرلىرىدىن بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن تەبىئىي ۋە چىن گۈزەللىكنى ھېس قىلىمىز. چىمەنگۈلنىڭ شېئىرلىرى خۇددى ياشلىقنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قايناق، پاك ۋە يارقىن، ئۇنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىدىن ياشلارغا خاس دادىللىق، يېڭىلىق ۋە كۈچلۈك لىرىك ھېسسىيات تېمىپ تۇرىدۇ.

كۈلەلمىدىم، كۈلەلمىدىڭ ھەم،
يۈرۈشىمىز شۇ قەدەر غەمكىن.
خىيالىمىز تىپىرلايدۇ گاھ
بوشلۇقلارغا تىكىلىپ غەمكىن.

بىلەلمىدىم، بىلەلمىدىڭ ھەم،
سۆزۈك ھېسلار بوپ كەتتى سەرسان.
مەغرۇرلۇقتىن تۆرەلگەن كۈيلەر
كۆز يېشىدىن سۈزۈشتى ئارمان.
سۆيەلمىدىم، سۆيەلمىدىڭ ھەم،
يۈرىكىمدەك ئەي پاك پەرىشتە.

تىنىقىڭدەك ئوتلۇق ئەقىدەم،
چۈشلىرىنى ئىزدەر ئەرشتە.
«سۆيەلمىدىم، سۆيەلمىدىڭ ھەم» دىن

بۇ شېئىردا ئۆزئارا زەنجىرسىمان باغلانغان پىكىر ۋە ھېسسىيات ئىزچىللىقىدىن كۆپلىت، مىسرالارنىڭ ئارىسىغا ئارتۇقچە سۆزلەرنىڭ كىرىپ قېلىشىغا بوشلۇق قالدۇرالمىغان، ھېسسىيات رىتىمى دولقۇنسىمان راۋاجلاندۇرۇلۇپ، رومانتىك تۇيغۇنىڭ يېشىلىشىگە يول ئېچىلغان. «تەتۈر چېقىن» ناملىق بۇ توپلامدىن بىز يەنە كىشىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغان «داغلانغان كۆڭۈل»، «ئەقىدەڭنى ئۆزاتمىغىن بولدىلا»، «يۈگۈرۈپ بېرىپ توسالمىدىم يولۇڭنى» قاتارلىق ئىشىق ـ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ شېئىرلاردا ئىزھار قىلىنغان ھېسسىيات يەنى ئىشىق ـ مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدىكى جەلپكارلىق ۋە تەسىرچانلىق يەنىلا چىنلىقتىن كەلگەن.

توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشتىكى سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى، ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىجادىيلىقىدا. چىمەنگۈل ئاۋۇت بەزى شېئىرلىرىدا خۇددى قۇمدىن ئالتۇن تاسقىغاندەك ماھارەت بىلەن كىتابخانلارنى تۇرمۇش دېتاللىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئۇچراشتۇرسا، بەزى شېئىرلىرىدا چوڭقۇر پىكىر ۋە يارقىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىتابخانلارنى مەلۇم زىددىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدۇ.

ئەسەبىي كۈلكەمدىن تۆرەلمەس شادلىق،
كۆز يېشىم ئازابىنىڭ بەلگىسى ئەمەس.



مۇھەببەت ئۇچۇنلا سوققان يۈرىكىم،
ساماۋى خىيالغا قىلمايدۇ ھەۋەس.

روھىمدا ئەركىلەپ كۈلگەن پەرىشتە،
قولۇمدا ئىگەلەر قۇياش بالىسى.
گۈزەللىك ئاشىقى ـ مەن شۇنداق ئىنسان،
دىلكىشىم ئۇمىدنىڭ ئاتەش ئانىسى.
«مەن شۇنداق ئىنسان» دىن

ئاپتور بۇ شېئىردا لىرىك سەزگۈ بىلەن پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرنى گىرەلەشتۈرۈپ ئىزھار قىلىش يولى بىلەن كىشىلەرنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن رومانتىك دۇنياغا باشلاپ كىرىدۇ. «ئۈزۈلمەس كۈي» كىشىلەرنى ئاغزىدا شېرىن تەم قالدۇردىغان تولىمۇ ئىخچام، چۈچۈك شېئىر، ئاپتور شېئىرىدا ناھايىتى ئىخچام ھەم مېغىزلىق تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق ئۈچ ئەۋلادتىن تەركىب تاپقان ساددا، جاپاكەش، سەمىمىي بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەرگەن:

«جان موما تەڭلەڭنى بەرگىنە ماڭا،
ئۇلتۇرۇپ ئاسمانغا چىقىپ باقىمەن.
ئوخشامدۇ سەن ياققان تاتلىق توقاچقا
قۇياشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقىمەن.
ئوچاققا كۆمۈلگەن ئامراق جىگدەمنى
ئاق سامان يولىغا چېچىپ باقىمەن.
بۇلۇتنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلارنى
ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ ئىچىپ باقىمەن.
ئېگىرگەن يىپىڭنى ئاق لېچەك قىلىپ،
جىراسىز تاغلارغا ئارتىپ باقىمەن،
مەسۇمە بوۋاقنى باغرىمغا بېسىپ

ھىلالنىڭ قولىنى تارتىپ باقىمەن.
«سەبىي ئۈن» دىن

شېئىردا قاناتلىق خىيال، مول تەسەۋۋۇر ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان يالقۇنلۇق ۋە ئىزگۈ ئارمانلار جانلىق قوللىنىلغان ئېستېتىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. توپلامدىكى «ئاچا يول»، «ئۇنتۇلغان كوچا»، «غالىپلىق ئىلكىدە ياپيېشىل چىراغ»، «قۇياش ئۇۋىسى بوپ قالسۇن دۇنيا»، «كەل يۈرىكىم»، «دوقمۇشتىكى بىلەيچى بوۋاي»، «ئۈزىتىش» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە پىكىر، ھېسسىيات سىمۋوللاشتۇرۇلۇپ ئىزھار قىلىنغان بولسا، بەزىلىرىدە تەبىئىي كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن، بەزىلىرىدە ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر شېئىرىي ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىخچاملىق بەدىئىي چېۋەرلىكنىڭ ئىپادىسى. چىمەنگۈل ئاۋۇت شېئىرلىرى ئىككى، ئۈچ كۇپلېتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىز ئۇنىڭ باللادا، داستانلىرىنىڭمۇ ماھىرلىق بىلەن يىغىنچاق يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. «تەتۈر چېقىن»، «نۇر ۋە گۈگۈم»، «ئارمان ۋە قۇياش» قاتارلىق داستان، باللادىلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. «تەتۈر چېقىن» دا ئەما يىگىت بىلەن گاچا قىزنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان باللادا، ئۇنىڭدا ھېسسىيات تەسۋىرى بىلەن ۋەقە بايانى ئوخشاش نىسبەتتە يانداشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن يەنە كېلىپ ھېسسىيات ناھايىتى چۇچۇك، ۋەقەلىك قىزىقارلىق بايان قىلىنغان. ئەسەر ۋەقەلىكنىڭ يېشىمى كىتابخانلارغا تاپشۇرۇلۇش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقى ئاشۇرۇلغان.

«نۇر ۋە گۈگۈم» داستانىنى ئاپتور ئوتتۇرا مەكتەپتە



ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە يازغان، شۇنداق بولسىمۇ بۇ داستاننىڭ قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا قىمارۋازلىقتا، ھاراقتا بېرىلگەن ئەركە چوڭ بولغان بىر يىگىتنىڭ ئېيتقان ئەقىلگە كۆنمەي، بەرگەن تەربىيىنى قوبۇل قىلماي ئاخىرى مېھرىبان ئانىسى، ۋاپادار ئايالىنى، چۆچۈرىدەك ئىككى بالىسىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىدىن ئىبارەت پاجىئە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئەمەلىيىتى ئاپتورنىڭ ناھايىتى زىل شېئىرىي شەكىلدە نەپىس، رەڭدار شېئىرىي تىل بىلەن سۇژىتلىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىش جەھەتتىمۇ خېلى پىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ «تەتۈر چېقىن» ناملىق شېئىرلار توپلىمى شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇردى. ئۈمىد يەنىلا چىمەنگۈل ئاۋۇتقا ئوخشاش ياشلىرىمىزدا.

# قەلبلەر كۆكىدە چاقنىغان چولپان

مەنىلىك ئۆتكەن كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۆزى ـ ئەڭ ياخشى شېئىردۇر. پەقەت شائىر ئۇنى مۇئەييەن بەدىئىي شەكىلدە ئەقلىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئېستېتىك تۇيغۇ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت كۈچى بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرسىلا بولدى. بۇنداق شېئىرلار چوقۇم كىشىلەرنىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىدۇ. ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «دېرىزە ئەينىكىنى سۈرتىدۇ ئانا» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 89 ـ يىل، دېكابىر سانىغا بېسىلغان) ناملىق باللادىسى ئاشۇنداق ياخشى يېزىلغان ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

شائىر بۇ ئەسىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت «زېمىن» ىمىزنىڭ مۇنبەت «ئېتىزى» دىن تاپقان ئېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ، ئۆزگىچە سېھىرىي كۈچ بىلەن بەدىئىي قىممەتكە ئىگە تەپسىلاتلارنىڭ پوئېتىك مەزمۇنىنى يارقىن، جانلىق ئىپادىلىگەن. ئالىيجاناب ئادەمىيلىك خىسلەت بىلەن نۇرلۇق ئوپتىمىستىك روھنىڭ بىرلىكىدە تارىخىي ھەقىقەتنى، مەشھۇر شەخس تۆھپىسىنى جىلۋىلەندۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرگەن چىن ئىنسانىي خىسلەتنى، دانالىقنى، سېخىيلىقنى، پاراسەتلىكنى چېۋەرلىك بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن.

شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باللادىدىكى مەركەزلەشتۈرۈلگەن، بەدىئىي توقۇلما قىلىنغان ئىشلار ھايات ـ



ماماتلىق تىركىشىش رېئاللىقىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئىچىدىن سۈزۈپ ئېلىنغان چىنلىق. شۇنىڭدەك ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار تارىختا ئۆتكەن ھەم بۈگۈنكى كۈندە بىز بىلەن زاماندىش، تەقدىرداش بولۇپ بىللە ياشاۋاتقان رېئال ئادەملەردۇر.

بىزگە مەلۇمكى، ئېلىمىزنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ تارىخىدا مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر، جاھالەتكە، زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلىغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قەھرىمان، ئىسيانكار شەخسلەر ئادالەت يولىدا كۈرەش قىلىپ، مۇتىھەملىككە قارشى جان تىكىپ ئېلىشىش ئارقىلىق كېيىنكىلەرنىڭ بەختىيار ياشىشىغا يول ئاچقان. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى كېيىنكىلەر ئۈچۈن غايەت زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلدى. ئەجدادلار روھىنى قەدىرلەش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. شائىر ھاجى مىرزاھىد كېرىمى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان باللادىسىدا خەلقىمىز چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ كەلگەن ئېزىز ئوغلانى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ كىتابخانلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى لەرزىگە سالدى. ئەسەردە شائىر بىۋاسىتە ھەم ئۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ — «ئاھ، سۈزۈك بولسا ئىدى. مۇشۇ ئەينەكتەك ھەممىلا ئادەم داغسىز بىغۇبار. . .» دەپ ئويلىغان، ياد ئەتكەن ۋە ئارزۇ قىلغان تەمكىن، زېرەك، خىيالچان ئانا ـ تارىخنىڭ ھايات گۇۋاھچىسى، سۈزۈك ئەينىكى ۋە تەشۋىقاتچىسى سۈپىتىدە مەردانە كەيپىياتتا ئىپتىخارلىق تۇيغۇ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ئۆزى سۈرتكەن سۈزۈك دېرىزە ئەينىكىدىن ئۆچمەس سىيماسىنى كۆرىدۇ. شۇنداقلا ئاشۇ «قارىقاش، غەمخور، ئويچان» تەدبىرلىك ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۈيۈك ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلەش بىلەن بەنت بولۇپ ئۆتىدۇ.

باللادا:

«يېڭىلا پۈتكەندە ئۆي، شۇ مەرد ـ ئەزىمەت
بەرگەنتى ئەينەك سېلىپ، ئاقلاپ نۇرلىتىپ.
كېيىن ئۇ قىلىچ تۇتۇپ ماڭغاندا ھەيۋەت،
ياشا! — دەپ توۋلىغانتى ئانا روھلىنىپ.»

دەپ روشەنلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەندەك ۋاپادار، كۆيۈمچان ئانا سۆيۈملۈك جورىسىنىڭ ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلىك، بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانلىق ئېلىشىش مەيدانلىرىغا ئاتلانغان ھەربىر قەدەملىرىگە غەلبە تىلەيدۇ، باتۇرانە جاسارىتىگە تەنتەنە قىلىدۇ.

دېمەك شۇ كۈن، شۇ سائەت، شۇ مىنۇتلاردىن باشلاپ ئەڭ مۇقەددەس قۇتلۇق يادنامە سۈپىتىدە ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن «دېرىزە ئەينىكى» خەلق سۆيەر ئىنقىلابچىلار قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئەخمەتجان قاسىمى ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېكرانغا ئايلانغان. ئەنە شۇ چاغلاردا ئىنقىلاب ئوتىدا تاۋلىنىپ خەلق ئەقىدىسىنى قان ـ تەر بەدىلى بىلەن ئاقلىغان قەھرىمان ئەزىمەتنىڭ نەسلىدىن قالغان چۆچۈرىدەك بىر ئوغۇل، بىر قىزنى مېھرىبان ئانىلىق باغرىغا بېسىپ تۇل قالغان ئانا:

«قارايدۇ ئاھ قايرىپ ئاپئاق پەردىنى،
قارىغايلار ياشناپ تۇرغان قارلىق تاغلارغا.
كۆرەرمۇ چوققىلاردا قار لەيلىسىنى
قاراپ شۇ دېرىزىدىن ئەلگە ـ جاھانغا.»

دەپ نەپىس، گۈزەل شېئىرىي تىلىدا ئىزھار قىلىنغاندەك، بۈگۈنكى يېڭى دەۋرگە كەلگەندە سۇمبۇل چاچلىرىغا قىروۋ



قونغان، خەلقنىڭ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە باشلامچى، پېشقەدەم تۆھپىكار ئانىلاردىن بولۇپ قالدى.

ماتېرىياللاردىكى دەللىك، تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تىپىكلىك، تەپسىلاتلاردىكى چىنلىق، ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر مانا مۇشۇنداق يارامىلىق ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى تۇرغان گەپ. «دېرىزە ئەينىكىنى سۈرتىدۇ ئانا» ناملىق باللادا ئاشۇنداق تەلەپنىڭ ئەھدىسىدىن خېلى ياخشى چىققان. ئۇنىڭدا تەنتەنىلىك بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىمۇ ئىشلەتمىگەن. پەقەت يالقۇنلۇق لىرىك قەلب ساداسى بىلەن ئېپىك تەپسىلاتلار ئۈستىگە يىغىنچاقلانغان ئاپتور بايانى ئەسەردىكى ئىككىنچى بىر پېرسوناژ ئانىنىڭ ھاياجانلىق ئەسلىمىسى ئارقىلىق قەھرىمان ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن.

# شېئىرىي تىل، شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي تۇيغۇ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىلى شائىر تاھىر تالىپنىڭ «خەير، ياشلىقىم» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. شائىرنىڭ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم شېئىرلىرىدا مىللىي پىسخىك تۇيغۇ، مىللىي پۇراق، مىللىي خاراكتېر، زامانىۋى ئاڭ، ئالىيجاناب ئىنسان پەزىلىتى، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش روھى پارلاپ تۇرىدۇ.

دەستە گۈلىنى پۇراپ بېقىڭ! دەپ،
بېرىپقىنا ئۇيۇلۇپ كەتتى.
تۇتقىنىمدا بىردىن قولىنى،
مەڭزى قىزىل بويۇلۇپ كەتتى.
شۇچاغ ماڭا شۇ قول ئارقىلىق
توك ئۆتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.
يۇرىغاندا ئۇنىڭ گۈلىنى
يۈرەككە ئوت قويۇلۇپ كەتتى.

بۇ شائىر تاھىر تالىپنىڭ 1961 - يىلى بالىلىق دەۋرىدە يازغان «گۈل تۇتۇپ» ناملىق شېئىرى. بۇ شېئىرنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ شېئىر يېزىش ماھارىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىگىلەپ ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا سەمىمىيەت بىلەن ئىزھار قىلىنغان ئىشقى - مۇھەببەت



كۆيلىرىدەك مەلۇم لىرىك سادا، شېئىرىي تۇيغۇ، شېئىرىي پىكىر، ھېسسىيات ئىنچىكىلىكى بار.

شائىرنىڭ «يۇرتۇمدا كۈز» ناملىق سىكىلىنىڭ بېشىدا مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر بار:

ئالتۇن رەڭ تون كىيىپ كۈز كەلدى،
يۇرتۇمغا شان - شەرەپ يۈز كەلدى.
مول ھوسۇل ياراتتى ئەجرىمىز،
تىلىمغا شېكەردەك سۆز كەلدى.

بۇ مىسرالاردا شائىر تەرىپىدىن بەكمۇ زورۇقۇپ، زورلاپ كىرگۈزۈلگەن يالتىراق، ھەشەمەتلىك ئىبارىلەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ياكى كىشىلەرنى نارازى قىلىدىغان بىرەر مۇجمەل مەزمۇن، سىرلىق پىكىر ئالامەتلىرىمۇ بايقالمايدۇ. بىراق، ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇرلاپ كىرگەنسېرى ئۇنىڭ تەمى تېتىشقا باشلايدۇ. شېئىردىكى «كۈز كەلدى»، «يۈز كەلدى»، «سۆز كەلدى» دېگەن قاپىيىلەر بىلەن ئاياقلاشقان مىسرالارنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدا قويۇق ھەم زىچ باغلىنىش بار. بۇلار كۈز سۈرىتىنى ئوبرازلىق سىزىشتا، بۇ مەزگىلدە ئېلىنغان مول ھوسۇلنى، ئەل - يۇرتنىڭ شان - شەرىپىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىخچام تەسۋىرلەشتە بەلگىلىك رول ئوينىغان.

يەنە «‹شېرىن ئاي› دا» ناملىق شېئىرىدا شائىر دېھقان قىز - يىگىتلىرىنىڭ مۇھەببەتلىك كۆڭۈل رىشتىنى قۇرۇق ئىپادىلىمەي، بەلكى ئۇنى قىزغىن ئەمگەك قاينىمىغا جانلىق، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن.

شائىر تاھىر تالىپ ئۆز شېئىرلىرىدا تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى، ھېس - تۇيغۇسىنى ئوبيېكتىپ ئادەملەرنىڭ تىلىغا، ھېسسىياتىغا سىڭدۈرۈپ، روشەن خاسلىققا ئىگە خاراكتېر يارىتىشقا تىرىشىدۇ، لىرىك قەھرىمانلىرىغا ئىچكى

دۇنياسىنى ئاشكارىلىتىدۇ. شۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنى كىشىلىك خىسلەت، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمەتنى قەدىرلەشكە ئۈندەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىگە جەسۇرلۇق، ئۈمىدۋارلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ.

تاھىر تالىپ ھېسسىياتلىق، ئۆتكۈر تىللىق، سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىدىغان شائىر. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا پىكىر كۆپرەك يوشۇرۇن بېرىلىدۇ. شائىر شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇن دائىرىسى كەڭ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى كۆپ خىل. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۈمىد ئىشەنچىسىنى، زاماننىڭ ياڭراق ساداسىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئىلغارلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى كۈيلىدى، يېڭى كىشىلەرنى مەدھىيىلىدى. «يۈرەك ۋە تۇپراق» ناملىق شېئىرىدا شائىر:

ئالما پىشىپ غول تۈۋىگە چۈشكەندەك،
يۈرىكىمۇ سىڭەر ئانا دىيارغا.
شۇنداق يەنە مىليونلىغان يۈرەك بار
بىز ياشىغان مۇشۇ تۇپراق - ئىپاردا.
شۇڭا ياۋنىڭ پۇتى تەگسە يۇرتۇمغا،
شۈركىنىمەن قەھرىم تېشىپ پەلەكتىن.
ياۋنى قىرىپ يۈرىكىمدە - بومبىدا
نۇر ئىچىدە تۇغۇلىمەن بۆلەكتىن.

دەپ يېزىپ، ئادەم ھاياتىنىڭ ماتورى ھېسابلانغان يۈرەك بىلەن كىندىك قېنىمىز تامغان ئانا تۇپراقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق مىليونلىغان يۈرەكلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ماھىرلىق بىلەن ئىزھار قىلغان.



ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار،
كۈچ ۋە ئۈمىد كۆكلەيدۇ قىشتا.
ئاشۇ كۈچتىن ئىشقىۋاز زېمىن،
قار پەسلىدە مەززىلىك ئىشتا.
ياستۇق قىلىپ قاشتەك ئۈپۈقنى،
ئاق يوتقاندا ئۇخلايدۇ دالا.
ياق - ياق جەڭدە تەۋەللۇتتا ئۇ،
قورسىقىدا تەۋرەيدۇ بالا.

پىكىرنىڭ تېيىز - چوڭقۇرلۇقى كىشىلەر ئېڭىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي ھېكمەت ھەممە ئادەمنىڭ ئېڭىدا شەكىللەنمەيدۇ. «ئىشقى بارغا قىشمۇ ھەم باھار» دېگەن شېئىرنىڭ ماۋزۇسىمۇ ھېكمەتلىك ئىبارە بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە ئەڭ ياخشى شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي تۇيغۇمۇ بار. «ياستۇق قىلىپ قاشتەك ئۈپۈقنى، ئاق يوتقاندا ئۇخلايدۇ دالا» دېگەن مىسرالاردىكى جانلاندۇرۇش ھەم ئوخشىتىشلار شائىرنىڭ شېئىرىي تەپەككۇرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش، شېئىرىي پىكىرىنى، ھېسسىياتىنى، تەسەۋۋۇرىنى يارقىنلاشتۇرۇش، شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان. «ياق - ياق جەڭدە تەۋەللۇتتا ئۇ، قورسىقىدا تەۋرەيدۇ بالا» دېگەن مىسرالاردا قىشتا ئاق قار ئۈستىدە ياتقان دالا ئېغىر ئاياغ ئانىغا، ئەتىياز مەزگىلىدە زېمىننى يېشىللىققا پۈركىگەن مەۋجۇداتلار ئانا قورسىقىدا تەۋرىگەن بالىغا ئوخشىتىلغان.

شېئىر - ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى. شېئىر ئىجادىيىتىدە شائىرلار ھېسسىياتنى بەزىدە بىۋاسىتە، بەزىدە ۋاستىلىك، بەزىدە ئاشكارە، بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئۇدۇل، بەزىدە ئەگىتىپ ئىپادىلەپ كەلدى. ھېسسىياتنى قانداق ئۇسۇلدا تۈرلەندۈرۈپ بېرىش شائىرلارنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى ئىش. ئېستېتىك تۇيغۇ،

جانلىق روھىي ھالەت، ئۇلۇغ ئارزۇلار كائىنات دۇنياسىدا شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

شائىر «مەن ئۆلدۇم» ناملىق شېئىرىدا يەنە بىر مۇلاھىزە مەيدانىغا باشلاپ كىرىدۇ.

ئاڭلاپ قېلىپ «شائىر ئۆلمەس» دەپ،
«ئۆلگەندىمۇ گۆرگە كۆممەس» دەپ؛
(گۆردىن قورقار ئىدىم ئەزەلدىن)
«شېئىر» يازدىم شۇ دۇرۇتلىرىم
تۇمار بولسا ھېچ گەپ ئەمەس دەپ.
لېكىن ئۇنىڭ ئۆلگىنى تولا
دەل يورۇقلۇق كۆرگەن كۇنىلا.
توخۇچىلىك بىر ياشقا تولماي،
قازا تاپتى خەستە جان - «بالا».
«شېئىر ئۆلدى» مەنمۇ چىن ئۆلدۇم،
قارغىش ئېلىپ تارتماي تىن ئۆلدۇم.
مەرد ئادەملەر بىرلا ئۆلەتتى،
ئەپسۇسكى مەن كۇندە مىڭ ئۆلدۇم.

سۇپەتسىز ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇملارنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. سۇپەتسىز ياشىغان ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلىسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. «مەن ئۆلدۇم» ناملىق شېئىرنىڭ روھى بۇ ھېكمەتلىك سۆزگە قارشى ئەمەس، ئەكسىچە بۇ ھەقىقەتنىڭ دانالىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. «شائىرنىڭ ئۆزى ئۆلىسىمۇ، سۆزى ئۆلمەيدۇ» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى ئۆلمەس، ئۆچمەس شېئىرلارنى يېزىشقا قارىتىلغان. شېئىر يازغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىخ بېتىدە نامى قېلىشى ناتايىن. كېيىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، سۇپەتسىز شېئىرلارنىڭ



ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ. شۇڭا بۇ شېئىرنى شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان بىر ياخشى ئەدەبىي تەنقىد دېيىشكە بولىدۇ.

كۆكۈل دېسەم، بالىمەن - ياشمەن،
شوخلۇقۇم بار، تەنتەكلىكىم بار.
(تەنتەكلىقۇ ياشتىن ئەمەسكەن)
ياشلار بىلەن ئۇلپەتلىكىم بار.
خىياللىرىم گاھ قىلار ھەيران،
ئارزۇلىرىم ئۇندىن زىيادە.
قۇچسام دەيمەن بار گۈزەللىكتىن
شا مەشرەپتەك يۈرۈپ پىيادە.
شامالدىنغۇ قىلىمەن ھەسەت،
كېپىنەكمۇ گويا كۈشەندەم.
باغدا بۇلبۇل سايرىسا ھەتتا
كۈنچىلىكتىن يوقىلار كۆلكەم.
ئەلدىن بۇرۇن تۇرىمەن تاڭدا،
تۇنجى نۇرنى قىزغانغان كەبى.
ھەم ئەڭ كېيىن قايتىمەن كەچتە،
(ئاخىرقى نۇر كەتتى، دەپ دەردتە)
نېچۇندۇرمەن شۇنچىلا «سەبىي»!

«خەير، ياشلىقىم» دىكى بۇ لىرىك مىسرالار كىشىلەرنى لەززەتلىك ياشلىقنىڭ شېرىن خىياللىرى دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇلارغا كىشىلىك ھاياتنىڭ كۆپ قاتلاملىق ھەم مۇرەككەپ مۇساپىسىنى، شۇنىڭدەك ئېسىل ياشلىق ھاياتنىڭ قىممەتلىك مىنۇتلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ھايات ئۆزىنىڭ مەنىسى، مېۋىسى بىلەن قەدىرلىك، ئەھمىيەتلىك. ھاياتنىڭ ئالتۇن دەۋرى دەپ تەرىپلەنگەن ياشلىق مەزگىلى تېخىمۇ شۇنداق. قىممىتى بولمىغان ھاياتنىڭ

مەنىسىمۇ، ئەھمىيىتىمۇ، قەدرىمۇ، لەززىتىمۇ بولمايدۇ. ياشلىق مەزگىلى بىلەن خوشلىشىش ھايات قىممىتىنىڭ تۆۋەنلىگەنلىكىدىن، جاسارەتنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىنىڭ ئۆچۈشكە باشلىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مانا بۇ قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىر يۇقىرىقى شېئىردا ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

كېتەتتىم ـ دە، كېلەتتىم يەنە،
«گۈل» سىز ياشاش ھار ئىدى ماڭا.
سېنى «جانسىز» قالدۇرسام ئەگەر،
بەش قىتئەمۇ تار ئىدى ماڭا.
يەنە كەلدىم، ئەي گۈل مەشۇقۇم،
يۈرىكىڭگە ئېڭىشمەك بولۇپ،
يەنە كەلدىم («گۈل» سىز كەتمەيمەن)
جاننى گۈلگە تېگىشمەك بولۇپ.

بىز بۇ شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن، بەدىئىي سەۋىيىسىدىن قۇسۇر چىقىرالمايمىز. ئەمما شېردا تەسۋىرلەنگەن نازۇك ئىشق ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئوبرازلاشتۇرۇش دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدا بەكمۇ كۆپتۈرۈۋېتىلگەندەك تۇرىدۇ. «سېنى ‹جان› سىز قالدۇرسام ئەگەر، بەش قىتئەمۇ تار ئىدى ماڭا»، «يەنە كەلدىم، ‹گۈل› سىز كەتمەيمەن، جاننى گۈلگە تېگىشمەك بولۇپ» دېگەن مىسرالارنى ئوقۇپ «جان» سىز قالدۇرماق شۇنچە ئاسان بولامدۇ؟ «جان» نى تېگىشمەك شۇنچىمۇ ئەرزانغا توختامدۇ؟ دېگەن ئويغا كېلىمىز.

ئىشق ـ مۇھەببەت تۇيغۇسىنى تىپىكلەشتۈرۈش، گۈزەللەشتۈرۈش، غايىۋىلاشتۇرۇش ئۆز يولىدا بولمىسا، ئۇ ئۆز قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئوقۇپ كۆڭلىمىز غەش



بولىدۇ:

رەنالىقمۇ گۇناھمۇ،
دەنالىقمۇ گۇناھمۇ؟
ئاغزى مايماق، دۆت بولساڭ
خەقنىڭ كۆڭلى تىنارمۇ؟

ئېچىلمايلا توزۇدۇڭ لالەم،
كۆك گۇمبەزگە سىغمىدى نالەم.
كۇتكىن، ئەگەر گۆردە تىرىلسەڭ،
ئايىغىڭدا مېنىڭ ئاستەنەم.

بۇ شېئىر بىر قەبرىگە ئويۇلغان يادنامە تەرىقىسىدە يېزىلغان.

كىتابخان يۇقىرىدىكى ئىككى شېئىرنى ئوقۇپ ھېچقانداق لەززەت ئالالمايدۇ، چۈنكى بۇ شېئىرلار كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېغىشلىيالمايدۇ. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ۋەدىنامىسى، مۇھەببەت قەسەمنامىسى تەرىقىسىدە يېزىلغان بۇ شېئىرلاردا پىكىر چوڭقۇرلۇقىمۇ، ھېسسىيات يارقىنلىقىمۇ يوق. بىز شائىر تاھىر تالىپنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# ئىككى پارچە چاتما شېئىر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

سىز ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە مەشھۇر نېفىت بازىلىرىنىڭ بىرى بولغان قارىماي نېفىت رايونىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ چېچەكلەپ مول مېۋىلىرىنى بېرىشكە غايەت تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە نەزىرىگە چۈشكەن «قاراماي ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىلى 4 - سانىنى قولىڭىزغا ئېلىپ ئوقۇيدىغان بولسىڭىز، كۆزىڭىزگە ئالدى بىلەن «قارماي ئىلھاملىرى» بىلەن «پەزىلەت ناخشىلىرى» ناملىق چاتما شېئىرلار چۈشىدۇ. بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي، يارقىن رېئال ئاساسى، ساغلام، روشەن نۇقتىئىنەزەرلىرى، يېڭى، ماھىيەتلىك ئىنچام ۋەقەلەر تەسۋىرى، كۈچلۈك دەۋر روھى، ئوبرازلىق لىرىك تۈيغۇسى، گۈزەل تىلى، نەپىس جۇلالىنىپ تۇرغان بەدىئىي كۈچى بىلەن سىزنى ئۆزىگە بىردىنلا جەلپ قىلىدۇ.

«قاراماي ئىلھاملىرى» ۋە «پەزىلەت ناخشىلىرى» نى دەۋرىمىز رېئاللىقىنى، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ سالتەنەتلىك بەختىيار تۇرمۇشىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرگەن، قويۇق دەۋر روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان ياخشى شېئىرى ئەسەرلەرنىڭ تىپىك مىسالى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى پارچە



چاتما شېئىرنى مەدھىيىلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى:

بۇ شېئىرلاردا ھازىرقى رېئاللىقىمىز، بۈگۈنكى دەۋرىمىز روھى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئوبرازلىق يېڭى شېئىرى پىكىر، يېڭى ھېسسىيات، تەسىرلىك تۇرمۇش دېتاللىرى، گۈزەل شېئىرى تەسۋىر ئارقىلىق جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«قاراماي ئىلھاملىرى» ساياھەت خاتىرىسى شەكلىدە يېزىلغان، گۈزەل لىرىك تۈيغۇلار بىلەن جىلۋىلەنگەن دەۋرىمىزنىڭ يۈكسەك مەدھىيە ناخشىسىدۇر. شائىر جېلىلى بۇ جاراڭلىق چاتما شېئىرنى يېزىش داۋامىدا ئاز كۈچ سەرپ قىلمىغان. بۇ شېئىر شائىرنىڭ كاللىسىدا، دەپتەرنىڭ بېتىدە توپتوغرا بىر يىل پىشۇرۇلۇپ، نۇرغۇن قېتىم ئۆزگەرتىشلەردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، يېڭىلىنىپ تازا ۋايىغا يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كىتابخانلار جامائەتچىلىكى بىلەن غەلىبىلىك يۈز كۆرۈشكەن.

سالام ساڭا ئەي قاراماي — گۈل شەھەر،  
بايلىقلىرىڭ بىباھا زەپ مول شەھەر.  
سېنى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئوت بولۇپ،  
بىر كۆرمەككە ئىككى كۆزۈم تۆت بولۇپ.  
تىيانشاندىن ھالقىپ كەلدىم ھەۋەستە،  
ئۆز قولۇمدا تۇتتۇم ساڭا گۈل دەستە.  
سوغىتى ئۇ، بىلسەڭ قەشقەر خەلقىنىڭ،  
ئىزھارىدۇر سېنى سۆيگەن قەلبىنىڭ.  
ئەي قاراماي سالامىمنى ئىلىك ئال،  
شۇ سالامدىن دىل مېھرىمنى بىلىپ قال!  
(«سالام قاراماي» دىن)

ئادەمنى خېلى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل تۈيغۇ، سەمىمىي، يېقىملىق ھېسسىيات، جاراڭلىق شېئىرىي پىكىرلەر

بىلەن مۇجەسسەملەنگەن شائىرنىڭ بۇ يۈرەك ساداسى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ قەدىمكى شەھەر قەشقەر خەلقىنىڭ كۆركەم نېفىت شەھىرى قارامايدىكى قەھرىمان نېفىت ئىشچىلىرىغا بولغان ھۆرمىتىنى، سۆيۈنۈش سالىمىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئېھتىمال ئاپتورنىڭ ئىلگىرى قاراماي نېفىتلىكىنىڭ قاچان، قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ كېيىنكى ئاجايىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، مىڭ قېتىم ئاڭلىغاندىن بىر قېتىم كۆرگەن ئەۋزەل دېگەندەك قىزغىن ھەۋەستە بۇ نېفىت كانىنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلاپ، ھەيۋەتلىك تىيانشان تېغىدىن ھالقىپ كەلگەن شائىر ئەمەلىيەتنى بىۋاستە كۆرۈپ نۇرغۇن تۈرمۇش ماتېرىياللىرىغا ئىگە بولىدۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېفىت شەھىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى كارتىنىسى سىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ. بۇ تارىخىي رېئاللىقنى شائىر يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى بىلەن شېئىردا:

ئەسكە ئالدىم ئۆتمۈشۈڭنى قاراماي،
ئىدىڭ بۇرۇن پايانسىز چۆل قاقاس ساي.
باسقان ئۇ چاغ سېنى غەپلەت ئۇيقۇسى،
يوقتى سەندە ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى.
قۇچىقىدا بۆرى ـ قاۋان ھۇۋلايتتى،
قۇيۇنتاز ۋە جۇت ـ شىۋىرغان ئوينايتتى.
ئارام يوقتى كولدۇرمىلىق كارۋانغا،
يەم بولاتتى سەندە يىرتقۇچ، بورانغا.
ياتقان ئىدى نېفىتلىرىڭ بولۇپ سىر،
ئېچىلماستىن ئۆتۈپ كەتتى كۆپ ئەسىر.

دەپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق شائىر نېفىت شەھىرىنىڭ غەپلەت



ئۇيقۇسى باسقان ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلىسا،

قۇدۇق كولاپ كۆزلىرىڭنى ئېچىپتۇ،
نېفىتلىرىڭ ئۆركەش ياساپ ئېقىپتۇ.
ۋەتەن ئۇچۇن بۈيۈك تۆھپە قوشۇپسەن،
مەنزىلىسېرى جەۋلان قىلىپ ئۇچۇپسەن.
كۆرۈپ گۈزەل جامالىڭنى زوقلاندىم،
كۈچكە تولۇپ ۋۇجۇدۇم بەك روھلاندىم.

دېگەن مىسرالاردا يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەن، كىچىكلىكتىن كېڭەيگەن، قاقاسلىقتىن بوستانلىققا ئايلانغان نېفىت شەھىرىنىڭ بۈگۈنكى ئاۋاتلاشقان يېڭى كارتىنىسى سىزىلغان. شۇنىڭدەك ئازادە، باياشادلىق تۇرمۇش مۇھىتى ئىچىدە، جاپالىق نېفىت چىقىرىش كۈرىشى قايناملىرىدا غايەت زور كۈچ بىلەن جەڭ قىلغان نېفىتچىلارنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇلغان.

شېئىردا نېفىت رايونىدىكى تۆھپىكارلارنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش يولىدا قوشقان ھەسسىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى، جاسارىتىنىڭ مەھسۇلى. شۇ قاتاردا قاراماي نېفىتلىكىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانلىرىغىمۇ ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ، تېخنىك خادىملىرىنىڭ ئورتاق قان ـ تەرى سىڭگەن.

قاراماي زور نېفىت كانى بولۇش بىلەن بىر چاغدا يەنە ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە ئۇيۇلتاشتەك زىچ ئۇيۇشقان ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ماكانىغا ئايلانغان. بۇ ھەقتە بۇ رېئاللىق «ئىتتىپاقلىق ـ كۈچ» ناملىق شېئىردا مۇنداق شوخ مىسرالار بىلەن كۈيلىنىدۇ.

ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ . . . ساڭا ئېھتىرام،
سەن ياشايسەن بەكمۇ ئىناق شاد ـ خۇرام.
بىر گۈزەل باغ بولسا ئەگەر قاراماي،
سەن ئۇنىڭدىكى بۈك ـ باراقسان قارىغاي.

باش ئېگىپتۇ ساڭا جۇڭغار دالاسى،
كۆككە ياڭراپ غەلىبە ـ زەپەر ناۋاسى.
سەن بولمىساڭ ئۈيۈلتاشتەك ئىتتىپاق،
زەپەر ساڭا ئاچارمىدى كەڭ قۇچاق؟!

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا شائىر سىمۋوللۇق ئوخشىتىش، رىتورىك سوئال، سۈپەتلەش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ كۈچلۈك ياردىمى ئاستىدا ئىناق، شاد ـ خۇراملىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ھەرمىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنى بۈك ـ باراقسان قارىغايلارغا ئوخشاتسا، ئۇلار ياشاۋاتقان مۇھىتنى گۈزەل باغقا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شېئىرغا ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتىن كۈچەيتمە مەزمۇن، گۈزەل تۈس كىرگۈزىدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۈيۈلتاشتەك زىچ ئۇيۇشۇپ جۇڭغار دالاسىدىكى قاقاسلىقنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق نېفىت كۆزىنى ئاچقان قەيسەرلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ تاشقى دۇنيادىن ئالغان مول تەسىراتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلھام دېڭىزىدا، تۇرمۇش قاينىمىدا پەيدا بولغان سۇبيېكتىپ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەدىئىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا شائىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبيېكتلىرىنىڭ جاسارىتى، قازانغان زور نەتىجىلىرىنى:

جەڭ قىلىپسەن بىر نىيەت بىر دىل بىلەن،



يۇرۇشۇپتۇ ئىشىڭ ھەرخىل تىل بىلەن.
غەيرەت قىلىپ مۈشكۈللەرنى يېڭىپسەن،
مەنزىل بويلاپ قول تۇتۇشۇپ مېڭىپسەن.

دەپ خۇلاسىلايدۇ.

بۇ شېئىرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىنكى، گەرچە شائىر بۇ نېفىت بازىسىدا ئانچە ئۇزۇن مەزگىل تۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ھايات رېئاللىقىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تۈجۈپىلەپ كۆزەتكەن. ئورتاق نىشانىنى بويلاپ، مەنزىلسىرى ئىلگىرىلەپ، ھەرخىل تىللاردا ئالاقىلىشىپ، بىر نىيەت، بىر دىلدا ئۆز ئىشلىرىنى يۇرۇشتۇرۇپ كېتىۋاتقان ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ئالىيجاناب روھىدىن، قەيسەرلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن. شائىر جېلىلى «قاراماي ئىلھاملىرى» نى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئەدەبىياتنىڭ خاسلىق قانۇنىيىتىگە تولۇق ئېتىبار بەرگەن ئاساستا نېفىت بازىسىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئىشلار، يېڭى ئادەملەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھېس قىلغان تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى يېڭى، ئىجادىي ئومۇملاشتۇرۇلغان بەدىئىي قۇرۇلما ئارقىلىق كونكرېتلاشقان يېڭى ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا ئىگە قىلىپ ئىپادىلەشكە تىرىشقان. «قاراماي ئىلھاملىرى» شائىر جېلىلىنىڭ شىمالىي شىنجاڭنى، بولۇپمۇ قاراماي نېفىت رايونىنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا ئېلىپ بارغان بەدىئىي ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتىدۇر.

بىز يۇقىرىدا بۇ چاچما شېئىرنىڭ كىتابخانلار ئاممىسى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەپلىرى ئۈستىدە ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

لېكىن شائىر شېئىردا دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان بەزى

يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ سادىر قىلغان. ئالايلى:

مەشغۇلاتنى شۇنچە ئەپچىل باشقۇرۇپ،
ۋەزىپىنى پىلاندىن كۆپ ئاشۇرۇپ.
(«نېفىتلىكنى سۆيگەن قىز» دىن)

بۇ مىسرالارنىڭ، گېزىتتىكى خەۋەر ماقالىلاردا قوللىنىلغان جۈملىلەردىن نېمە پەرقى بار؟ بۇ مىسرالارغا بەدىئىيلىك جەھەتتىن تۆۋەن تەلەپ قويۇپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن شېئىرىي پۇراق تېپىش تەس. مۇبادا بىز ئۇنىڭدىكى قاپىيەلەرنىڭ بىرسىنى بۇزۇۋەتسەكلا ئۇ، ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىزلا «ئۇ مەشغۇلات تۈزۈمىنى ئەپچىل باشقۇرۇش ئارقىلىق ۋەزىپىنى پىلاندىن كۆپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن» دېگەنگە ئوخشاش ئادەتتىكى گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

خېلى پىشقان ماھارەتلىك دەپ قارالغان شائىرلىرىمىزنىڭ قەلىمىدىن بۇنداق مىسرالار كۆرۈلسە، كېيىنكى شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن ھەۋەسكارلىرىمىزغا نېمە دەيمىز؟! يەنە بىر تەرەپتىن «مەشغۇلاتنى شۇنچە ئەپچىل باشقۇرۇپ» دېگەن مىسرا شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئوبيېكتنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى شېئىر مەزمۇنىنىڭ روھىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن نېفىتلىكنى سۆيگەن قىز مەشغۇلاتنى ئەپچىل، ماھىرلىق بىلەن باشقۇرۇپ، ۋەزىپىنىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولغان رەھبەرلىك ئورنىدىكى خادىم ئەمەس، پەقەت ۋاقىتنى چىڭ ئىگىلەپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ ئىشلەپ ۋەزىپىنى دائىم ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ كەلگەن زەربىدار نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن باشقا شائىر جېلىلى «نېفىتچى دوستۇمغا» ناملىق شېئىرىدىمۇ تۆۋەندىكى نۇقسانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.



ئەل، ۋەتەننى رازى قىپسەن تۆھپەڭ بىلەن،
تۆتلىنىشكە قوشقان بۈيۈك ھەسسەڭ بىلەن.

ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئىككى مىسرادا ئىپادىلەنگەن «تۆھپەڭ» بىلەن «ھەسسەڭ»، ئوخشاش بىر گەپ. شېئىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدا نېفىتچى يىگىتنىڭ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش يولىدا ۋەتەن، خەلقنى رازى قىلغان مول نەتىجىلىرى، ئالدىنقى مىسرادا «تۆھپىسى» دەپ ئىپادىلەنسە، كېيىنكى مىسرادا «ھەسسىسى» دەپ ئىپادىلەنگەن. ئۇقۇمدىكى بۇنداق تەكرارلىنىشلارنى شېئىرنىڭ باشقا قىسىملىرىدىنمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مەن بۇنىڭدىن بىر ھەقىقەت چۈشەندىم،
«ئىتتىپاقلىق - كۈچ» دېگەنگە ئىشەندىم.
(«ئىتتىپاقلىق - كۈچ» دىن)

بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇندىمۇ ھېچقانداق يېڭىلىق يوق. ئۇنىڭدا كىتابخانلارغا ئەزەلدىن تارتىپ ناھايىتى پىششىق ھەم چۈشىنىشلىك بولۇپ كەلگەن ئۇقۇملار شېئىرىي قاپىيەلەرگە چۈشۈرۈلۈپ قايتىدىن تەكرارلانغان. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شائىر جېلىلى شېئىرنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى سۈپىتىدە يەكۈنلەپ بەرگەن مۇشۇ ئىككى مىسراسىدا «مەن» «ئىتتىپاقلىق - كۈچ» دېگەن بۇ ھۆكۈمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى قاراماي نېفىت رايونىدىكى ھەر مىللەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىشەندىم، ھەم چۈشەندىم دەيدۇ.

مېنىڭچە شائىر بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بەكمۇ تارايتىۋەتكەن. پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ غايەت زور

تۇرتكىسى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ئىنتىپاق بولۇش، تىنچ بولۇش ۋەزىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا نامايەندە قىلدى. پۈتۈن ئېلىمىزنىڭ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن شائىر جېلىلى تۇرغان قەشقەر رايونىدىمۇ ئىتتىپاقلىق گۈللىرى چېچەكلەپ مول مېۋىلەرنى بەرگەنلىكى ھەممىمىزگە تولۇق ئايان بولسا كېرەك.

ياڭراق ئىكەن ناخشاڭ موتۇر ئاۋازىدىن،
سۈرئىتىڭ تېز ئىكەن تۇلپار پەرۋازىدىن.
(«نېفىتچى دوستۇمغا» دىن)

بۇنىڭدا سېلىشتۇرما جايىدا بولمىغان، بەزى ئۇقۇملار خاتا قوللانغان. مەسىلەن، بىرىنچى مىسرادا ناخشا ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقى، موتۇر ئاۋازىنىڭ ياڭراقلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، ئىككىنچى مىسرادا ئىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، تۇلپارنىڭ پەرۋاز قىلىش تېزلىكى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە كەلسەك، ناخشا ئاۋازىنىڭ ياڭراق بولىدىغانلىقى راست، موتۇر ئاۋازى ياڭراق بولمايدۇ. تۇلپارنىڭ تېزلىكىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقى راست، لېكىن تۇلپار پەرۋاز قىلمايدۇ. بۇ يەردە پەرۋاز دېگەن سۆز توغرا ئىشلىتىلمىگەن، ئەسلى ئۇ، ئاسماندا ئۇچىدىغان نەرسىلەرگە كۆچەيتمە مەزمۇن بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. مەسىلەن، «ئايروپىلان ئاسماندا پەرۋاز قىلماقتا»، «راكېتىلار ئالەم بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلماقتا». ئابستراكىت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشكە كەلسەك «شائىر جېلىلىنىڭ خىيالى قاراماي ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلماقتا» دېگەنگە ئوخشاشلا، بىراق «پەرۋاز» دېگەن بۇ سۆزنى ھەرگىزمۇ يەردە ماڭىدىغان نەرسىلەرگە قارىتىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى «پويىز يەردە پەرۋاز قىلماقتا»، «تۇلپار بىپايان يايلاقلاردا پەرۋاز قىلماقتا»



، ئابستراكىت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەشتە «شائىرنىڭ خىيالى قاراماي كوچىلىرىدا، نېفىت قۇدۇقلىرىدا پەرۋاز قىلماقتا» دېگىلى بولمايدۇ.

ژۇرنالنىڭ مۇشۇ سانىدىكى بىزنىڭ دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغىغان ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بىرى: «پەزىلەت ناخشىلىرى» ناملىق چاتما شېئىر بولدى. ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدىكى يېڭىلىق، ئىجادىيلىك ئالدى بىلەن شۇ ئەسەرنىڭ تېمىسى، ئاپتورنىڭ پىكىر، ھېسسىياتى، ئىپادىلەش شەكىللىرىدە، ئۇسلۇبىدا كۆرىلىدۇ. تېما مۇۋەپپەقىيەتلىك ياخشى تاللىنىدىكەن، ئۇ يېڭى بولىدىكەن، ھامان ئۇنىڭغا ماس ھالدا قوللىنىلغان شەكىلنىڭ، يۇرگۈزۈلگەن پىكىرنىڭ، سىڭدۈرۈلگەن ھېسسىياتنىڭ يېڭى بولۇشى، تەسىرلىك بولۇشى تۇرغان گەپ. «پەزىلەت ناخشىلىرى» دا جۇشقۇن، ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار، ئاڭلىق، كۆيۈمچان نېفىتچى ياشلارنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشى، قەھرىمانلىق ھاياتى، تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى، گۈزەل پەزىلىتى، يېقىملىق مۇئامىلىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ياش شائىر مەتتوختى ئەخمەت «پەزىلەت ناخشىلىرى» دا سەلتەنەتلىك لىرىك ھېسسىيات تەسۋىرىنى قوللىنىپ تۇرمۇش رېئاللىقىنى يورۇتۇپ بېرىش يولى بىلەن ئەمەس، زامانىمىز رېئاللىقىنىڭ جەڭگىۋار تېمىلىرىنى چۆرىدىگەن ئاساستا، ئىخچام، ماھىيەتلىك رېئال تۇرمۇش پارچىلىرىنى تاللىۋېلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىدىكى يۈكسىلىشلەر، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى تەسىرلىك ئىشلارنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئىستىلىدىكى ساغلاملىقىنى، كۆيۈمچانلىقىنى، پسىخولوگىيىلىك خاراكتېرىدىكى ئاق كۆڭۈل، مۇلايىملىقىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

«پەزىلەت ناخشىلىرى» تەركىبىدىكى 4 پارچە شېئىرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سۇژېت ئۈستىگە قۇرۇلغان.

دەرۋەقە رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان ھادىسىلەرنى، ۋەقەلەرنى شېئىرىي تىلدا ئىپادىلەش مەسىلىسى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ئۇ تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئاپتور «پەزىلەت ناخشىلىرى» نى ئىجاد قىلىش جەھەتتە زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ كۆپ ئىزلەنگەن. بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تەلىپى، قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى جاسارەت بىلەن ئىنچىكە كۆزەتكەن. قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى گۈزەل شېئىرى شەكىلدە ئىپادىلەش ماھارىتى بىلەن ئەپچىل ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئاپتور «قەيسەر يىگىت» ناملىق شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىك بىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە دەۋرىمىزنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزدىن كۈتكەن تەلىپى بويىچە ياخشى ئادەملەرنى خەتەرلىك ئىشلاردىن قۇتقۇزۇش، ئۇلارنى قوغداش، يامان ئادەملەرنى تۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشتەك ئالىيجاناب روھنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كىمنى تەسىرلەندۈرمەي تۇرالىسۇن؟ !

نېفىتچى قەيسەر يىگىت پەرھات كېچىلىك ئىشتىن يېنىپ ئۆيىگە كېلىۋېتىپ، يول چېتىدە بىر ئادەمنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ دەرھال ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۈنى چىققان يەرگە كەلسە، ئىككى لۈكچەك بىر قىزنى تۇتۇۋېلىپ، سائىتىنى، پۇلىنى ئىككى تەرەپتىن چاڭ سېلىپ بولاۋاتقان، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەرھات شۇ مەيداندا ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ بۇلاڭچىلار بىلەن ئېلىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرسىنى تۇتۇۋېلىپ قىزنى



قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ، بىرسى قېچىپ كېتىدۇ. ئاندىن تورغا چۈشكەن بۆيرۈقى شۇ كېچىدە قانۇن ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېئىردا:

تەشەككۈرغا ياخشى سۆز ئىزلەپ،
«رەھمەت سىزگە دېيەلىدى قىز.
ھاياجانلىق كۆز يېشى بىرلە،
بارماقتىكى قاننى يۇدى قىز.
تېڭىپ قويدى قولياغلىق بىلەن،
پەرھاتجاننىڭ يارىسىنى ئۇ.
تاڭدى بەلكى سەممىيەتتە،
يۈرىكىنىڭ يارىسىنى ئۇ.

دەپ ئاپتور قىزنىڭ ئۆزىنى ۋەھشىي بۇزۇق ئادەملەرنىڭ چاڭگىلىدىن باتۇرلۇق بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان قەيسەر يىگىتكە بولغان پاك قەلبىنى، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى تەبىئىي، تەسىرلىك ئىزھار قىلىدۇ.

دېمەك بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخانلار، بولۇپمۇ شائىرلىرىمىز ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىمىزدا بولغان ۋە بولۇشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ ھەم تولىمۇ نازۇك ئىشلارنى، ھادىسىلەرنى يۈكسەك، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ چېخوپقا ئوخشاش قىسقا ھېكايىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولغان ۋەقەلەرنى داستان، باللادا شەكلىدە ئەمەس، ھەجمى كىچىك، سىغىمچانلىقى تار قىسقا شېئىرلار بىلەنمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە بولىدىكەن دېگەن قاراشقا كەلتۈرىدۇ.

كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ جىددىي كېتىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە كۈندۈزلۈك ئىسمىنىدا ئىشلەپ كەچتە ئۆيىگە كېلىپ ئارام ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان قادىر بىر ھويلىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان خۇشنىسى — كېچىلىك

ئىسمىنىغا كەتكەن يەنە بىر ئىشچىنىڭ ئۆيىدە قىزى بىلەن بىللە قالغان ئىككى قات ئايالنىڭ كېچىدە تولغاق تۇتۇپ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ، شۇ زامات ئورنىدىن قوپۇپلا ئىشىكىنى چېكىپ ھېلىقى ئايالنىڭ قېشىغا كىرىدۇ. ئەمدى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ تاپتا قادىر قەيەردىندۇ ئۇچقاندەك بېرىپ قول ھارۋىدىن بىرنى تەييار قىلىدۇ - دە، ئۆزى يالغۇز سۆرەپ مىڭ تەسلىكتە ئايالنى دوختۇرخانىغا يەتكۈزىدۇ.

قادىرنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ياردەم بېرىشى، دوختۇرلارنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلارنى قوللىنىپ داۋالىشى بىلەن ئايالنىڭ ھاياتى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن بالىمۇ ساق - سالامەت يەرگە چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان ئايال ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بىللە رەھبەرلىككە كۆيۈمچان قوشنىسى بولغان قادىرنىڭ ئالىيجاناب روھى، ئەمەلىي ياردىمىنى ئىنكاس قىلىدۇ. رەھبەرلىك قادىرنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۈلگىلىك ئىش - ئىزلىرىگە ئاساسەن ئۇنى شۇ ئورۇندىكى پۈتۈن نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

مانا بۇ 9 كۇبلېتتىن تەركىب تاپقان «غەمخورلۇق» ناملىق شېئىردىكى بايان قىلىنغان ۋەقەلىك.

بىز بۇ يەردە ئارتۇقچە گەپ قىلىپ ئولتۇرمىساقمۇ ئۆزلىكىدىن نامايەندە بولۇپ تۇرۇپتۇكى، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن مۇكەممەل بەدىئىي شەكىلنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلەنگەن دەۋرىمىز ئىشچىلىرىنىڭ ئۆزئارا غەمخورلۇقى، سۆيۈنۈش پەزىلىتى نېمىدېگەن تەسىرلىك - ھە؟!

تۆۋەندە «كوچىدا» ناملىق شېئىرغا كەلسەك، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلىك تەسۋىرلەنگەن.



ئىتتىك كېلىۋاتقان ۋېلىسىپىت يولنىڭ چېتىگە ئۆتۈپلا يىقىلىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزىگە يىقىلغان ۋېلىسىپىتنىڭ تېگىدە بىر ئەمەس، ئىككى ئادەمنىڭ ياتقانلىقى چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى ياشانغان پېشقەدەم نېفىت ئىشچىسى، يەنە بىرسى ياش نېفىتچى يىگىت ئىدى. بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغانلار: (مەن) «يىگىت ئەمدى بوۋايغا دوق قىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ. خېلى ئېغىر زەخىملەنگەن يىگىت پوزىتسىيىسىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتمەي قەددىنى تەسلىكتە رۇسلاپ ئورنىدىن قوپۇپ، ۋېلىسىپىتنى يىقىتىشقا سەۋەبچى بولغانلىقىدىن بەكمۇ خىجالەت بولۇپ تۇرغان بوۋايغا سوغاق گەپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ «ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرىسەن» دېگەندەك ئېسىل ئىستىلىدىن بوۋايمۇ، كۆرگۈچىلەرمۇ چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. يىگىتكە چىن قەلبىدىن سۆيۈنۈپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

ياش شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى مەتتوختى ئەخمەت ئۆز زامانداشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياش نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان ئېسىل خىسلىتىنى، كوممۇنىستىك ئەخلاق - پەزىلىتىنى لىرىك ھېس - تۇيغۇلار ئارقىلىق ئەمەس، ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاينىمى ئىچىدىن پىششىق تاللانغان ۋەقەلەر تەسۋىرى بىلەن يورۇتۇپ بەردى.

ئادەتتە ھېكايىلەر ئىچىدىمۇ بىر قېتىم ئوقۇغان ھامان ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاسانلا ئېسىدە قالىدىغانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. سۇژېتلىك شېئىرلاردا تېخىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. «پەزىلەت ناخشىلىرى» دا بولسا ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر ئوقۇغان ھامان كىتابخانلارنىڭ ئېسىدە قالىدۇ.

مەيلى قانداق ژانىردا يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ كىشىلەرنى جەلپ قىلىشىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك: شۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرلىك، قىزىقارلىق بولغانلىقى، ئۇنىڭ پۇتۇنلۇكى، سىستېمىلىقى، گۈزەل ئاممىباب بەدىئىي تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق چۈشىنىشلىك، راۋان بايان قىلىنغانلىقى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆز مەنتىقىسىغا ماس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە يېڭى، ئىجادىي يوسۇندا جانلىق، روشەن ئېچىپ بېرىلگەنلىكى گەۋدىلىنىدۇ.

مەتتوختى ئەخمەت «پەزىلەت ناخشىلىرى» دا ئېپىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەقەلىكنى شېئىرىي تىلدا بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قاتار ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى يۇكسەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا يەنە ئۇنىڭدا قىسمەن نۇقسانلاردىنمۇ خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، «ئاپتور ئېسىل قەلبلەر» ناملىق شېئىرىدا پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىددىيەت - توقۇنۇشلارنى ئوڭايلا ئوتتۇرىغا چىقارغان، ئۇنى ئاسانلا ھەل قىلغان. ئالايلى شېئىردا نۇقتىلىق تەسۋىرلەنگەن نېفىتچى يىگىت غۇلامجاننىڭ ھاراق ئىچىپ ئازراق مەست بولۇپ قېلىشى، سىستىرا رەيھانقىزنىڭ كېچىلىك دىجورنىلىك ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا بېرىپ ئادا قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ مېڭىشى، يولدا بۇلار ئۇچرىشىپ قېلىپ غۇلامنىڭ ئۆزىنى باشقۇرالماي رەيھانقىزغا سوقۇلۇپ كېتىشى، رەيھانقىزنىڭ شۇ زامات ئاچچىقلىنىپ غۇلامجانغا تىل سېلىشى قاتارلىق ۋەقە جەريانى ئاددىي ھەم سۇنئىي بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى شېئىردا يەنە ئاساسلىق قەھرىمان غۇلامجاننىڭ ئىش ئۇستىدە يارىدار بولۇپ قېلىش جەريانى يەنى قەھرىماننىڭ تازا ماھارەت كۆرسىتىش جەريانى ئېنىق بايان قىلىنماي، بىر ئېغىز گەپ بىلەن تومتاقلا چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن پېرسوناژ



خاراكتېرى ياخشى ئېچىلماي قالغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرەپلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە چاتما شېئىردىن كىتابخانلار تەسىرلەنمەي، ھۇزۇرلانماي تۇرالمايدۇ. بىز دەۋرىمىز قەلەم ئىگىلىرىدىن مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يەنىمۇ كۆپلەپ مەيدانغا كەلتۈرۈشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتىمىز ۋە سەممىيلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمىز.

# ئىلمىي ئەسەر — «دېڭىز ئۈنچىلىرى» توغرىسىدا

1983 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ھاجى ئەخمەتنىڭ كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ دىلىغا ياققان، ماختىنىشقا سازاۋەر بولغان ئىككىنچى كىتابىدۇر.

بۇ كىتاب ھەجمى جەھەتتىن ئىخچامراق يېزىلغان بولسىمۇ، ئىلمىيلىكى، مەزمۇنىنىڭ كەڭ ھەم چوڭقۇرلۇقى، تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى، تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلىكىگە قاراپ، ئۇنى پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى ھەققىدە يېزىلغان ئىلمىي كىتابلار، تەزكىرە كىتابلار ئىچىدە قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئاساسلىق ئەسەرلەرنىڭ بىرى دېيىش شۈبھىسىزدۇر.

ھەر بىر مىللەت خەلقى ئۆز تارىخىنى، ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆزلىرى ياراتقان ھەمدە بۇ شانلىق تارىخىي مەدەنىيەتنى يارىتىشقا يول ئاچقان، قان - تەرىنى تۆككەن، ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇپ شۆھرەت قازانغان ئەجدادلارنىڭ ئىجادچانلىق روھى شۇ مىللەت ئاممىسىنىڭ داۋاملىق ئالغا چامدىشىغا غايەت زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولۇپ كەلگەن، بۇ بىر مۇقەررەرلىكتۇر.

پۈتۈن بىر گەۋدىدىن ھاسىل بولغان بىر مىللەت تارىخى شۇ مىللەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنىڭ



ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخ — ئەينەك، تارىخ ئىلھامچى، تارىخ — مەسئۇل، تارىخ — ئۇستاز، تارىخ - ئانا. ھەر بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخى، پارلاق پەن - مەدەنىيىتى ۋە ئۇنى يارىتىشقا ئاساس سالغان، يول ئاچقان، بايراقدارلىق رول ئوينىغان ھەمدە ئىز، ئۈلگە، ئېسىل مىراسلارنى قالدۇرغان، تۆھپىكار ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. تارىخى بولمىغان مىللەت، خۇددى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغان بىچارە يېتىم بالىغا ئوخشايدۇ. ئاپتور - كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ يازغان بۇ كىتابنى خەلققە تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «قەدىمكى دۇنيانىڭ ئەڭ يىرىك مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭ رايونى كىشىلىك مەدەنىيىتى تارىخىدا غايەت زور ئورۇننى تۇتىدۇ. بۇ زېمىندا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ئەقىل - پاراسىتى، ئىجادكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەكسىز، مول ۋە پارلاق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى» دېگەن لەۋزىگە ئەمەل قىلدى ھەم پاكىت بىلەن چىنلىق، دەللىك بىلەن توغرىلىق، ئىلمىيلىك بىلەن تارىخىلىكنىڭ بىرلىكى ئاساسىدا ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى. «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دە دېڭىزدىن مەرۋايىت سۈرگەندەك ئۇيغۇر پەن - مەدەنىيىتى تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىللەردە ئۆتكەن شائىر - يازغۇچىلار، رەسساملار، ئەدىپلەر، پەيلاسوپلار، مۇزىكانتلار، مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار قاتارلىق پەن - مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە شۆھرەت قازانغان، ھەتتا ئالەمگە داڭ چىقارغان نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت

تارىختا تۇتقان ئورنى، كېيىنكى دەۋرلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەۋلادلاردىن ئەۋلادلارغا ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلگەن، ۋارىسچانلىق دىئالېكتىك بىرلىك، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇلدا، ئىلمىي يوسۇندا يورۇتۇلغان.

مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق بۇ كىتابنى پەن - مەدەنىيىتىمىز بىلەن بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدىكى قىممەتلىك، ئېھتىياجلىق، خېرىدارلىق مالغا ئايلاندۇرۇشتا، ئاپتور يۇقىرى تەلەپ بىلەن كەڭ دائىرىلىك، پۇختا، ئىنچىكە ئىزدەنگەن. تارىخنىڭ يىراق، چوڭقۇر قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرگەن. ئويلىنىش، ماتېرىيال توپلاش، تەتقىق قىلىش، ئىپادىلەش، ئەسەرنىڭ مەزمۇن، شەكىل قۇرۇلمىسىنى رەتلىك، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشتا يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىنى قوللانغان. تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىش، ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئىش كۆرگەن. خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن مەنىۋى بايلىق ياراتقان، شان - شۆھرەت ئەكەلگەن، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان، ئۈلگە تىكلىگەن نۇرلۇق چولپانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرىدىن پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىدا بولغان.

زامانىمىزدىكى يۇقىرى سەۋىيىدە تەرەققىي تاپقان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ كۈچى بىلەن تېپىلغان قەدىمكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ ھۈنەر - سەنئەت يادىكارلىقلىرى، ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئىسپاتلانغان ھەرخىل مەزمۇنلاردىكى ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەنگە ئائىت ماتېرىياللار ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادچىلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈن قانداقمۇ ئۆرنەك ۋە ئەينەك بولماي تۇرالىسۇن؟! مىللەت تارىخىنىڭ ياقۇت كۆزى، بۈيۈك ئەڭگۈشتەرلىرى ھېسابلانغان ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت،



ئەدەبىيات - سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ مېۋىلىرى، ئەقىل - ئىدرىكىنىڭ، ئىنسانىي خىسلىتىنىڭ، ئىجادچانلىق روھىنىڭ مەشئىلى پارلاپ تۇرىدۇ.

ھاجى ئەخمەت «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دە مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلىنىپ تەرەققىي قىلىپ، كونا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملىغان دەۋرگە ئۇلاشقان مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارنىڭ ھاياتى، تەسىرلىك ئىلمىي پائالىيەتلىرى، ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى نامايەندە قىلىدۇ. كۇمىراجىۋا، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، سەككاكى، نەسىردىن راپخوزى، لۇتفى، ئاتايى، ئەلشىر ناۋايى، خىرقىتى، زەلىلى، نوۋبىتى، تاشۋاي، موللامۇسا سايرامى، تەجەللى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ كىتاب سەنئەت نۇقتىسىدىن، ئىلىم - پەن نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندىمۇ ھەم تارىخىي ئەھمىيەتكە، ھەم مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە، ھەم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىخچام يېزىلغان كىچىك قامۇستۇر. «دېڭىز ئۈنچىلىرى» خەلقىمىزنى ئۆز تارىخىنىڭ ئالتۇن ۋاراقلىرىدىن ئورۇن ئالغان ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ ياراتقان مول مەنىۋى بايلىقلىرىنى جۇلالاندۇرۇپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى بۈگۈنكى كۈندە جاسارەتكە كېلىپ، مىللىي غۇرۇرىنى ئۇرغۇتۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش كۈرىشىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئىلىم - پەن ئىشلىرىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ، تۈرتكە بولىدۇ.

«دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق بۇ كىتاب يالغۇز مەملىكەت

ئىچىدىلا ئەمەس. چەت ئەللەردىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ، چەت ئەللىك دوستلارنىڭمۇ ياخشى ئىنكاسلىرىنى پەيدا قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «يېڭى هايات» گېزىتى «مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆچمەس يۇلتۇزى» دېگەن سەھىپە ئاستىدا بۇ كىتابنى ماۋزۇلار بويىچە بۆلۈپ - بۆلۈپ ئېلان قىلىشنى يولغا قويغان. بۇ گېزىتتە هاجى ئەخمەتنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي كىتابىنى پارچىلاپ ئېلان قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلگەن تەھرىر ئىلاۋىسىدا: «ئۆزىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر، هەر بىر خەلق ئۆزىنىڭ قەدىمىي، باي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە ئەنە شۇ مەدەنىيەت دۇردانىلىرى خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان ئىلىم - پەن سەھىپىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ هەم هەقلىق رەۋىشتە پەخىرلىنىدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتى روناقىغا سالماقلىق ئۈلۈش قوشقان شەرق خەلقلىرى جۈملىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىمىز ئۆتمۈشتە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئىستىداتلىق پەرزەنتلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشقا هەقلىق . . . بىز كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلەپ - ئىستەكلىرىنى ئىناۋەتكە ئالغان هالدا ئەدەبىياتشۇناس هاجى ئەخمەتنىڭ 1983 - يىلى ‹قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى› تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ‹دېڭىز ئۈنچىلىرى› ناملىق كىتابقا كىرگەن ئالىم، رەسسام، كومپوزىتور ۋە ئەدىب، شائىرلارنىڭ هاياتى، پائالىيىتى هەققىدىكى قىسقىچە ماقالىلىرىدىن ئىزچىل ئېلان قىلىپ بېرىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق» دەپ يېزىلغان.

بىرەر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ، بىرەر كىتابنىڭ بىر دۆلەتتىن چىقىپ، ئىككىنچى بىر دۆلەتتە نەشر قىلىنىشى، تونۇشتۇرۇلۇشى، شۇ ئەسەر، شۇ كىتابنىڭ قىممىتىنىڭ، تەسىر كۈچىنىڭ قانچىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.



سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزاسى، پروفېسسور ئېزىز نارىنبايوف 1988 - يىلى فرونزىدا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار پەلسەپىسى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي كىتابنى يېزىش جەريانىدىكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى قاتارىدا ئەدىب هاجى ئەخمەتنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

يۇقىرىدىكىلەر «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ يالغۇز ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىلا تەسىرى زور بولغان پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتلەر ئارا، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا پايدىلىنىش قىممىتى بار ماتېرىيالغا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مىراس قالدۇرۇش، ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلاش ئىشلىرىنىلا كۆپايە قىلمايدۇ. شۇ مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي كاتېگورىيىسى ئىچىدە يەنە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات بۇبۇملىرى بولۇشىمۇ زۆرۈر. ئىمكانىيىتى بار تارىخىي مىراس، ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرى، ئىجادىيەت، ئىلمىي تەتقىقات بىرلەشكەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىش لازىم. «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دە قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىنىڭ تۆھپىكارلىرى هېسابلانغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ شانلىق پائالىيەتلىرىدە شۇنداق بىر ئىلمىي هەقىقەت ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاشۇ مەشھۇر ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ جىسمىنى ئانا تۇپراق ئۆز قوينىغا ئاللىبۇرۇن ئالغان بولسىمۇ، قانچىلىك ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ روھى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ

ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي رېئاللىق، ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھ، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، ئېسىل - خىسلەتلەر، جاسارەت، ئۈمىد، ئىشەنچ، نۇرلانغان غايىۋى دۇنيا، ھۆرلۈكنى، كىشىلىك ھاياتنى، ئادالەتنى سۆيۈش، ئىجادچانلىقنى، تىرشچانلىقنى قەدىرلەش ئىدىيىسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«دېڭىز ئۈنچىلىرى» نى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن لەززەتلەنگەن، بەھرىمەن بولغان كىتابخانلار ئاممىسى ھەقلىق رەۋىشتە خۇشاللىنىش، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەنە شۇنداق نەچچە ئەسىرلىك پەن - مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت چەۋەندازلىرىنىڭ يارائقان باي مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىخچام يورۇتۇپ بەرگەن ئاپتوردىن چەكسىز مىننەتدار بولماي تۇرالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مىللەت ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن، ئىنسان ئۈچۈن پايدا يەتكۈزۈشتىن ئېشىپ چۈشكىدەك باشقا ھېچقانداق شەرەپلىك، پەخىرلىنەرلىك ئىش بولمىسا كېرەك. ھاجى ئەخمەت ئاشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشنى قىلدى. ئۇ، سۆيۈملۈك دىيار - ئانا يۇرتىنىڭ، شەۋكەتلىك تارىخى بار پاراسەتلىك مىللەتنىڭ ئالەمگە مەشھۇر دانالىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پارلاق ئىلىم - مەرىپەت نۇرلىرىنى چاچقان پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش يولى بىلەن خەلق قەلبىنى شادلاندۇردى.

«قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» كەڭ كىتابخانلار ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇتقۇچىلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ خەت - ئالاقىلىرى ئارقىلىق ئىزھار قىلىشقان تەلەپ - ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەزكۇر كىتابنى 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە قايتىدىن نەشرگە بەردى. «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىنىش ئالدىدا ئاپتور تەرىپىدىن ئاز - تولا نۇقسانلىقلىرى تۈزۈتۈلۈپ، بىر قىسىم يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت



بىلەن تالانتلىق شائىر، مۆتىۋەر ئالىم ئەھمەت زىيائىي: «قامۇسىمىزنىڭ باشلانغۇچ تومى» دېگەن ماۋزۇدا كىرىش سۆزى يېزىپ، ئۇنىڭدا: «ھازىر ئىلىم دۇنياسىدا ئىلمىي تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىختىرا ۋە ئىجتىھاتلار ۋۇجۇتقا چىقىپ، ئۆز ساھەلىرىمىزنى يورۇتۇپ بارماقتا. شۇ ئىشلار جۈملىسىدىن بىرى ئىسىملار قامۇسى تۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ساھەدىكى ئىش باشقا خەلقلەردە خېلى بالدۇر باشلىنىپ، ئىجتىھاتلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قامۇسلار نۇرغۇن توپلاملاردىن ئاشقاندۇر. بىزدە بولسا بۇ ئۇلۇغ ئىش ئەمدىلا باشلىنىپ ۋۇجۇتقا چىقىش ئالدىدا. ئۇ بولسىمۇ قولىڭىزلاردىكى مۇشۇ كىتابچىدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. يەنە ئۇ «بۇنى («دېڭىز ئۈنچىلىرى» نى دېمەكچى) ئوقۇغان ھەر بىر كىشى بىلىم گۈللىرىدىن ئۈزمەي قالمايدۇ.» دەپ كىتابنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئىلمىي قىممىتىنى ناھايىتى ئىخچام قىلىپ ئوبرازلىق تەرىپلىدى.

ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي شارائىتلاردا مەيدانغا كەلگەن، ئۇيغۇر زېمىنىدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر رېئاللىقىدا يېتىشىپ چىققان ئالىم، يازغۇچى، سەنئەتكارلار ۋە ئۇلارنىڭ شۆھرەت قازانغان ئەمگەك مېۋىلىرى ئۇيغۇر تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەشھۇر شەخسلەر تارىخنىڭ ۋەكىلى، دەۋرنىڭ ۋەكىلى، خەلقنىڭ ۋەكىلى، مىللەتنىڭ ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ تەقدىرى، پۈتۈن ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

«دېڭىز ئۈنچىلىرى» دا مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان بىر پۈتۈن تارىخىي جەريانىنى نەزەردە تۇتۇپ قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئىلغار ياكى قالاق مىللەت ئىكەنلىكى، مەدەنىيەتلىك ياكى مەدەنىيەتسىز ئىكەنلىكى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىدا قانچىلىك ئالىملار، ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر، مەشھۇر ئىلىم - پەن خادىملىرى ئۆتكەن ۋە ئۆتمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەدىب ھاجى ئەخمەت بۇ كىتابىنى يېزىش ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن 150 نەپەر مەشھۇر شەخسنى، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، خەلق ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئادا قىلدى.



# كىشىلىك ھاياتنىڭ گۈزەللىك كۈيى

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان پېشقەدەم شائىر غەنىزات غەيۇراننىڭ «ھايات قوشىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خېلى ياخشى ئىنكاس قوزغىدى. مەن توپلامنى قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم.

شائىر توپلامنىڭ بېشىغا مۇنداق بىر تۆتلۈكنى كىرگۈزگەن:

ھاياتلىقتا قالىدۇ ھەر بىر قەدەمنىڭ ئىزى،
شۇ ئىز سىنىڭ ھاياتلىق تارىخىڭنىڭ دەل ئۆزى.
خام ئويلىما ئۆزگىلەر بىلمەيدۇ دەپ سىرىمنى،
بار ساڭا قارايدىغان ھەتتا تامنىڭمۇ كۆزى.

«ھايات قوشىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى خۇددى بۇ تۆتلۈككە ئوخشاش چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتنىڭ بىرلىكىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر سىڭدۈرۈلگەن ھەقىقىي دۇرادانىلەر يىغىندىسىدۇر. توپلامدىكى شېئىرلاردا ئاپتور شېئىرىي پىكرىنى رېئاللىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇشقۇن، جانلىق ھايات مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىك كۈيىنى ياڭرىتىپ، ئوقۇرمەنلەرگە باشقىچە بەدىئىي زوق ئاتا قىلغان. كىشىلىك ھايات مۇھەببەت

بىلەن نەپرەت، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، باشاتلىق بىلەن يوقسۇزلۇق، ۋاپادارلىق بىلەن رەھىمسىزلىك، پاكلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئاپتور ھاياتنىڭ ھەر تەرەپلىمە مەزمۇنىنى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ كۈچى بىلەن يىغىنچاقلاپ، جۇلالاندۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

شائىرنىڭ قەلبى ھايات سۆيگۈسى بىلەن تولغان، شائىرنىڭ تەپەككۇرى - ۋەتەن، خەلق، مىللەتكە بولغان چىن مۇھەببەت بىلەن چىچەكلەپ مېۋە بەرگەن.

«كىم چىنار دەر بويىنى چىنارچە قامەت بولمىسا،
كىممۇ ئادەم دەر مېنى مەندە دىيانەت بولمىسا.
مەن ۋەتەن ئوغلى دېيىشكە نېمە ھەددىم بار مېنىڭ،
مىللىتىم، خەلقىم، ۋەتەنگە چىن مۇھەببەت بولمىسا.
تۆت ئاياغدىن نېمە پەرقىم سۆز قىلىپ يۈرگەن بىلەن،
مەندە ئىنسانىي پەزىلەت، ياخشى خىسلەت بولمىسا. »
(«بولمىسا» دىن)

شائىرنىڭ «پۇل» ، «ئۈمىد» ، «يۇرتۇم» ، «يىراقتىكى دوستلارغا» ، «پىغان» ، «ئورنىسۇن، گۇللىسۇن، پاكلىق، دىيانەت» ، «ئەل ئۇنتۇمايدۇ سېنى» ، «سالام ساڭا لىۋانلىق ئانا» ، «سېنىڭ ناخشاڭ» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، ھەققانىي، پاك كىشىلىك ھايات ئەقىدىسى جاراڭلايدۇ.

ھايات گۈزەللىكى — كىشىلەر ياشىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ گۈزەللىكىدىن، كىشىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكىدىن تەركىب تاپىدۇ. توپلامدىكى شېئىرلاردا بۇ گۈزەللىك گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

«ئاي دېسەم - ئايدىن تولۇنراق يۈزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ،



جان دېسەم - جاندىنمۇ شېرىن سۆزلىرىڭ تۇرسا سېنىڭ.
گۈل دېسەم - تۆت پەسىل ئوخشاش ئېچىلىپ تۇرساڭ كۈلۈپ،
نېمە دەيمەن سېنى دىلبەر، سۆيگىنىم سەن - سەن مېنىڭ.
سەن مېنىڭ - سۆيگۈم مېنىڭ.

بەسلىشىپ ئەرلەر بىلەن ئىشتا ئۆلاردىن قالمىساڭ،
ھەم ئوقۇپ، ئىشلەپ كېچە - كۈندۈز دېمەي يا تالمىساڭ.
ئىشلىسەڭ ۋىجدان بىلەن ھېچكىمگىمۇ بەس سالمىساڭ،
سېنى سۆيمەستىن بولامدۇ، سۆيگىنىم سەن - سەن مېنىڭ.
سەن مېنىڭ - سۆيگۈم مېنىڭ. »
(«سۆيگۈم مېنىڭ» دىن)

بۇ پاك، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ ئوبرازلىق بەدىئىي ئىزھارىدۇر.

ھاياتنىڭ قىممىتىنى كىشىلەرنىڭ بىلىمى، يارانقان تۆھپىسى، پەزىلىتى، كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان ئىزى بىلەن ئۆلچىگەن تەلەپچان شائىر ھايات مەزمۇنلىرىنىڭ مەنىلىك، نۇرلۇق، گۈزەل تەرەپلىرىنى يارقىن ئەكس ئەتتۇرۇش، مەدھىيىلەش بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭ قاراڭغۇ، رەزىل، يىرگىنچلىك تەرەپلىرىنىمۇ كۆردى. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «مەن» ، «ئەيلىدى» ، «خۇشامەتجان» ، «خەلق سەسكەندى، ھۆ بولدى» ، «مەنىنىڭ شىكايىتى» ، «باشلىق بىلەن شوپۇر» ، «يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق» ، «مۇمكىنمۇ؟ » ، «خىزمەت تەقسىماتى» ، «ئادىل سودىيە» قاتارلىق ساتىرالىرىدا شائىر ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا، خەلققە، ھاياتقا سادىق، سەمىمىي، ھەققانىيەتچىل پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. بۇ يەردە شائىرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى، كىشىلەر روھىي دۇنياسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى ئاشكارىلاپ قاتتىق قامچىلىشىمۇ ماھىيەتتە ھاياتنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ھاياتنىڭ قىممىتىنى، گۈزەللىكىنى تېخىمۇ

ئاشۇرۇش ۋە يۇكسەك دەرىجىدە گەۋدىلەندۇرۇش ئۇچۇندۇر.

شۇنى ئېنىق ھېس قىلىمىزكى، شائىر غەنىزات غەيۇرانىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئىجابىي تەرەپلىرى، دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى مەدھىيىلەنگەن، كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئىچكى دۇنياسى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى، تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى نۇرلاندۇرۇلغان لىرىك شېئىرلىرى خەلق ئېڭىغا، دەۋر رېئاللىقىغا قانچىلىك يېقىن، راۋان، ئۇقۇمۇشلۇق، يارقىن يېزىلغان بولسا، شائىرنىڭ ساتىرىك شېئىرلىرىمۇ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش رېئاللىقىغا شۇنچە يېقىن، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ئۆتكۈر يېزىلغان.

«ئارقا ئىشىك» ناملىق ساتىرىدا شائىر «ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ، ئارقا ئىشىكتىن پويىز قاتنايدۇ» دېگەن خەلق تەمسىلىنى مىسال كەلتۈرۈپ، كادىرلارنى چىرىتكەن، پۇقرالارنى قاقشاتقان «ئارقا ئىشىك» تىن ئىبارەت مەرەزنى بولۇشىغا سۆكىدۇ.

«خىزمەت تەقسىماتى» ناملىق ساتىرىدا دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن تۇرۇقلۇق ئاسانلا ئالىي مەكتەپكە چىققان، دىپلوم ئالالمىغان بولسىمۇ ئەلا ئوقۇغانلاردىن بۇرۇن شەھەردە ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، پۇلنىڭ كۈچى بىلەن غالىب كەلگەن بىر قىزنىڭ ماڭغان يولىنى تەنقىد قىلىدۇ. بۇنداق رەزىل ئىشلارغا ھەم ئۇنىڭغا يول ئاچقانلارغا:

«ئامىسنىڭ ئارزۇسى: ئۇنىسە تىكەنلەر،
گۆر، خەندەك قېزىلسا ئاشۇنداق يولغا.
ساقايماس مەرەزۇ كۆيدۈرگە چىقسا،
شۇ پۇلنى ئالغان ھەم بەرگەن شۇم قولغا.»



دەپ نەپرەت ئوقۇيدۇ، قارغىش ياغدۇرىدۇ.

ئومۇمەن، «ھايات قوشىقى» ھەجمى ئىخچام، ئەمما مەزمۇنلۇق، ھايات رېئاللىقى ۋە ھايات ھەقىقىتى سۈزۈك شېئىرىي تۇيغۇ، جانلىق، گۈزەل شېئىرىي تىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى، ئىجتىمائىي رولى زور بولغان شېئىرلار توپلىمىدۇر.

# ھەسرەت قىسسىسى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ پاك، گۈزەل ئۈمىد ـ ئىشەنچ بىلەن تولغان روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ بۇزۇلغان، بۇلغانغان، ئۈمىدسىزلىك تۇمانى قاپلىغان، چۈشكۈن روھىي دۇنياسىنى تازىلاش، ساغلاملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

شائىر مامۇت زايىت «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلىنغان «ھەسرەتنامە» ناملىق شېئىرىدا تالانتلىق ياش سەنئەتكارىمىزنىڭ پاجىئەلىك تراگېدىيىسىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ، ئۇنىڭ ئۇ دۇنياغا بېرىپ ئوقۇغان ھەسرەتلىك قىسسىنى بۇ دۇنيادىكى تىرىكلەرگە بەدىئىي يول ئارقىلىق تەقدىم قىلدى. كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان مول مەزمۇن، يارقىن تۇيغۇلار بىلەن تويۇندۇرۇلغان بۇ شېئىر مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئارقىلىق جەمئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

ئەسەردە باقىي دۇنياغا كەتكەن ياش سەنئەتكارنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن ئېغىر سەۋەنلىكىگە قىلغان پۇشايمانلىرى خېلى سىستېمىلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنغان. شېئىردا:

«ئەمەسمىدىم ئاراڭلاردا گىتار چولپىنى،
جۇش ئۇراتتى تومۇرۇمدا يىگىتلىك قېنى.



يۈرىكىم ئوت، كۆي ـ ناخشىنىڭ دەرياسى ئىدىم،
سەھنە، بەزمە، مەشرەپلەرنىڭ بەرناسى ئىدىم.
ئەسلى پاك ۋە سەبىي ئىدىم، يوقتى ئىللىتىم،
ئىقبالىمغا كۆز تىكەتتى خەلقىم، مىللىتىم.
ئۇستازلىرىم كۈتكەن مەندىن زور ئۈمىد ـ تىلەك،
قۇچاق يايغان ماڭا گۈزەل ھايات ـ كېلەچەك.»

دەپ تەسۋىرلەنگەندەك، «يىگىتلىك قېنى» تومۇرلىرىغا پاتماي ئۇرغۇپ تۇرغان، ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى ئالتۇن دەۋرلىرىدىلا ئۆزىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كۆزگە كۆرۈنگەن «مەن» ئۈمىدۋار، تىرىشچان ياش ئىدى. ئەپسۇس ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن ئۇنى خىروئىندىن ئىبارەت «ئاق ئالۋاستى» يالماپ يۇتۇپ كەتتى. بۇ پاجىئە ئالدىدا كىمنىڭمۇ ئىچى سىيرىلماي تۇرالىسۇن؟!

«ئاھ، مەن نىتەي ئەمدى يوقتۇر تەن ـ جىسمىمدا جان،
مېنىڭدە نە تۆھپە ئىزى، نە نەپەس، زۇۋان.
كۈلدەك توزۇپ ئايلاندىم بىر ئۇچۇم تۇپراققا،
روھ ـ ۋىجدانىم تارتار مېنى سوراققا.
يۈزۈم يوقتۇر مەھشەردىكى ئەجداد ئالدىدا،
قېچىپ يۈرەر خىجىللىقتىن روھىم دالدىدا.»

مانا بۇ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپ ھاياتىنى نابۇت قىلغان بىر ياش روھنىڭ ھەسرەتلىك نالىسى.

نۆۋەتتە زەھەرلىك چېكىملىكلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر، خەلقنىڭ ئاھۇ ـ زارى ئېتىراپ قىلماي بولمايدىغان رەھىمسىز رېئاللىقتۇر. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بەرپا قىلغان گۈللىنىش ۋەزىيىتىدە خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا، تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش بولدى. بىراق خىروئىندىن ئىبارەت

«ئاق ئالۋاستى» نىڭ بىر قىسىم ياشلىرىمىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ بۇ نىجىس بىلەن ھەپىلەشكۈچىلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقى خەلقنى ئەندىشىگە سالماقتا. بۇ ۋەزىيەتكە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇبادا پۈتۈن جەمئىيەت، قانۇن ئورۇنلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ زەھەرلىك چېكىملىكنى قەتئىي چەكلىمىسە، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى ئاشكارىلانمىسا ئۇ ھالدا «ھەسرەتنامە» دە:

«ئەمەسمىدى مۇسبىتىم چوڭ قانلىق ساۋاق،
بەزى ياشلار ئالماي مەندىن ئىبرەتنى بىراق،
ئازغۇنلۇقتا پېتىپ قاپتۇ چوڭقۇر پاتقاققا،
ئۆزى ئۆلۈپ روھى كەلدى ۋەيلۇن دوزاخقا.
زامىن بولسا ياش ئەۋلادلار ئاقتىن جېنىغا،
ئۆلۈۋەرسە، كېلىۋەرسە تاۋۇت يېنىغا.»

دەپ نىدا قىلىنغاندەك پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، خىروئىن چېكىپ زەھەرلىنىش، ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىلىش، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىپ ئىنسانىي قىلىپتىن چىقىپ كېتىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئىللىتىنىڭ يامراپ كېتىشى، خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا بىلىمسىز، ئەقىلسىز، ۋىجدانسىز كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدا دېيىلگەن مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە شائىر ماموت زايىت «ھەسرەتنامە» ناملىق ئەسەردە مۇنداق خىتاب قىلغان:

«ھەي بولدىلا، دۆڭگىمەيلى ھەممىنى خەققە،



تارىخچىلار ھۆكۈمنى ئېيتار بۇ ھەقتە.

خىروئىننى پۇلغا ئېلىپ چەككەن ئۆزىمىز،
جېنىمىزنى خار ۋە زەبۇن ئەتكەن ئۆزىمىز.

ئەي تىرىكلەر، ئەس - ھوشۇڭلار كەتتى قەيەرگە؟
تېگىشمەڭلار ئاق زەھەرنى جانغا - گۆھەرگە.
قول ئۈزۈڭلار، دىل ئۈزۈڭلار رەزىل ئىللەتتىن،
قۇتۇلۇڭلار، ئەل قۇتۇلسۇن ماتەم - كۈلپەتتىن.»

بۇ مىسرالاردا رېئاللىققا بولغان بەدىئىي چۈشەنچە تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان، تېخىمۇ كونكرېتلاشقان ۋە پېرسوناژ تۇيغۇسى، ئەسلىمىسى ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن شېئىرىي تەپەككۇر ئومۇمىيلىقتىن ھالقىپ ئايرىملىقنى ئىپادىلەشكە كۆچكەن. شېئىردا ئېيتىلغاندەك، جەمئىيىتىمىزدە ئاڭسىز ۋە ئاڭلىق ھالدا، بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا زەھەرلىك چېكىملىككە ھەدەپ ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقانلار، ئۇنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلار ئاشۇ بىر قىسىم ئازغان ياشلاردۇر.

ئادەم قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۈلدەك ھاياتىنى نابۇت قىلسا، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك، ھايۋانلارمۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان نەرسىنى كۆرسە قاچىدۇ. ئەپسۇسكى، زەھەرلىك چېكىملىككە بېرىلگەن ياشلىرىمىز خىروئىندىن ئىبارەت ئاق نىجىسنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتىدۇ. بۇ نېمە دېگەن خەتەرلىك ئەھۋال - ھە؟! تارىختا نى ئېغىر قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، نامراتلىق، قالاقلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان خەلقىمىز ۋىجدانىنى ساتمىغان، روھىي دۇنياسىنى زەئىپلەشتۈرمىگەن، ئىمانىنى بولغىمىغانىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ياشلىرىمىز ئىچىدىن بەزىلىرىنىڭ شۇنچىۋالا

بۇزۇلۇپ، تاپتىن چىقىپ كېتىشىنى كەم ئويلىغان. «ئاق ئالۋاستى» غا يەم بولۇپ ھالاكەت گىردابىغا قاراپ كېتىۋاتقانلار ۋە كەتكەنلەر يالغۇز ئۆزلىرى بىلەنلا كەتسە، كاشكى. ئۇلار باشقىلارغىمۇ يامان تەسىرىنى يۇقتۇرىدۇ. كەلگۈسىدىن گۈزەل ئارزۇلارنى كۈتكەن خەلقنى قايغۇ دېڭىزىغا غەرق قىلىدۇ. بىچارە ئاتا - ئانىلارنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەردكە مۇپتىلا قىلىدۇ.

روشەنكى، «ھەسرەتنامە» ئازغان ياشلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش جەھەتتە خېلى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى.



# ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك تەربىيىسى

كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى تەشەببۇس قىلىش تۇيغۇسى، ئارزۇسى بۈگۈنكى دەۋردىلا شەكىللەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چوڭقۇر تارىخى ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋى يىلتىزى بار. ئىنسانلار ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات دەۋرلىرىدە گۈزەل ھاياتنى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتنى، گۈزەل غايىنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلەپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تارىخى ئېستېتىك تۇيغۇ، ئېستېتىك غايىدىن ھاسىل بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى ئامىللارنىڭ تۈرتكىسىدە، گۈزەل دۇنيانى يارىتىش يولىدىكى ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەم ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش كۈرىشى بىلەن تولغان. بۇ كۈرەش داۋامىدا ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىزگە گۈزەللىك كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ھەممىدىن مۇھىمى، گۈزەللىك ھەققىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەردە ئىپادىلەنگەن ئەنئەنىۋى گۈزەللىك تەربىيىسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ ئاجايىپ زور تەسىر كۈچىگە ئىگە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار ئورتاق ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن مەزمۇنلار ھازىرقى

مەزگىلدىمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېڭىدىن قوشۇلۇۋاتقان ماقال - تەمسىللەر گۈزەللىك تەربىيىسىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتماقتا.

پىكرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن، بىر قانچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى:

«مەدەنىيەتسىز ئەل چۆل كۆرۈنەر،
مەدەنىيەتلىك ئەل كۆل كۆرۈنەر.»
«ئەدەپلىك ئەلنى گۈل قىلىدۇ،
ئەدەپسىز ئەلنى كۈل قىلىدۇ.»

بۇ ماقالىلاردا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرلەرنىڭ مەزمۇنى، دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بۇلار ھازىر ئۈچۈنمۇ، يىراق كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ تەڭداشسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقى ماقالىدىكى «چۆل» بىلەن «كۆل»، كېيىنكى ماقالىدىكى «گۈل» بىلەن «كۈل» دىن ئىبارەت روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ كۆرسىتىلگەن، بىر - بىرىگە ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئۇقۇملاردىن ھاسىل بولغان ئىسىملار قىممىتى يۇقىرى مول ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇستەھكەم ئەمەلىي ئاساسقا، ئىشەنچلىك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. بىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە گۈزەللىشىشى، ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە گۈزەللىشىشىنىڭ تومۇرى يەنىلا پەن - مەدەنىيەتكە، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتكە باغلىنىدۇ. شۇڭا، پەن - مەدەنىيەت ۋە ئەدەب - ئەخلاقنى تەرەققىي تاپقان جەمئىيەتنىڭ ۋە تەرەققىي تاپقان خەلقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى، گۈزەللىك سۈپىتىنى كۆرسىتىشنىڭ ئاساسى ۋە نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئىككى ماقالىدا بۇ خۇلاسە ناھايىتى ئىخچام سۆزلەر



بىلەن مەزمۇنلۇق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

ئەدەب - ئىنسانلارنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي ماھىيىتىنى، سۈپىتىنى كۆرسىتىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان تۈپ ئامىل. ئەخلاق، پەزىلەت، ئىنتىزام قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى يەنە كېلىپ ئەدەبكە مەركەزلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەدەبنى ئىنسانلارنىڭ تارىختىن - تارىخقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئېسىل ئىستىلىنىڭ گۆھىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدە ئەدەبلىك بولۇشنىڭ مۇھىملىقى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتى ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن تەجرىبىلەرگە ئاساسەن دانا پىكىرلەر بىلەن مېغىزلىق ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

«ئەدەبلىك ئەدەب بىلەن تاش يارار،
ئەدەبسىز مۇشتۇم بىلەن باش يارار.»
«ئەدەبلىك بالىسىنى توغرا قىلىدۇ،
ئەدەبسىز بالىسىنى ئوغرى قىلىدۇ.»
«ئەدەبلىك ئېتىپ يەيدۇ،
ئەدەبسىز يېتىپ يەيدۇ.»

بىز بۇ ماقالىلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەدەب ئارقىلىق ئۆلچەنگەن كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز، ئەدەبلىك بولۇشنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز. تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن ئېلىنغان نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ياخشى ئەخلاق، ئېسىل خىسلەت، بىلىم، پەم - پاراسەت، مەدەنىيەت، ئىنتىزام، ئىرادە، ئىشەنچ، قەيسەر روھ، ھەقىقىي ئىنسانىي مۇناسىۋەت ئەدەپلىك كىشىلەرگىلا خاس. جەمئىيەتنىڭ ياكى كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى تەقدىرىنى ھەل قىلىش، بەلگىلەش مەسىلىسىمۇ گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان

ئەدەب ـ ئەخلاق، مەدەنىيەت تەربىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. ئەۋلادلارنىڭ ساغلام تەربىيىلىنىپ، يارامىلىق ئادەملەرگە ئايلىنىشى ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە خارابلىشىپ كېرەكسىز ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشى — ئەدەپلىك ـ ئەدەپسىزلىكنىڭ، مەدەنىيەتلىك ـ مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىدىن چىقارغان خۇلاسىسى «ئەدەبلىك بولاي دېسەڭ، ئەدەبسىزدىن ئىبرەت ئال» دەپ يىغىنچاقلىغان.

تىل — قەلبىنىڭ خەۋەرچىسى، شۇڭا ئۇ قەلبتىكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى بېلىنىسكىي ئېيتقاندەك، «ئادەمنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ۋە پاكلىقى ئۇنىڭ ئىچكى گۈزەللىكى ۋە پاكلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇش لازىم». بۇ نۇقتا ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«دىلى يۇمشاقنىڭ سۆزى يۇمشاق،»
«قەلبى يۇمشاقنىڭ سۆزى گۈزەل.»

بۇ ماقالىلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى، خاراكتېرىستىكىسى، ئىچكى ـ تاشقى دۇنياسى كۆز ئالدىمىزدا ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىقىلاردىن ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بىز ھازىر مەملىكىتىمىز بويىچە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «5 بولۇش، 4 تە گۈزەل بولۇش» پائالىيىتى داۋامىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك تەربىيىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىز لازىم.



# «پەرۋاز قىل تۇرپان» ئۈستىدە مۇلاھىزە

ئاخباراتچىلىق كەسپى، ئاخبارات ئەدەبىياتى دۆلەت، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئىستىقباللىق ساھە. ئۇ ئىقتىسادىي بازىنى مۇستەھكەملەش، گۈللەندۈرۈش، پەن ـ مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ. بۇ مەسىلىنى نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن يولداش رازاق تۆمۈر بىلەن ئۆمەرجان سىدىق تۈزگەن «پەرۋاز قىل تۇرپان» ناملىق تاللانغان ئاخبارات ئەسەرلىرى توپلىمى نەشر قىلىنىپ، بازىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلاندى. بۇنداق بولۇشقا تۆۋەندىكى ئامىللار تۈرتكە بولدى . . .

بىرىنچى، ئەسەرلەر مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن يەرلىك پۇراق، مىللىي تۈسكە ئىگە قىلىنغان. ئىككىنچى، ئەسەرلەردە تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئەمەلىيىتىنىڭ نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرى تەنتەنىلىك تەسۋىرلەنگەن. ئۈچىنچى، توپلامدىكى ئەسەرلەردە رېئال شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىپىك ئىش ئىزلىرى، رېئال ھەم ئەھمىيەتلىك تەپسىلاتلار راستچىللىق، سەمىمىيلىك بىلەن ئىنكاس قىلىنغان. تۆتىنچى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىلىغا ياقىدىغان ھەم ئۇلار ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر

ئۇستىدە كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك، ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور، ئىلمىي قىممىتى بار ماقالىلەرگىمۇ توپلامدىن مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلگەن. بەشىنچى، بۇ توپلامغا مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى، ئىسلاھات نەتىجىلىرى نامايەندە قىلىنغان ئەسەرلەر كىرگۈزۈلۈپ پايدىلىنىش قىممىتى ئاشۇرۇلغان.

ئاخبارات ۋە ئاخبارات ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەينەنلىكى، دەۋرچانلىقى، راستچىللىقى، يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش رولىنىڭ زورلۇقى، ئاممىۋىلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا بەك يېقىن تۇرىدۇ. «پەرۋاز قىل تۇرپان» دىن يۇقىرىدىكى ئۆزگىچىلىكلەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

«پەرۋاز قىل تۇرپان» ناملىق توپلامغا ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك، بىر قىسىم ئىلمىي قىممىتى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. «توپلامدىكى شان - شەرەپكە تولغان سەككىز يىل»، «سايقىرلىقلار كۆلمەكتە»، «ئىدىقۇت باغرىدىكى نۇرلۇق چىراغ»، «يۈكسەلگىن يەنە چاتقال، يار ساڭا گۈزەل ئىقبال»، «مۇزنى ئېرىتكەن مۇھەببەت»، «مەن كۆرگەن كىشىلەر ئارىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەردە ئاددىي خەلقنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى بىلەن زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى، بازار ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە تىرىشىش جاسارىتى، ئەنئەنىۋى ئاڭدىن زامانىۋى ئاڭغا يۈزلىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش داغدام يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

توپلام ئۆزىنىڭ بىرىنچى بېتىنى يولداش مۇھەممەت



رەجەپنىڭ تۇرپان رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، ھاۋا كېلىماتى، بايلىقى، خەلقى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، سانائىتى، يېزا ئىگىلىكى، سەھىيە، مائارىپ، پەن - مەدەنىيىتى ۋە باشقا ئۆزگىچىلىكلىرى سىستېمىلىق، يىغىنچاق تونۇشتۇرۇلغان «گۆھەر زېمىن - تۇرپان» ناملىق ئۇنىۋېرسال مەزمۇندا يېزىلغان ماقالىسى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۇرۇشكە شەرت ھازىرلىغان.

سىز «پەرۋاز قىل تۇرپان» ناملىق توپلامدىكى رازاق تۆمۈر بىلەن ئىلھام سەيدۇللا يازغان «ئۇيقۇدا ياتقان مەھەللە» ناملىق ئەدەبىي ئوچېركنى ئوقۇسىڭىز، خۇددى چۈچۈك، ئىخچام يېزىلغان بىر پارچە ھېكايىنى ئوقۇغاندەك ھېسسىياتقا كېلىسىز. بۇنىڭغا قاراپ، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنى تەكرار پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق يارامىلىق، ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغىنىغا ئوخشاش، رېئال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزىدىن ماتېرىياللار ئېلىپمۇ، شۇنداق ياخشى ئاخبارات ئەسەرلىرىنى يېزىشقا بولىدىكەن، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىسىز.

ئۆمەرجان سىدىق يازغان «مەنىلىك كۈنلەر» تاللانغان تېمىسىنىڭ ئەھمىيەتلىكلىكى، ۋەقە، تەپسىلاتلىرىنىڭ تەسىرلىكلىكى، ئىپادىلەش سەنئىتى، تىل ئىشلىتىش ماھارىتى جەھەتلەردىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئوچېرك. ئۇنىڭدا ئۆز كەسپلىرىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ بىلىم ئېلىش، بىلىم بېرىش مۇددىئاسىدا جەم بولغان كىشىلەرنىڭ تەنتەنىلىك كۈنلىرى تەسۋىرلەنگەن. «پەرۋاز قىل تۇرپان» غا كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن لەرزىگە سالىدىغان بىر يۈرۈش تاللانغان ئاخبارات ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتابخانلارغا ئۆزگىچە تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەر «ئۇزۇم بايرىمىدىن كارتىنىلار»

بولدى. يولداش ئەخمەت راخمان تەسىرلىك بايرام پائالىيەتلىرىنى خېلى جەلبدارلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان. ئەسەردە يۇرت ئالاھىدىلىكى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن يېڭى قىياپىتى، خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ ئەسەر تۇرپان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇش، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇش، جاسارەتلىك ياخشى خىسلەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە تۈرتكە بولۇش، يېتەكلەش رولىنى ئوينىغان. «باركاللا، قارا ئالتۇن قازغۇچىلار» دا يولداش رازاق تۆمۈر بىلەن ساتتار رېقىپ ئۆزگىچىلىكى بار تېمىنى تۇتقان. بىر قەدەر ئومۇملاشقان ماھىيەتلىك يېڭى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەجرىبە خاراكتېرلىك بۇ ماقالىدە يەرلىك ئورۇنلار باشقۇرغان بىر كۆمۈر كانىنىڭ 26 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھىم تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، يەرلىك سانائەت ئىشلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بەرپا قىلىنىش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى روشەن يورۇتۇپ بېرىلىپ، تۇرپانلىق كان ـ كارخانىچىلارنىڭ روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

«پەرۋاز قىل تۇرپان» دا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى خەلق ئاممىسىغا تونۇتۇشتا، خەلقنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئاشۇرۇشتا، خەلق ئاممىسىنى مەرىپەتپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيىلەشتە زۆرۈر بولغان مۇھىم، ھالقىلىق، ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەر كونكرېت مۇھاكىمە قىلىنغان. يولداش مۇھەممەت راخماننىڭ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «تاۋار تۇرى تاختىيىدىن خەلقنىڭ تىجارەت ئېڭىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە پۇختا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، كونكرېت مەسىلە كونكرېت مۇھاكىمە قىلىنغان، خېلى جېنى، كۈچى بار، مۇھىم پايدىلىنىش، تەسىر كۆرسىتىش قىممىتىگە ئىگە



ئەسەردۇر.

تۇرمۇشىمىزدا، ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە پەخىرلىنىشكە، ماختاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىجابىي مەسىلىلەر، ئۈلگە، ئۆرنەك بولالايدىغان رېئال تىپلار، ئىشلار، مۇنەۋۋەر شەخسلەر مەۋجۇت بولغاندەك، بەزى سەلبىي ئىشلار، ناچار ئىللەتلەرمۇ سائەت، مىنۇت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە خاتا ھەرىكەت، جىنايى ئىشلارنى، ناچار ئىللەتلەرنى ئاشكارىلاشتىن، تەنقىد قىلىشتىن قورقىدىغان كەيپىيات خېلى ئېغىر ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. «تاۋار تۇرى تاختىيىدىن خەلقنىڭ تىجارەت ئېڭىغا نەزەر» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت راخمان ھازىرقى كۈنسېرى روناق تېپىپ راۋاجلىنىۋاتقان بازار ئىگىلىكىگە تۈپتىن خىلاپ خاتا خاھىش، پاسسىپ ھەرىكەتلەرنى دادىل پاش قىلغان. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيىنى، يامان تەسىرى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. غوپۇر جاپپار يازغان «ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن ئىككى كەلىمە» ناملىق ماقالىنىڭ تەسىر كۈچىنىمۇ تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلار ئاددىي، ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك ئىشلاردەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاپتور ئۇنى كىشىلەر ئوبدان ئويلىنىپ، توغرا بىر تەرەپ قىلالمىسا بولمايدىغان مەسىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاخبارات كەسپى، ئاخبارات ئەدەبىياتى زامان ئېقىمىغا، دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا، رېئاللىققا بەكمۇ ياندىشىدۇ. ئۇنىڭدىن دەۋرنىڭ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەينەن كۆرگىلى بولىدۇ. «پەرۋاز قىل تۇرپان» دا ماھىيەتلىك رېئال تەپسىلاتلار تەسۋىرلىنىش، تەسىرلىك ئۆزگىرىشلەر، قىزىقارلىق چىن ۋەقەلەر جەريانى بايان قىلىنىش، مۇھىم ئاچقۇچلۇق رولى بار

مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىشتىن تاشقىرى، يەنە بىر مۇنچە زاماندىاش، تەقدىرداش، مۇنەۋۋەر، تۆھپىكار شەخسلەرمۇ توپلام ئىچىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالغان. مەسىلەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا يېتىشىپ چىققان ئۈلگىلىك كارخانىچى ئېلىياز ئالماس، ئىدىقۇت باغرىنى چىراغ نۇرى بىلەن يورۇتقان تېخنىك، نەمۇنىچى شەخس خالىق ئىبراھىم، كېسەللەرنىڭ شەپقەتچىسى پېشقەدەم دېھقان تۇنىياز، «8 – مارت قىزىلبايراقدارى» ئايىمخان قاتارلىقلار.

«پەرۋاز قىل تۇرپان» نى چۆرىدەپ يۇرگۈزگەن مۇلاھىزىنىڭ مەقسىتى ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىمۇ بۇ ساھەگە ئەھمىيەت بېرىپ تۇرۇشنى سەممىي ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت.



# مۇھەممەتئېلى زۇنۇن دراملىرى ھەققىدە

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن تۆتى تەل ئەتراپلىق يېتىلگەن مول ھوسۇللۇق ئىجادتكار. ئۇ دەسلەپتە شېئىري ئىجادىيەت بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەندى. بىر مەزگىل پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بىر مۇنچە ياخشى ھېكايە، پوۋېستلارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. كېيىن قەلەم كۈچىنى سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ھازىر ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان دراماتورگىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بىردىنبىر ۋەكىلى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى دراما ئىجادىيىتى ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىيات – سەنئەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئاساسلىق ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن بىر ساھە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات – سەنئەت تارىخىدىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى.

سەنئەتخۇمار، پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ پارلاق ئەدەبىيات – سەنئەت تارىخىدا شېئىرىيەت، مۇزىكا، ناخشا – ئۇسسۇل قاتارلىق سەنئەت تۈرلىرىدە بۈيۈك شۆھرەت قازىنىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىنىڭمۇ خىلمۇ خىل سەھىپىلىرىنى ئېچىشنىڭ ياخشى دەۋرىگە قەدەم قويدى.

مەلۇم بىر مىللەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى تەكشى تەرەققىي قىلىشى ناتايىن. بىخ ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان بولسا، بەزىلىرى تەرەققىيات قەدىمىنى يېڭىدىن باشلىغان بولىدۇ. بەزىلىرى رەسمىي شەكىللىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولسا، بەزىلىرى ۋايىغا يېتىپ گۈللىنىش دەۋرىگە كىرگەن بولىدۇ. ھەتتا تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ.

ئالدىنقىلارنىڭ ياراتقان باي، ئېسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، توپلاش، ئۆزگەرتىش، كونىدىن يېڭىنى ئىجاد قىلىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن زامانىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تۈر ـ ژانىرلىرىنىڭمۇ تەرەققىيات سۈرئىتى، سۈپىتى، سانى تەكشى بولماي كەلدى. بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە پاكىتنى ئانچە يىراقتىن ئىزدەپ يۈرمىسەكمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتى جەريانىدا ئوخشاشلا باشتىن ئاخىر شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىرىنچى ئورۇننى، پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىككىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى. ئۇنداق بولسا، دراماتورگىيە ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قايسى ئورۇنغا قويۇشىمىز كېرەك؟

ئەسلىدە دراما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خېلى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ژانىرلارنىڭ بىرى. يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ مۇساپىسىدە دراماتورگىيە ئىجادىيىتىدە كۆپ ئىزدەنگەن ھەم بۇ ساھەدە داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ يازغان سەھنە ئەسەرلىرى سان ۋە سالماق جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەپ كېتەلمىدى ياكى «بار» بىلەن «يوق» نىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ كەلدى. بۇ رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بەلەك



ژانىرلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا كۆپ كېيىن قالغان بولۇپ، تېخى ئەمدىلا ئۈچىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

دەۋرىمىز ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ 40 ـ ۋە 50 ـ يىللىرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «توي» قاتارلىق مەشھۇر سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئاپتورى زۇنۇن قادىرنى تاماشىبىنلار قەلبىنى سۆيۈندۈرگەن ھەم بۇ ساھەنىڭ مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئېلىمىز كىتابخانلىرى جامائەتچىلىكىگە پىششىق تونۇلغان سەركەردىسى، بوۋىسى، گىگانت تۆھپىكارى دېسەك، يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى تەرەققىيات يولىنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، قويۇق مىللىي تۈس، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئارقىلىق نۇرلاندۇرغان چولپىنى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كۆپ قىرلىق، قابىل، ماھارەتلىك، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىپ يېتىلىشكەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت دۇنياسىنىڭ مۇشكۇل سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ پىشقان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇب شەكىللەندۈرگەن دىتلىق ئىجادكار.

ئۇنىڭ چارەك ئەسىرلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە شېئىرىي ئىجادىيەت ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن ئىدى. بۇ ئىجادكارىمىزنىڭ كېيىنكى ئون يىلدىن بۇيانقى ئىجادىي ئەمگەكلىرىدە دراما ئەسەرلىرى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ھازىر مول ھوسۇللۇق ئىقتىدارلىق شائىرلىقتىن ئۆتۈپ مول ھوسۇللۇق ئىقتىدارلىق دراماتورگ بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ درامىلىرى يالغۇز ئۆزى تۇرۇشلۇق قەشقەر ۋىلايىتى

سەھنىلىرىدىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيەلىرىدىمۇ كەڭ - كۆلەمدە ئويلىنىپ كەلمەكتە. شۇنىڭدەك مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ دىراملىرى «تارىم»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلار، تاماشىبىنلارنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشىگە، ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ ئارقىلىق يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تولىمۇ ئارقىدا قېلىپ كېلىۋاتقان ئاجىز ھالقىنى جانلاندۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن بەلكى ھازىرقى ئەدەبىي ئىجادكارلار سېپىمىزدە مەخسۇسلاشقان دىراماتورگلار قوشۇنىنىڭ ئۆز ئالدىغا سەپ تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا يول ئاچتى. ئۈلگە كۆرسەتتى. باشلامچى بولدى. ئۇنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىللار مابەينىدە يازغان: «ھەسىنىكام ئاچچىق ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ھېيتكاھ تۇمانلىرى»، «ئۈچ نەۋقىران»، «مۇقام ئۇستازى»، «ھىجران»، «يەتتە قىزلىرىم»، «كۆن تۇغدى»، (يازغۇچى ئەخەت تۇردى بىلەن بىللە يازغان)، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «قايچا قۇدا»، «كېچىككەن توي»، «كۆمۈلمەس ئىزلار» قاتارلىق دىراملار، تراگېدىيە، كومېدىيە، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى بىزگە خېلى قېنىق تونۇشلۇق بولغان ئەسەرلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ 1988 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى سەھنە ئەسەرلىرى توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئەدەبىياتنىڭ ھەر بىر ژانىرىغا تەئەللۇق ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتى، پرىنسىپى بولىدۇ. ئۇلار ئەشۇ ئالاھىدىلىك، ئاشۇ



قانۇنىيەت، پرىنسىپلىرى بويىچە ئىجاد قىلىنىپ، ئۆز ئوبيېكتلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. لېكىن قايسى ژانىردىكى بولمىسۇن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەممىسى ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ كوللېكتىپلىقى، ئۇنىۋېرساللىقى، كونكرېتلىقى ۋە بىۋاسىتىلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇ يەنە ئىجاد قىلىنىش داۋامىدا ناھايىتى قىيىن، ناھايىتى زىل ئۆتكەللەردىن ئۆتىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا سەھنىگە، ۋاقىتقا مەركەزلەشكەن چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى ئۈچۈن قىيىنچىلىق ۋە باش قېتىنچىلىقى ئېلىپ كېلىدۇ.

- دېمەك 19 - ئەسىردە ئەنگلىيە جەمئىيىتىدىن چىققان شېكسپىر دىراملىرى، 20 - ئەسىردە ئېلىمىزدىن چىققان مەشھۇر دىراماتورگلار ساۋجۇ، زۇنۇن قادىر دىراملىرى ئەينى زامانلاردا قانداق زېھنىي كۈچ، پاراسەت، بەدىئىي يۈكسەك ماھارەت، يۇقىرى تەلەپ، جاپالىق تىرىشچانلىق روھ بىلەن يېزىلىپ سەھنىگە چىققان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن دىراملىرىمۇ خۇددى شۇنداق تىرىشچانلىق، تەلەپچانلىق بىلەن ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

بەدىئىي تالانت، بەدىئىي ماھارەت، بەلگىلىك سەنئەت قارشى ئەدەبىي ئىجادكارلاردا پەقەت ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە بارغانسېرى تولۇقلىنىپ ۋايىغا يېتىپ تاكامۇللىشىدۇ.

يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇندىكى شائىرانە تالانت، يازغۇچىلىق تالانت، ۋە دىراماتورگلىك تالانت ۋە بەدىئىي ماھارەت قاتارلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى، مۇكەممەللىشىش جەريانلىرىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ دىراماتورگىيە ئىجادىيىتى ساھەسىگە قەدەم

قويۇپلا تۇنجى قېتىم يازغان سەھنە ئەسىرى «ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» بىلەن دەسلەپكى غەلىبىنى قولغا كەلتۇردى. ئۇ، شېئىر، پروزا ئەسەرلىرىدىلا ئەمەس، دراماتۇرگىيە ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ تالانت، بەدىئىي دىت، قەلەم كۈچىنى باشقىلارغا بايقاتتى. ئۇزۇلدۇرمەي ئۇلاپ ئىجاد قىلغان «مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، سەھنىلەردە نەتىجىلىك ئوينىلىپ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ كۈچلۈك دىققىتىنى قوزغىۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخ، تارىخىي رېئاللىق، تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى، تىپىك ئىش - ئىزلىرى، بۈگۈنكى دەۋر روھى، بۈگۈنكى دەۋر رېئاللىقىدا يۈز بەرگەن خىلمۇ خىل ھادىسىلەر، ماھىيەتلىك ۋەقەلەر ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ قالدى.

«مەسلىھەت چېيى» - دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇنىنىڭ دەسلەپ سەھنىلەشتۇرۇلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاپتور درامىدا مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك پۇراقتىن، ھادىسە بىلەن ماھىيەتتىن، جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ئىستىقباللىق يۈزلىنىش بىلەن غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشتىن تارىخ تەرەققىياتى بىلەن دەۋر روھىنى، مىللىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتنى زىچ بىرلەشتۇرگەن ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نۇقتىلىق باغلىنىشنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بەرگەن.

درامىدا پېرسوناژلارنىڭ جانلىق ھەرىكىتى، تەسىرلىك مەنىۋى پائالىيەتلىرى، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ئۆتكۈر تىل ۋاستىسىنىڭ ياردىمى بىلەن جانلىق ئىپادىلىنىپ، كەسكىن دراماتىك توقۇنۇشنىڭ يېشىمى دەل جايىدا چىقىرىلغان. نەتىجىدە بۇ دراما ئۇيغۇر مۇھىتىدىن ئېلىنغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش



تەپسىلاتلىرىنى، كىشىلەرنىڭ رېئالنى مۇناسىۋەتلىرىنى يارقىن گەۋدىلەندۇرۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش، ھېس قىلىش سېزىمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىش، ئۇلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك ئېستېتىك تۇيغۇ بېغىشلاپ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرۇش سەۋىيىسىگە يەتكەن.

«مەسلىھەت چېيى» نىڭ جامائەتچىلىكنى رازى قىلغان ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى: ئەسەردىكى تاللاپ ئېلىنغان تېما خەلق ئاممىسى ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئاپتور تەرىپىدىن رېئالىستىك ئۇسۇلدا ئېچىپ بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئەسەردە دراماتىك توقۇنۇشنى تېپىكلەشتۇرۇپ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى قارمۇ قارشى كۈچلەرنىڭ كەسكىن ئېلىشىش مەيدانىغا مەركەزلەشتۇرۇپ، ئاپتور ئۆز مۇددىئايىنى تىركىشىش مۇھىتى ئىچىدە ئاشكارىلىغان.

ئەسەرگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلار بىر - بىرىسىدىن پەرقلەندۇرۇلگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېنىق مەلۇم بولغان خاسلىق خاراكتېرى ئارقىلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا گەۋدىلىنىدۇ ھەم روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىدۇ. ئادەتتە كىشىلەرگە ئەسەردە ئىككى ياشنىڭ ساپ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلۇشتىن باشقا ئۇلارنىڭ نەزىرىنى ئۆزىگە ئالاھىدە تارتقۇدەك بىر نەرسە ئىپادىلەنمىگەندەك سېزىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا دراماتورگ بۇ درامىسىدا ئەينى ۋاقىتلاردا بىر مەھەل دۆلەتنى ۋەيران قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋالغان غالجىرلاشقان قارا كۈچلەرنىڭ ئاق تېررورلۇقىنى ۋە شۇ يىللاردا ئېسىل مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر ئىچىگە كىرىپ قالغان ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئاپەتلىك يىللار كەلتۇرۇپ

چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەرگە، فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلارگە كۈچلۈك رەددىيە بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپتور بۇ ئەسەردە باھار نۇرىدا جىلۋىلەنگەن يېڭى ھايات رېئاللىقىنىڭ ئۇلۇغۋار ئېقىمى بەخش ئەتكەن خاتىرجەملىك ۋەزىيەتتىنىڭ ياخشى كۈنلەرنىڭ ساداسى ئىچىدە ئۆز بەختىگە ئېرىشىپ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ۋىجدانلىق، ئىرادىلىك شەھەر قىزى ئاينۇر بىلەن شەھەر يىگىتى ئەزىزدىن ئىبارەت ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ خۇشاللىق، بەخت تەنتەنىسىنى ئىپادىلەش يولى بىلەن خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ فېئوداللىق نىكاھ سودىسى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرىشىگە، ئىسلاھات روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان.

بىز «مەسلىھەت چېيى» ناملىق بۇ سەھنە ئەسىرىدىن خاراكتېرلىرى تەبىئىي تۈردە خاسلىق بىلەن ئورتاقلىقنىڭ بىرلىك مەركىزىدە ئاشكارىلانغان ئۈچ خىل ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ بىرى — ئاينۇر، ئەزىزدۇر، بۇلار ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش، يىغا - زارە، قايغۇ - ھەسرەت بىلەن تولغان تۇمانلىق يىللاردا تېپىشقان مېھرىبان، ساددا، ئۈمىدۋار، ئۆز ئىرادىلىرىگە سادىق، فېئوداللىق قائىدە - يوسۇنلارغا چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغۇچى، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ھەۋىسى كۈچلۈك، پەزىلەتلىك، چىن - ھەقىقىي قەلب گۈزەللىكى نۇرى ۋۇجۇدىدا پارلىغان زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. يەنە بىرى — خۇراپاتلىقنى ساقلىغۇچى، ئاتاق ئابرۇيغا بېرىلگەن، ئۆز نەپسلىرىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدىغان بىر قىسىم جاھىل كۈچلەرنىڭ مۇرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان شاراپەتخان، سائادەتخان ئوبرازىدۇر، ئەمدى چۆيۈن مەخسۇم، ھاشىم ياپسالارغا كەلسەك، بۇلار كىشىلەر ئارىسىدا قاقتى - سوقتى قىلىپ نەپ ئېلىپ كەلگەن، دەللاللىقنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ۋەكىلىدۇر.



دراماتورگ سەھنىدە جانلىق، ھەرىكەتچان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن ئەسەردە يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بېقىندىلىق ۋە قارمۇ قارشىلىق مۇناسىۋەت ئۈستىگە مەركەزلەشكەن كونكرېت پائالىيەتلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ھەم پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ چىن، ھەقىقىي بولۇشىغا ئوڭۇشلۇق شارائىت ھازىرلىغان.

بەدىئىي ئىجادىيەتتە تېمىنىڭ قانداق مۇددىئا ئاستىدا تاللىنىشى، ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق پرىنسىپتا تەشكىللىنىشى، تەپسىلاتلار تەسۋىرىنىڭ قانداق ئۇسۇلدا چىنلىق، دەللىك ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈلۈشى، ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈلگەن جانلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ قانداق قوللىنىلىشى، ئەسەر تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا مۇھىم شەرت بولالايدۇ.

«مەسلىھەت چېيى» دىكى تىغمۇ تىغ تىركىشىشتىن ۋۇجۇدقا چىققان ھەم جىددىي ھالەتتە ئىپادىلەنگەن بىر قەدەر مۇرەككەپ زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئەنە شۇنداق بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر قايىنىمىدا پىشۇرۇلغان ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەل سۇژېت لىنىيىسى ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيەنى ئېچىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا تەبىئىي يوسۇندا بېقىندۇرۇلۇپ بىر يۆنىلىش بويىچە راۋاجلاندۇرۇلغان.

ئەسەرگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلارنىڭ سانىمۇ خېلى بار. لېكىن ئاپتور يۈزمۇ يۈز ئېلىشىش بىلەن مەيدانغا چۈشكەن ئىجابىي، سەلبىي تەرەپتىكى پېرسوناژلار كوللېكتىپىنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىنى نىسبەتلەشتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلانغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىدىيولوگىيە سىستېمىسىمۇ، تۇرمۇش يولى

ھەرىكىتى، خاراكتېرى ئۆز مەنتىقىسىغا تامامەن ئۇيغۇنلاشقان.

بىز درامىنى سەھنىدىن كۆرۈپ زىددىيەت، توقۇنۇشنىڭ تازا ئەۋج ئېلىپ كەسكىنلەشكەن يەرگە كەلگەن چاغلىرىمىزدا قانداقتۇر قەلبىمىزدە جىددىيلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. قارمۇ قارشى مەيدان، مەقسەتتە ئوتتۇرىغا چىققان پېرسوناژلارنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئىجابىي كۈچلەر ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىنىدۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتنى ھەل قىلىش نەتىجىسىنى چىقىرىشتىكى مۇددىئاسى ئەسەردە ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

دېمەك دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن درامىدا قارشى مەيداندىكىلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ئۇلارنىڭ شۇ ماكان، شۇ مەزگىل، شۇ سورۇندا ئۈستۈنلۈك ئورنىغا ئۆتۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ، تېخىمۇ غالجىرلىششقا يول قويۇشتىكى مەقسىدى — ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى رەزىللىكىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلارنىڭ ئويلىغان ئويلىرىنىڭ، قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تاماشىبىنلار ئاممىسىغا چوڭقۇر تونۇتۇش، ئۇلارنىڭ ئىپلاس ھەرىكەتلىرىدىن خەلق ئاممىسىنى نەق مەيداننىڭ ئۆزىدىلا قاتتىق سەسكەندۈرۈش، كۈچلۈك نەپرەتلەندۈرۈش تۇيغۇسىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر. رېئاللىق ئۆزى گۇۋاھ بولالايدۇكى: جەمئىيىتىمىزدە، كىشىلەر ئېڭىدا، كىشىلەر تۇرمۇشىدا، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدە پاسسىپ خاھىش، بىنورمال ھەرىكەت، يارامسىز ئىدىيىۋى ئىللەت، فېئوداللىق قائىدە - يوسۇننىڭ تەسىر كۈچى ئەۋج ئېلىپ يامراپ كەتتى دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بەرىبىر بۈگۈنكى ئۇلۇغ ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرغان، يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە ئاساسلىق ئېقىمغا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، تارىخ ھامان ئۇنى ئېرغىتىپ تاشلايدۇ. سەلبىي كۈچلەر پۇرسەت تېپىپ باش كۆتۈرۈشكە، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشقا قانچىلىك ئورۇنسىمۇ



ھامان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېڭىلىنىۋاتقان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغان ئاكتىۋال كۈچلەرنىڭ تاپىنىدا قېلىۋېرىدۇ خالاس.

مۇبادا دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن «مەسلىھەتچىيى» دە زىددىيەت توقۇنۇشنىڭ باشلىنىش قىسمىدىلا سەلبىي كۈچلەرنى قورشاپ ئەكېلىپ بىراقلا ئىجابىي كۈچلەرنىڭ كونترول قىلىشىغا چۈشۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارىلاش قىيىنغا چۈشەتتى ياكى قايىل قىلىش كۈچىگە ئېرىشەلمەيتتى. ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ چىدام ۋە قەتئىي ئىرادىسىنىڭ تۈرتكىسىدە غايىۋى مەنزىلگە ياندىشىپ ئىلگىرىلەش يوللىرىدىكى توسالغۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلانمىغان بولاتتى. بولغان تەقدىردىمۇ سۈنئىي، تەسىرسىز، ئىشەنچىسىز بولۇپ قالاتتى.

ئەسەردە پات ئارىدا بولغۇسى توي مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىدىكى چىگىش زىددىيەت، ئەگرى - توقايلىقلارنى سۈركىلىش، كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئاپتور قولىنىڭ ئۇچىدىلا، ئاددىلا ئۇسسۇل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرمىگەن، ئەكسىچە ئۇنى مىللەتنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ تەرەققىيات تەقدىرى، ئىستىقبالىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىشلار يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ ئىپادىلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا مىللىي تۈس، يەرلىك پۇراقنى جۇلالاندۇرۇپ سىڭدۈرۈپ، خەلقنى يېڭىچە ئاڭ، يېڭىچە ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئالىيجاناب پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان دەۋر بۆلگۈچ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇشۇنداق بىر ياخشى سەھنە ئەسىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجاد قىلغان، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسى تۆرىدىن كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى

«كېچىككەن توي» دۇر. بۇ ئەسەر ئاساسىي جەھەتتىن دېھقانلار تۇرمۇشىغا بېغىشلىنىپ يېزىلغان. ئەسەردە دېھقان قىزى رەيھان بىلەن دېھقان يىگىت قاۋۇلنىڭ كېچىكتۈرۈپ قىلغان تويىنىڭ جەريانى تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور «كېچىككەن توي» مۇھەببەت ۋەقەلىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر تەرەپتىن دېھقانلارنى ئازابلاپ، يۇرىكىنى قان قىلغان زۇلمەتلىك ئون يىلنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن باھار نۇرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۇلۇغ ئىسلاھات دولقۇنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مول ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى قىزغىن كۈيلىگەن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى: دراما ئەسەرلىرىدە كۆپرەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە يۈز بەرگەن مۇرەككەپ ھەرىكەتچان زىددىيەت - توقۇنۇشلار، پېرسوناژلارنىڭ ھاياتلىق يوللىرىدا دۇچ كەلگەن ئەگرى - توقايلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تونۇشى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى بولسا دىئالوگلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يانداشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا درامىلاردا يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاشلا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئوبيېكتىپ بىلەن سوبيېكتىپنىڭ بىرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇ جەرياندا ئاپتورنىڭ سەرپ قىلغان زېھنىي كۈچى، بەدىئىي ماھارىتى كونكېرت ئەسەر مەزمۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي قۇرۇلمىسى، ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشنىڭ تەلىپىگە بېقىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن «كېچىككەن توي» دا ئىككى ياشنىڭ توي مۇراسىمىنىڭ 6 يىل كېچىكىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىككى دەۋرگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغان.

ئەسەردە مۇھەببەت راۋاجلاندۇرۇلغان ھەم ئۇ، ئەسەرنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان. شۇنىڭ بىلەن



بىر ۋاقىتتا ئاتالمىش چوڭ ئىنقىلاب دەۋرلىرىدىكى زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش، ئېلىشىش مەزمۇنلىرى، چوڭ ئىنقىلابنىڭ ئەبجىقى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلاھات ئېلىپ بارغۇچىلار بىلەن ئىسلاھاتقا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى زىددىيەت، تىركىشىشلەر ئەسەر سۈژىتىنىڭ جان تومۇرى بىلەن يۇغۇرۇۋېتىلگەن، بۇ مەزگىلدىكى زىددىيەت، كۈرەش دولقۇنىسىمان رىتىمدا تەرەققىي قىلىپ بىردەم پەسەيتىش، بىردەم ئۆرلەش، جىددىيلىشىش جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ ئاخىرلىشىش مىنۇتىدا ھايات - ماماتلىق تىركىشىش ئىچىدە باشلانغۇچ زىددىيەت، توقۇنۇشلاردىن ئادىل ھۆكۈم، توغرا يېشىم چىقىرىلىپ، چىن ئىنسانىي ۋىجداندىن تۆرۈلۈپ، پاك نىيەت، مۇستەھكەم ئىرادە بىرلىكىدە قۇدرەت تاپقان ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى، قىيىن توسالغۇ، دەھشەتلىك ھۇجۇملار ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئىككى ئاي، ئىككى يىل ئەمەس، ئىككى دەۋرنى كۆرۈپ ئەملگە ئاشىدۇ.

مىللەت، دۆلەت ھەتتا دۇنيا ئەدەبىياتى زېمىنىدا شۆھرەت قازانغان باشقا ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش ياخشى يېزىلغان، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن سەھنە ئەسەرلىرىنىڭمۇ مەيدانغا كېلىشى ھەر تەرەپلىمىلىك ئاكتىۋال ئامىللار بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

بىزنىڭچە «كېچىككەن توي» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى: ئۇنىڭدىكى كومېدىيىلىك تۈس ئالغان تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنىڭ چىن، ماھىيەتلىك بولغانلىقى؛ پېرسوناژلار خاراكتېرىگە سىڭدۈرۈلگەن ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تەبىئىي بېرىلگەنلىكى ھەم چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەتلىرى تولىمۇ جانلىق، قىزىقارلىق ئىپادىلەنگەنلىكى، ئۆتكۈر يۇمۇرستىك دىئالوگ -

مونولوگلارنىڭ ئىخچام، مەنىلىك قوللىنىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەنىلىك ئۆتكەن ھايات، گۈزەل تۇرمۇش، بەخت، ئارزۇ - ئىستەك خەلقنىڭ قەدىرلەپ كەلگەن بۈيۈك ئەڭگۈشتەرىدۇر. مۇبادا بۇلارنىڭ بىرسى كەم بولسا، ئۇ ھالدا باشقىلارنىڭ ھېچقانداق قىممىتى، ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك بىرلىكنى ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش مەسىلىسى — يەنىلا كىشىلىك دۇنياسىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنىڭ قانداق بولۇشى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ، شۇڭا ئۇ خەلق ئاممىسى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش كۈرىشى، ھاياتلىق يولى، بەخت - سائادىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نۇرلۇق ئارزۇ - ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەرنى قەدىرلەش، قىزىقىپ ئوقۇش بىلەن بىر چاغدا ئۇنى ئەڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مەڭگۈلۈك ئۆلمەس مەنىۋى بايلىقى ھېسابلاپ كەلگەن.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن درامىلىرى نېمە ئۈچۈن سەھنىدىن چۈشۈرۈلمەي ئۇزۇن ۋاقىت تەكرار ئويلىنىدۇ؟ ئۇنىڭدا تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدىغان قانداق تەسىر، قانداق سېھرىي كۈچ بار؟

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئۆز درامىلىرىدا تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى بويىچە تارىخىي ھادىسىلەر، تارىخىي ۋەقەلەرنى كۆزىتىپ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ تارىخىغا جان كىرگۈزدى، رېئالىستىك ئۇسۇلدا دادىل ئويلىنىپ، ئىجادىي تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى ئۆز مەنتىقىسى، ئۆز ئالاھىدىلىكى، ئۆز قانۇنىيىتى ئاساسىدا، يارقىن، رەڭدار، تەنتەنىلىك سىزدى.

خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ جاسارىتىنى، ئىجادچانلىق روھىنى،



ئۇلۇغ تۆھپىسىنى، ۋىجدانىنى، ئىرادىسىنى، ئارزۇ - ئۈمىدىنى سەممىي، ساداقەتلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. خەلقنىڭ بەختىنى، خەلقنىڭ دىل شادلىقىنى قىزغىن كۈيلىدى. خەلقنى، مىللەتنى ئۆز تارىخىنى قەدىرلەشتىن ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتنى، ئۆز تۇرمۇشىنى يېڭى، ئىجادىي كۈچىنىڭ قۇدرىتى بىلەن نۇرلاندۇرۇشقا، پارلاق شىجائەتلىك ئىستىقبالغا ئىگە بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى. خەلقنىڭ ھاياتقا، بەختكە، مەنپەئەتكە، پاك ئىنسانىي مۇناسىۋەتكە زىيان ئۇرۇدىغان، دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان، خەلقنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىغا توسالغۇ بولىدىغان، خەلقنىڭ رايىغا يات، ئىرادىسىگە زىت ھەرىكەت ۋە قاراشلارنى، جەمئىيىتىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى زەئىپلىكىنى، ئىدىيىسىدىكى كونكرېتلىقىنى، خاراكتېرىدىكى مۇتەئەسسىپلىكىنى قاتتىق رەھىمسىز قامچىلىغان، خەلقنىڭ ئىجادكارلىرى - خەلقنىڭ ۋەكىلى، خەلقنىڭ كۈيچىسى، خەلقنىڭ تىل سەنئەتكارى، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ھامان خەلقنىڭ دىلىغا ياقىدىغان ئىشلارنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشىدۇ.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن درامىلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار خەلقىمىزنى، مىللىتىمىز جامائەتچىلىكىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي تۇرالمىسۇن!

بەزىدە كۈتمىگەن، كۈتىلىشمۇ ئەھمىيەتسىز دەپ قارالغان، كۆزگە چېلىقمىغان، چېلىقىشمۇ ئىلىككە ئېلىنمىغان نەرسە ۋە ھادىسىلەر ئىچىدىنمۇ ياخشى، قەدىرلەشكە، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ياراملىق، ماھىيەتلىك نەرسىلەر چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

«قايچا قۇدا» دا تاللانغان تېما - بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان، مۇھىم ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كىشىلىك تۇرمۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ

ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھامان زور تەسىر پەيدا قىلغۇدەك تېمىلاردىن ئەمەس، ئەمما لېكىن ئاپتورنىڭ بەدىئىي تىرىشچانلىقى، ئىدى ئىزدىنىشى ئارقىسىدا ئەسەردە كۆتۈرۈپ چىقىلغان بۇ تېما كىشىلەردە بىر خىل ئويلۇنۇش، قىزىقىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان، ئېنىغا نىسبەتەن مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئەدەبىياتىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولغان دەۋر خەلق ساداسى بىلەن تولغان باي رېئال تۇرمۇش ماتېرىياللىرى كانى قاتلىمى ئىچىدىن قېزىپ «قايچا قۇدا» ناملىق كومېدىيىسىدە كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئانچە چۈشمەيدىغان بىر تېمىنى تاللاپ ئۇنى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق سەھنىگە ئېلىپ چىققان، ئەسەردە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ، كەسكىن زىددىيەت ئىچىدە جىددىي رىتادە يارىتىلغان بىر مەيدان تەكرارلانغان ئېلىشىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. سەھنىدىن بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلىي كۆرگەن تاماشىبىنلار، بۇ ئىككى ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى يىراقلىشىپ كەتكەن مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

بەكمۇ يېقىن كۆڭۈل ئىلكىدە ئۆتكەن قوشنىدارچىلىق ئالاقىنىڭ، دوستلۇق ئۈستىدە روناق تاپقان ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەن خۇداۋەردى بىلەن ئىگەمبەردى ئەسلىدە كونا خىزمەتداش، جانجىگەر كونا بۇرادەر، ئايرىلماس مۇستەھكەم ئىرادە بىرلىكىنى تېپىشقان كونا دوستلاردىن ئىدى. ھەمدە ئاشۇ قوشنىدارچىلىق، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنىڭ، ئىناق، دىلكەش بولۇپ ياشاشنىڭ گۈلى، كۆۋرۈكى، گۈلتاجى ھېسابلىنىپ كەلگەن. نەۋرىخان بىلەن سەۋرىخانغا كەلسەك، بۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇرلاپ يىلتىز



تارتقان يېقىنلىق، دوستلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان باردى - كەلدى مۇناسىۋەتلەر قىز چاغلىرىدىن باشلانغان. كېيىن تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەر ئىككىلىسى خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا يېقىن ئۆتكەن دوستلار بىلەن جۈپلىشىپ توي قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىشىكلىرى قارىمۇ قارشى ئورۇنلاشقان قوشنىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن شۇنچە مۇستەھكەم دوستلۇقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى، ھەتتا بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىدىغانلىقى كىمنىڭ خىيالىغا كىرسۇن!؟

مانا بۇ جانلىق، جاراڭلىق تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىكى ھەقىقىيلىق، تەبىئىيلىك تاماشىبىنلارنى قانداقمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالماي تۇرالىسۇن؟

ئاپتور يۇقىرىدىكى تەسۋىرلەنگەن بىر قاتار تەپسىلاتلارنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان تاماشىبىنلارنى كونكېرت، ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلەر قاتلىمى ئارىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئۆز يۆنىلىشى، ئۆز مەنتىقىسى، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ ئېنىقراق ئاشكارىلاشقا يول ئاچىدۇ.

دېمەك - ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش داۋامىدا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشكە يول ئاچقانلىق ئەمەلىيەتتە پېرسوناژلار ئوبرازىنى پىششىق، مۇكەممەل يارىتىشقا ئۈچۈشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكتۇر.

دراماتىك توقۇنۇش - دراما ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىش مۇددىئايىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

«قايچا قۇدا» دىكى خۇداۋەردى بىلەن ئىگەمبەردى ئوتتۇرىسىدىكى شۇنچە مۇستەھكەم دوستلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىغا

ھەتتا بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان نەرسە باشقا ئەمەس، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىگە، تۈزۈمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېگەن ئاتالمىش ئېزىتقۇ نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرغان ئىجراسى ئىدى.

ئاشۇ يىللاردا خۇداۋەردى بىلەن ئىگەمبەردىنىڭ بىرى «ئوڭچى» قالپىقىنى كىيىپ كۈرەش قىلىش، زەربە بېرىش ھەتتا يوقۇتۇش ئوبيېكتىغا ئايلانسا، بىرى «سولچى» دېگەن قىزىل تاجىغا ئىگە بولۇپ مالىمانچىلىق بىلەن تولغان زامان خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ئۇلار ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلماي تۇرۇشى، يېقىن كۆڭۈل رىشتىنىڭ ئۈزۈلمەي ساقلىنىپ قېلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ بۇلاردىن باشقا بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ھەممە ئىشتا، ھەممە ۋاقىتتا تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولۇپ ياشاپ كەلگەن نەۋرىخان بىلەن سەۋرىخان دىن ئىبارەت ئىككى ئائىلە ئايلىمۇ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ.

تازا ئۇچىغا چىققان قارىمۇ قارشىلىقنىڭ، زىددىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىگەن بۇ تىركىشىش باسقۇچىغا يەتكەندە يەنە نېمە چارە قوللىنىش كېرەك؟

ئەلۋەتتە بۇ مەسىلە ئاپتورنى ئىلاجىسىز ئويلىنىشقا سالىدىغان، ھەم ئاپتورنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم ئىش.

ھەرقانداق ماھارەتلىك ئىجادكار ئالدىدا يېزىلىۋاتقان ئەدەبىي ئەسەر قۇرۇلمىسى، يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان مۇھىم بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئوخشايدۇ.

كىشىلەرنى ئۆزىگە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن مەپتۇن



قىلغان ۋە شۇنداق سۈپەتلىك، شۇنداق ھەيۋەتلىك سېلىنغان بىرەر بىنانىڭ قەد كۆتۈرۈپ مەيدانغا كېلىشى ـ ئەلۋەتتە چېۋەر پىلانلىنىپ ياسالغان لايىھىگە، خىللىنىپ تاللانغان ماتېرىيالغا، يۇقىرى ئۆلچەمگە يەتكەن تېخنىكىلىق سەۋىيىگە باغلىق بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك، مۇۋاپپەقىيەتلىك چىققان بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈش جەريانىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مۇرەككەپ ھەم كەڭ دائىرىلىك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەت، توقۇنۇشلارمۇ كەڭ دائىرىلىك ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ. ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ، سالمىقىنىڭ، تەسىرىنىڭ، خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زىددىيەتلەرنىڭ، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىش سەۋەبلىرى ئىچكى ـ تاشقى ئامىللارغا چېتىشلىق بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىمۇ بۇ دېيىلگەن قانۇنىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ. بۇلار «قايچا قۇدا» دا ئۆز ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرسەتتى. مەسىلەن، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككى ئائىلىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى يىراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن شارائىت ئاستىدا خۇداۋەردىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئىشلەيدىغان قىزى مۇھەببەتلىشىپ بۇلارغا قېيىشقاندەك توي قىلىۋالىدۇ.

بۇ ئىشلار يېتەرلىك بولماي قالغاندەك ئىگەمبەردىنىڭ ئىشچى ئوغلى بىلەن خۇداۋەردىنىڭ گىلەمچى قىزى ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت ئوتى تۇتىشىپ قالىدۇ. ئاخىرى ھەر ئىشتا ئۆزىگە چۈشلۇق پەمى، يولى، بىلىمى، تەجرىبىسى بار ئايال ھاجىنىسا خاننىڭ ياردىمى ۋە كېلىشتۈرۈش ۋاستىسى بىلەن بۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا قايچا قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ.

نەتىجىدە ئىككى جۈپ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى جانجان دوستلۇق مۇناسىۋەت ئەسلىگە كېلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تۇغقانچىلىق، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۇرىدۇ.

«تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش» تىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىيەت ئىككى ئائىلىدىكى ئاغرىق - ئاداۋەتنىڭ تۈگىشى، «قايچا قۇدا» لىق، تۇغقانچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئاساسەن ھەل قىلغۇچ ئىچكى ئامىللىق رولىنى ئوينىسا، ھاجىنىساخاننىڭ ئۇلارنى كېلىشتۇرۇپ، قويغانلىقى تاشقى ئامىللىق رولىنى ئوينىغان. «قايچا قۇدا» نىڭ ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇژىت تەرەققىياتىغا باشتىن ئاخىرغا قەدەر سىڭدۇرۇلگەن دراماتىك توقۇنۇشنىڭ يېشىمى دوستلۇق تەنتەنىسى بىلەن چىقىرىلغان.

«مەسلىھەت چېيى»، «كېچىككەن توي»، «قايچا قۇدا» دىن ئىبارەت سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوخشىمىغان ئەھۋال ئاستىدا مۇھەببەت ۋەقەلىكى كىرگۈزۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ ئەمما لېكىن بۇلار بىر - بىرىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردە ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان ئىجادىي ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئاپتور بۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئۇسۇل، ئۇسلۇب جەھەتلەردە ئىجادىي يوسۇندا ئىش كۆرۈپ بۇگۈنكى دەۋر، بۇگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقىمىزنى، دەۋرىمىز كىشىلىرى مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش، يېڭى يۈزلىنىشنى قىسمەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ بىرلىكىدە كونكرېت، جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

بىز باشتىراق توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ھازىرقى تۇرمۇش رېئاللىقىنى پىششىق كۆزىتىپ، تەكرار تاللاشتىن ئۆتكۈزۈپ ماتېرىيال تاللاپ،



ئۇنىڭدىن خەلقنى سۆيۈندۈرگەن ياخشى - ياخشى سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، تارىخىي تېمىلار ئۈستىدىمۇ قەلەم تەۋرىتىپ بۇ جەھەتتە مول ھوسۇل ئالدى. ئۇنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، «ھېيتكاھ تۇمانلىرى»، «يەتتە قىزلىرىم»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، ئاتاقلىق پېشقەدەم شائىر، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق رومانىغا ئاساسەن سەھنىلەشتۈرۈپ ئىجاد قىلغان «كۆمۈلمەس ئىزلار» نى يېزىپ قازانغان بىر قاتار بۈيۈك نەتىجىلىرى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە باشقا ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، ئاساسلىق تېما سۈپىتىدە تاللانغان تارىخىي ماتېرىياللار، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، شانلىق ئۆچمەس ئىش - ئىزلىرى سەھنە ئەسەرلىرىدە ۋاستىلىق تۈردە ئەمەس بەلكى سەھنە ئۈستىدە بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ. كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ تارىخىي رېئاللىقنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تىپىك ئوبرازى روشەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇنداقلا دراماتورگلار تارىخ ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ھېس قىلغانلىرىنى، باھاسىنى، بۈيۈك تۆھپىكار تارىخىي شەخسلەرگە بولغان ھۆرمىتىنى، سۆيۈنۈشىنى، ھېسسىياتىنى پېرسوناژلارنىڭ تىلى، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان خاراكتېرگە يۇغۇرۇپ تاماشىبىنلارغا ئاشكارا كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا ھېچ قانداق چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بولارنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە كۆرۈش، تەپسىلىي چۈشۈنۈش جەھەتلەردە تاماشىبىنلار چەكلىمىگە ئانچە ئۇچرىمايدۇ. ئىشقىلىپ تاماشىبىنلار ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتى، ئىدىيىۋى ئېڭى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، قوبۇل قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر

ھەممىسى بىردەك سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىدىن بىمالال كۆرۈپ ئۇنىڭدىن بەلگىلىك زوق ئېلىشتىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

«رابىيە – سەئىدىن» ئوپېراسى – دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ تاماشىبىنلارنى، جامائەتچىلىكنى چىن دىلىدىن رازى قىلغان مۇھىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە سەھنە ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەر سەھنىدە كۆپ قېتىم ئوينىلىپ، تېلېۋىزىيىگە ئېلىنىپ تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك تارقىتىلغاندىن كېيىنلا تاماشىبىنلارنىڭ كۆزى مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ قەلىمىگە چۈشكەن ئىدى.

ئاپتور بۇ سەھنە ئەسىرىدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر يېرىم ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەزمۇن قىلغان ۋە ئەينى زامانلاردىكى چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قۇربانى بولغان ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى، ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساس قىلغان.

ئەسەرنىڭ تېمىسى – تارىخىي تېما، ئەسەرگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلار تارىخىي دەۋردە ئۆتكەن رېئال شەخسلەردۇر. بۇ تارىخىي ۋەقە، ئاشۇ زاماندا ياشىغان ئۇلۇغ رېئالىست شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قەلىمىنىڭ كۈچ – قۇدرىتى بىلەن داستان شەكلىدە بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن نۇرلاندۇرۇلۇپ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىنغان ئىدى. ئارىلىقتا بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تۆھپىكار ئالىم، مەشھۇر پېشقەدەم شائىر ئەھمەد زىيائىي تەرىپىدىن نەتىجىلىك سەھنىلەشتۈرۈلگەن.

ئۆتكەن ئىشلار، ئۆتكەن ئىشلار، ھازىرقى ئىشلار ئۆتكەن ئىشلار بىلەن ھازىرقى ئىشلارنىڭ ئارىلىقىدا پەرقلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ.

ئايلىنىپ ئاساسلىق گېپىمىزگە كەلسەك: مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ «رابىيە – سەئىدىن» ئوپېراسىنىڭ ئىجتىمائىي



ئۇنۇمى، بەدىئىي قىممىتى، سېھرىي كۈچى قانچىلىك بولدى؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيەسىدە تۇتقان ئورنى قانچىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ؟

بىز بۇ مەسىلىلەرگە سەپ سالغىنىمىز بىلەن بۇ ئوپېراغا خەلقىمىز ئېنىق، ئادىل باھاسىنى ئاللىبۇرۇن بېرىپ بولدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، دراماتوروگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ دراماتورگىيە ئىجادىيىتىگە كىرىشكەنلىكىگە ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىسىمۇ ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ ساھەدىكى تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىگە قارىماستىن قەدەمنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ھازىرقى زامان رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن يانداشتۇرۇپ تارىخىي رېئاللىقنىمۇ سەھنىلەردە ئىپادىلەپ بېرىشتە ياخشى ئۈلگە تىكلىدى.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن «رابىيە – سەئىدىن» ناملىق سەھنە ئەسىرىدە رېئالىستىك ئۇسۇل بىلەن گۇمانىستىك ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنسانلارغا خاس ساپ سۆيگۈ – مۇھەببەتنىڭ تەڭداشسىز كۈچ – قۇدرىتىنى دەۋرىمىز تىياتىر سەھنىلىرىدە نۇرلاندۇرۇپ، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ قەدىرلىنىدىغان پارلاق بەدىئىي تىپقا ئايلاندۇرغان.

رابىيە – سەئىدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ پاك قەلبىگە، مەنىۋي دۇنياسىغا سىڭگەن يۈكسەك پەزىلەتنى، ساداقىتىنى، سەمىمىيلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ قېزىپ ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى تىپىكلىك دەرىجىسىگە كۆتەردى. ئاپتور بۇ سەھنە ئەسىرىنى ئىجاد قىلىش داۋامىدا رابىيە – سەئىدىننى نوقۇل ھالدا ھەقىقىي ئاشىق – مەشۇقلار قىلىپ كۆرسۈتۈش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ئۇلارنى يەنە ئالاھىدە ۋىجدان ئىگىسى، ئۆز ئىرادىلىرىگە سادىق، زۇلۇم ئالدىدا تىز پۈكمەس كۈرەشچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئەسەردە تارىخىي شەخسلەر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تارىخىي چىنلىقتا ئۇيغۇن ھالدا ئىپادىلەشكە، تارىخىي شارائىتتا شەكىللەندۈرگەن زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى توغرا، ئىشەنچلىك بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەسەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەقە مەزمۇنىدىن تارتىپ ئىپادىلەش شەكلىگىچە ئىجادىي ئىزدەنگەن. يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش كۆرگەن. مۇبادا بۇ ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزدىكى سەھنە ئەسەرلىرى شەكلىگە چۈشۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن بەدىئىي قۇرۇلمىسى، ئۆز دەۋرىدىكى شېئىرى تىلدا ئىپادىلەنگەن داستان شەكلىدە ئىپادىلەنگەن بەدىئىي قۇرۇلمىسىغا ئەينەن ئوخشۇتۇپ كەتسە، ئۇ چاغدا سەھنە سەنئىتى گۈلزارى ئىچىدە تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىدىن نۇر چاقناتقان «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنىڭ تەسىرى، قىممىتى، يېڭىلىقى ئىجادىيلىقى بولمىغان بولاتتى.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن گەرچە ئوپېرادا يىپ ئۇچى قىلىنغان تارىخىي دىرەكلەرنى، تارىخىي شەخسلەر ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن تارىخىي ۋەقەلەر ئەندىزىنى كۆپرەك ئەينى ۋاقىتتا يېزىلغان ئاشۇ داستان («رابىيە ـ سەئىدىن») دىن ئالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنى تارىخىي پاكىتقا، تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپى بويىچە قايتىدىن يۇغۇرۇپ باشقىچە شەكىل، باشقىچە ئۇسۇلدا بەدىئىيلىك جەھەتتىن جانلاندۇرۇپ شۇ دەۋر، شۇ ماكان ھەقىقىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈردى. بۇنىڭ بىلەن «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قانداق مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسا، سەھنە ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇلغان بۇ «رابىيە ـ سەئىدىن» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيەسىدە شۇنداق مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئەسەردە نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن باش قەھرىمان رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى،



يالقۇنلۇق ئۈمىد ئەقىدىسىدىن ۋاز كەچمەيدىغان ئىنسانكارلىق روھى، زۇلۇمغا قارشى كۆرىشى، جاھالەت دۇنياسىغا، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىككە، چىرىكلىككە ياغدۇرغان غەزەپ ـ نەپرىتى، ئىشقى ـ مۇھەببەت يولىدا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئەتراپلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق يارىتىلغان ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلىنىپ يەنە بىر قېتىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىدا تىپىكلەشتۈرۈلۈپ سىزىلغان بەدىئىي سۈرئىتىنى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە نەقىش بولۇپ ئورنىدى.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئىشەنچلىك پاكىت، ۋاستىلىق ئامىللارنىڭ ياردىمى بىلەن بولسىمۇ تارىخىي ھادىسىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىدا تەھلىل قىلغان، پۇختا تاللىغان. ئۇ، «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىدا كۆلپەتلىك دۇنيانىڭ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ، فېئوداللىق قائىدە ـ يوسۇننىڭ خەلقنى نابۇت قىلىشتەك جىنايەتلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ، قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغان.

ئەسەرنىڭ تارىخىي ئاساسى بىلەن ئىجتىمائىي ئاساسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بەدىئىي زېمىن ھازىرلىغان.

سەھنە ئەسەرلىرى ـ سەنئەتنىڭ يادرولۇق تۈرى. ئۇ، باشقا سەنئەت ئامىللىرىنىڭ بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇلۇپ سەھنە ئۈستىدە ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دراماتورگلار سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى بىلىشى ۋە ئۇلاردىن دەل جايىدا پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

«رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى بىزنىڭ كۆزىمىزگە چۈشكەن ئۆزگىچىلىكلىرىنىڭ بىرى ـ ئاپتور

ئەسەردە سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك جەۋھەرلىرىنى تاللاپ قوللىنىپ ئوپېرانىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشنىڭمۇ ئاساسىنى ياراتقان.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا بىر قەدەر مول تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن يازغان ھەم تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بىردەك شۆھرەت قازانغان درامىلىرىنىڭ بىرى «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» دۇر. سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بۇ دراما ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيەسى تەرەققىياتىنىڭ ساندىن ـ سۈپەتكە ئۆتۈشىنىڭ باشلىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

روشەنكى 1944 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا ئولتۇراقلاشقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئىنقىلابىي ۋەقە — ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ، باتۇرانە مەيدانغا ئاتلىنىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ياۋۇز ھەرىكەتلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، بىر پۈتۈن ئېلىمىز ئىنقىلابى ئۈچۈن، تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ۋەتىنىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ $\frac{1}{6}$ قىسمىنى تەشكىل قىلغان شىنجاڭنى ئازات قىلىشتا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ھازىر بۈيۈك تارىخىي ۋەقەنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى ھېكايە، داستان، پوۋېستلاردىن ھالقىپ سىزىلىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ تېمىنى بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىدىن قايتا كۆرۈش ھەققىدىكى تەشنالىقىنى



دەسلەپكى قەدەمدە قاندۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغان شۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ باشقا جايلىرىغا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا تەسىرى بولدىمۇ يوق؟ بولسا ئۇنىڭ تەسىرى، نەتىجىسى قانچىلىك دەرىجىدە بولدى؟ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئىبارەت بۇ تېما بەزى يىرىكرەك ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى ئەمەس ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بىراق، بىز كۈتكەن تەلەپتىكىدەك بولماستىن ئاندا ـ ساندا قىستۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كەلگەن ئىدى.

يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق يەتتە كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي دارامىسىدا دەل ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن تەڭ پارتلىغان قەھرىمان جەنۇبىي شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جاھىل كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ قۇدرەتلىك جەڭ ساداسىنى يىغىنچاق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئىپادىلىگەن. شۇنداقلا درامىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن. مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ قوماندانلىرى ۋە تىللاردا داستان بولغىنىدەك شۆھرەت قازانغان باھادىرلىرىنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولغان رېئال تۇرمۇشتا ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان ئىشلاردىن تەركىب تاپقان. ھەم بۇلار ئىشەنچلىك مەنبە، ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىپ قۇراشتۇرۇلغان. ھەمدە بۇ تېپىك ۋە چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان تارىخىي ماتېرىيال. تارىخىي دەرەكلەر ئاپتورنىڭ بەلگىلىك سەنئەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پىششىقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈپ، تۈرلۈك بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا مۇشۇنداق ياخشى سەھنە ئەسىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» دا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇش ياساش دەۋرىگە كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان ھەم يول ئېچىش، تۈرتكە بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يېڭى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۇلار ھەر بىر باسقان ئىستىقباللىق، غەلىبىلىك قەدەملىرىنى قوراللاندۇرۇپ كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ھالاكەتكە يۈز تۇتقان ئىستىقبالسىز چىرىك كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنىمۇ تولۇق ئاشكارىلاپ كۆرسەتكەن. ئەسەردە ئەينى زامانلاردىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي، ئەڭ ياۋۇز دۈشمەنلىرى ھېسابلانغان گومىن تۇەنجاڭ، ما تۇەنجاڭ، جۇپاڭگاڭ ۋە ئۇلارنىڭ شەرمەندە يالاقچىلىرى ھەبىبۇللا ئىشان، مەتتوختى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازى ئەنە شۇنداق نەتىجىلىك يارىتىلىش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ياشاۋاتقان چىرىك تۇرمۇشى، ۋەھشىلەرچە ئېلىپ بارغان جىنايى ھەرىكەتلىرى، پەسكەش ئىچكى دۇنياسى شەپقەتسىز پاش قىلىنغان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» دا پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى چاقماقتەك تېزلىك، مۇناسىۋەتلەردىكى جىددىيلىك، دىئالوگلىرىدىكى كەسكىنلىك، ئۆتكۈرلۈك قاتارلىقلار شۇ مەزگىلدىكى ھايات - ماماتلىق تىركىشىش باسقۇچىدا تۇرغان ۋەزىيەت رىتىملىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى بايقاپ ئالالايمىزكى: ئاپتور بۇ مەسىلىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكىگە، بەدىئىي قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سەھنە ئەسەرلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ماھارىتىنى چېۋەرلىك بىلەن



جارى قىلدۇرغان. چۈنكى، بەدىئىي ئىپادىلەش ماھارەت تېخنىكىسى ھەر بىر ئىجاتكارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يېڭى ئىجادىي يول تېپىشىنىڭ مۇھىم دەسمايىسىدۇر.

سەھنە ئەسەرلىرىدە دراماتورگلارنىڭ ئىجادىيەت ماھىرلىقى ئاساسەن دراماتىك توقۇنۇشنى تاللاش، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە كۆرۈلىدۇ.

دراماتىك توقۇنۇشنىڭ قانداق شەرت، قانداق مەقسەتتە، قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىرىلىش ھەم ئۇنىڭ چىنلىقىنى چىقىش قىلىپ، كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىگە كەلتۈرۈلۈپ ھەل قىلىنىشى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تەقدىرىگە، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە، بەدىئىي قىممىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتۇر.

باشقا شارائىتلاردىكى بولۇپمۇ تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ۋەزىيەت تۇراقلىق رىتىمغا چۈشكەن شارائىتلاردا يۈز بەرگەن زىددىيەت، توقۇنۇش تىركىشىشلىرىنى دراماتىك شەكىلدە ئىپادىلەپ، سەھنە ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىغاندا، قانلىق ئۇرۇش بولۇۋاتقان ياكى ۋەزىيەت رىتىمى بۇزۇلۇپ داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرغان شارائىتتا شۇنداق جىددىي يۈز بېرىۋاتقان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش مۇھىتىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلارنى دراما شەكلىدە ئىپادىلەپ سەھنىدە ئەكس ئەتتۈرۈش قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنداقتىمۇ يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئاساسلىق كۆرۈنۈشلەر بىلەن قوشۇمچە كۆرۈنۈشلەرنى، پاراللېل كۆرۈنۈشلەر بىلەن سەھنە سىرتىغا قالدۇرۇلۇپ ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىكلەر كۆرۈنۈشلىرىنى بىر - بىرىگە بەزىدە گىرەلەشتۈرۈپ بېرىش، بەزىدە يانداشتۇرۇپ بېرىش، بەزىدە يەككە - يېگانە بېرىش ئارقىلىق ئۇرۇش، قوزغىلاڭ، ۋەقەلىكنى سەھنىلەشتۈرۈشتە مول بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن، پىشقەدەم يازغۇچى ۋە تارىخچى خېۋىر تۆمۈرنىڭ «ئابدۇقادىر داموللا» ناملىق تارىخىي ئوچېرىكى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن «ھېيتگاھ تۇمانلىرى» نى يېزىپ چىقتى. ئۆزىنىڭ كىشىلەر قەلبىنى مەپتۇن قىلغان تارىخىي تېمىلاردا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىدە تىپىك ئۇلگىلىك ئىش - ئىزلىرى ئىچىدىن ماتېرىيال ئېلىپ ئۇنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ كۆرسىتىش يولى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا، قاراڭغۇلۇققا قارشى كۈرىشىنى، ئەركىنلىككە، يورۇقلۇققا تەلپۈنۈشتەك تەرەققىيپەرۋەرلىك، ھۆرىيەتپەرۋەرلىك روھىنى، ساغلام كىشىلىك مۇناسىۋەتنى، گۈزەل ئىرادىسىنلىق ئەنئەنىۋى ئەخلاق - پەزىلىتىنى، ئېتىقادىنى، مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى، خۇشاللىقىنى نۇرلاندۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى، ئۈمىد - ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن ئىدى.

«ھېيتگاھ تۇمانلىرى» ماۋزۇلۇق تراگېدىيىسىدە ئاپتور ئادەتتىكى چۈشەنچە ۋە ئۇقۇم دائىرىسىدىن چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ پاراسەتلىك خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، چىدام، جاسارەت ئۇچقۇنلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۈپتىمىستىك غايە، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە يۈرۈش قىلغان. بۇ سەھنە ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق قەھرىمان ئوخشاشلا تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخستۇر. ئۇ ئۆز ئىسمى بىلەن ئەينەن ئېلىنغان. بىز ئەسەرنى ئوقۇغان چاغلىرىمىزدا ئۇنىڭدا ئاپتور تەرىپىدىن توقۇلما قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، خۇددى ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان كونكېرت ئىشلاردەك تۇيۇلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئاز تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن مەزگىللىرىمىزدە ئەسەر ئوچېرىك تۈسىنى ئالغان تراگېدىيىلىك سەھنە ئەسىرىدەكلا ھېس قىلىنىدۇ.

دېمەك، تراگېدىيەدىكى قەھرىمان خاراكتېرى ئىنتايىن



ئېچىنىشلىق ۋە پاجىئەلىك شارائىت ئاستىدا ئۆتكەن كەسكىن ئېلىشىش، جىددىي توقۇنۇش ئىچىدە بېرىلگەن. ئەسەر مەزمۇنىنى تەملىك، لەززەتلىك، ھاياجانلىق ئىپادىلەشتە ئاپتور كۆپرەك تراگېدىيىلىك ئامىللاردىن پايدىلانغان. شۇنداقلا سەھنە چەكلىمىسىگە كونترول قىلىنىپ ھايات - ماماتلىق تىركىشىش زېمىنىدە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، كولمىناتسىيە باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن دراماتىك توقۇنۇشلار گارمونىيىسى ۋەتەن، خەلقىنىڭ ئىستىقبالى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان ۋە زۇلۇم دۇنياسىغا ئوت ئاچقان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەقدىرىنى تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىش مۇھىتى ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.

ئەسەردە ئاپتور مەقسەت - مۇددىئايى، مەنپەئەتى، ھايات ئەقىدىسى ئوخشىمايدىغان ۋە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى مەيداندا تۇرۇپ ئېلىشقان ئىجابىي پېرسوناژلار بىلەن سەلبىي پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى پەرقىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ تەسۋىرلىگەن.

ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئابدۇقادىر داموللام باشلامچىلىقىدا ياكى قۇتلۇق شەۋقى، بارات ئاخۇن، نائىلە خېنىم، زۇمرەتخانلارنىڭ ئوبرازى بىلەن ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ، مىللىتىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ئەكېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئۇرۇنغان تاجاۋۇزچى، ساتقىن كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئىنگلىز كونسۇلى، شىۋېت كونسۇلى ۋە ھەسەن شىۋېت، ئىشان مەزىن قاتارلىقلار ئوبرازى روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق سەھنىگە چىقىرىلغان. بۇنىڭ بىلەن قوراللىنىپ جاھالەت دۇنياسىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر كۈچلەرگە، ئويغىنىۋاتقان خەلق ئاممىسىغا مەدھىيە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتىنىنى، خەلقىنى، مىللىتىنى ئازاب -

ئوقۇبەت ئىچىدە قالدۇرغان تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئانا تۇپرىقىمىزنى ۋەيران، بايلىقىمىزنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا يول قويغان ياڭ زىڭ شىن، ماتتەيلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن «ھېيتكاھ تۇمانلىرى» دا يەنە باتۇر، ئىسيانكار ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە، ئەپيۇن سېتىپ خەلقنى زەھەرلەشتەك مەنىۋىي جەھەتتىكى ۋەھشىيانە ھۇجۇملىرىغا قارشى كۈرىشىنى، ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنىڭ ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ جاھالەت دۇنياسىنى تىترەتكەن ئاجايىپ قۇدرىتىنى ئەۋلادلىرىمىزغا نامايەندە قىلدى.

يىرىك پروزا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش، يىرىك سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ، چىگىش مەنىۋى پائالىيەتلىرى، ئىچكى - تاشقى كەچۈرمىشلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى نىسبەتەن ئىنچىكە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ چاغدا يەنىلا پېرسوناژلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي دۇنياسى ئاشكارىلانغان تەرەپلەر سەھنىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇلۇپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ جەرياندا باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتى ئەسەرنىڭ مەركىزىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن ئەسەردىكى سۇژىت، توقۇنۇشلارنىڭ راۋاجى ئۈچۈن يېتەكلەش، تۈرتكە بولۇش ھەتتا قوماندانلىق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئەدەبىي ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ تۈگۈنى، زىددىيەت - توقۇنۇشلارنىڭ يىپ ئۇچى، ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تەقدىرىنى بەلگىلەشتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ كۆزىمىزگە پۈتۈن ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ يادرو



مەركىزىنى بىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ئىچىدە ئابدۇقادىر داموللام ئوبرازى ئۆزگىچە قىياپەتتە چىقىدۇ. ئاپتور تراگېدىيىدە بۇ ئوبرازنى ئادەتتىكى ئىسيانكار شەخس سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرمەيدۇ. ئۇنى بىر مىللەت تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان، ئۆزى ياشىغان دەۋر، مۇھىتقا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن دانا، جۈرئەتلىك ئىجادكار، تۆھپىكار، ئابرۇيلۇق، سەزگۈر، سەۋىيىلىك تەشكىلاتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئەسەردە ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيىتى، ئىجادىي ئەمگەك مېۋىلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە، كىشىلەرگە نىسبەتەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق قىلغان تەسىرىنى تاماشىبىنلار جامائەتچىلىككە ئېنىق تاپشۇرىدۇ. ئاپتور تارىخىي تراگېدىيە «ھېيتكاھ تۇمانلىرى» دا خېلى كونكېرت ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل يارىتىلغان پېرسوناژ ئوبرازى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئاڭلىق، بىلىملىك، شىجائەتلىك ئىنقىلابىي جەڭچى، ئىقتىدارلىق ئىجادكار، يالقۇنلۇق مەرىپەتپەرۋەر شەخسكە ئايلىنىشىنى ئىشەنچلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن تاشقى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ تەسىرى، ئىچكى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋەتىنىمىز زېمىنىدا پارتلىغان «4 - ماي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ غايەت زور روھىي ئىلھامى ھەققىدە ئىزدىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قەھرىماننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ گەۋدىلەندۈرۈش جەھەتلەردە بەدىئىي دىت ئىشلەتكەن. بىر قېتىم ئابدۇقادىر داموللام ئەجنەبىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقچىلىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز تىركىشىشتە، قانداقمۇ تاجاۋۇزچىلارنى «مېھمان» دەپ ئاتىۋالغان خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇق قىلمىقلىرىغا رەددىيە بېرىپ، «مېھمان؟ ...» ئۇلارنى كىم چىللاپ كەپتۇ؟ ئۆزلىرى چىللىغانمۇ؟ قۇدا چۈشۈپ قويدىلىمۇ يا؟ ... ئۇلار ھازىر

قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ كەلگەن بىلەن ئاستا - ئاستا گىلەملىرىمىزنى تاللاپ كېتىپ، بورىيانى قالدۇرۇپ قويىدىغان بۇلاڭچىلار!»، «ئۇلارنىڭ بىزدىن ئېلىپ كېتىۋاتقىنى ئالتۇن - كۈمۈش، گىلەم، يىپەك، بىرىنچى ئەرزىمەس تۇگمە، ئىلگەك، پىسلداق، پاقىرايدىغان رەڭلىك ئەينەك پارچىلىرى ئەمەسمۇ؟ دەيدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان گەپ بەكمۇ ئاددىي، لېكىن مەنىلىك ھەم چۈشىنىشلىك، پاكىتلىق، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇش، ئويغۇتۇش، بولۇۋاتقان ئىشنىڭ، ھادىسىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەندۇرۇش، توقۇنۇش، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگىدۇر.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان باش قەھرىماننىڭ ساپ ۋىجدانىدىن قايناپ چىققان يۈرەك سۆزىنى ئۆز تەلەپپۇزىدا، ئۆز ئاغزىدىن بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقنىڭ غېمىنى، ئىستىقبالىنى ئويلاش، ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەن بايلىقىنى قوغداش يولىدىكى ئىرادىسىنىڭ نەقەدەر چىڭ، نەقەدەر قەتئىي ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تارىخىي تېمىلاردا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى تارىخنىڭ، تارىخىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، ئۇنداق ئىكەن بارلىق تارىخىي دەرەكلەر، ھادىسىلەر، تارىخىي پاكىتلار بۇ ئەسەرلەرنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسىدۇر. بۇ ئەسەرلەر زامانىمىزدىكى تارىخىي رېئاللىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قۇدرەتلىكتۇر. شۇنىڭدەك چوڭقۇر تونۇتۇش قىممىتىگە، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋەقەلەرمۇ تارىختا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ماھىيەتلىك، تىپىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرمۇ ئۇلارنىڭ شۇ زامانلاردىكى تىپىك ۋەكىللىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ھادىسىلەر بىلەن



مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ باغلانغان بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ئوبرازىنى ئادەتتىكى تارىخىي تۇرمۇش زېمىنىدىن بەدىئىي ئەدەبىيات سەھنىسىگە پارقىرىتىپ نەتىجىلىك چىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ياراتقان - شۇ دەۋر ئېقىمىدا كىشىلەر ئېڭىدا شەكىللەنگەن ئىلغار دۇنيا قاراش، ئۇمىدۋارلىق روھ، دېموكراتىك ئىدىيە، تەرەققىيپەرۋەر يېڭى پىكىر بولۇپمۇ يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە تۈزۈمنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلۇشقا باشلىغان مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئويغىنىپ فېئوداللىزىمغا، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا كىرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق «ھېيتكاھ تۇمانلىرى» نىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغان.

ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاشلا سەھنە ئەسەرلىرىدىمۇ ئادەمنى تەسۋىرلەش، ئادەمنى گەۋدىلەندۇرۇش مەركەز قىلىنىدۇ. «ھېيتكاھ تۇمانلىرى» دا ئاپتور، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، قەھرىمان خاراكتېرىنى مۇكەممەل ئېچىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئاشكارە كۆرسىتىش، بىۋاسىتە تەسۋىرلەش، قىستۇرۇپ بېرىش، ۋاستىلىق تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلانغان. «ئابدۇقادىر داموللامۇ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە نامدار ئالىم، ئۇلۇغ پەيلاسوپ، بىزنىڭ قەشقەردىن مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ ئالىم چىقىسىمۇ، بىز پەخىرلەنمەي، ئۇنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرمەي ھەر يەردە غاجىغىلى تۇرساق، ئۇنىڭ يولىغا چىتلىق تام - توساقلارنى قۇرساق، زادى قانداق بولار؟ بىزنىڭ بۇ پەيلىمىز!... ھەي، بىزنىڭ پەيلىمىز بىزنى يەنە قانداق مەھكۇملۇك غارىغا تاشلاركىن...

ئەسەردىكى ئىككىنچى بىر مۇھىم ئىجابىي پېرسوناژ قۇتلۇق شەۋقىنىڭ چەكسىز پەخىرلىنىش، كۈچلۈك غەزەپلىنىش

تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن يۇقۇرىدىكى دىيالوگدا، ئابدۇقادىر داموللامدىن ئىبارەت بۇ مەشھۇر تارىخىي شەخسنىڭ مىللەت مەدەنىيىتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى، تۆھپىسى، خەلق قەلبى - قاتلىمىغا چوڭقۇر ئورنىغان شانلىق ئوبرازى ۋاستىلىق ھالدا ناھايىتى يىغىنچاق گەۋدىلەندۇرۇلگەن. شۇنىڭدەك بۇنىڭغا ياندىشتۇرۇپ ئەسىردە ئىجابىي كۆچلەر كوللىكتىپى ئىچىدىن مۇھىم ئورۇن بىرىلىپ تەسۋىرلەنگەن ئىككى پېرسوناژنىڭ تۆۋەندىكى دىئالوگلىرىگە قاراپ باقايلى:

زۇمرەتخان: «مۇشۇ ئۆيگە كىرسەم (ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ ئۆيىنى دىمەكچى) ئۆز ئاتامنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى مەڭزىمگە ئۇرۇلغاندەك قىلىدۇ. ئىلىم - مەرىپەت چىرىغى قەلبىمنى نۇرلاندۇرىدۇ. يارانتقۇچى خۇدا شۇ مىھرىبان ئۇستازىمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسا، پۈتۈن ھاياتىم بويىچە بىشىدا ناماز ئوقۇپ ئۆتسەم! . . .»

ئائىلە خېنىم: «ئارزۇ - مۇرادلىرىمىزغا يەتكۈزەر خۇدايىم زۇمرەتخان (ئاقائىد زۆرۈرىيە) نىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى يادىلىرىدىمۇ؟ دەپ ئۇنىڭدىن سورايدۇ. بۇ چاغدا زۇمرەتخان بۇ تۇيۇقسىز قويۇلغان سوئال ئالدىدا ھېچقانداق تەمتىرەپ تۇرماستىن «يادىمدا خېنىم» دەپ كېسىپلا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئاندىن ئائىلە خېنىم يەنە ئۇنىڭدىن: «ئىنساننىڭ خارۋەزەبۇن بولۇشىغا سەۋەبچى نىمىدۇر» ، «ئىززەت - ئابرۇي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر» دەپ سورىغاندا زۇمرەتخان بۇ قېيىن سىناقتىنمۇ توسالغۇسىز ئۆتىدۇ. ھەمدە ئۇ ئالدىدىكى سوئالغا: «ئىككى نەرسە دۇر بىرى جاھىل ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى نەپرەت ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بىرىدۇ.

يۇقۇرىدىكى دىئالوگلاردا سوئال - جاۋاب شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئورتاق مۇددىئا ئۇستىگە مۇجەسسەملەنگەن ئىنسانىي خىسلەت، مىھرىبانلىق، قان - قېرىنداشلىق مۇھەببەت



سادىلىرى، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھ، ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر، پەلسەپىۋى ئۇقۇملار ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ دانالىقىنى، ئۇلۇغۋارلىقىنى، ئىلمىيلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىپ ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇچۇن ياردەم بىرىش، تۇرتكە بولۇش رولىنى ئوينىغان.

تارىخىي شەخسنى پىروتوتىپ قىلىپ يېزىلغان «ھېيتكاھ تۇمانلىرى» ناملىق تارىخىي تراگېدىيىسىدە دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن پەقەت تارىخىي رېئاللىق، تارىخىي چىنلىق، تارىخىي ئۇچۇرلاردىن توپلىنىپ بارلىققا كەلگەن بەدىئىي ئاساس بىلەن ئەسەردە كونكېرت ئىلگىرى سۇرۇلگەن بەدىئىي مۇددىئانىڭ بىرلىكىدە ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنى، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى نۇقتىلىق ئىپادىلىگەن. باشقا تەرەپلەردىكى تۆھپىسىنى بولسا ئەسەر ۋەقەلىكى ئىچىگە مۇۋاپىق كىرگۈزۈلۈپ قىستۇرما ئىپادىلەش يولى ئارقىلىق تاماشىبىنلارغا تونۇشتۇرۇلغان. قايسى مىللەت بوبولمىسۇن ئۇلارنىڭ تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان، شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتى، ھۆرلىكى، بەخت - سائادىتى ئۇچۇن تۆھپە قوشقان، شان - شەرەپ كەلتۇرگەن نامدار مەشھۇر شەخسلىرى، مىللىي قەھرىمانلىرى بولىدۇ. لېكىن ئۇلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئەدەبىي ئىجادكارلار تارىخىي تېمىلار ئۇستىدە ئويلۇنۇشقا، ئىزدىنىشكە، قەلەم تەۋرىتىشكە كىرىشىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ئاختۇرۇپ تېما تاللاشقا باشلىغان مەزگىللىرىدە ھامان ئۇلارنىڭ كۆزى شۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرگە تىكىلىدۇ. پۈتۈن زېھنىي كۈچى شۇلارغا مەركەزلىشىدۇ. چۈنكى تارىخنى ئادەم يارانتقان، شۇنىڭ ئۇچۇن ئىجادكارلار ئۆز ئەسەرلىرىدە تارىخنى ئەكس ئەتتۇرگەندە يەنىلا ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. بەدىئىي

توقۇلما، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ياردىمىدە تارىخىي شەخسلەر ئوبرازى قانچىلىك مۇكەممەل، قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلسا، تارىخ، ماھىيەتلىك تارىخىي رېئاللىق، تارىخىي ھەقىقەت شۇنچىلىك يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادكارلار تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق شۇ شەخس ياشىغان ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتنىڭ، تارىخنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى سىزىدۇ. مىللەت تارىخىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بېرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە خەلقىمىزگە نىسبەتەن پىششىق تونۇشلۇق بولغان، خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، جۈرئەتلىك، قورقماس، باتۇر، ئىسيانكار شەخس. ئۇنىڭ باتۇرلۇق تارىخى مىللەتنىڭ تارىخى بىلەن، ئۇنىڭ تىپىك قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى ئېلىمىز شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا 1912 ـ يىلى قۇمۇل يېزىلىرىدا ياڭزېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قۇمۇلدىكى يەرلىك خاقانلىرىغا قارشى پارتىلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن زىچ باغلانغان، قوماندانسىز ئەسكەرلەرنىڭ بولمىغانلىقىغا ئوخشاش، ئەسكەرسىز قوماندانمۇ بولمايدۇ.

ئەمگەكچى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، قۇمۇل دىيارىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى خەلقپەرۋەرلىك روھى بىلەن تولغان، خەلقنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان تۆمۈر خەلپىدەك تەدبىرلىك تەشكىلاتچى، چېۋەر باشلامچىنىڭ بولغانلىقىدىن بۆلۈپ قاراشقا بولمايدۇ.

باي ئىجادىيەت تەجرىبىسىگە، مول تارىخ بىلىمى، چوڭقۇر تۇرمۇش چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىقتىدارلىق پېشقەدەم يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەريانىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ نەتىجىلىك يورۇتۇپ بەرگەن ياخشى



رومان «ئىز» نى يېزىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر رومانچىلىق ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىستىقباللىق تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. كېيىن دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن بۇ «ئىز» ناملىق تارىخىي تراگېدىيىسىنى يېزىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتتى. بۇلار ئورتاق پەخىرلىنىشىمىزگە تېگىشلىك ئەمەلىيەت.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئەينى زامانلاردا پۈتۈن شىنجاڭ زېمىنىنى تىترىتىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە قارشى ئوت ئېچىشتا زور تەسىر كۆرسىتىش رولىنى ئويناپ تارىختا مەڭگۈ كۆمۈلمەس ئىز قالدۇرغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلەر، رېئالنى ئامىللار، ماھىيەتلىك تارىخىي ھادىسىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر قىزىقىش، ئىنچىكە ئىزدىنىش، ئەتراپلىق ئويلىنىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىجادىي يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ئېرىشكەن مۇھىم تارىخىي تراگېدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تراگېدىيىدە ئاپتور تارىخىي ۋەقەلىك بىلەن، تارىخىي شەخسنىڭ تىپىك پائالىيەتلىرىنى ئورگانىك باغلاپ، تارىخىي چىنلىقنى كىشىلەر قەلبىنى سۆيۈندۈرگەن بەدىئىي چىنلىققا ئايلاندۇرغان. مىللەت تارىخىنى نۇرلاندۇرغان مىللىي قەھرىمان، خەلقنىڭ ۋەكىلى، خەلقنىڭ غەمگۇزارى، خەلق قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى، تارىختا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر زات، تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇل دىيارىنى قاپلىغان زۇلۇم، زوراۋانلىق ئۈستىدىن ئىسيان كۆتەرگەن باھادىر دېھقانلارنى باشلاپ ياڭزېڭشىن، شا مەخسۇتلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق قوزغىلاڭ ھەرىكىتىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئەسەر ۋەقەلىكى ئاشكارە - يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن. مۇرەككەپ زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئېھتىياجىغا ياندىشىپ كەسكىنلىشىش، پەسىيىش، يەنە پەسىيىش، كەسكىنلىشىش رىتىمىدا راۋاجلىنىدۇ. ئالداش، ئالدىنىش، يىراقلىشىش، يېقىنلىشىش، قورقىتىش، يالۋۇرۇش، چېكىنىپ ھەيۋە كۆرسىتىش، يۇمشاپ نۇقتا سېلىش قاتارلىق جەريانلارنى بېسىپ ئۆتىدۇ.

دىمەك، پارلاق كۈرەش تارىخىنىڭ چىنلىق، دەللىلىك، ھەقلىق، ئەينەنلىك ئەندىزىنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ يىتتۇرۇۋەتمەستىن بەدىئىي توقۇلمىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ئەسەرنىڭ ئۇيۇل قوراشتۇرۇلغان بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىزگە مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ دراماتورگىيە ئىجادىيىتىدە كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي ماھارىتىنىڭ قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق تونۇتتى.

«كۆمۈلمەس ئىزلار» نىڭ ئالدىنقى كۆرۈنۈشلىرىدە ئاپتور دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش، شامەخسۇت ۋەكىللىك قىلغان ئەكسىيەتچىل كۈچلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىش جەريانىنى كەڭ دائىرىلىك تەپسىلىي تەسۋىرلىسىمۇ ئەمما لېكىن قوزغىلاڭچىلارنى توسۇپ ئېلىشقا بولمايدىغان تارىخ ئېقىمىغا ئايلانغان كۈچلۈك قوراللىق قوشۇن سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈردى. چۈنكى، ئاپتورنىڭ ئەسەر ۋەقەلىكىنى بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭمۇ رېئال ئاساسى بار ئىدى، دىمەك تۆمۈر خەلپە رەھبەرلىكىدىكى ھەيۋەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىنقىلابىي قوشۇن مۇستەھكەم ئىرادە بىرلىكىگە ئىگە، ياڭزېڭشىن، شامەخسۇتلارغا ئەسكەر بولۇش تۈپەيلىدىن رەسمىي ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ ئاندىن مىلتىقنىڭ ئاغزىنى كەينىگە قارىتىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قېتىلغانلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئوۋچىلىق كەسپى بىلەن



شۇغۇللىنىپ كەلگەن مەرگەنلەردىن تەركىب تاپقان. يەنە ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقا تولىمۇ ئەپلىك، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بەكمۇ مۇھىم بولغان تاغ ئارىسىغا ئورۇنلاشقان. بۇ ئەھۋال خەلق دۈشمەنلىرى گەرچە قوراللىق كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئاخىرى تراگېدىيىنىڭ كېيىنكى كۆرۈنۈشلىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك ياۋۇز ھۆكۈمران كۈچلەر ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ قۇدرەت تاپقان قوزغىلاڭچىلارنى ھىيلە - مىكىرلىك ئىشلىتىش، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نازۇك، ئاجىزلىق تەرەپلەرنى تېپىپ ئالداش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ياڭزېڭشىن، شامەخسۇتلار ھىيلىگەر تۈلكە لى شۇفۇنى ھەسەلدەك تاتلىق چىرايلىق گەپلەر بىلەن خەت يېزىپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، قولىغا قۇرئان كۆتۈرۈپ، نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ.

نەتىجىدە باتۇر دېھقانلار داھىسى، كەڭ قورساق، ئاق كۆڭۈل تۆمۈر خەلپە بىر تال ئوق، بىر تېمىم قان چىقارمايلا ئالدىنىپ دۈشمەن قولىغا چۈشىدۇ. تەدبىرلىك باشلامچىدىن ئايرىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇب بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ھالدا قان دېڭىزىغا غەرق قىلىنىدۇ.

خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرى ھامان خەلقنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىق، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان تراگېدىيىسى ھامان تارىخ تراگېدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن «كۆمۈلمەس ئىزلار» ناملىق تارىخىي تراگېدىيىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، ئاپتور ئەسەردە فېئوداللىق جەمئىيەتتە

ھۆكۈم سۈرگەن قاراڭغۇلۇقنى، زۇلۇمنى، ئادالەتسىزلىكنى، رەھىمسىز پاش قىلىش، خەلق كۆچىگە، خەلقنىڭ ئىسيانكار روھىغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. يەنە تۆمۈر خەلپىنىڭ ۋەھشىي دۈشمەن ئالدىدا ئالدىنىپ مەغلۇب بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان ئاجىزلىق، چەكلىمىلىك تەرەپلەرنى كۆرستىش ئارقىلىق خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى چىرماپ كەلگەن دىنىي ئېتىقاد، دىنىي ئەقىدىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋىتىنىمۇ ئاشكارىلىغان. تارىخىي قەھرىمان خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك، ئەگرى - توقايلىق ئىنقىلابنىڭ مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. تارىخ تراگېدىيىسىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلىغان.

شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى: تارىختا ئۆتكەن نامدار، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى، پارلاق ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى، مىللەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى رەتلەش، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇش، ئۈلگە قىلىپ تونۇشتۇرۇش، مۇلاھىزە قىلىش ئىشلىرى تارىخ ئىلمىي تەتقىقاتىدا ئۈنچىۋالا تەسكە توختىمايدىغان ئىش بولغانلىقى بىلەن بۇ مەسىلىنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈش ئىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. چۈنكى، تۆھپىكار، قەھرىمان مەشھۇر شەخسلەر كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۆزلىرىگە خىلمۇ خىل ئۆزگىچىلىكلەرنى، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. بۇلارنى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە تامامەن، تولۇق، ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بىراق ئەدەبىي ئەسەرلەردە بىردىن ساناپ ئىنچىكە ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت بولمايدۇ. ئىپادىلەشتە سەھنە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان سەھنە ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى تېخىمۇ قىيىن. شۇنداق بولسىمۇ دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى



زۇنۇن تارىخىي تېمىلارنى تاللاپ سەھنىلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۈشكۈل بەدىئىي ئىجادىيەت سىناقلىرىدىن غەلبىلىك ئۆتۈپ يۇقۇرىدا مۇلاھىزە قىلىنغان نادىر، مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلدى.

بىز باشتىلا توختۇلۇپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن دراما ئىجادىيىتىدىكى پۇختا، سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇژىت بۆلەكلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بېقىنغان مەنتىقىلىق راۋاجىدىن كېلىپ چىققان ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ھەر بىر سەھنە ئەسىرىدىكى دراماتىك توقۇنۇشلارنىڭ بېرىلىشى ۋە ھەل قىلىنىشىدا قوللىنىلغان بەدىئىي ماھارەت جەۋھەرلىرى ھەقىقەتەن ئۆز ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ درامىلىرىدا پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك پەرقلىنىپ كۆرۈلگەن خاسلىق ئالامەتلەر، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، رەڭدار بېرىلگەن مىللىي تۈس، پېرسوناژلار تىلىدىكى تەبىئىيلىك، جانلىقلىق، توغرۇلۇق قاتارلىقلارمۇ روشەن ئىپادىسىنى تاپقان.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن درامىلىرىدا يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كىشىلىك قاراش، تۇرمۇشقا، ھاياتقا نىسبەتەن تونۇش، ئەخلاق - پەزىلەت، مەنپەئەت، مەقسەت - مۇددىئايى جەھەتلەردىن چەك - چېگرا ئېنىق ئايرىلىپ قارشىلىق، ئېلىشىش مەيدانىغا ئۆتكەن ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى مەيلى ئومۇملۇق جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئايرىمىلىق جەھەتتىن بولسۇن تۈپتىن پەرقلىنىپ قالماستىن ھەتتا بىر يولدىكى، بىر مەقسەتتىكى تەقدىرداش پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى خاسلىق ئالامەتلەرمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «مەسلىھەت چېيى» دىكى ئاينۇر، ئېزىزلەر بىلەن «كىچىككەن توي» دىكى رەيھان، قاۋۇللارنى ئالساق ئۇلار بىر دەۋر، ئوخشاش ئىجتىمائىي شارائىتتا ئوتتۇرىغا چىققان

تەقدىرى، كەچۈرمىشلىرىمۇ ماھىيەت، خاراكتېرى ئوخشاش تەسۋىرلەنگەن ئاشىق - مەشۇقلار بولسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىدىن خاسلىق بەلگىلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، تاماشىبىنلار بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى سەھنىدىن كۆرگەن ھامان ئاينۇر بىلەن ئەزىزنىڭ خاراكتېرىدىن شەھەر قىزى، شەھەر يىگىتلىرىدە بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى، رەيھان بىلەن قاۋۇلنىڭ خاراكتېرىدىن يېزىلىق قىز - يىگىتلەرگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاپلا قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرقلەنگەن ھەرىكەت، مىجەز خۇلقىدىكى ئۆتكۈرلۈك بىلەن ساددىلىق، چېچەنلىك بىلەن كەم سۆزلۈكتىن ئىبارەت خاسلىق ئالاھىدىلىكلەرنى بايقاپ ئالالايمىز.

مەلۇمكى: دراما ئەسەرلىرىدە بېرىلىدىغان تىلدا پېرسوناژلار تىلى يەنى دىئالوگ ئاساسى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، دراما ئەسەرلىرىگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ھەرىكەت ۋە دىئالوگلارنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ھەرىكەت بىلەن دىئالوگ دراما ئەسەرلىرىنىڭ بىر جۈپ ئەگكۈشتەرى.

زامانىمىز ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى ۋە چەۋەنداز مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن دراملىرىنىڭ مۇھىم بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى تىلدا ئېنىق كۆرىلىدۇ.

ئۇنىڭ قايسى بىر دراملىرىدا بولمىسۇن پېرسوناژلارنىڭ تىلى شۇنداق پۇشۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ ئىچكى، تاشقى دۇنياسى بىلەن ماسلاشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن.

ياخشى تاللانغان ئەسەر تىلى ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەتنىڭ مەھسۇلى، ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر خەنزۇ يازغۇچىسى لاۋشى «يازغۇچى يازماقچى بولغان پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە كىلىۋېلىپ، شۇ ئاساستا پېرسوناژ تىلى توغرۇلۇق ئالاھىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئەدەبىي ئەسەردە



تىل ياخشى تاللانغان بولۇش، ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىش لازىم. ئۇ، ئەسەرنىڭ ئىددىيىسى بىلەن ھېسسىياتلىق بولۇشىدا گۆش بىلەن قاندەك زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم - ئاممىباب تىل بىلەن بەدىئىي ئەسەر يېزىش.» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ ياخشى سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ ھازىرقى زامان دراماتورگىيىسىدە شۆھرەت قازىنىپ، كىتابخانىلار ئالقىشىغا ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ تىلنى تاللاش، پىشۇرۇش، تۈرلەندۈرۈپ قوللىنىش چېۋەرلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن دراملىرىنىڭ تىلىدىكى بىزگە چوڭقۇر ھېس قىلىنغان گۈزەللىك، ئوبرازلىق، ئاممىبابلىق، ئېنىقلىق، مەنتىقىلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى، قۇرۇلمىسىنى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ماھارىتى مەسىلىسىگە تولۇق ئېتىبار بىلەن قاراپلا قالماستىن يەنە شۇ ئەسەرنىڭ تىلىغا نىسبەتەنمۇ ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئەجىر سىڭدۈرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە بارلىق تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىشلىتىدىغان تىلى خەلق تىلىدۇر. ئۇلار خەلقنىڭ تارىخىنى، تۇرمۇشىنى، كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى، كۈرىشىنى، ئارزۇسىنى، خەلقنىڭ ئۆز تىلىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. لېكىن ھەممە ئەسەرلەردە تىلنىڭ ئىشلىتىلىش سۈپىتى ئوخشاشمايدۇ. بۇ پەرق ئاساسەن سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تىل ئىشلىتىش ماھارىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن خەلق تىلىنى شۇنداق تەلەپچانلىق بىلەن تاللاپ ھۆسن ئۈستىگە ھۆسن قوشقاندەك جانلاندۇرۇپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى تاماشىبىنلارغا قىزىقارلىق، تەملىك تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن، بىز «مەسلىھەت

چېيى» دا ئەزىز بىلەن جۇسادۇي كاتىۋشىنىڭ تىغمۇ تىغ ئېلىشقان مەزگىلدە قوللىنىلغان تۆۋەندىكى دىئالوگلىرىغا قاراپ باقايلى، «ئېزىز: (كۈچلۈك غەزەپ بىلەن) تارت قولۇڭنى! نېمانچە ھەددىڭدىن ئاشسەن!؟ جۇسادۇي كاتىۋشى: (ئاينۇرنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ) نېمە سەن نېمە دېمەكچى؟

ئېزىز: «بىگۇناھ خەلققە چېقىلغۇچى بولۇشما!

جۇسادۇي كاتىۋشى: «ھا ـ ھا ـ ھا، ... مانا بىر قارا ئارقا تېرەك تېپىلدى (ئەلپازىنى بۇزۇپ) سەندەك نېمىنى بىر مۇشت بىلەن يەرگە زاماسكا قىلىۋەتمەيدىغان بولسام!

مانا چېقىلمىغان دېگەن! (غۇلاچلاپ كېلىپ بىر مۇشت سالىدۇ، ئېزىز بېشىنى قاچۇرىدۇ. كاتىۋاش نە ـ نەگىچە دەلدۇگۇنۇپ كېتىدۇ.) بۇ مۇشت، بىلەمسەن سەندەك دودەنلەرنىڭ بېشىدا پىشقان مۇشت جۇمۇ؟ مەن بۇنىڭ تەمىنى بىر تېتىتماي قويمايمەن»

ئەسەردىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ يۈزمۇ يۈز سۈركۈلۈش، كەسكىن تىركىشىش مەيدانىدا بۇ دىئالوگلار ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئايان بولغان ماھىيەتلىك خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئېزىزنىڭ بىگۇناھ پۇقرالارغا ئورۇنسىز چېقىلغان ھەم ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئەركىنلىكىنى بوغقان، غالجىرلاشقان بالاخورلار ئالدىدا «تارت قولۇڭنى»، «نېمە دېمەكچى»، «خەلققە چېقىلغۇچى بولۇشما» دەپ مەردانە قىياپەتتە ئېتىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىش جەريانىدا بېرىلگەن دىئالوگلار ئۇنىڭ قورقماس روھىنى، ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئىپادىلەپ بەرسە، جۇسادۇي كاتىۋشىنىڭ خەلقنى مۇشت كۆتۈرۈپ قورقۇتۇش، ھەيۋە كۆرسىتىپ ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان گەپ ـ سۆزلىرىنى بېرىش يولى بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى خۇنۇكلىكىنى، قوپاللىقىنى، رەھىمسىزلىكىنى



پاش قىلغان. دەرۋەقە ئاپتورنىڭ مەقسەتلىك ھالدا سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ ئېغىزىغا سالغان «بىر مۇشت بىلەن يەرگە زاماسكا قىلىۋەتمەيدىغان بولسام» دېگەن بۇ سۆز قارىماققا بىزگە مەنتىقسىز تۇيۇلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى رەزىللىكىنى دەل بېسىپ ئاشكارىلاپ بەرگەن.

تىل ئىشلىتىش سەنئىتى — ئەدەبىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئامىللارنىڭ گۈل تاجى.

ئۆز مىللىتىنىڭ دائىم قوللىنىپ كېلىۋاتقان جانلىق تىل بايلىقلىرىنى تۈرلەنگەن، ئوبرازلاشقان، پىشقان بەدىئىي تىلغا ئايلاندۇرۇش تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ بىردىنبىر مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر. بىز دائىم بەزى قۇترىغان دودەنلەرنىڭ ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن «بىر مۇشت بىلەنلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمىسەم» دېگەن گەپنى ئاڭلايتتۇق. «مەسلىھەت چېيى» دا يولداش مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن سۆزنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا شەكىل جەھەتتىن تۈرلەندۈرۈپ، بېيىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ: «يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىش» دېگەننى «يەرگە زاماسكا قىلىۋېتىش» دېگەنگە ئۆزگەرتكەن. ئەمەلىيەتتە ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى بولسۇن، بىر مۇشتنىڭ كۈچى بىلەن يەر بىلەن يەكسان ياكى يەرگە زاماسكا قىلىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىدا باشقىلارغا پوپوزا قىلىش، ھەيۋە كۆرسىتىش، قورقۇتۇش مەقسىتىدە كۆپتۈرۈپ مۇبالىغە قىلىپ ئىشلىتىدىغان سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە تىلنىڭ ئەسلىي ئىپادىلەپ كەلگەن مەنىسىگە نۇقسان يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئەسەردە كونكرېت تەسۋىرلىنىۋاتقان پېرسوناژ خاراكتېرىگە بېقىپ «زماسكا» دېگەن سۆزنى ئەقىلغا مۇۋاپىق ھالدا ناھايىتى جايىدا تاللاپ ئىشلەتكەن.

كۆپ قىرلىق بەدىئىي ماھارەتكە، مول ئىجادىيەت

تەجرىبىسىگە ئىگە تالانتلىق دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىنى تۇرلەندۇرۇش، مۇكەممەللەشتۇرۇش، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىلغان بەدىئىي تىل تەرەققىياتى پەللىسىگە كۆتۇرۇش يولىدا ئۇنۇملۇك كۈچ سەرپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ دراملىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ قانداق ئىشلەتكەنلىكى ئاساسەن ئالاھىدە تاللاپ ئېلىنغان مۇھىت ئىچىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت، ھېسسىيات، مەقسەت - مۇددىئاسى بىرلىكىدە بېرىلگەن ئوبرازلىق، يىغىنچاق دىئالوگلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

«رەيھان: يۈز - كۆزلىرىگە قاراپ بېقىپىراق يوغان گەپ قىلىسىلا، كىمگە ئوخشاپ قالغانلا شۇ تاپتا.

رازىق: كىمگە بولاتتى، ئۆزلىرىنىڭ يولىدا يۈرۈپ پوستەكچىگە ئوخشاپ قالغاندۇق ھەقاچان.

رەيھان: قارىسىلا، ئۇن يېرى ھۆررەك - ھۆررەك، يۈز يېرىدە دانىخورەك.

رازىق: سىلە بىلمەيدىكەنلا، رەيھانەم، گۈل ۋايىغا يەتسە پورەك بولىدۇ، يىگىت ۋايىغا يەتسە دانىخورەك.

رەيھان: دانىخورەك ۋايىغا يەتسە چوقۇرەك.

رازىق: دەريانىڭ ئوبدىنى چوڭقۇر بولىدۇ، يىگىتنىڭ ئوبدىنى چوقۇر، ھى - ھى - ھى ...

رەيھان: راست، چانىقى ئوقۇر بولىدۇ، كۆزلىرى سوقۇر (كۈلكە)

رازىق: ئىككى قىزىقچى تازا تېپىشىپتىكەنمىزدە (كۈلكە)

«كېچىككەن توي» كومېدىيىسىدە تېز جاۋاب شەكلىدە بېرىلگەن بۇ دىئالوگلاردا پېرسوناژلارنىڭ خاسلىق خاراكتېرىدىن چەتنەپ كېتىدىغان بىرەر سۆزمۇ كىرگۈزۈلمىگەن. گەپ ئاز بولۇش، ساز بولۇش ئاساسىدا مىسقاللاپ ئىشلىتىلگەن، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكىنى تېپىپ سىرتقا چىققان مەنتىقىلىق



ئالامەتلەر ئاشۇ ئىخچام قوللىنىلغان دىئالوگلارغا مۇجەسسەملەنگەن.

بۇ ئەسەردىمۇ ئاپتورنىڭ پىشقان قەلىمى ئاستىدا تاللانغان يارقىن سەھنە تىلى، سەھنە ئەسىرىگە قاتناشتۇرۇلغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن دراما تىلىغا ئەنە شۇنداق قاتتىق تەلەپچانلىق، يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى كۈچلۈك تەسىرچانلىق، جانلىقلىققا ئىگە قىلىپ قوللىنىشتىن تاشقىرى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا دائىم ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تىللىرى ئىچىدىنمۇ گۆھەر تېپىپ مۇۋاپىق قوللىنىشقىمۇ ئېتىبار بەرگەن، ھەم ئۇنىمىنى كۆرسەتكەن.

ئۇ، ئۆز دراملىرىدا كىشىلەرگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ، بەدىئىي زوق، ئېستېتىك لەززەت بېغىشلايدىغان، خەلقىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۇرىدىغان مەنىلىك، ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى گۈزەللەشتۇرۇپ كۆرسىتىشتىن باشقا يەنە كومېدىيىلىك كونكېرت (توقۇنۇش) لارنى ئىسپاتلايدىغان ئاچچىق ھەجۋى، قاتتىق مەسخىرە، كۈلكە ئىچىگە يوشۇرۇنغان كىنايە قىلىش مەنىسىنى بېرىدىغان سۆز - ئىبارىلەرنىڭمۇ پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئاشكارىلاپ بېرىشتىكى كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ كۆرسەتتى. بىز بۇ مەسىلىنى ئېنىقراق ئىسپاتلاش ئۈچۈن «كۆمۈلمەس ئىزلار» تراگېدىيىسىدە بېرىلگەن تۆۋەندىكى دىئالوگلار ئۈستىدە توختىلىپ باقايلى.

«ئامانقۇل: دادا، ئېيتقىنا، زادى نېمە ئىش بولدى؟

رەۋىخان: يەنە شۇ «تۆمۈر چارۋا» سانىقىدىن باشقا نېمە ئىش بولاتتى، بالام؟

سەپەرقۇل: (ئورنىدىن قوزغىلىپ) بۇ تۆمۈر سانائق بويىمىزغا سىرتماق بولدىغۇ؟

خامۇش بەگ: ھەددىڭدىن ئاشما ئۆلەرمەن قېرى!

ئامانقۇل: (نىياز دورغىغا) چىڭگاك غوجامنىڭ ھەربىر تۇياق مېلى زادى بىر يىلدا ئىككى بولۇش شەرتقۇ؟

نىياز دورغا: ئەلبەتتە، چۈنكى چىڭگاك غوجام ھەزرەتلىرى سەيتزادە. سەيت زادىنىڭ مال ـ چارۋىسى سۇدا ئاقمايدۇ، ئوتتا كۆيمەيدۇ.

خامۇش بەگ: كېسەل تەگمەيدۇ، بۆرە يېمەيدۇ، جۇت ـ شىۋىرغاندا ئۆلمەيدۇ، ھەر بىر يىلدا بىر ھەسسە كۆپىيىۋېرىدۇ.

چوماقچىلار: كۆپىيىۋېرىدۇ! . . . .

ئامانقۇل: چىڭگاك غوجامنىڭ قوشقىرىمۇ قوزىلىشى، ئايغىرلىرى قۇلۇنلىشى، بۇقا ـ ئۆكۈزلىرىمۇ موزايلىشى لازىم، شۇنداقمۇ؟

نىياز دورغا: ئەلبەتتە يارانقان ئىگىسى ئۇنىڭ مال ـ ۋارانلىرىغا ئەنە شۇنداق خىسلەت ئاتا قىلغاندۇر.

ئامانقۇل: ئۇنداق بولسا چىڭگاك غوجامنىڭ ئۇۋ ئىتلىرى نېمىشقا كۈچۈكلىمەيدۇ؟

نىياز دورغا: باس ئۈنى، تىلىنى كېسىپ تاشلا!

خامۇش بەگ: ئېزىقلىرىنى تۆكۈۋەت! (چوماقچىلار دېۋەيلەپ كېلىدۇ).

ئامانقۇل: (مىلتىق كۆتۈرۈپ) تۆت پۇتلۇق مەخلۇقا رەھىم قىلمىغان بۇ جانۋار ئىككى پۇتلۇق يىرتقۇچلارنى ئاياپ قويمايدۇ! قېنى كېلىشە! جاندىن تويغۇنۇڭ كەل»

سەھنە ئەسەرلىرى تىلىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى ـ پېرسوناژلارنىڭ خاسلىق خاراكتېر تەلەپپۇزىدا ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

تراگېدىيىدىكى يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرگەن دىئالوگلاردىن



بىز سەلبىي كۈچلەرنىڭ ھەيۋە كۆرسىتىپ، بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ، قانچىلىك كۈچەپ بېسىم ئىشلەتسىمۇ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا ئىجابىي كۈچلەر قىلچىلىك ھودۇقۇپ كەتمىگەنلىكىنى، ھەتتا كىنايە، تەنە گەپلەرنى ئىشلىتىپ خۇددى يېغىرىغا تۇز قۇيىۋەتكەندەك قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەر بىر پېرسوناژ ئاغزىدىن بېرىلگەن دىئالوگلار ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى روشەن پەرقلەرنى، مۇقىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىغان.

سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتىدە پېرسوناژلارنىڭ مونولوگ تەسۋىرىگىمۇ ئالاھىدە ماھارەت ئىشلىتىش كېرەك. گەرچە سەھنە ئەسەرلىرىدە دىئالوگلار تەسۋىرىگە نىسبەتەن ئالغاندا مونولوگ تەسۋىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يورۇتۇپ بېرىشتە كۈچلۈك ياردەم بېرىدۇ.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن درامىلىرىدا شېئىرى نەزمە شەكلىدە ئىپادىلەنگەن مونولوگ تەسۋىرلىرى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى، مەنىۋىي پائالىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ، گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىگە، ئوت ـ يالقۇنىغا ئايلاندۇرغان.

«رابىيە ـ سەئىدىن» ئوبرازىدا ھەسەن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن جانجىگەر دوستى سەئىدىنىنىڭ قاتمۇ قات زۇلۇم دەستىدە، خورلۇنۇپ، ئۆز مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي ياشلىق ھاياتىنى ئېچىنىشلىق تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان قايغۇلۇق خەۋىرىنى رابىيەگە:

«ئەلنىڭ باتۇر ئوغلانىغا،
مەيدان ئارا مەيدانىغا.
پەرىشتىلەر بولدى ھەمراھ،

ئىشق ئوتىدا پەرۋانىغا.
مىنىپ مەردلىك تۇلپارىغا،
كەتتى خۇدا دەرگاھىغا» . . . . .

دەپ ئۇقتۇرىدۇ.

بۇ پەردە كەڭ تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغان كۈچ باشقا ئەمەس. ئاشۇ شېئىرىي شەكىلدە تەسىرلىك، راۋان ئىپادىلەپ بېرىلگەن پېرسوناژلار تىلى ھەم ئۆزىگە ئاجايىپ چوڭقۇر ئوبرازلىق مەزمۇننى جۇغلىغان يارقىن مىسرالاردۇر. ئاپتور تەرىپىدىن قالتىس شائىرانە ماھارەت بىلەن نۇرلاندۇرۇپ بېرىلگەن بۇ نەزمىدە ياشلىق جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، مەردلىك تۇلپارىغا مىنىپ، پاك مۇھەببەت، ھەقىقىي ۋىجدان، بۈيۈك ئارزۇ – ئىستەك يولىدا جېنىنى پىدا قىلغان قەھرىمانىنىڭ ئۆز ئىرادىسىگە قەتئىي سادىق ئەقىدىسى، ئۆچمەس روھى مېغىزلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ھاياتىمنىڭ چىراغى بالام،
جۈپ كۆزۈمنىڭ قاراقى بالام.
پەرياد ئۇرسام يىېرىلدى بالام،
يامان يارنىڭ تۇپراقى بالام.
ئاھ، سەئىدىن ئاخۇنۇم – قاناتىم بالام،
زۇلۇم كۈلپەت جەريانىدا بالام.
ئەل يۇرت قالدى ئارماندا بالام،
ۋاپادارلىق دىلدارىڭ بالام.
جۇدالىقتا – ھىجراندا بالام،
ئاھ، سەئىدىن ئاخۇنۇم – شۇڭقارىم بالام.

ئۆيگە كىرسەم راۋابىڭ بالام،
مېنى كىم چالار دەيدۇ بالام.
قىساسىڭنى – ئەنتىڭنى بالام،



ئەندى كىم ئالار دەيدۇ بالام.
ئاھ، سەئىدىن ئاخۇنۇم ھاياتىم بالام.

قولغا ئالدى گۈلنازىڭ بالام،
راۋاب بىلەن زەخمەكنى بالام.
قەھرىم بىلەن ئۆرتەيمەن بالام،
بۇ ئادەمخور پەلەكنى بالام.
ئاھ سەئىدىن ئاخۇنۇن مۇرادىم بالام.»

مانا بۇ ئوپېرادا تەسۋىرلەنگەن ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ بىرى گۈلنازخانىنىڭ يۈرەك باغرى، سۆيۈملۈك ئوغلى سەئىدىنىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا قىلغان خىتابى. ئاپتور بۇ خىتابتا ساددا، ئاق كۆڭۈل ئانىنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى بىلەن تولغان ئانىلىق يۈرەك سۆزىنى، ھاياجانلىق ئەسلىمىسىنى، مۇڭلۇق كۆيلىرىنى، شەپقەتسىز زۇلۇم دۇنياسىغا ئوقۇغان غەزەپ – نەپرىتىنى ئاددى شېئىر شەكلىدە چۈشىنىشلىك، مەنىلىك، يارقىن ئوبرازلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق راۋان ئىزھار قىلغان.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەدىئىي تىلنىڭ كۈچىنى، بەدىئىي تىلنىڭ قۇدرىتىنى باشقا ھەرقانداق نەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىلار، شائىرلار، دراماتورگلار پىشقان بەدىئىي تىلنىڭ ياردىمىسىز ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھېچ قانداق ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. ھەم كۆزلىگەن نىشانىغا، ئويلىغان مەقسەتكىمۇ يېتەلمەيدۇ.

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن پىروزا ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى بىرىشكىمۇ ماھىر، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى بىرىشكىمۇ ماھىر، سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى بېرىشكىمۇ ماھىر، ئۇنىۋېرسال تالانتقا ماھىر تىل سەنئەتكارىدۇر. ئۇنىڭ مۇشۇنداق كۆپ قىرلىق ھەممىگە كامىل ئىجاتكارلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى، مۇھەممەد ئېلى زۇنۇنىنىڭ ئۆز ئانا

تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى، پىششىق بىلگەنلىكى، ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتكەنلىكىدىن بۆلۈپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىشكە، تۈرلەندۈرۈپ بېيىتىپ قوللۇنۇشقا ماھىر سەنئەتكارلار، تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ، كىشىلەر خاراكتېرىنى بەدىئىي ئۇسۇلدا سىزىشقىمۇ ماھىر بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر زېمىنىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ كېلىۋاتقان بۇ تىل سەنئەتكارى «كېچىككەن توي» ناملىق كومېدىيىسىدە كونكېرت پېرسوناژلارنىڭ مونولوگى ئارقىلىق ئەبجىقى چىققان تۇمانلىق يىللارنىڭ خۇنۇك كارتىنىسىنى مۇشۇنداق سىزىدۇ.

تاملار قىزاردى،
چىرايلىق سېرىق.
يەلكىلەر يېغىر،
قول - پۇتلار يېرىق.

بۇغداي خۇدادۇر،
پەيغەمبەر - تېرىق.
چۇمۇلە كۆلدە،
چۆللەردە بېلىق.»

بۇ مونولوگدا ئاپتور دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنى شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە يىغىنچاقلاپ، ئۆتكۈر مەسخىرە، ساتىرىك تىلنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ھېلىقى «زور ئىنقىلاب» نىڭ خەلقنىڭ بېشىغا ئېلىپ كەلگەن كۆلپەتلىك كۈنلەرنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد - ئەلەملىرىنى راسا پاش قىلغان. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددى، ھەجمى قىسقا بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ھەر بىر مىسرالىرىدا كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلىنىشقا



سالىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ئېنىق ئاشكارىلانغان، بۇ مىسرالاردا ئاپتور جاھالەت دۇنياسىدا چىرايلىرى ساماندەك سارغىيىپ، يۈز - كۆزلىرىنى توپا باسقان، دۇمبىلىرى يېغىر بولۇپ، قول - پۇتلىرى يېرىلغان، يۈرەكلىرى زېدە بولۇپ بىگۇناھ ئازابلانغان خەلق ئاممىسىنىڭ خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان، چىداپ تۇرغۇسىز ھالەتتىكى ھالىتىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق تاماشىبىنلارنىڭ تارىخ بېتىگە، خەلق قەلبىگە قانلىق داغ چۈشۈرگەن شۇم يىللارغا، قارىتا كۈچلۈك نەپرەت تۇيغۇسىنى قوزغىغان.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېقىمى ھامان دەۋر ئېقىمى تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. ھەرقايسى دەۋردە قانداقتۇر بولمىسۇن تارىخ بېتىدە مەلۇم تەسىرنى، بەلگىلىك ئىزنى قالدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىن ئاچچىق - چۈچۈك ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىجتىمائىي تۈزۈمدە، ئىقتىسادىي بازىستا، دەۋر ئېقىمىدا ئۆزگىرىش بولغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى دۇنياسىدا، روھىي كەيپىياتىدا، ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاياتىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

پارتىيە 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئېلىمىز ۋەزىيىتى ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يېڭى بۇرۇلۇش، ئۆرلەش، گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى.

«نۇر ئىچىدە ھەر يانلار،
قىزىل لەيلى رەيھانلار.
ئومۇمىي يىغىن روھىدىن،
يايراپ كەتتى بۇ جانلار.
بەختلىك كەلدى دېھقانلار.»

يەنە بىر تېكىستتە:

«ئىچ - ئىچىمدە بىر شادلىق،
ئۇچسام دەيمەن قاناتلىق.
كەتتى ئەندى كەلمەسكە،
قەرزدارلىق نامراتلىق.
بەختنىڭ كەلدى دېھقانلار.»

«كېچىككەن توي» دىكى ھەقىقىي دېھقان پسىخىكىسى بويىچە ناھايىتى ئىخچام قوشاق شەكلىدە بېرىلگەن يۇقىرىقى ئىككى پارچە مەزمۇن جەھەتتىن تومۇرداش ناخشا تېكىستلىرىدە دەۋر شادلىقى بىلەن قەھرىمانلارنىڭ قەلب شادلىقى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر رىتىمگە چۈشۈرۈلگەن.

ئەدەبىي ئەسەر تىلى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللىنىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىي تىلنىڭ قۇدرىتى، ئەدەبىي تىلنى پىششىقلاپ ئىشلىتىشنىڭ ئۈنۈمى، نەتىجىسى ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەش ماھارىتىدە كۆرۈلىدۇ.

تىل جەھەتتىن مۇلاھىزە قىلغاندا يۇقىرىقى ناخشا تېكىستلىرى بىزگە تولىمۇ ئاددى، ئاپتور ئانچە كاللا قاتۇرمايلا قۇراشتۇرۇپ چىققاندەك ھېس قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمىگەن. دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئاتا قىلغان ئەنئەنىۋى شەكىللىرىدىن ئىجادىي يوسۇندا پايدىلىنىپ، ئاز ھەم ساز، ئاددىي ھەم يېقىملىق، تەملىك ھەم گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن دەۋر ساداسىنى خەلقنىڭ يالقۇنلۇق يۇرەك سۆزىنى شادلىق ۋە ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى تەسىرلىك ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ھەممە سەھنە ئەسەرلىرىدە قىستۇرۇپ كىرگۈزگەن ناخشا تېكىستلىرى كومپوزىتورلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئاھاڭ بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتىكى سەنئەت ماتېرىيالىغا ۋە ئۇلارنىڭ



ئوتلۇق قەلب كۈيلىرىگە، يۈرەك ساداسىغا ئايلانغان. بۇ ھەقتە نۇقتىلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئولتۇرمىساقمۇ خەلقىمىز سۆيۈنۈپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان «رابىيە - سەئىدىن» دىكى رابىيە بىلەن سەئىدىن ناخشىلىرى، «كۆمۈلمەس ئىزلار» دىكى تۆمۈر خەلىپە ناخشىلىرى ۋە باشقىلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق، ئىقتىدارلىق تىل سەنئەتكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن دراما ئەسەرلىرىدە تىلنى تاللاش، تىلنى پىششۇرۇش، تىلنى ئىشلىتىش، تىلنى تۈرلەندۈرۈش، بېيىتىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ دراملىرىدا يېقىمسىز، تۇتۇرۇقسىز، قوپال، مەنتىقىسىز، دەبدەبىلىك سۆز - ئىبارىلەر ئۇچرىمايدۇ.

شۇنداقلا ئۇ، ھەر قانداق دراملىرىدا گەپ تەكرارلاشقا يول قويمايدۇ. ھەتتا بىر دراممىسىدا ئىشلەتكەن سۆز - ئىبارىلەرنى يەنە بىر دارامىسىدا قەتئىي ئىشلەتمەيدۇ. مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى بۇ قاتتىق قوللۇق ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق، تەلەپچانلىق ئىستىلى - روھىي ئىجاتكارلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى ئۆگىنىش ئۆرنىكى بولالايدۇ.

تەلەپكە، ئۆلچەمگە يەتكۈچە ئۆزگەرتىش، ۋايىغا يەتكۈچە پىششۇرۇش يالغۇز ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلىغىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەسەرنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسىغا قەدەر كېڭەيتىش، ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئىستىلى مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ بىر خىل ئىجادىيەت ئادىتىگە ئايلانغان. مەسىلەن، ئالايلى: «مۇقام ئۇستازى» يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن 9 قېتىم ئۆزگەرتكەن.

«مەسلىھەت چېيى»، «رابىيە - سەئىدىن»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېزىلىپ قولدىن چىققاندىن كېيىنمۇ زېرىكمەي ئولتۇرۇپ ئالدىنى 6 قېتىم، كەينىنى 3 قېتىم ئۆزگەرتىپ پىششىقلىغان.

ھەتتاكى «ھەسىنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىپ سەھنىدە ئوينالغاندىن كېيىن يەنە قايتىدىن چۇۋۇپ ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭ درامىلىرىنىڭ شۇنداق بازارلىق، خېرىدارلىق مالغا ئايلىنىشىنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىمۇ پۇختا، سۈپەتلىك، يارامىلىق چىققانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولسا كېرەك.

ياخشى، سۈپەتلىك مالنى كىم ئېلىشقا، ياخشى، سۈپەتلىك، قىزىقارلىق ئويۇننى كىم كۆرۈشكە قىزىقمايدۇ؟!

دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ «مەسلىھەت چېيى» ناملىق 6 كۆرۈنۈشلۈك ناخشا - مۇزىكىلىق درامىسى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن جەمئىي 175 مەيدان، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى» ناملىق 7 كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي درامىسى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن 150 مەيدان ئوينالغان.

«رابىيە - سەئىدىن» ناملىق 7 كۆرۈنۈشلۈك تارىخىي ئوپېراسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن تېلېۋىزىيىگە ئېلىنغاندىن تارتىپ 8 يىل مابەينىدە ئۈزۈلدۈرۈپ قويماي داۋاملىق بېرىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇ، ھازىرقى زامان دەۋر روھىنى، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، تارىخىي رېئاللىق، تارىخىي ۋەقەلەرنى، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرىنى كومېدىيىلىك شەكىل، تراگېدىيىلىك شەكىل، دراما شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇيغۇر دراماتورگىيىسى شەكلىدە زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، قەدەمنى غەلىبىلىك باستى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئۇنىڭ درامىلىرىنى سەھنىدىن كۆرگەن تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش ساداسىنى، مەدھىيە باھاسىنى ئەكس



ئەتتۈرۈپ ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان قىسقا ئەدەبىي ئوبزور، خەۋەر ماقالىلار 30 پارچىغا يەتكەن.

مەزكۇر ماقالىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ بىر ياخشى بايراقدارى بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان، ھەم ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى دراماتورگ مۇھەممەد ئېلى زۇنۇننىڭ 50 ياشقا كىرگەن مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ دراما ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈستىدە توختالدىم. بۇ پەقەت دەسلەپكى ئىزدىنىش جەريانىدىكى مۇلاھىزىلىرىم.

قەشقەر.

1989 - يىل 1 - ئاي

21500000332

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرىم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئويلار

ئاپتورى: قاۋسىلقان قامىجان
مۇھەررىرى: ياسىن زىلال

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى «جۇنشىڭ» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850، مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 15.125، قىستۇرما ۋارىقى: 1
2004 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
ISBN 7—228—08437—3
باھاسى 23.00 يۈەن

032793